ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

5



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ



ياسنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

5

مىللەتلەر نەشرىياتى




ياسنجان سادىق چوغلان ◆ 2005 - يىل

## 95

بۇخارا، ئاش ۋاقتى مەھەل.

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي سىمىلداپ يېغىۋاتقان باھار يامغۇرى بۇخارا كوچىلىرىنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇسال ھاۋانىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، كوچا ـ كويلاردا ئادەملەر تولىمۇ شالاڭ ئىدى. باشقا كۈنلەردە بۇنداق ۋاقىتتا ئىككى ـ ئۈچ تونۇر نان چىقىرىپ بولىدىغان ناۋايلارمۇ ئەمدىلەتىن ئىرىنچەكلىك بىلەن تونۇرلىرىغا ئوت يېقىشقانىدى. ئەتىگەندە ئىش ـ روزىغار ئىزدەپ ئۆيلىرىدىن چىقىشقان مەدىكار ـ ھاجەتمەنلەر تونۇر ئەتراپىدا ئوت ئىسسىنغاچ، كوچىدىن بىرە ـ بىرە ئۆتۈپ قالىدىغان ئات ـ ئۇلاغلىق سۆلەتلىك كىشىلەرگە تەمەگەرلىك بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. ئەمدىلەتىن ئېچىلىشقا باشلىغان ئاشپۇزۇللاردىن تارىغان كۆيۈپ پىشقان پىياز، گۆشلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى.

شۇ ئەسنادا ناۋايخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دوقمۇشتىكى باھاۋۇدۇن باي تەكىيخانىسى①دىن نەسىللىك تۈركمەن ئايغىرىغا مىنىۋالغان، سۆلەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سوغدىشىپلا يوغان ئىككى ساندۇق ئارتىلغان قېچىرنى يېتىلىۋالغان ئىككى نەپەر مۇلازىم كۆرۈندى. تونۇرنى چۆرىدەپ ئوت ئىسسىنىۋاتقان مەدىكارلار تۇرقىدىن يا سودىگەرگە، ياكى سىپاھلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ يىگىتكە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە قىلغۇدەك خىزمەت چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى ـ دە،باشلىرىنى يەنە تونلىرىنىڭ ياقىسىغا قىمداپ تو-

① تەكىيخانا ــ مېھمانخانا.

نۇردىكى ئوتقا نەزەرنى ئاغدۇرۇشتى. تونۇر ئاقىرىپ بولغۇچە
شاگىرت ـ نىمكارلىرى بىلەن ئۆرلىگەن خېمىرغا پېتىر يېگۈ-
زۈش ئۈچۈن تونۇرنىڭ سۈپىسىدىكى پەشتاختىدا خېمىر چەي-
لەۋاتقان ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل كەلگەن كوسا ناۋاي
ئىككى كۈندىن بېرى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تەكىيخانىدىن چىقىپ،
بىرەر ـ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن روھى چۈشكەن
ھالدا يەنە قايتىپ كېلىدىغان بۇ يىگىتكە ئېتىبارسىز قاراپ قو-
يۇپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇۋەردى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇلار بەگزا-
دىلەرگە خاس سۆلەتلىك كېيىنگەن بۇ يىگىتنىڭ دەشتى قىپچاق
دالاسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇل-
خەيرىخاننىڭ نەۋرىسى خانزادە مۇھەممەد شەيبانىخان ئىكەنلىكىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى.

ئات ئۇستىدە روھى چۈشكۈن ئولتۇرغان مۇھەممەد شەيبا-
نىخاننىڭ قامەتلىك گەۋدىسى ئېغىر غەم تاغلىرى ئاستىدا مىجى-
لىپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ قالغان، تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى ئاس-
تىدىكى ئىشەنچىنى يوقاتقان كۆزلىرى تولىمۇ بىچارە ئىدى. ئىك-
كى كۈندىن بېرى باھاۋۇدۇن باي تەكىيخانىسى بىلەن بۇخارا ئە-
مىر مەھكىمىسى ئارىلىقىدا تولا قاتنىغان ئەقىللىق تۈركمەن ئاي-
غىرى ئىگىسىنى جورۇتماي ئۆز يولىنى تېپىپ ئېرەنسىزلىك بى-
لەن يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. ئات ئۇستىدە يەڭگىل چايقىلىپ
كېتىپ بارغان مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ ئۈمىدسىز خىياللىرى-
نىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى.

«... بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان مېنى بۈگۈنمۇ
قوبۇل قىلماي قالارمۇ؟ قوبۇلغا ئىجازەت بەرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى
نېمىكىن؟ مىرزا مەجىد تارخان جانابلىرى مېنى بۇياقتا يولغا
سالغاندا تولىمۇ ئىشەنچلىك گەپ قىلغان ئەمەسمىدى ياكى ماڭا
ئاشۇنداق دەپ قويۇپ مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانغا يازغان مەكتۇپىغا
باشقىچە گەپ قىستۇرۇپ قويغانمىدۇ ـ يا؟ ئۆزۈمدىن كېتىپتۇ.
مەكتۇپ قولۇمدا بولغاندىكىن ئېچىپ كۆرۈپ باقسام بولماسمى-

دى. مىرزا مەجىد تارخان جانابلىرىغا نىسبەتەن ئارتۇقچە گۇمانىم بولمىغاندىكىن ئېچىپ ئوقۇپ بېقىشنى لايىق كۆرمەپتىمەن. مەكتۇپنىڭ پېچىتى بۇزۇلۇپ كەتسە چاندۇرماي ئەسلىگە كەلتۈر- گىلى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھۆكۈمەت ئالاقىسى بولمىغاندىكىن مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانمۇ مەكتۇپنىڭ پېچىتىنىڭ بۇزۇلغان ـ بۇزۇلمىغانلىقىغا سەپسېلىپ يۈرمەس بولغىيتتى، يا- كى ئۇل مەكتۇپ تېخىچە مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان جانابلىرىنىڭ قولىغا تەگمىگەنمىدۇ ـ يا؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ھۆدەيچى بەگ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىغا ئۇنچە سۇسلۇق قىلماس. ھەي... بۇرنا- كۈنلا ھۆدەيچى بەگكە قۇرۇق مەكتۇپنى تۇتقۇزۇپ قويماي ئاز ـ تولا تاپان ھەققى بەرسەم بوپتىكەن. ھېلىمۇ ياخشى تۈنۈگۈن ئەق- لىمنى جورۇپ ئۇنىڭغا ئون سەر كۈمۈش ھەدىيە قىلدىم. بەلكىم ئەمدى كەينىگە سۆرىمەس. شانۇ شەۋكىتى ئون سەككىز مىڭ ئا- لەمگە پۇر كەتكەن سۇلتان ئوبۇلخەيرخاندەك بۈيۈك خاقاننىڭ نەۋرىسى تۇرۇقلۇق ئاشۇنداق چەررەندىلەرگە يالۋۇرىدىغان كۈنگە قالدىم دېسە. بۇ نېمىدېگەن ئېغىر خورلۇق ـ ھە! ئەسلىدە ئۇل بۇخارا ئەمىرى بولمىش مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان نام ـ شەرىپىم- نى ئاڭلاپ ئىستىقبالىمغا چىقىشى، ئېتىمنىڭ ئۈزەڭگىسىگە سۆ- يۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟ خەپ ـ خەپ... بوپتۇ، بۇ خورلۇقلارغا ھا- زىرچە چىداي. ئۇل كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار. ۋاقتى كەلگەندە جەد- نەتماكان بابائى بۇزرۇكىنىڭ سەلتەنەتىنى ۋەيران قىلغان ئەغيار- لىرىمدىن قىساس ئېلىپ ئابا ـ ئەجدادلىرىمنىڭ شۆھرەتلىك سەلتەنەتىنى قايتا تىكلىمەيدىغان بولسام شاھ بەخت[1] بولماي كې- تەي...»

ھەئە، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىدىن ئايرىلىپ دەشتى قىپچاق دالاسىدا مۆكۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجىز پى- لىلداۋاتقان قىساس ئوتلىرى يۈرىكىدە قايتىدىن يېلىنجىغان مۇ-

① شاھ بەخت (بەختلىك پادشاھ) ــ شەيبانىخاننىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ھەمەد شەيبانىخان قىساسكارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بوۋىسى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ بەگ ـ تۆرىلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ، يوقالغان تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتا تىكلەپ، ئەجدادلىـ ـرىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى قايتىدىن نامايان قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقىغا خېلى كۆپ بەگ ـ تۆرىلەر ئاۋاز قوشقان بولسىمۇ، لېكىن بوۋىسى ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى بۇرگە سۇلتان ئاۋاز قوشمىدى. ئاۋاز قوشمىدىلا ئەمەس، ئۇنى قىلچىلىك مەنسىتمىدى. سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كەڭرى زېمىننى مۇستەقىل باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇرگە سۇلتان بۇ ياش خانزادىگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقاندى.

مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ بۇرگە سۇلتاننى باش ئەگدۈرمەي تۇرۇپ كۆڭلىگە پۈككەن بۈيۈك ئارمانلىرىنى رويابقا چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت بۇرگە سۇلتاننى باش ئەگدۈرگەندىلا ئاندىن دەشتى قىپچاق دالاسىدىكى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن قوۋمنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپ، ئاكا ـ ئۇكا قازاق سۇلتانلاردىن سەلتەنەتنى تارتىۋالالايتتى، ئەجداد دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئالالايتتى. ئەمما بۇرگە سۇلتان ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن قويغان تەكلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلـ ـكى ئۇنى كۆزىگىمۇ ئىلىپ قويمىدى. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئوبۇلـ ـخەيرىخان ئۇنى ئۆزىنىڭ ئون بىر ئوغلى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ ئەتىۋارلىغان ۋە سەلتەنەتنىڭ مۇھىم لەشكىرىي ھوقۇقىنى ئۇـ ـنىڭغا بەرگەنىدى. بىراق، سۇلتان ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭلا كېرەي ۋە جانىبېكخاندىن ئىبارەت ئاكا ـ ئۇكا قازاق خانزاـ ـدىلىرى ئىسيان كۆتۈرگەندە بۇرگە سۇلتان ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىسيانغا ھامىي بولۇپ، سۇلتان ئوبۇلخەيرىـ ـخانىنىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى تىغ كۆتۈردى ۋە سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى زېمىننى ئۆكچە ئىگىلەپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغانىدى. ئابا ـ ئەجدادلىرىنىڭ سەلتەنەتنى زاۋال تاپقۇزـ ـغان بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن تولۇق خەۋەردار مۇھەممەد شەيباـ

نىخان بۇرگە سۇلتاننىڭ بۇ تۈزكورلارچە رىياكارلىقىنى ئوبدان
بىلەتتى. شۇنداقلا دادىسى شاھ بۇداغ ئوغلانىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ بۇر-
گە سۇلتاندىن كۆرەتتى. چۈنكى، بۇرگە سۇلتاننىڭ ساتقىنلىقى
سەۋەبىدىن دادىسى ئاكا ـ ئۇكا قازاق سۇلتانلىرى بىلەن بولغان
جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولغانىدى. كېيىن دەشتى قىپچاق
دالاسىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان تاغىسى بۇرۇج ئوغلاننى
قارا توقاي قىشلىقىدا سۇلتان يۇنۇسخان ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەلۋەتتە،
بۇنىڭمۇ باش سەۋەبكارى بۇرگە سۇلتان ئىدى. شەيبانىخان مۇشۇ
قىساسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاش-
ماقچى بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇرگە سۇلتانغا باغلىغان ئۈمىدى پۈتۈن-
لەي يوققا چىققاندا بولسا قەلبىدىكى ئاداۋەت، قىساس ئوتى قاي-
نىدىن لاۋۇلدىدى. بۇرگە سۇلتاننى يوقاتماي تۇرۇپ دەشتى قىپ-
چاق دالاسىدىكى ئۆزبېك قوۋمىنى تولۇق ئۆيۈشتۇرالمايدىغانلىقى-
نى ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمما، مەقسىتىنى ھېچكىمگە بىلىندۇر-
مىدى. كۆچ تۇپلاپ يوشۇرۇن تەييارلىققا كىرىشتى.

بۇرگە سۇلتان بولسا پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان سۇلتان ئو-
بۇلخەيرىخان ئەۋلادىنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىشىنى پەقەتلا
خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن نەزەرىدە خام سويما ساند-
لىدىغان مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قىساسكارلىق يوشۇرۇنغان
دوستلۇق سالىمىغا ئالدىنىپ بەخىرامان يۈرۈۋەردى. ئارىدىن بىر
ياز كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. دەشتى قىپچاق
سەھراسىدا قىش پەسلى باشلاندى. گەرچە مۇدھىش قىش جاندىن
ئۆتىدىغان سوغۇقى بىلەن ھەممە مەۋجۇداتنى مۇزلاتقان بولسىمۇ،
لېكىن مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قەلبىدىكى قىساس ۋە سەلتەنەت
ئوتى بارغانسېرى يېلىنجىماقتا ئىدى. ئۇ قىشلىق ئوۋ ئوۋلاش
باھانىسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بۇرگە
سۇلتاننىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىنغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى ۋە
ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى بۇرگە سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا دوستلۇق ئەقى-
دىسى سۈپىتىدە يوللاپ بەردى. پۈتۈنلەي بىخۇدلاشقان بۇرگە سۇل-

ـتان بولسا ئۇنىڭدىن قىلچىلىك گۇمانلانمىدى. بەلكى مۇھەممەد شەيبانىخان ئەۋەتىپ بەرگەن ئوۋ ئىمەتلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئوۋ ـ شىكار ھەۋىسى قوزغالدى. مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ كۈتـ ـكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

ـــ خانزادەمگە مەلۇم بولغاي، بۇرگە سۇلتان شىكارغا چىقـ ـتى.

ئايغاقچىسىنىڭ يەتكۈزگەن بۇ خەۋىرى مۇھەممەد شەيبانـ ـخاننى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ـــ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

ـــ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دەريانىڭ قولتۇقىدىكى قويۇق ئورمانلىققا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى جايلاشتۇردى.

ـــ قانچىلىك نۆكىرى بىلەن چىقىپتۇ؟

ـــ نۆكەرلىرى ئەتىمالىم يۈزچە چىقار.

مۇھەممەد شەيبانىخان ئايغاقچىسىنى چىقىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى.

«قۇدرەتلىك تەڭرىم قىساس ئېلىشىمغا پۇرسەت بەرگەن ئوخشايدۇ. شۇنداق پۇختا ھەرىكەت قىلايكى، ئول بۇرگە دېگەن بەتبەخت تۇيمايلا قالسۇن...»

ئاۋۋال ئاخشامدا لەپىلدەپ ياغقان قار سىر دەرياسى ساھىلـ ـدىكى قويۇق ئورمانلىقنى ئاپئاق لىباس بىلەن چۈمكىگەنىدى. مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ ئاران ئۈچ يۈز نۆكىرى بار ئىدى. شۇـ ـڭىمۇ بۇرگە سۇلتانغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالـ ـماي پۇرسەت كۈتكەنىدى. تۈن تەڭ بولغاندا ئاشۇ ئۈچ يۈز نۆكىرى بىلەن شەپە چىقارماي كېلىپ بۇرگە سۇلتانىنىڭ بارگاھىنى ئۇـ ـزۇكنىڭ كۆزىدەك قورشىۋالدى.

ـــ سىلەرگە ئوت ئارقىلىق بەلگە بېرىمەن. بەلگىنى كۆرگەن ھامان تەڭلا ھۇجۇم قوزغاڭلار. بۇرگە سۇلتانىنىڭ بىرمۇ نۆكىرى ئامان قالمىسۇن.

مۇھەممەد شەيبانىخان بەش نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بارگاھـ

ـنىڭ قاشاسىدىن شەپە چىقارماي ئارتىلىپ كىردى. كىچىدە يىرتـ-قۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ياسالغان بارگاھ قاشاسى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا سوغۇق ھەم لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بولغاچقا قاراۋۇللار ئوت ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىسسىق چېدىرلىرىغا كىرىۋېلىشقانىدى.

مۇھەممەد شەيبانىخان بۇرگە سۇلتاننىڭ چېدىرىغا ئاسانلا يېقىنلاشتى. چېدىرنىڭ ئىشىكى ئىچىدىن تاقالمىغانىدى. ئىككى تال قارا چىراغ چېدىرنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاـ تەشدانغا لىقلاپ سېلىنغان ياغاچ كۆمۈرى يېلىنجاپ كۆيۈپ چېدىرنىڭ ئىچىنى ئىسسىتىۋەتكەنىدى. تولىمۇ ئېگىز بوي ـ بەستى، كۈچتۈڭگۈرلىكى ۋە جەڭ مەيدانىدىكى شجائىتى بىلەن پۈتـ كۈل دەشتى قىپچاق دالاسىدا باھادىرلىقىنىڭ تىمسالى ئاتالغان بۇرگە سۇلتان شۇ دەقىقىدە بېشىغا ئەجەل قىلىچىنىڭ يېقىنلاشـ قانلىقىدىن بىخەۋەر خورەكنى دۈڭ تارتقىنىچە بەخىرامان ئۇخلاۋاـ تاتتى. ئۇنىڭ تۆت نەپەر خاس مەھرىمىمۇ خوجىسىنىڭ خورىكىگە ئەسىر بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مۇھەممەد شەيبانىخان نۆكەرلىرى بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ بويىنىغا بۆرىدەك چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ بىرىپ قىلىچ ئۇردى. بۇرگە سۇلتان بىلەن تۆت مەھرىمى تىغ زەربىسىنىڭ ئازابىنى تۇزۇك ھېس قىلمايلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. دەقىقە ئۆتمەي بارگاھتىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇ ھامان مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان نۆكەرـ لىرى بارگاھقا ئېتىلىپ كىردى.

بۇ قىرغىندا بۇرگە سۇلتاننىڭ بىرمۇ نۆكىرى ئامان قالمىـ دى. بۇ ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان مۇھەممەد شەيباـ نىخان ئۈچ يۈز نەپەر نۆكىرى بىلەن كىچىلەپ يول يۈرۈپ بۇرگە سۇلتاننىڭ كۆچمە ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، تۇيۇقسىز ھۇـ جۇم قىلىپ بۇرگە سۇلتاننىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىدىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىغىچە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئاندىن كېسىۋې-

لىپ ئەكەلگەن بورگە سۇلتاننىڭ بېشىنى كۆچمە ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاسقۇزدى.

بىر كېچىدىلا يۈز بەرگەن بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈگەن بورگە سۇلتاننىڭ سەركەردىلىرى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

مۇھەممەد شەيبانىخان مانا مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن خېلىلا كۈچەيدى. دەشتى قىپچاق دالاسىدىكى بەگ ـ تۆرىلەرگە گېپىنى خېلىلا ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ مەرھۇم بۇۋىسى سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننىڭ سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، دەشتى قىپچاق دالاسىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئەشەددىي رەقىبلىرى جانىبېكخان بىلەن كېرەيخاندىن ئىبارەت قازاق سۇلتانلىرىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا كونا رەقىبلىرىدىن بولمىش سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ئەندىجان ھۆكۈمدارى ئۆمەر شەيخ مىرزا، مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان سۇلتان مەھمۇدخانلار كۈچلۈك ھامىي بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇ سۇلتانلارغىمۇ تەڭ تاقابىل تۇرۇشى، ئۇلارنىڭمۇ تەخت ـ سەلتەنەتىنى گۇمران قىلىشى كېرەك ئىدى. قەلبىگە بۈيۈك ئارمانلارنى پۈككەن، كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئەڭ پارلاق يوللارنى ئىزدەۋاتقان مۇھەممەد شەيبانىخان ھەرگىزمۇ دەشتى قىپچاق دالاسىنى ئىلكىگە ئېلىش بىلەن بولدى قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋە بىپايان موغۇلىستانغا ھۆكۈمدار بولۇش ئىدى.

ئۇ ئەڭ ئاۋۋال نەزەرىنى زېمىن دەۋاسى قىلىشىپ ئەپ ئۆتمەيۋاتقان تۆمۈرىيلەر خانزادىلىرىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

«... گەرچە ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چوڭ خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاتا تەختىگە پاسىبان بولغان بولسىمۇ، خۇراساننى نەۋرە قېرىندىشى بولمىش سۇلتان ھۈسەيىن

بايقاراغا تارتتۇرۇپ قويۇپ ھىراتتەك كاتتا شەھەردىن قۇرۇق قال-دى. ئۇنىڭ ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى ئىلاجسىز ئېتىراپ قىلىشى سەلتەنەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى. بۇ-نى ئاز دەپ ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن ئەپ ئۆتمەي زېمىن دەۋاسى قىلىپ تاشكەنتنى قېيىنئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخانغا بې-رىپ قويۇپ ئولتۇردى. شۇنداقتىمۇ ئول ئاغا ـ ئىنىلەر ئەپ ئە-مەس. ئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تەختكە چىققان سۇلتان مەھمۇدخان بولسا سەلتەنەت ئىشلىرىغا تولىمۇ خام. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلىرىدىن قا-رىغاندا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئول قېيىنئىنىسىدىن تاشكەنتنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولسۇن ھامان بۇزۇلىدۇ. بۇ كاۋاكتىن چوقۇم پايدىلىنى-شىم، ئاشۇ كۈچلۈك رەقىبلىرىمنى بىرىنىڭ قولى بىلەن بىرىنى جايلىشىم كېرەك. ئۇلارنى يوقاتساملا كىرەيخان، جانىبېكخان قا-تارلىق قازاق سۇلتانلىرى ھامىيسىز قالىدۇ. ئول چاغدا ئۇلارنى يوقاتمىقىم ئاسانغا توختايدۇ. ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە ۋادىسىنى ئىلكىمگە ئېلىۋالسام، خۇراسان بىلەن ئىراق موغۇلىستان ھامان ئىلكىمگە ئۆتمەي قالمايدۇ...»

مۇھەممەد شەيبانىخان بۇ ئارزۇسىنى پىر ئۇستازى ۋە ئە-قىلدارى شەيخ مەنسۇرغا بىلدۈردى.

— بەندەكىم ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تىرىشقاي. زاماننىڭ ياردىمىنى ۋە بەخت ـ ئامەتنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇش باھا-دىرلارنىڭ پەزىلىتى ئەمەس. ئى خانزادەم، كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەنلا، ئەلۋەتتە شۇ ئىشنىڭ كو-يىدا بولماقلىرى زۆرۈردۇر. ئەمماكى غالىب رەقىبنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى بىلىۋېلىپلا ئالدىراپ شادلانماسلىق كېرەك. چۈنكى، سىلىگە ئاجىز بىلىنگەن بىلەن رەقىبلىرى باشقىچە تەدبىر تۈزۈپ قويغان بولۇشى ھەم مۇمكىن. شۇڭا سەۋرلىك بولۇش، مۇلاھىزى-لىك ئىش كۆرۈش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، يەنى يەتتە ئۆلچەپ

بىر كەسمەكلىك كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشنىڭ رىسالىسىدۇر. گەرچە ئەشەددىي رەقىبلىرى بولمىش ئۇل ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا ـ ئاداۋەت بولسىمۇ، لېكىن ئىلكىدە يەنە تۈمەنمىڭ لەشكىرى، مۇستەھكەم سېپىللار مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان شەھەرلىرى، جېنىنى پىدا قىلىپ قوللايدىغان ئاۋام ـ رەئىيەتلىرى، لەشكەرلىرىگە يىللاپ تەمىنات قىلالايدىغان خەزىنە، ئۇزۇق ـ تۈلۈكى باردۇر. قارىماققا ئۇلار ئاداۋەتلەشكەندەك قىلغان بىلەن، بىرىنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرسىلە يەنە بىرى ھامان ياردەمدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار قان ـ قېرىنداشلاردۇر. باشلىرىغا كۈلپەت چۈشكەندە نىزا ـ ئاداۋەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلىشىدۇ. شۇڭا بۈيۈك ئىشلارنى ئالدىرىماي، پەم بىلەن، بىراقلا ئوتتۇرىسىدىن ئەمەس، چەت تەرەپلىرىدىن باشلاش كېرەك. مىسالەن دېمەكچىمەنكى، سىدىلى نەزەرلىرىنى سەمەرقەنتكە تىكىۋالماي، ئۇنىڭ چەت ـ چۆرىسىدىكى زېمىنىغا ئاغدۇرغايلا، پىلە قۇرتىمۇ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى ئوتتۇرىسىدىن ئەمەس، چەت ـ چۆرىسىدىن يەيدۇ، ئاخىرىدا ئىنىسىل يىپەك توقۇيدىغان غوزەك چىقىرىدۇ.

دەسلىپىدە سۇلتان ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ ئوردىسىدا، ئوبۇلخەيرىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن شەيبانىخانىنىڭ دادىسى شاھ بۇداغ ئوغلانىنىڭ ئوردىسىدا شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسى بىلەن ئەقىلدارلىق قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەلگەن شەيخ مەنسۇرنىڭ قورسىقىدا ھىيلىسى جىق ئىدى. شەيبانىخانىنىمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ بىر قوللۇق تەربىيەلىگەنىدى. شۇڭا شەيبانىخانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى، ئەقىدىسى چوڭقۇر ئىدى. ھەرقانداق قىيىن مەسىلىگە يولۇقسا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى.

شەيخ مەنسۇرنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولغان شەيبانىخان تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە بېشىنى ئەگدى:

— بۇزرۇكۋارىم ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ئايىمىغايلا.

شەيخ مەنسۇر بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن

سورىدى:

ــ خانزادەمنىڭ ماۋەرائۇننەھرنىڭ سەرھەد[1]لىرىنى تىن-چىتقۇچى سەركەردىسى مىرزا مەجىد تارخان بىلەن خېلى يېقىن بۇرادەرچىلىكى بارغۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداق، ــ دېدى شەيبانىخان بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ لېكىن ئانچە چوڭقۇر دوستلۇقىمىز يوق.

ــ ھېچقىسى يوق. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. مىرزا مەجىد تارخان مەرھۇم بۇسەيىت سۇلتان[2]نىڭ ئەتىۋارلىق، ياراملىق سەركەردىسى ئىدى. مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا پۈتكۈل خۇراساننى تەسەررۇپىغا ئېلىپ ھىراتقا تەختگاھىنى تىكلىگەندىن كېيىن، نېسىۋىسىگە شۇكۇر قىلماي سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن ۋايىم يېگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا مەجىد تارخانغا بىر تۈمەن خىللانغان ئاتلىق لەش-كەر بېرىپ، خۇراسان پاسىلىدىكى جايلارنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. دې-مەكچىمەنكى سەمەرقەنت ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئوتتۇرىسى بولسا، ئۇل پاسىلدىكى جايلار چەت - چۆرىسىدۇر. ناۋادا خانزادەم ئوتتۇ-رىسىدىن ئەمەس چۆرىسىدىن ئىش باشلاشنى راۋا كۆرسىلە، ئۇل مىرزا مەجىد تارخانغا دىققەت ئېتىبارلىرىنى بەرگەيلا.

ــ بۇزرۇكۋارىمنىڭ مۇددىئاسى كۆڭلۈمگە مۇنۇ ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئايان بولدى، ــ دېدى شەيبانىخان پىر ئۇستازى شەيخ مەنسۇرنىڭ كېپىنىڭ تېگىگە تولۇق يېتىپ.

ئۇ بۇرگە سۇلتاننىڭ خەزىنىسىدىن غەنىيمەت ئالغان قىم-مەت باھالىق بۇيۇملار، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ بىر قىسمىنى نۆكەرلىرىگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپ، قالغىنىنى بىر قانچە تۆگىگە ئارتتى - دە، ئۇدۇل شىمالغا ــ مىرزا مەجىد تار-خاننىڭ قارارگاھىغا قاراپ يول ئالدى.

① سەرھەد ــ چېگرا.

② بۇسەيىت سۇلتان ــ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ سەلتەنەت نامى.

مىرزا مەجىد تارخان مۇھەممەد شەيبانىخاننى زور ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى. سوۋغا قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى رەھمەت ـ ھەشقاللا دەپ قوبۇل قىلدى. ئەمما شەيبانىخاننىڭ ئۆز قول ئاستىدىكى چېگرانى قوغدىغۇچى قوشۇنغا قېتىلىپ خىزمەت قىلىش مۇددىئاسىنى بىلگىنىدە بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. ئۇ شەي-بانىخاننىڭ بۈرگە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۈرگە سۇلتاندەك كۈچلۈك سەركەردىنى يوقاتقان مۇھەممەد شەيبا-نىخان دەشتى قىپچاق دالاسىنىڭ ھەقىقىي تەڭداشسىز ئەركىسى ھېسابلىناتتى. ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق شۇنچە ئۇزاق يول بېسىپ كې-لىپ قول ئاستىدا ئاددىي سەرۋاز بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغانىدى.

«بىرەر مۇددىئاسى بولمىسا شۇنچە يىراق يەردىن دەرگاھىمغا كەلمەس ئىدى. ئۇنىڭ زادى قانداق مەقسىتى باردۇ؟ ئۇ نېمىلا بولمىسۇن بىر خانزادە، يەنە كېلىپ بۈرگە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ سىر دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى زېمىنلارغا ئىگە بول-غانىكەن، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىسا بولۇۋېرەتتى. ئەمما، قې-شىمغا كېلىپ نۆكەر بولۇشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولۇر زادى؟ رەت قىلىۋېتەي دېسەم، ئوتتۇرىمىزدا خېلى يامان ئەمەس بۇرادەرچىلىك بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاز سوۋغا ـ سالام بىلەن كەلمەپتۇ. ماقۇل دەي دېسەم، مەقسەت ـ مۇددىئاسى قاراڭغۇ. سورىسامۇ راست گەپ قىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ ئىش-تىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى خەۋەر تاپسىمۇ چوقۇم رەنجىيدۇ. بەلكىم ساداقىتىمدىن گۇمانلىنىشى، ئوردىدىكى رە-قىبلىرىم مېنى دەشتى قىپچاقنىڭ لاماكان خانزادىسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلماقچى، دەپ پىتنە قى-لىشى، خان ئالىيلىرىغا چېقىشتۇرۇشى مۇمكىن. ئول چاغدا ئۆ-زۈمنى ئاقلىمىقىم بەسى مۇشكۈلگە توختايدۇ. لېكىن ئۇنى ھا-زىر مۇشۇنداقلا قايتۇرۇۋەتسەم نامەردلىك قىلغان بولىمەن. مۇۋا-

پىق بىر ئامال تاپسام بولاتتى...»

مىرزا مەجىد تارخان بىر قانچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر ئامال تاپتى.

ــ ئەسلىدە خانزادەمگە سەرۋازلىق ئەمەس سەركەردىلىك بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ئەمىركەبىرلىك مەرتىۋەمنى بېرىۋەتكۈم بار ئىدى. ئەسلىدىمۇ خانزادەمگە بۇ مەرتىۋىمۇ تۆۋەن كېلەتتى. مىڭ ئەپسۇس، زامانىنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ ياقىلار ئېتەك- لەر ياقا بولغان بول زاماندا ئاشۇنداق ئىزگۈ ئارمانلارنى يېسەكمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق دەرمانىمىز يوقتۇر، ــ دېدى مىرزا مەجىد تار- خان تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرە قويۇپ، ــ سەلتەنەت يوسۇنى، لەشكىرىي ياساق جانابلىرىغىمۇ سىر ئەمەس. كەمىنىلىرى گەرچە ئوردا لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى بولسامۇ ھازىر چىگرانى ساقلاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئىشلىرىغا قولۇم يەتمەيدۇ. لەشكىرىي تۈزۈك بويىچە سەرۋازدىن يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرنى بىز تەۋسىيە قىلساقمۇ، يەنىلا خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىق ـ پەرمانى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ، ھەمدە لەشكىرىي دىۋان مىرزىسى رويخەتكە ئېلىپ، مائاش ـ تەمىناتىنى خەزىنىدىن ئەۋە- تىپ بېرىدۇ. شول تاپتا جانابلىرىنى سەرۋازلىقتەك تۆۋەن دەرد- جىلىك سىپاھلىققىمۇ سايە قىلالمىغىنىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىد- نىۋاتىمەن.

مىرزا مەجىد تارخان گېپىنى توختىتىپ شەيبانىخانغا خىد- جىللىق بىلەن قارىدى. شۇ دەقىقىدە شەيبانىخاننىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پەقەت سەمەر- قەنت ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى سېپىد- گە قېتىلىۋالسىلا، قالدى ئىشلارنى مەقسەت ـ مۇددىئاسى بويىچە ئاستا ـ ئاستا بىر باشقا ئېلىپ چىقىشقا ئىشەنچى بار ئىدى. ئەپسۇس، شۇنچىۋالا ئىشەنگەن مىرزا مەجىد تارخان ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ شەيبانىخاننىڭ يېلىنىشقا غۇرۇرى يول قويمىدى. مىرزا مەجىد

تارخان يەنە ئېغىز ئاچتى.

— مەگەركى بىرىشنى لايىق كۆرسىلە، بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان جانابلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي.

شەيبانىخاننىڭ قەلبىدىكى ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان ئۇمىد شامى قايتا پىلىلدىدى. مىرزا مەجىد تارخان ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان جانابلىرى بىلەن كەمىنىلىرى يېقىن دوست - ئاشنىلاردىنمىز ھەمدە ھەر ئىككىلىمىز سەمەرقەنت مۇرشىدلىرىنىڭ پېشۋاسى، تەڭرىنىڭ دوستى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىگە بىللە قول بېرىپ مۇرىت بولغان قىيامەتلىك يارەنلەردىنمىز. ئۇشبۇ سەۋەبتىن تۆۋەنچىلىك بىلەن يازغان ئىلتىماسىمىزنى ھەرگىز يەردە قويماس دەپ ئويلايمىز. بۇخارا بۈيۈك ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ كاتتا شەھەرلىرىدىن بولغاچقا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان جانابلىرىغا بۇخارانىڭ مۇتلەق ھاكىم ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغان. ئۇشبۇ سەۋەبتىن بۇخارا ئەمىرى ئوردىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمايمۇ خالىغان كىشىگە خاھى لەشكىرىي، خاھى مۇلكىي مەرتىۋە ئىنئام قىلالايدۇ. خانزادە ئالىيلىرى بۇخاراغا بېرىپ مەيلى يۇقىرى، مەيلى تۆۋەن بىرەر لەشكىرىي مەنسەپ تۇتۇپ قالسىلا، ئۇزاق ئۆتمەي چېگرادىكى خانلىق لەشكەرلەرنى ئالماشتۇرۇش باھانىسى بىلەن سىلىنى بۇخارادىن يېنىمغا ئەپكېلىۋالالايتتىم. ئول چاغدا بۇ ئىش ئوردا يوسۇنىغىمۇ، لەشكىرىي تۈزۈككىمۇ مۇخالىپ كەلمىگەن، كەمىنىلىرىنىڭ تىلىمۇ قىسىلمىغان بولاتتى.

چەت - چۆرىسى ھېسابلانغان چېگرادىن ئاستا - ئاستا ئوتتۇرا قىسىمغا — شەھەرگە يېقىنلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن شەيبانىخانغا بىراقلا بۇخارادەك كاتتا شەھەرگە جايلىشىش، يەنە كېلىپ يۇقىرى لەشكىرىي مەرتىۋە تۇتۇش بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئىدى.

— كەمىنىلىرىنىڭ ئەمىركەبىر جانابلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا سەركەشلىك قىلىشقا ھەددى ئەمەس، — دېدى ئۇ ئىچكى ھاياجىنىنى بېسىپ تۇرۇپ.

مىرزا مەجىد تارخان شۇ يەردىلا بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانغا قارىتىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ شەيبانىخانغا تۇتقۇزدى.

— بۇخارا ئەمىرى ئۇشبۇ مەكتۇپنى كۆرسە خانزادەمگە لەشكىرىي دىۋاندىن سەركەردىلىك مەرتىۋىسى بېرىدۇ.

— ئىنشائاللاھ، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دېدى شەيبانىخان خەتنى ئېھتىرام بىلەن ئېلىپ.

ئۇ شۇ ھامانلا مىرزا مەجىد تارخان بىلەن خوشلىشىپ دەرھال بۇخاراغا قاراپ يول ئالدى...

بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قېلىشى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، شۇنداقلا قاراپ ئۆزىنىڭ بۇخارا ئەمىر مەھكىمىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭغىچە كەينىدىن يۈك ئارتىلغان قېچىرنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان خىزمەتكار يىگىتلەردىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى.

— مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ خىزمەتكارلىرىغا.

مەھكىمە دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىپ بارغان مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ خىياللىرى تولىمۇ دېلىغۇلچىلىق ئىچىدە ئىدى.

«ھېلىقى ھۆدەيچى مەكتۇپنى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانغا تاپشۇرالىغانمىدۇ؟ ياكى بۇگۈنمۇ ئامال قىلالمىدىم، ئەمىر جانابلىرى قوبۇلغا چىقمىدى، ئەتە يەنە بىر كېلىپ باقسىلا، دەپ تىلىنى چاينارمۇ؟ بۇنداق خورلۇققا ئۇچرىشىمنى بىلگەن بولسام... بولدىلا، ئەمدى پۇشايمان قىلماي، بىر خاپىلىقنىڭ كەينىدە بىر خۇشاللىق بار دېيىشىدىكەن. خۇشاللىق بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر.

ئاشۇ ھۆدەيچىدەك بىر چۈپرەندىنىڭ كۆزىگە تىلەمچىدەك تەلمۈرۈپ قالغىنىمنى دېسە. ئى، قۇدرەتلىك ئىگەم، ئىشلىرىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن. ئۆزۈڭگە خار قىلساڭمۇ بەندەڭگە خار قىلماسسەن...»

دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار بەگزادە سۈپەت، سۆلەتلىك كىيىنگەن شەيبانىخاننى ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈۋېرىپ تونۇدىمۇ ئەيتاۋۇر، گەپ سورىمايلا كىرگۈزۈۋەتتى.

— ھارمىغايلا، — دېدى ھۆدەيچى بەگ ئوتتۇز ئىككى چىشىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە سالام بېرىپ، — ئەمىر جانابلىرىغا مەكتۇپنى تېخى بايىلا تاپشۇرالدىم. مېھمان كەلگەن ھامان ئۈدۈل ھوزۇرۇمغا باشلاپ كىر، دەپ ئىجازەت بەرگەندى. قېنى سارايغا مەرھەمەت قىلسىلا.

شەيبانىخان يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى. ھۆدەيچىگە ئەگىشىپ بىر نەچچە قەدەم چامداپ بولۇپ، بۇخارا ئەمىرىگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنىڭ قەسىر دەرۋازىسى ئالدىدا قېپقالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ دەرھال كەينىگە ياندى.

مىرزا مەجىد تارخان بۇخارا ئەمىرىگە يازغان خېتىدە نېمە ئۈچۈندۇر مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ دەشتى قىپچاق دالاسىنىڭ ھۆكۈمدارى مەرھۇم سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىدەك سالاھىيىتىنى ئەسكەرتمەي، يېقىن بۇرادىرىم دەپلا تونۇشتۇرغان. مۇمكىن بولسا لەشكىرىي دىۋاندىن مۇۋاپىق خىزمەت بېرىشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

كۆرۈشۈش يوسۇنلىرى تاماملانغاندىن كېيىن بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، تۇرقىدىن ئېسىلزادىلىك چىقىپ تۇرغان مۇھەممەد شەيبانىخاندىن كۆرە، كۆرۈشۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە تارتۇق قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن ئىككى ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلار بەكرەك دىققىتىنى تارتتى.

كەلگۈسى ئىستىقبالى، مۇددىئا ـ مەقسىتى ئۈچۈن پارلاق

يول ئېچىشنى كۆزلىگەن مۇھەممەد شەيبانىخان بىساتىدىكى قىم-مەت باھالىق مال ـ دۇنيالىرىنى بىراقلا دوغا تىككەنىدى. ئۇنىڭ-غا دەسلەپتە سالقىن مۇئامىلە قىلغان مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان خىزمەتكارلار كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككى ساندۇق پىشكەشلەرنى كۆرۈپ چىرايىغا ۋىلىلىدە كۈلكە يۈگۈرتتى. ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇرغان شەيبانىخانغا تۆر تەرەپتىكى كۇرسىدىن ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسەتتى ۋە ھە دېگەندە مىرزا مەجىد تارخاننى تىلغا ئېلىپ دوستلۇق، بۇرادەرچىلىكتىن گەپ ساتتى.

— بىلمىدىم، جانابلىرى دەرگاھىمىزغا تەنھا كەلدىمىكىن؟ — سورىدى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان ئەسلىي مەقسەتكە كۆچۈپ.

— يوقسۇ، — جاۋاب بەردى شەيبانىخان دەس ئورنىدىن تۇ-رۇپ، — ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىم بار. ئۇنىڭدىن باشقا كەمىنىلە-رىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئۈچ يۈز نۆكىرىمىمۇ بار. ئۇلارمۇ ئەمىر جانابلىرىغا جانلىرىنى تەسەددۇق قىلىشنى خالايدۇ.

— تولا ئوبدان، — دېدى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان، — ئە-مىر كەبىر مىرزا مەجىد تارخان جانابلىرى مۇبارەك مەكتۇپىدا ئۆزلىرىنى لەشكىرىي دىۋانىمىزنىڭ خىزمىتىگە تونۇشتۇرغانىد-كەن. ھازىرچە چىنداۋۇل[1] سەركەردىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا مۇ-ئەككەل بولغاچ تۇرسىلا. قالدىسىنى مۇۋاپىق ئورۇن ھازىرلاپ ئاندىن مەرتىۋىلىرىنى ئۆستۇرىمەن.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، — دېدى شەيبانىخان ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— ھېلىقى ئۈچ يۈز نۆكەرلىرىنى چىنداۋۇللارغا قېتىپ ئۆزلىرى جوڭقۇرسىلا، — دېدى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان.

بۇخارا ئەمىرىنىڭ بۇ پەرمانى مۇھەممەد شەيبانىخان ئۈچۈن ھاياجانلىق بىر سوۋغات بولدى.

«ئى قۇدرەتلىك تەڭرىم. ھىممىتىڭگە تەشەككۇر. ھەر نېمە بولسا ئۇل ساداقەتمەن نۆكەرلىرىمدىن ئايرىلىپ قالمىدىم...»

① چىنداۋۇل ــ تىگتىگچىلار، جىبەكچىلەر.

ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئاشۇ ئۈچ يۈز نۆكىرىدە ئىدى. ئۇ بۇخارا ئەمىرىنىڭ بىر بۇيرۇق بىلەن ئاشۇ نۆكەرلىرىنى لەشكەرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن تولىمۇ ۋايىم يېگەنىدى. ناۋادا ئۇلار بۇخارا لەشكەرلىرى ئارىسىغا چېچىۋېتىلگەن بولسا شەيبانىخان پەي ـ قاناتلىرى يۇڭدىلىپ كەتكەن بۈركۈتكە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مال ـ دۇنياغا ئامراق، ھاكاۋۇر، لېكىن ئەخمەق كۆرۈنىدىغان بۇخارا ئەمىرىنىڭ قانداق قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ئاندىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە چوت سوقۇۋاتاتتى.

## 96

سەمەرقەنت.

ئېگىز بويلۇق، قويۇق ساقاللىق، قىزىل يۈزلۈك، تەمبەل كەلگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا كىچىچە ئۇخلىماي ئىچكەن شارابنىڭ تەسىرىدە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەختكە يۆلەنگەن گەۋدىسى بىر ئاز مۈكچىيىپ قالغان بولۇپ، شۇنداقلا قارىغان كىشىگە ئۇخلاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تۆۋەندە قول باغلاپ تۇرۇشقان ئەمىر ـ بەگلەر خانىنىڭ تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ پەرمان بېرىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇشقانىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىر ئۇستازى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ: «تاشكەنتكە لەشكەر تارتىشلىرى زىنھار مۇناسىپ ئەمەستۇر. سىلى ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم قېيىنئاتىلىرى سۇلتان يۇنۇسخان ئائىلىلىرى بىلەن لەۋزە قىلىشقان، لەۋزىلىرىدە تۇرۇشلىرى كېرەك. پەقەت بولمىسا قېيىنئىنىلىرى سۇلتان

مەھمۇدخان ئالىيلىرى بىلەن قايتا سۆلھى تۈزۈشۈپ ئۆتكەيلا. ئۇلاردىن سىلىگە تەشۋىش يەتكۈدەك ھەرىكەت ئۆتۈلگىنى يوق. شۇڭا سىلى ئۇلارغا تەشۋىش يەتكۈزمەي قېرىنداشلىق مېھرىل- رىنى بىلدۈرگەيلا ۋە ئىنىلىرى ئۆمەر شەيخ مىرزىغىمۇ تەسەللى بەرگەيلا. بىھۇدە قىرغىنچىلىق ئاۋامنىڭ تىنچلىقىنى، سەلتەنەت- نىڭ ئاسايىشلىقىنى بۇزىدۇ. زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلمىغايلا» دېگەن سۆزلىرى توختىماي جاراڭلايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىر - سەركەردىلىرىنىڭ تاشكەنتكە لەشكەر تارتىش تەكلىپىگە دەمال- لىققا جاۋاب بېرەلمەي دېلىغۇل بولۇپ قالغانىدى.

ئۆرە تۇرۇۋېرىپ پۇتى تېلىپ كەتتىمۇ ياكى خاننىڭ دىققى- تىنى چالغىتماقچى بولدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئوردا ئىشىكئاغىسى ئاب- دۇلكەرىم ئەشرىت قەستەن قاتتىق يۆتىلىپ قويدى. سۇلتان ئەھ- مەد مىرزا ئاستا كۆزىنى ئېچىپ قەددىنى رۇسلىدى.

— تېزرەك بىر قارارغا كەلگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى پېش- قەدەم ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇر- غان ئاپئاق ساقىلىنى تىترەتكىنىچە، سارايىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، — سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا سۇل- ھىگە كېلىپ مەرھۇم قېيىنئاتىلىرى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلى- رىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشىغا يول قويغانلىرى خاتا بولغانىدى. مانا ئەمدى ياخشىلىققا يامانلىق يېنىپ ئىنىلىرى ئۆمەر شەيخ مىرزى- مۇ تەس كۈنگە قاپتۇ. يەنە سۈكۈت قىلساق دادىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئول سۇلتان مەھمۇدخان بۇنىڭ بىلەن بولدى قى- لىدىغاندەك قىلمايدۇ. ۋاقتىدا ئەدەپلەپ قويمىساق ئەتە - ئۆگۈن ئالىيلىرىغا سەمەرقەنت شەھىرىنىمۇ بوشتىپ بەر، دېيىشتىن يانمايدىغاندەك قىلىدۇ.

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى بولغان دەر- ۋىش مۇھەممەد تارخان مەيلى ياش، مەيلى ھۆرمەت جەھەتتە بول- سۇن ئوردىدىكى ئەمىر - سەركەردىلەردىن چوڭ ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەختكە چىققاندىن بېرى ئوردا ئىشلىرىنى شۇنىڭ

مەسلىھەتى بىلەن بىرتەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

— ئەلھەق، دەرۋىش مۇھەممەد تارخان جانابلىرى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلدى، — دېدى ئوردا ئىشىكئاغىسى ئابدۇلكەرىم ئەشرىت گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئانھەزرىتىم ئۇرۇق - تۇغ قاندارچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ يەنە سۈكۈت قىلسىلا سۇلتان مەھمۇدخان بۇنى چۈشەنمەي بىزنى قورقۇنچاقلىقتا جورۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن.

— پاسىبانىم ئۆز ۋاقتىدا سۇلھىنى مەرھۇم قېيىنئاتىلىرى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن تۈزگەن ئىدىلە، — دېدى لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى دەرۋىش بەگ سۆز قىستۇرۇپ، — ئەمما ھازىر ئۇل زاتى مۇبارەك بەندىچىلىك قىلىپ، تەخت ئىگىسى ئالماشتى. شول سەۋەبتىن سۇلھىنىڭمۇ كۈچى قالدى. ئەمدىلىكتە ھېچكىمنىڭ پاسىبانىمىزنى ئەھدۇ پەيمانغا ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىشكە ھەققى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇدخان ئەشتە قەلئەسىدىكى ئەندىجان لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىپ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ مەرتىۋىسىگىمۇ رىئايە قىلمىدى. دېمەك، ئاتىسى تۈزگەن سۇلھىنى ئوغلى بۇزدى.

— كىم بىلىدۇ، يەنە سۈكۈت قىلساق ئەتە - ئۆگۈن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىمۇ ئەندىجاندىن قوغلاپ چىقىرامدۇ تېخى.

— سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتتە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا بىزگە چوڭ خەۋپ بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئاتا مىراس زېمىنى بولغان موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋەتكىنىمىز تۈزۈك.

ئەمىر - سەركەردىلەرنىڭ تۈشمۇتۈشتىن ئېيتقان سۆزلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئاخىر زۇۋانغا كەلتۈردى:

— پەرمان! — دېدى ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — لەشكەرىي دىۋان تاشكەنت يۈرۈشىگە ھازىرلانغاي. بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانغا دەرھال يارلىق ماڭدۇرۇلغاي. يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەسەررۇپىدىكى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تاش-

كەنتكە قاراپ يولغا چىققاي!
— ئەمىر كەبىر مىرزا مەجىد تارخانغا يارلىق ئەۋەتمەيمىزمۇ ئالىيلىرى؟ — سورىدى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان.
— شىمالدىكى چېگرانى ساقلاشمۇ تاشكەنت يۇرۇشىگە ئوخشاش مۇھىم، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا قەتئىيلىك بىلەن، — سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ھازىرچە بىزگە قاراڭغۇ. تەسەررۇپىمىزدىكى ھەممە سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى تاشكەنت يۇرۇشىگە ئاتلاندۇرساق ئارقا تەرىپىمىز مۇداپىئەسىز قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىشىنى ئىلكىمىزدە بار سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەنمۇ بىر تەرەپ قىلىشقا تامامەن چامىمىز يېتىدۇ.
— قۇدرەتلىك پاسىبانىمىز داناۋۇر! — دېيىشتى ئەمىرلەر باش ئېگىپ.

※ ※ ※

تاشكەنتنى يەنە ئۇرۇش ۋەھىمىسى باستى.
سەمەرقەنتتىن يولغا چىققان سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن بۇخارادىن يولغا چىققان مىرزا ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ قوشۇنى يولدا ئۇچرىشىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، تاشكەنت شەھىرىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. نەچچە تۈمەن كىشىلىك جازا يۇرۇش قىلغۇچى بۇ زور قوشۇننىڭ باش ـ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. ئاتلارنىڭ تۇيىقى، پىيادىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار خۇددى تاشكەنتكە قاباھەتلىك قارا بوران باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.
تاغىسى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان، بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان، ئوردا ئىشىكئاغىسى مىرزا ئابدۇلكەرىم ئەشرەت، دەرۋىش بەگ، باقى تارخان، سەئىد يۇسۇپ ئاغلاقچى، قارا كۆلنىڭ ھاكىمى سۇلتان ھۇسەيىن ئارغۇن، قۇلى مۇھەممەد

بوغدا قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ بارغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا تولىمۇ سالماق كۆرۈنەتتى. يەزەك، چىنداۋۇللارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرىغا ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. باشلاپ ماڭغان زور قوشۇنى بىلەن تاشكەنتنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئىشەنچى چوڭ ئىدى.

«... خانزادە سۇلتان مەھمۇدخان ئەقلىي ـ ھوشىنى تېپىپ تاشكەنتنى قارشىلىقسىز، چىرايلىقچە تاپشۇرسا ئۇنىڭ قېيىنىدنىلىق ھەم سۇلتانلىق مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاتا مىراس زېمىنىغا چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويىمەن. ناۋادا گەدەنكەشلىك قىلىمەن دېسە، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مەيلى. يۈز ـ خاتىر قىلمىدى دەپ رەنجىمىسۇن. يەزەك، چىنداۋۇللارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا بويۇنتاۋلىق يولىنى تۇتقاندەك قىلىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ...»

سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىش ئالدىدا خانىش مېھرىنىگار خېنىمنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن قىلغان ئىلتىماسىنى ئېسىگە ئالدى.

«... سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئاجىزەلىرىنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق، شۇنداقتىمۇ ئانھەزرىتىمدىن ئەقىلسىز ئىنىم سۇلتان مەھمۇدخانغا تۇغقاندارچىلىق مېھرىلىرىنى ئايىماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن. مەرھۇم خان ئاتامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن...»

گەرچە مېھرىنىگار خېنىمنىڭ نەسەبى ھەرەمدىكى باشقا خانىشلاردىن يۇقىرى بولسىمۇ، تۇغمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭغا تازا كۆڭۈل بېرەلمىگەنىدى. باشقا خانىشلارنىڭ قەسرىگە كىرگەندەك ئۇنىڭ قەسرىگە ئانچە كۆپ كىرمەيتتى. كەم سۆز، بەزمە ـ باراۋەتلەرگە ئانچە زوقى يوق خانىش مېھرىنىگار خېنىم كۈنلىرىنى قەسرىدىكى خىلۋەت ھۇجرىسىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، يىراقتىكى ئانىسى، ئىنى ـ سىد-

ئېللىرىنى سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى؛ باشقا خانىشلار بىلەن-مۇ، سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئاغىچا ـ ئايىملىرى بىلەنمۇ ئانچە كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى؛ ھەرەمدىكى كۈنداشلىرى بىلەن تۆر، ئۈستۈنلۈك تالاشمايتتى؛ ئايىغى چىقماس غەيۋەت ـ شىكايەتلەرگە قېتىلمايتتى؛ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ناگان ـ ناگاندا قەسرىگە يوقلاپ كەلسە ئىللىق چىراي قارشى ئالاتتى؛ ئاشپەزلىرىگە مىرزا ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان غىزالارنى ئەتكۈزۈپ كۈتۈۋالاتتى، ئەمما داستىخانغا شارابنى زىندىھار يېقىن كەلتۈرمەيتتى؛ باشقا خانىش ـ بانۇلارغا ئوخشاش پات ـ پات يوقلاپ كەلمىدىڭ دەپ باتىنمايتتى؛ كۈنداشلىرى بولمىش باشقا خانىش ـ توقاللارنىڭ ئۈستىدىنمۇ داتلىمايتتى؛ خەرج ـ خىراجەت، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىنىنەت غەلۋىسى قىلمايتتى؛ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۆزلەرنىمۇ قىلمايتتى؛ مىرزىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن زىيادە ناز ـ كەرەشمىلەرنىمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر شارابخور، ئىشقىۋاز سۇلتان ئەھمەد مىرزا خانىش مېھرىنىگار خېنىمدىن خېلىلا تەپ تارتاتتى. شاراب ئىچكەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ قەسرىگە پەقەتلا كەلمەيتتى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

«تولىمۇ ئەپسۇس. كەچۈرسىلە خانىش ئايىم، دېگەنلىرىدەك قىلالمايدىغان بولدۇم. رەھمەتلىك قېيىنئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدىغان بولدى. ئۇنداق قىلماي دېسەممۇ ماڭا نىمە ئامال. تاجۇ تەخت، سەلتەنەت ئىشلىرى دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن. بۇنىڭغا ئىلاجىم يوق. ھە راست، قېيىنئانام خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىملەر ھازىر تاشكەنتتىمىدۇ ياكى ئەندىجاندىمىدۇ؟ ئايغاقچىلار ئۇلارنى ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاندىن يامانلاپ ئەندىجانغا كېتىپتۇ دەپ مەلۇمات بېرىۋىدى. ئۇلار نېمىشقا سەمەرقەنتكە كېلىشنى خالىمىدىكىن؟ دېمىسىمۇ مەن ئۇلارغا ئىنىم ئۆمەر شەيخ مىرزىغا ئوخشاش كۆيۈ-

ئوغۇللۇقنى يەتكۈزەلمىدىم، ئەھۋال سوراپ تۇرالمىدىم. ئەسلىدە قېيىنئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىرەر قېتىم بولسى-مۇ سەمەرقەنتكە تەكلىپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق، مەندىن قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلمىدى دەپ رەنجىگەن گەپ. ئەڭ ياخشىسى ھازىر ئۇلارنىڭ تاشكەنتتە بولمىغىنى ياخشى. ناۋادا ئۇلار ئالدىمغا چىقىپ تۇرۇۋالسا تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلمى-قىم تەسكە توختايدۇ. ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە نۆۋەت تاشكەنتكە لەشكەر تارتقىنىمدا ئىنىم ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇستاتلىق قىلىپ قېيىنئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئالدىمغا چىقىرىپ قويغانىدى. بەلكىم بۇ نۆۋەت ئۇنداق بولماس. شۇنداق، قېيىنئى-نىم سۇلتان مەھمۇدخاندا ئۇنچىلىك ئەقىل ـ پاراسەت يوق. ئۇ-نىڭ ئاق ـ قارىنى، ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايلا ئۆمەر شەيخ مىرزىنى رەنجىتىشىمۇ ئاشۇنداق پاراسەتسىزلىكىدىن بولغان. ئەمدى ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئۇنىڭغا كۆمەكلەشمەيدۇ. ئاۋۋال تاشكەنتنى قولۇم-غا ئېلىۋالاي. قېيىنئىنىلىرىمغا لايىقىدا چۈشەندۈرۈپ كۆڭۈل قو-يۇۋالارمەن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ بىر يۈرەك پارىسى مې-نىڭ نىكاھىمدا ئەمەسمۇ، مەندىن رەنجىدى دېگەندىمۇ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەس...»

— لەشكەرلەرنى بىرەر كۈن ئارام ئالدۇرۇۋالىمىزمۇ ياكى بىراقلا تېگىش قىلىمىزمۇ؟

دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، — دېدى ئۇ مۇجمەللا قىلىپ.

※ ※ ※

ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ زور قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇدخان

چىر دەرياسىنى مۇداپىئە قورغىنى قىلىپ قارارگاھ قۇرۇپ جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈپ بولغانىدى. گەرچە ھازىر كەلكۈن مەزگىلى بولمىسىمۇ، دەريا سۈيى خېلىلا ئۇلۇغ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريانىڭ تاشكەنت تەۋەسىدىكى بۆلىكى چوڭقۇر جىلغا بولۇپ ئاقاتتى. شۇڭا چىر دەرياسى تاشكەنت شەھىرى ئۈچۈن تەبىئىي مۇداپىئە خەندىكى ئىدى. ئەلۋەتتە، تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ تىككەن قارارگاھلىرىنىڭمۇ سانى يوق ئىدى.

بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ چىنداۋۇل لەشكەرلەرگە سەركەردە بولۇپ كەلگەن مۇھەممەد شەيبانىخان يول بويى ئۆز ۋەزىپىسىنى پۇختىلىق بىلەن ئورۇنداپ، چىنداۋۇللار يەتكۈزگەن مەلۇماتلارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇگۈن قول ئاستىدىكى سەرۋازلارنى بۇيرۇماي شەخسەن ئۆزى ياۋ ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلاشقا باش بولۇپ چىققانىدى. ئۇ جىلغىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەپلىك يەر شارائىتىنى تاللىغىنىغا كۆڭلىدە قايىل بولماي تۇرالمىدى.

«ئاھ خۇدا! سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ تەدبىرنى كىم كۆرسەتكەندۇ؟ قارارگاھىنى تولىمۇ ئەپلىك يەرگە قۇرۇپتۇ. بۇنداق قارارگاھنى ھېلىغۇ بىر نەچچە تۈمەن ئىكەن، ئۇننەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەنمۇ ۋەيران قىلماق ئاسان ئەمەس. مەن تېخى ئۇنى شەھەرگە بېكىنىۋېلىپ ياتارمىكىن دەپتىكەنمەن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىدا لەشكىريي ئىشلارغا پۇختا ئەقىلدارلار يەنە بار ئىكەن. ناۋادا ئۇ چىر دەرياسىنىڭ سۈيىنى قايدۇرۇۋېلىپ، ۋاقتى كەلگەندە بىراقلا قويۇۋېتىدىغان بولسا سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سۇغا غەرق بولماي قالمايدۇ. بىلمىدىم، ئۇلار بۇ تەدبىرنىمۇ ئويلاشقانمىدۇ؟ ئىشقىلىپ تەڭرى ئىگەم سۇلتان مەھمۇدخاننى يۆلەۋاتقان ئوخشايدۇ...»

تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنى، قارارگاھلارنىڭ ئو-

رۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، جەڭ قىلىش ئۈچۈن تاللىغان يەر شارائىتىنى تەپسىلىي كۆزەتكەن شەيبانىخاننىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ كەلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچى ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىشقا باشلىدى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىدە ئازراقمۇ تەشۋىش، ۋەھىمە يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ سەمەرقەنت قوشۇنىنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيىتىگە پەقەتلا قىزىقمايتتى.

«بۇ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ نۇسرەت ـ مەغلۇبىيىتىنىڭ مەندەك كىچىككىنە چىنداۋۇل بەگ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار. غەلىبە قىلسا سۇلتان ئەھمەد مىرزا تېخىمۇ كۆرەڭلەيدۇ، ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەر كۆتۈرۈلۈپ، قېرىنداشلىق مېھرى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسىدۇ. مېنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپەم ھەرگىز كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. مەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ نەزەرىدە ئاددىي بىر سەرۋاز، خالاس. ئۇنىڭغا تەدبىر كۆرسىتىش سالاھىيىتىم يوق. پەقەت كۆرگەنلىرىمنى، ئويلىغان تەدبىرىمنى بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخانغىلا دېيەلەيمەن. ئۇل مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان بولسا بۇنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئايلاندۇرۇپ، خانغا مەلۇم قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا تۆھپە، مەرتىۋە ئۇنىڭ بولىدۇ. نەچچە ئايدىن بېرى شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلمىدىم. بۇنداق ئەھۋالدا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى قاچان ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن؟ ئەڭ ياخشىسى كارىم بولمىسۇن. ئىككى قوشۇن ئۇزاقراق تىركەشسە كۈچى ئاجىزلايدۇ، ھالسىرايدۇ، سەركەردە ـ سەرۋازلىرىدىن ئايرىلىدۇ. لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشىدۇ. شۇ چاغدا دەشتى قىپچاقتىكى ئىنىم مەھمۇدخانغا خەۋەر بېرىپ باشقىچىرەك يول تۇتمايمەنمۇ، ياكى بولمىسا...»

شەيبانىخان تۇيۇقسىز كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىيالدىن چۆچۈپ كەتتى، ئەتراپىغا خەۋپسىرەپ قارىدى. يېنىدا ئۆزىنىڭ ئىـ

شەنچىلىك نۆكەرلىرىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. بولغان تەق-
دىردىمۇ كاللىسىغا كەلگەن خىيالنى بىلىۋېلىشى ناتايىن ئىدى.
«شۇنداق قىلايمۇ - يا؟ ئۇل چاغدا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ
ئىشەنچىگە، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكىلى، يۇقىرى مەرتىۋە - ئىم-
تىيازغا ئىگە بولغىلى بولاتتى. بىراق سۇلتان مەھمۇدخاننى ئىد-
شەندۇرگىلى بولارمۇ؟ مەسلىھەتىمنى ئاڭلارمۇ؟...»
ئۇ زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقى-
سىغا بۇرىدى. كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ خىيال يۈرە-
كىنى قۇرتتەك غاجىلايتتى، ئارامىنى بۇزاتتى، ۋەسۋەسىگە سالات-
تى. ئۈمىد - ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان ئەبجەش بىر خام خىيال
ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى.
«ياق، كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ؟ دەپ ئولتۇرسام
بولمايدۇ. دەرھال بىر قارارغا كېلىشىم كېرەك. پۇرسەتنى قولدىن
بېرىپ قويسام ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قېلىشىم مۇمكىن. نېمىلا
بولمىسۇن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقاي. بەلكىم
ئىشىم ئوڭغا تارتىپ قالار. مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ
قالسىمۇ، كۆرسەتكەن تەدبىرىمگە قوشۇلمىسىمۇ ھېچقىسى يوق.
بۇنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھەرگىز بىلمەيدۇ...»
بىر قارارغا كەلگەن شەيبانىخان خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى.
ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان زىددىيەت تۇمانلىرى تارقاپ، ھاياجانلىق
بىر تۇيغۇدىن مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى.
«بۇ ئىشلارنى شۇنداق پۇختا بىرتەرەپ قىلايكى، مەقسەت -
مۇددىئايىمنى ئىنس - جىن تۇيماي قالسۇن. ھەئە، ئالدىرىماسلىق
كېرەك. ئاۋۋال سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى
قوشۇنى يېتىپ كەلسۇن. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ سان - ساناق-
سىز ياۋ لەشكەرلىرىنى كۆرسە ۋەھىمىگە چۈشمەي قالمايدۇ.
شۇنداق، ئاۋۋال يۈرىكىدە ۋەھىمە پەيدا بولسۇن، غەلىبە - نۇس-
رەتكە ئىشەنچ قىلالماي غەمگە چۆكسۇن. شۇ چاغدا ئاندىن ئۇنىڭ
دەرگاھىغا ئىشەنچلىك نۆكىرىمدىن بىرىنى ئەۋەتىپ يۈرىكىگە

قول سېلىپ كۆرەي. ئىشەنچىم كامىلكى، مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە چوقۇم ئالدىرايدۇ. كۆرسەتكەن تەدبىر، مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالماي قالمايدۇ...»

※ ※ ※

دەھشەتلىك كەلكۈندەك، شىددەتلىك قارا بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى تاشكەنتنىڭ بوسۇغىسىدا — چىر دەرياسىدىن شەكىللەنگەن چوڭقۇر جىلغا لېۋىدە توسۇلۇپ قالدى.

شەيبانىخاننىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. چوڭقۇر جىلغا تەبىئىي توسۇق بولۇپ ئايرىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىلا قوشۇن بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ قالغاچقا، ھېچقايسى تەرەپ ئالدىن ھۇجۇم قىلىشقا تەۋەككۇل قىلالمىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شەيبانىخان ئىشەنچلىك نۆكىرىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا كۆرۈشۈش مۇددىئاسىنى بىلدۈردى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھە دېگەندە جىلغىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭ ئامالسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ چېكىندۇرىمەن، دەپ خام خىيال قىلىپ خاتىرجەم ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان باستۇرۇپ كەلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپلىكىنى كۆرۈپ خېلىلا ۋەھىمىگە چۈشتى. ھە دېگەندە قارىملىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. يېنىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بولسا ئۇنىڭدىن بەكرەك ھودۇقۇپ تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا لەشكىرىي ئىشلاردا تەجرىبىسى كەم بولغاچقا، سۇلتان مەھمۇدخانغا تۈزۈك بىرەر تەدبىرمۇ كۆرسىتەلمىدى. ئورۇنسىز پىتنىلەرگە ئىشىنىپ، ئاشۇ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ سۆيىقەستىگە ھامىي بولۇپ، مەرھۇم دادىسى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۇزۇن مەزگىل مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان، مول

تەدبىرلىك پىشقەدەم ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن سۇلتان مەھ-
مۇدخان شۇ كۈنلەردە يار ـ يۆلەكسىز، مۇشاۋىرسىز قالغانىدى.
يارنىڭ لېۋىگە ياساتقان كۆزىتىش مۇنارىدىن قارشى قىرغاقتىكى
ياۋ قارارگاھىغا ھەر قېتىم نەزەر تاشلىغىنىدا ۋۇجۇدىنى ئۈمىد-
سىزلىك، ئەندىشە، تەشۋىش تۇمانلىرى چىرمىۋالاتتى. ئۇ گەپ
سوراپ قېلىشىدىن، تەدبىر كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلىشىدىن
ۋايىم يەپ باشلىرىنى تونلىرىنىڭ ياقىسىغا تىقىۋېلىشقىنىچە
يەرگە قاراپ تۇرۇۋالغان ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە ئاللىقانداق بىر
ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھودۇقۇش، تەش-
ۋىش تۇيغۇلىرى چىقىپ تۇرغان بىچارە تۇرقىغا قاراپ قاتتىق ئۈ-
مىدسىزلىنەتتى. ئۆزىنى گويا ئاشۇ سان ـ ساناقسىز ياۋنىڭ ئا-
رىسىدا تەنھا قالغاندەك سېزەتتى. دېمىسىمۇ جان قايغۇسىغا
چۈشكەن ئاشۇ بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلىرى يوقىلاڭ با-
ھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. پەقەت
مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىلا ئۇنىڭدىن بىر قەدەم نېرى بولماي
تۇرۇۋاتاتتى. پات ـ پات ئايغاقچىلار ئارقىلىق ياۋ ئەھۋالىدىن ئې-
رىشكەن مەلۇماتلارنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ ئاللىقانداق بىر تەدبىرلەر
ھەققىدە باش قاتۇراتتى. تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇن-
دۇرۇشقا، خاتىرجەم قىلىشقا، ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشقا تىرىشاتتى.
ھەئە، جىلغىنىڭ لېۋىگە قارارگاھ قۇرۇشمۇ مۇھەممەد ھۈسەيىن
مىرزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان ۋە ئۆزى قارارگاھ قۇرۇشقا
بىر قوللۇق قوماندانلىق قىلغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئە-
مىر ـ سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئالدىراش ئادەممۇ مۇھەممەد
ھۈسەيىن مىرزا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن
ئۇزاقراق پاراڭلىشىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى. ھە دېسە ئىنىسى
سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى قارارگاھلارنى تەكشۈرۈشكە، سەرۋاز ـ
لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە، زاپاس جەڭ قوراللى-
رى، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنىڭ تەقلىنىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش-
كە، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ماڭدۇرۇپ

تۇراتتى. ھېلىقى لاپ ئۇرۇشقا ئامراق، خۇشامەتچى، پۇتى كۆيگەن
توخۇدەك ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن ئەمىرلەرنىڭ بولسا كال-
لىلىرى قۇپقۇرۇق ئىدى؛ لەشكەرلەرگە قىر كۆرسىتىپ، سۆلەت
بىلەن يۈرگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ياۋ قارارگاھى تە-
رەپكە تىكىلىپ قارىغۇدەكمۇ جۈرئىتى يوق ئىدى.

باش ـ ئاخىرى يوق چىگىش خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئول-
تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخاننى ئىجازەت سوراپ ئالدىغا كەلگەن
چېدىرنىڭ باش مەھرىمى ئېسىگە كەلتۈردى.

— ئادالەتپاناھىمغا مەلۇم بولغاي. قۇر بېگى[1] قوبۇلغا ئىجا-
زەت سورايدۇ.

— نېمە ئىشى باركەن؟ — كەيپى ئۇچقان ھالدا سورىدى
سۇلتان مەھمۇدخان.

— مۇددىئاسىنى بىلمىدىم. ئانھەزرىتىمگە يەتكۈزىدىغان تە-
خىرسىز مەلۇمات بار دەيدۇ.

— ئىجازەت!

ھايال ئۆتمەي قۇربېگى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ
كەلدى.

— خوش! — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. ئۆزىنى سەمەرقەنت ھۆ-
كۈمدارىنىڭ چىنداۋۇلى دەۋالغان بىر بىگانە[2]: «سەركەردەمنىڭ
تاپشۇرۇقى بىلەن خۇپىيانە كەلدىم. پەقەت خان ئالىيلىرىغىلا يەت-
كۈزىدىغان مەلۇمات بار» دەيدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخان بۇ خەۋەرگە بىردىنلا قىزىقىپ قالدى:

— ئۆزى قېنى؟

— ئىجازەتلىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ.

— باشلاپ كىرسۇنلار.

قۇربېگى كۆزى پۈتۈنلەي تېڭىۋېتىلگەن ئوتتۇرا ياشلار چا-

---

① قۇر بېگى — مۇھاپىزەتچىلەر بېگى.
② بىگانە — يات كىشى، ناتونۇش كىشى.

مىسسدىكى يوچۇن كىشىنى چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، كۆزىدىكى تېڭىقىنى يېشىۋەتتى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدخانغا دەررۇ سالام قىدلىپ، كېلىش مۇددىئاسىنى قىسقىلا بىلدۇردى.

— سەركەردەڭ كىم بولىدۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇدخان دەرگۇمان بولۇپ.

— مۇبارەك ئات - جونى مۇھەممەد شەيبانىخاندۇر. مەرھۇم سۇلتان ئوبۇلخەيرخان ئالىيلىرىنىڭ نەۋرىسىدۇر. ھازىر بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ قول ئاستىدا چىنداۋۇل سەركەردىدۇر.

غەم - تەشۋىشتە ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان يوچۇن كىشىنىڭ جاۋابىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. گەرچە ئۇ سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننىڭ نامىنى ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاتا - بوۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت - قىساسلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئەينى يىلى دادىسى سۇلتان يۈنۈسخان سەيھۇن دەرياسى بويىدىكى قارا توقايدا كاللىسىنى ئالغان بۆرۈج ئوغلاننىڭ ھازىر ئۆزىگە ئاللىقانداق بىر مەقسەت بىلەن ياردەم قىلماقچى بولۇپ خەۋەرچى ئەۋەتكەن مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنىمۇ پەقەتلا بىلمەيتتى. شۇنداق، تەختكە ئولتۇرغاندىن بېرى ئۇ بەزمە - باراۋەت، كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، خېلى نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

— ئادالەتپاناھ ئالىيلىرى ناۋادا سەركەردە بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىختىيار قىلسىلا بۇگۈن كېچە تۈن نىسپىدە ھۇزۇرلىرىغا زىيارەتكە كەلمەكچى. قالدى مۇددىئاسىنى ئۆزىدىن تەپسىلىي سوراپ بىلگەيلا.

سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ ئىش ئاللىقانداق بىر ياخشىلىقتىن بېشارەتتەك تۇيۇلدى. شۇڭا ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بېرىۋەتتى:

— ئۇنداق بولسا بېرىپ جاۋابىمنى يەتكۈزگىن. ئۇنى بۈگۈن

كېچە تۈن نىسپىدە ساقلايمەن. ئەگەر ئۇل سەمەرقەنت ھۆكۈم
رىغا خىزمەت كۆرسىتىش تەمەسىدە تېرىقچىلىك ھىيلە ئىشلا
تىشنى نىيەت قىلغان بولسا ۋاقتىدا نىيىتىدىن يېنىۋالس
بولمىسا كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، — سۇلتان مەھمۇدخ
قۇربېگىگە قارىدى، — ئۇنى يولغا سېلىپ قويسۇنلار.

قۇربېگى خەۋەرچىنىڭ كۆزىنى يەنە قايتىدىن پۇختى
تاڭدى، ئاندىن قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

جەڭ مەزگىلىدە ياۋ قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلا
ئۇچۇن خەۋەرچى ياكى ئەلچىلىك سىياقىدا كېلىپ ئاخبارات ئ
گىلەيدىغان ئىش بار ئىدى. شۇڭا ئاشۇنداق سالاھىيەت بىل
كەلگەنلەرنىڭ كۆزى تېڭىپ قويۇلاتتى.

※ ※ ※

تۈن نىسپى.

سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا قاتارلىق بە
قانچە كاتتا ئەمىر - سەركەردىلىرى بىلەن ئۈن - تىنسىز ئول
تۇراتتى.

— ئۇل مۇھەممەد شەيبانىخان قانداقسىگە سۇلتان ئەھمە
مىرزا ئالىيلىرىغا نۆكەر بولۇپ قالغاندۇ؟

مۇگدەپ ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۈسەيىر
مىرزىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. ئۇيقۇ بېسىۋالغاچقىمۇ ئەي
تاۋۇر، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئويلىغۇدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى.

— ئۇ خاھى بىز، خاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇچۇن ئور
تاق دۈشمەندۇر، — دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا يەنە جىم
جىتلىقنى بۇزۇپ، — ئۇنىڭ بۇنداق نىيەتكە كېلىشىدە چوقۇم
بىر يوشۇرۇن مۇددىئاسى بار.

ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىگە ھېچكىم جاۋاب قاتمىدى. باشقا چاغدا
ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەر شۇ

تاپتا ئۆزلىرى سەر چېدىردا يوقتەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. سۇلتان مەھمۇدخانغا يەر تېگىدىن يوشۇرۇن قاراپ قويۇشاتتى.

چېدىرنىڭ سىرتىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي قۇربېگى كۆزى مەھكەم تېڭىلغان مۇھەممەد شەيبانىخاننى چېدىرغا باشلاپ كىردى.

كۆزى يېشىۋېتىلگەن شەيبانىخان تۆردىكى يولۋاس تېرىسىنىڭ ئۈستىدە سۇر ـ ھەيۋە بىلەن ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا قول باغلىغىنىچە قەددىنى ئېگىپ سالام بەردى. تۆت تال ئاسما شامداندىكى شاملار يوغان چېدىرنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ بىرئاز قىمىرلاپ قويدى:

ــ خوش، گەپنى قىسقا قىلسىلا، ــ دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ.

شەيبانىخان دەيدىغان گەپلىرىنى كۆڭلىدە پىشۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا تەمتىرىمەيلا، تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى.

ــ ئەتە ناشتىدىن كېيىن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ھۇجۇم باشلىماقچى. كەمىنىلىرى جانابى ئادالەتپاناھىمىنىڭ غەلىبە نۇسرىتى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىشنى لايىق تېپىپ، ھۇزۇرلىرىغا ئەرزىمەس بىر تەدبىرىمنى تۆھپە ھېسابىدا ئېلىپ، تاۋۇق[1] نىڭكىدىنمۇ كىچىك يۈرىكىمنى يولۋاسنىڭكىدەك قىلىپ، ئەرزىمەس بېشىمنى قولتۇقۇمغا قىسقىنىمچە كېلىشكە جۈرئەت قىلدىم.

ــ خوش، بىزگە تۆھپە قىلماقچى بولغان ئۇل تەدبىرلىرى قانداقكىن؟ ــ سورىدى سۇلتان مەھمۇدخان.

دېمەكچى بولغان گېپىگە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىزىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان شەيبانىخان باشقىچە جانلاندى:

ــ تەدبىر شۇلكى، ئەتە جەڭ باشلانغاندا ئالىيلىرىنىڭ باھادىر سەركەردىلىرى باشقا تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىنى چېكىنتىپ، پە-

① تاۋۇق ــ توخۇ.

قەت بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ قوشۇنى تەرەپكە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ بارغاي. كەمىنىلىرى دەل ئۇل بۇخار ئەمىرىنىڭ سەرۋازلىرىدىن بولىمەن. تاشكەنت باھادىرلىرىنىڭ باستۇرۇقىنى كۆرگەن ھامان كەمىنىلىرى نۆكەرلىرىم بىلەن دەرھال چېكىنىپ، قوشۇننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئوزۇق ـ تۈلۈك قارارگاھىغا ئوت قويۇپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىمەن. ئۇل چاغدا پۇتكۈل سەمەرقەنت قوشۇنى ئارقا تەرىپىمىزدە بۆكتۈرمە بار ئىكەن، ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپتىمىز دەپ ئويلاپ پاتىپاراق بولۇپ جاسارىتى سۇنىدۇ. ئوتنى كۆرگەن ھامان ئالىيلىرىنىڭ باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرى پۈتكۈل سەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەي. ئۇل چاغدا قالايمىقان بولۇپ، جەڭ سېپى بۇزۇلغان زور قوشۇن بىر ـ بىرىدىن خەۋەر ئالالماي قېچىشقا باشلايدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۆلۈك ـ سولىنى پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. غەلىبە ـ نۇسرەت پەرىشتىسى ئالىيلىرىغا قۇچاق ئاچىدۇ.

ھاياجانلانغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ چىرايىغا ۋاللىدە كۈلكە يۈگۈردى. شۇ تاپتا ئۇ ئاللىقاچان غەلىبە قازىنىپ بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

ــ ئۆزلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئەمەس، بۇخارا ئەمىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاددىي سەرۋازلاردىن تۇرۇقلۇق، ئەتە ئۇلارنىڭ ھۇجۇم باشلايدىغانلىقىنى قانداق بىلدىلە؟ ــ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى يوشۇرمايلا سورىدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا.

شەيبانىخان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ ئەمىر جانابلىرى راست ئېيتتىلا. كەمىنىلىرى بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئاددىي سەرۋازمەن. ئەمما نەزەرلىرىدىن ساقىت قالمىسۇنلاركى، چىنداۋۇللارنىڭ قولىقى ئۇزۇن، كۆزى ئۆتكۈر، ئايىغى چاققان بولۇشى كېرەك. كەمىنىلىرىدە بول سۇ-

پەتلەر تولۇق تېپىلىدۇ. گەرچە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى-
نىڭ ئالدىدا كىچىككىنە سەرۋاز ھېسابلانسامۇ، ئەمما بۇخارا ئە-
مىرىنىڭ ئالدىدا ھەر ھالدا چىنداۋۇل بېگى — سەركەردىمەن.
مىسالەن، ھازىر جانابى ئانھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك ھۇزۇرىدا ئەتىكى
جەڭ ئۈچۈن كېڭەش بولدى دەيلى. ئېنىقكى، جانابى ئەمىرلەر بۇ
قارارنى چوقۇم ھازىرلا قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرىگە يەتكۈزۈپ
ئەتىكى جەڭنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈشىدۇ. كەمىنىلىرىمۇ بۇخارا
ئەمىرىنىڭ بۇنداق پەرمانىنى ئاڭلاشتىن مۇستەسنا ئەمەستۇر-
مەن.

شەيبانىخاننىڭ ئورۇنلۇق جاۋابى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىر-
زىنىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان گۇمانىنى تارقىتىۋەتكەندەك
بولدى. ئۇ قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن يەنە
سورىدى:

— بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن سەركەردە تو-
رۇقلۇق، ئۆز پاسبانى بولمىش سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا جانپىدا-
لىق كۆرسەتمەي، جانابى پاسبانىمىزنىڭ دەرگاھىغا ئۇمىد باغ-
لىشىنىڭ بائىسىنى بىلىپ باقساق بولۇرمۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى
شەيبانىخان تەمكىنلىك بىلەن، — كەمىنىلىرى بۇخارا ئەمىرى
مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان جانابلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەھۋال
ئىگىلەش ئۈچۈن ئاساسلىق قوشۇندىن يېرىم كۈن ئاۋۋال يېتىپ
كەلگەنىدىم. قارىغۇدەك بولسام چىر سۈيىدىن ھاسىل بولغان
جىلغىنىڭ قارشى قىرغىقىغا تىكىلگەن تاشكەنت لەشكەرلىرىنىڭ
سان - ساناقسىز قارارگاھى دىققىتىمنى تارتتى. قارارگاھلارنىڭ
بەجايىكى جەڭ سېپىدەك ئەتراپلىق، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇ-
شىنى دېمەيلا قوياي، چىر سۈيى ۋە چوڭقۇر جىلغىدىن ئىبارەت
ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا بولغۇسى
جەڭ ئۈچۈن يېرىم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.
كەمىنىلىرى مۇشۇلارنى كۆزىتىپ ئادالەتپاناھ سۇلتان ئالىيلىد-

رىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم.

— بۇ مېنىڭ ئەمەس، ئەمىر لەشكەر مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى، — دېدى شەيبانىخاننىڭ ماختى شىدىن ھاياجانلانغان سۇلتان مەھمۇدخان راست گەپنى قىلىپ.

— ئەمىر جانابلىرى ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئىكەن، — دېدى شەيبانىخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا قايىللىق بىلەن قارا قويۇپ، — ئەنە شۇلارنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى تە رەپكە يۈزلىنىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندىم. ئۇيلاپ باقسىلا ئەمى لەشكەر جانابلىرى، غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ قايسى تەرەپكە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بەخىرامان يۈرەلەي مەن. مەغلۇپ سۇلتانغا سەركەردە بولغاندىن كۆرە غالىب سۇلتانغ نۆكەر بولغان مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ جانابى يېگانە قۇدرەت ئىگى سى: «كۆڭلىنى زىكرىمدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ئادەمگە ئەگەشمە گىن» دېگەن. شۇڭا كەمىنىلىرى كىچىكىپ بولسىمۇ جانابى ئا لەمپاناھنىڭ پېشىغا ئېسىلىشنى تاللىدىم. بەلكىم كەمىنىلىرد نىڭ بۇ تاللىشىنى جانابى ئەمىرلەر ئۆز خوجىسىغا ئاسىيلىق قى لىش دەپ بىلۇر. ئەمما كەمىنىلىرى ھەرگىز ئۇنداق دەپ قارىماي مەن. چۈنكى، ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدا تېخى ھايات ـ ماماتل لىق جېڭى باشلانغىنى يوق. ئەگەر ئۇرۇش باشلانغاندا جەڭ ۋەزى يىتىگە قاراپ ئاندىن بۇ تەرەپكە كەلگەن بولسام ئاسىيلىق، تۇز ـ كورلۇق سانىلاتتى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئاقىلانىلىك قىلدىم دەپ قارايمەن.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— بىز ئۆزلىرىنى بۈرگە سۇلتانىنى ئۆلتۈرۈپ، سىر دەريا ـ سىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى زېمىنلارنى ئىلكىگە ئاپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدۇق. قانداقسىگە سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نۆكەر بولۇشنى خالاپ قالدىلىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئالىيلىرى بىلەن مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ

ئەجدادلىرى بولمىش سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان ئالىيلىرى ئوتتۇردىسىدا نىزا ـ ئاداۋەتلەرنىڭ بولغىنى خەلقئالەمگە سىر ئەمەستۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق ياغىغا خىزمەت قىلىشنى ئىختىيار قىلىپلا. بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمىز.

شەيبانىخان مۇشۇنداق بىر سوئالنىڭ سورىلىپ قېلىشىنى ئالدىقاچان پەرەز قىلغانىدى. شۇڭا بىر دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ئەمىر لەشكەر جانابلىرى ھەقىقەتەن ئوچۇق ـ يورۇق كىشىكەنلا. بۇرگە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنلىرىنى ئىلكىمگە ئالغىنىم راست. لېكىن ئىلكىمدە ساداقەتمەن نۆكەرلىرىم ئاز بولغاچقا، بۇرگە سۇلتاننىڭ سەركەردىلىرى كەمىنىلىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ھەتتا ئول پاسىبانىڭ قىساسىنى ئېلىش كويىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە تۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك تاپالمىدىم. ئوچۇقىنى ئېيتسام، قەستكە ئۇچراپ كاللامدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىم. ئاتا ـ بابىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرگە كەلسەك، ئېيتقانلىرى بەرھەقتۇر. ئەمما بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتتۇر، خالاس. بۇ ئاداۋەتلەرنى ئۇلار ئالدىقاچان ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىشتى. كىشىلەر كونا قىساسلىرىنىڭ كويىدىلا يۈرۈيدىغان بولسا بول دۇنيا ھەر كۈنى دېگۈدەك قان تۆكۈلۈشتىن خالىي بولمىغان بولاتتى. ھەر كىم ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئەجدادلارنىڭ قىلمىشىغا ئەۋلادلار جاۋابكار بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا قىساسكارلىق، ئاداۋەتخورلۇق مۇسۇلماندارچىلىققا مۇخالىپتۇر. جانابى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار ئۈممەتلىرىمدىن ئەمەستۇر» دېگەنىكەن. دېمەكچىمەنكى: ھەرقانداق ئېغىر ئاداۋەت بىر كۆڭلەكنى يۇيۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتقانچىلىك ۋاقىتتا كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ بابىلارنىڭ ئاداۋىتىنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ جانابى رەسۇلىللانىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلىش-

ـنى زىنھار خالىمايمەن. بۇخارا ئەمىرىنى پاناھ تارتىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نۆكەر بولۇشۇم ئاتا مىراس زېمىندا جان ساقلاشقا ئامالسىز قالغانلىقىمدىن بولغان. كەمىنىلىرى كىچىكىمدىن باشلاپ ھىممەتلىك ئاتامنىڭ تەربىيەسىدە لەشكىرىي ئىلىم، جاڭ-بازلىق ماھارىتى ئۆگەنگەنمەن. قولۇمدا ئۇنىڭدىن باشقا ھۈنىرىم يوق. بولغان بولسا ئىدى، بىر خىلۋەتتە ئارامخۇدا جېنىمنى باقات-تىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكىمدىن سىپاھلىقتا تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم، ــ شەيبانىخان بىر نەچچە دەقىقە توختىۋالغاندىن كې-يىن گېپىنى خۇلاسىلىدى، ــ كەمىنىلىرى سوئالىرىغا شۇنچى-لىك چۈشەنچە بېرەلەيمەن. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، جانابى ئالەمپا-ناھ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا ساداقىتىمنى بىلدۈرگۈم كەلدى. ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك يەنىلا ئىختىيارلىرىدا، ئەمدى قايتاي. ئۇزۇن تۇرۇپ قالسام يوقلۇقۇم سېزىلىپ قالىدۇ.

ئۇيقۇسىراپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخانغا دەر-ھال ئىجازەت بەردى. ئۇ شەيبانىخاننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە پۈ-تۈنلەي قايىل بولغانىدى.

ــ ئىجازەت، ئۇنداق بولسا ئەتە كۆرۈشەيلى.

ــ جانابى خانىمىزغا يەنە بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، ــ دې-دى شەيبانىخان ئارقىسىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، ــ بەل-كىم ھازىر دېسەممۇ كېچىكمەسمەن دەپ ئويلايمەن.

ــ خوش، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ ئەگەر ماقۇل كەلسە ھازىرلا لەشكەرلەرنى بۇيرۇپ چىر سۇيىنى يۇقىرى تەرەپتىن قايدۇرغان بولسىلا. ئەتە قىر - چاپ ئەۋجىگە چىققاندا قايدۇرغان سۇنى ئېچىۋەتسەك جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سەپ تۈزگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي سۇغا غەرق بولغان بولاتتى.

ــ بىز ئاللىقاچان...

ــ بىز ئاللىقاچان بۇ تەدبىرنى ئويلاشقان، ــ دېدى مۇھەم-مەد ھۈسەيىن مىرزا ئالدىراپ ئېغىز ئاچقان سەركەردىنىڭ ئاغزى-

دىن گەپنى تارتىۋېلىپ، ــ لېكىن ئانچە كۆڭۈلشىمىگەن ئىكەن-مىز. ئەمدىلىكتە ئىش باشلىساق بەكمۇ كېچىكىپ قالغان بولى-مىز. ئورۇنلۇق مەسلىھەتلىرىگە كۆپ رەھمەت. سەركەردە ـ لەش-كەرلىرىمىز چىر سۈيىسىزمۇ ياۋ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلالاي-دۇ.

ــ ئاللاھ ئىگەم تېخىمۇ كۆپ كۈچ ـ جاسارەت ئاتا قىل-غاي، ــ دېدى مۇھەممەد شەيبانىخان.

قۇربېگى ئۇنىڭ كۆزىنى پۇختىلاپ تېگىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ــ ھازىرچە شەيبانىخانىنىڭ ساداقىتىگە بىرنېمە دېمەك تەس، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ، ــ شۇڭا چىر سۈيىنى توغان ياساپ قايدۇرغان ئىشىمىزنى ئاشكارىلىمىغىنىمىز ئەۋزەل.

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەس-تىقلاشتى:

ــ بەرھەق.

ــ ئەينى مۇددىئا.

ــ تاس قاپتۇق سىرنى ئاشكارىلاپ قويغىلى.

ــ ئەتىكى جەڭدە ئول شەيبانىخانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرىمىزمۇ؟

سۇلتان مەھمۇدخان دەماللىققا بىرنېمە دېمەي مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا قارىدى.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئىشەنچ بىلەن، ــ شەيبانىخانىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ تەدبىرى-نىڭ بىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق. ئەتە ئۇ راستىنىلا دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ، ياۋ قوشۇنىنىڭ ئارقا سېپىنى ئوت قويۇپ قالايمى-قان قىلسا تېخى ياخشى. ئول چاغدا يالغان سۆزلىمىگىنىنى ئىس-پاتلىغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇنداق قىلمىسا، بۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۇنىڭسىزمۇ ياۋنى چوقۇم يېڭەلەيمىز. جەڭدە قولىمىزغا تى-

ـرىك چۈشۈپ قالسا بۇ يالغانچىلىقى ئۈچۈن تېرىسىنى شىلىۋالما
قويمايمەن. ئەتىكى جەڭدە ئەڭ مۇھىمى توغاندىكى لەشكەرلەرگ
بەلگە بېرىشتۇر، ئۇلار بەلگىمىزنى كۆرگەن ھامان توغاننى ئېچە
ۋەتسۇن. ۋاھ، چىر دەرياسى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ جەسەت
بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە؟!

— چىر سۈيىنى قانغۇچە بىر ئىچىۋالدۇ دېسىلە، — دېدى
سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا، ئاندىن باشق
ئەمىرلەرگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — ئەمىسە گەپ شۇنداق بول
سۇن. دەرھال ئۆز قارارگاھلىرىڭلارغا قايتىپ ئەتىكى جەڭنى
ھازىرلىقىغا كىرىشىڭلار. ئىشلاردىن زىنھار بىخۇدلۇق كۆرۈلمە
گەي.

— باش ئۇستىگە!

ئەمىرلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدخان
غا سالام بەردى.

※ ※ ※

تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرىدا چىر دەر-
ياسىنىڭ سۈيى قان رەڭگىگە كىرگەنىدى. تۈيۇقسىز سەمەرقەنت
لەشكەرلىرىنىڭ چۇقان - سۈرەن سېلىپ، نەرە تارتىپ ھۇجۇمغا
ئۆتۈشى بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى ئىككى قوشۇننىڭ بىر - بىرد-
گە ئۇنسىز ھەملە قىلىشىدىن تىمتاسلىقتا چۆمگەن دەريا ۋادىسى
قاتتىق لەرزىگە كەلدى.

جىلغىنىڭ ئۇستىدىكى كۆزىتىش مۇنارىدا جەڭ ئەھۋالىنى
كۆزىتىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن
مىرزا بۇخارا قوشۇنىنىڭ تۇغىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك
قارىشىۋالدى.

— سەركەردە قاسىم ئىلچى بەگ بىلەن سەركەردە ھوشۇر
سالى مىرزا بۇخارا لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، —

دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا تاۋاچى بەگكە قاراپ.

ــ پەرمانبەردارمەن! ــ تاۋاچى بەگ پەرمان يەتكۈزۈش ئۇ-چۇن دەرھال مۇناردىن چۈشۈپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇخارا لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ سېپى قالايمى-قانلىشىشقا باشلىدى.

شۇ دەقىقىدە جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا تۇن نىسپىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ كەتكەن شەيبانىخاننىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئالاھەزەل بىر چۈگۈن چاي قايند-مىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە تۇيۇقسىز سەمەرقەنت قوشۇنىنىڭ ئار-قا تەرىپىدىن ئاسمانپەلەك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇ ھامان سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ سېپى قالايمىقانلىشىشقا باش-لىدى.

ــ شەيبانىخان راستتىنلا ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ، ــ دېدى سۇل-تان مەھمۇدخان ھاياجانلانغان ھالدا، ــ ئەمدى دەرھال بەلگە بې-رەيلى. لەشكەرلەر توغانىنى ئېچىپ قايغان سۇنى قويۇۋەتسۇن! ئات-لىقلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ياۋ لەشكەرلىرىنى ئىمكان بار جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قىستاپ بارسۇن!

خاننىڭ يېنىدىكى پەرمانچى بەگ قولىدىكى پەرمان بايرىقىنى ئالدىغا ئۈچ قېتىم، ئوڭ ـ سولغا ئىككى قېتىم شىلتىپ، ئاندىن تولۇق بىر ئايلاندۇردى. بۇ ئاتلىق قوشۇننىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بېرىلگەن پەرمان بەلگىسى ئىدى. شۇ ھامان بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارقا تەرىپىدىكى قالايمى-قانچىلىق، تۇيۇقسىز ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن ئوت، ئالدى تەرىپىدىن ئاتلىق ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى سە-مەرقەنت لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تەمتىرىتىپ قويغانىدى. ئۇلار يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە چېكىنىشنى بىلمەي بىر پەس تې-گىرقاپ قالغاندىن كېيىن جان قايغۇسىدا جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرە-پىگە چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ سېپى پۈتۈنلەي

بۇزۇلدى.

ھەئە، مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئاللىقاچان چىر دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا ۋاقىتلىق توغان سالدۇرۇپ ھەپتىدىن بېرى سۇ قايدۇرغان ۋە قايدۇرغان سۇنى ئۇدۇل جىلغا تەرەپكە ئاقتۇرماي، چىر دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كونا ئېقىنىغا باشلاش تەدبىرىنى تۈزۈپ قويغانىدى. تۇمەنلىگەن لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالار بىر ھەپتە ئىچىدە دەريانىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدىغان توغاننى دەريانىڭ ئىككى چاقىرىم يۇقىرىقى تەرىپىگە ياساپ، ئاستا ـ ئاستا ئېگىپ، سۇنى دەريانىڭ نەچچە يىلدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان ئەسلىي قىنى تەرەپكە توغرىلاپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى دەل مۇشۇ كونا دەريا قىنىغا قارارگاھ تىككەنىدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن تۇيۇقسىز شىددەت بىلەن ئېقىپ كەلگەن ھەيۋەتلىك سۇ خۇددى دەھشەتلىك كەلكۈندەك ئۇدۇل سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگىلا باستۇرۇپ كەلدىدە، ئۇلارنى ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن ئېقىتىپ چوڭقۇر جىلغىغا يالماپ ئەكىرىپ كەتتى. نەچچە تۇمەن لەشكەرنىڭ كۆپىنچىسى جىلغا سۇيىدە غەرق بولدى.

بۇ جەڭدە زور ئىشەنچ بىلەن لەشكەر تارتىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا شۇنداق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت يۈزلەندىكى، ئۇ كۈتۈلمىگەن قالايمىقانچىلىق، ئوت ۋە سۇدىن ئىبارەت ئىككى ئاپەتنىڭ دەھشىتىدىن ئەس ـ ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يەنە بىر دەم قاراپ تۇرسا ئوتتا كۆيۈپ ياكى سۇدا ئېقىپ ئۆلىدىغاندەك ئالاقزادە بولۇپ ئېتىنىڭ بېشىنى سەمەرقەنت تەرەپكە توغرىلاپ ئاچچىق قامچا سالدى. ئۇنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەن باشقا سەركەردىلەرمۇ دەمبەسقەدەم ئەگەشتى. بۇ جەڭدە بۇخارا ئەمىرى مىرزا ئابدۇلئەلى تارخان، دەرۋىش بەگ، قۇلى مۇھەممەد بۇغرا، ئابدۇلكەرىم ئەشرىت... قاتارلىق سەركەردىلەر ھەيۋەتلىك چىر دەرياسىنىڭ سۈيىگە غەرق بولدى.

## 97

خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ھەم ھەيۋەتلىك، ھەم ھەشەمەتلىك خانىقاسى بۈگۈن سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، باشقىچە سۈرلۈك تۇس ئالغانىدى. خانىقادىكى يۈزلىگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلار ئادەتتىكىدىن بەكرەك ئەدەپ ساقلىشىپ، قاتتىقراق تىنىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشىپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

خانىقانىڭ مېھرابىدا كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە كىندىكىگە چۈشكەن ئاپئاق ساقىلىنىڭ ئۇچىنى ئوڭ قولىنىڭ ئىنچىكە قۇۋۋەتسىز بارمىقى بىلەن تىنىمسىز ئويناپ ئولتۇرغان ئىشان قارىماققا ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۆزرە ـ تەكەللۇپقا تولغان ئەرز ـ شىكايەتلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاشكەنت يۇرۇشىدىن قاتتىق مەغلۇبىيەت بىلەن قېچىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھۆرمەتلىك بۇزرۇكۋارىغا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ گەدەنكەشلىكى، ئىنسابسىزلىقى ئۈستىدىن ھەدەپ شىكايەت قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا بۇ پاجىئەلىك جەڭ ئەھۋالىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان ئىشاننىڭ قۇلىقىغا سەمەرقەنت ھۆكۈمدارىنىڭ شىكايەتلىرى كىرمەيتتى.

«بۇزرۇكۋارنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمىغان مۇرشىدنىڭ ئەھۋالى ئەنە ئاشۇنداق بەتتەر بولىدۇ...»

ئىشان سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئاداۋەت بىلەن قىيا قاراپ قويۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى:

— بىز سۇلتان ئالىيلىرىنى ئاگاھلاندۇرغانمىز، — دېدى

ئۇ تەئەددى بىلەن.

— بەرھەق، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا تۆۋەنچىلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ، — شول چاغدا كۆڭلىمىزنى تەكەببۇرلۇق تۇمانلىرى غۇۋالاشتۇرۇپ قويغانىكەن. ئەمدىلىكتە پۇشايماندىن ئۆزگە جاۋابىمىز يوقتۇر. بۇزرۇكۋارىمىز ئەپۇ خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، كەمىنە ئەقىلسىز مۇرتىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى كەچۈرۈۋەتكەي ھەمدە مۇشكۇلدىن قۇتۇلۇشقا رەھنەما بولغاي.

شۇنداق. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاشكەنتكە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان خەلپىسى مەۋلانە مۇھەممەد قازىنى ئوردىغا ماڭدۇرۇپ: «سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىشى مۇناسىپ ئەمەس. مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن تۈزگەن سۇلھىگە ئەمەل قىلىپ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلھى قىلىشىپ ئۆتكەي. ئۇلاردىن سۇلتان ئالىيلىرىغا تەشۋىش يەتمىگەندىكىن، ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارغا تەشۋىش يەتكۈزۈشى لايىق ئەمەس» دەپ سۆز ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىشان پىرىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاشكەنت يۈرۈشىگە ئاتلىنىش ۋاقتىدا ئىشان پىرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ دۇئا ـ ئىجازەت ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى تاشكەنت شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدىكى چىر دەريا جىلغىسىدا تەسۋىرلىگۈسىز تالاپەت يەتكۈزۈپ مەغلۇپ قىلغان سۇلتان مەھمۇدخان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ زور ئىشەنچ بىلەن سەمەرقەنتكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىلكىدە ياۋغا تاقابىل تۇرغۇدەك تۇزۇك لەشكىرى قالمىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ساراسىمىگە چۈشۈپ پىر بۇزرۇكى خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ ئالدىغا مەدەت تىلەپ كەلگەنىدى.

ئىشان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ مۈكچىيىپ كەتكەن بەستىگە ئېچىنىش بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ماۋەرائۇننەھر ھۆـ

كومدارىنىڭ ئالدىدا تىزلانغىنىچە شومشىيىپ ئولتۇرۇشى، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. شۇڭا ئۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا يەنە ئاداۋەت ساقلاشنى راۋا كۆرمىدى، گېلىنى قىرىپ خانىقانىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

ــ قولىدىن كەتكەن نەرسىنى خاپىلىق ۋە غەمكىنلىك بىلەن قايتۇرۇۋالغىلى بولماس. ھەر كىم ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال ئاقىۋىتىنى ئويلىشى، ئېھتىياتچان بولمىقى زۆرۈردۇر. ئەيىب ـ نۇقسانىنى تونۇغۇچىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ھىدايەت يولىغا باشلاش بىزلەركىم سۇلۇك پېشۋالىرىنىڭ پەزىلىتىدۇر. مۇشكۈلنى ئاسان قىلىش كويىدا دەرگاھىمىزغا كەلگەن ھەربىر مۇرىت ـ مۇرشىدلىرىمىزنىڭ غەم ـ قايغۇ كوچىسىدا سەرسان بولغان قوللىرىغا ئۇمىد گۈللىرىنى تۇتقۇزۇش پىر بۇزرۇكلەرنىڭ ۋاجىباتلىرىدىندۇر. جانابى خان ئائىلىرى زىنھار تەشۋىشلەنمىگەيلا، ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈشۈپلا تۇرىدىكەن، سەمەرقەنتكە يۈزلەنگەن ئول ئاپەتنى دەپئى قىلىپ، ئەزىز باشلىرىنى غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالاس قىلغايمەن.

ئۆزگە ئىشەنگەن ھالدا چوڭ سۆزلەپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ۋەدە بېرىۋاتقان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇزاقى يىلى تاشكەنتكە بارغاندا خانزادە مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋال لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ھەئە، شۇ چاغدا بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىشىپ تۇرغان قېرىنئاتا، كۆيۈئوغۇل، ئاغا ـ ئىنىدىن ئىبارەت ئۈچ ھۆكۈمدارنى بىر پارچە كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ سۈلھىگە ئەكېلىپ تاشكەنتنى پاجىئەلىك قىرغىندىن ساقلاپ قالغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تەكلىپى بىلەن تاشكەنتتە بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ قالغان ۋە بۇ جەرياندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بارغانىدى.

بىر كۈنى ئۇ خانىقادا ۋەز ـ تەرغىباتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا بىر نەچچە سوپى ـ دەرۋىشلەر خانزادە مەھمۇدخان

ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ قالدى:

— سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ھەقىقەتەن ئېسىل پەزىلەتلىك پادىشاھ. ئەمما خانزادىسى مەھمۇدخان بولسا ئاجايىپ تەكەببۇر ھەم چوڭچى ئادەم بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا نە چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى، نە كىچىكلەرنىڭ ئىززىتى يوقتۇر.

— بەرھەق. ئۇل خانزادە خان ئاتىسىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

— تاشكەنت كوچىسىدىن خۇددى بەيگە مەيدانىدا ماڭغاندەك ئات چاپتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

— ئېتىنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ كېتىپ بارغىنى ئادەممۇ، ھايۋانمۇ زىنھار كارى يوقتۇر.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان خانزادە مەھمۇدخان بىلەن بىر قانچە قېتىم تەرەپباللا كۆرۈشۈپ قالغانىدى. دادىسى ئەۋلىيا، پىر ئەزەم بىلىپ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان بۇ سۇلۇك پېشۋاسىغا خانزادە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەنىدى. مۇرىتلىرىنىڭ شىكايەتلىرى ئىشان ئۈچۈن ئانچە يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ ۋەزمىن ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلاپ ئۆزگىلەرنى خار كۆرگەن، قۇدرەت دەۋاسى قىلغان كىشى تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەس. كىشىنىڭ ئۆز خىيالىدىكى كۈچلۈكلۈكى خۇددى شامال ئۇچۇرغان تۇپراققا ئوخشايدۇ. دۇنيا ھادىسىلەر دۇنياسىدۇر. غەپلەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىتىدۇ. ئالەم ئۆمۈرگە ئوخشاش بىۋاپادۇر. ئۇنىڭ راھىتىگە ئىشىنىپ كېتىش، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىگە تايىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، تەكەببۇرلۇق قىلىش خاتادۇر. ھېلىغۇ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدەك دىيانەتلىك پادىشاھنىڭ شاھزادىسىكەن، كاتتا بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق تەكەببۇرلارنى ئېتىكىدە تۇپا توشۇتقۇزىمەن. تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق پەقەت يېگانە تەڭرىگىلا خاستۇر. بەندىنىڭ بەندىگە تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ھەققى يوقتۇر. بۇ دېگەن گۇناھى كەبىردۇر.

ئۇل خانزادىنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ ئى سائادەت-مەن تەرىقەت ئەھلى سەۋر قىلغايسىزلەر. سەۋر ئەڭ گۈزەل پەزى-لەتتۇر. سەۋرلىك كىشىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاي. مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزەتتىم، كۆردۈم، ھېس قىلدىم. گەرچە خانزادە ئاشۇنداق تەكەببۇر، چوڭچى بولسىمۇ، ھامان ئۇل بەتخۇيىنى تاشلاپ، ھىدايەت يولىغا ماڭىدۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلىنى كۆرۈپ قالىسىلەر.

خانزادە مەھمۇدخان ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقان سوپى - دەرۋىشلەر باشلىرىنى ئېگىشىپ پىر بۇزرۇكنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەت-لىدى:

— ھەق، ئىشان پىرىمىز جانابى تەڭرىنىڭ دوستىدۇر. كەشپۇ كارامەتلىرى ھەر نە كىشىنىڭ نىيەت - ئىقبالىدىن ھەر-قاچان بېشارەت بېرۇر.

شۇ ئەسنادا مەۋلانە مۇھەممەد قازى خانزادە مەھمۇدخاننى خا-نىقاغا باشلاپ كىرىپ كەلدى.

مەھمۇدخان بوسۇغىدا تۇرۇپ ئاۋۋال ئىشانغا، ئاندىن ئول-تۇرغان جامائەتكە سالام بەردى ۋە ئىشاننىڭ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشىنى كۈتۈپ قول باغلىغىنىچە ئۆرە تۇردى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمەت - تەۋازۇ بىلەن ئەدەپ ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، تېخى ھېلىلا دادخورلۇق قىلغان سوپى - دەرۋىشلەر ھەيران قالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. قېنى جاي ئالسىلا خانزادەم.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان خانزادە مەھمۇدخاننىڭ سالىمىنى ئې-لىك ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ يې-نىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدى.

— ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

خانزادە مەھمۇدخان شۇنداق دېگىنىچە بوسۇغا تۈۋىدىكى بوش ئورۇنغىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان خانزادىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈنمۇ ئەيتا-ۋۇر كېلىنى قىرىپ قويۇپ يەنە ۋەز باشلىدى:

— ئى ئەھلى ئۇممەتلەر، ئى ساداقەتمەن تەرىقەت ئەھلى،
ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ئىنسان گۇرۇھىنىڭ يارىتىلىشىدىكى
غەرەز پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ مۇھەببە-
تىدىن ئىبارەتتۇر. بەندە بۇ ئالەمدىن كەتكەندە پاك ۋە مۇقەددەس
تەڭرىنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببىتىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئې-
لىپ كەتسە، بۇنىڭدىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك دۆلەت بولماس. ئىن-
سانىنىڭ كۆڭلى زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ زېمىن گۇناھ ئەخ-
لەتلىرىدىن پاك بولغاندىلا ئاندىن تەڭرى مۇھەببىتىنىڭ ئۇرۇقى-
نى تېرىشقا لايىقلاشقان بولىدۇ. دېمەك، جانابى ئەھدىيەت ھۇزۇ-
رىغا يېتىشكە ئىشتىياق باغلىغان تەلەپكارلار كۆڭۈل مەيدانىنى
گۇناھنىڭ خەس ـ خەشەكلىرىدىن پاكلىسۇن. كۆڭۈلگە تەئەللۇق
تۆرت گۇناھ باردۇر؛ ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تەڭرىتائالاغا شېرىك
كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، خۇدايتائالانىڭ رەھمىتىدىن نائۇ-
مىد بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، خۇدايتائالانىڭ غەزىپىدىن خاتىرجەم
بولۇش؛ تۆرتىنچىسى، گۇناھنى ھالال دەپ بىلىش. تىلغا تەئەللۇق
تۆرت گۇناھ باردۇر. ئۇلار: يالغان ئېيتىش ۋە يالغان قەسەم قى-
لىش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماسلىق، ئىپپەتلىك كىشىگە تۆھمەت
قىلىش، سېھىر ـ ئەپسۇن قىلىش؛ قولغا تەئەللۇق ئىككى گۇناھ
باردۇر. ئۇلار: ئوغرىلىق قىلىش، ناھەق قان تۆكۈش؛ قورساققا
تەئەللۇق ئۈچ گۇناھ باردۇر. ئۇلار: ھاراق ئىچىش، يېتىمنىڭ
ھەققىنى يەۋېلىش، سۇدخورلۇق[1] قىلىش؛ خاس ئورۇندىكى ئەزاغا
تەئەللۇق ئۈچ گۇناھ باردۇر. ئۇلار: زىنا قىلىش، لەۋۋەتە[2] قى-
لىش، بەچچىۋازلىق قىلىش. بۇلاردىن باشقا ئاتا ـ ئانىسىغا ئازار
بېرىش، ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ ھاجەتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىك،
پىر ـ بۇزرۇكىغا ئىخلاس قىلماسلىق، سەركەشلىك قىلىش، ئۆ-
زىنى ئۇلۇغۋار تۇتۇۋېلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىش، خالايىقنى كۆزگە
ئىلماسلىق، مېھىر ـ شەپقەت، خەير ـ ئېھساندىن يىراق تۇرۇشمۇ

① سۇدخورلۇق ــ جازانىخورلۇق.
② لەۋۋەتە ــ ھايۋانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش.

گۇناھى كەبىر جۇملىسىدىندۇر...

ئىشان خېلى ئۇزاق سۆزلىگەندىن كېيىن پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ سورىدى:

ـــ ناماز ئەسرىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟

ـــ شۇنداق پىرىم، ـــ دېدى ئولتۇرغانلار.

ـــ ئامىن، ـــ دېدى ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

دۇئادىن كېيىن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. شۇ ھامان جامائەتمۇ دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مېھرابنىڭ يېنىدا ئاتەشدان بار ئىدى. بىرەرسىنىڭ تونىنىڭ پېشى تېگىپ كەتتىمۇ ياكى تونىنىڭ پېشى يەلپۈتتىمۇ ئەيتاۋۇر ئاتەشداندىكى چوغدىن چاچرىغان بىر تال ئۇچقۇن ئىشاننىڭ يۈزىگە چاچرىدى.

ـــ ئاتەشداندىكى چوغنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار، ـــ دېدى ئىشان مەگزىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ـــ بۇ خىزمەتكە مېنى بۇيرۇشسىلا تەقسىرلىرىم، ـــ دېدى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان خانزادە مەھمۇدخان توپا ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلگەن بىر نەچچەيلەننى توسۇۋېلىپ، ـــ مۇشۇ باھانىدە ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ئاستانىسىنىڭ تۇپرىقىنى توشۇش بەختىگە ئېرىشۋالاي.

خانزادە گېپىنى تۈگىتىپلا ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى.

جامائەت ھەيرانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە، ئاندىن قايىللىق بىلەن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانغا قاراشتى. شۇ تاپتا ئۇلار پىر بۇزرۇكنىڭ تېخى بايىلا: «... ھېلىغۇ بىر خانزادىكەن، كاتتا بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنداق تەكەببۇرلارنى ئېتىكىدە توپا توشۇتقۇزىمەن» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىشقانىدى.

ھايال ئۆتمەي خانىقاغا كىرىپ كەلگەن خانزادە مەھمۇدخان زەرباپ تونىنىڭ ئېتىكىگە ئۇسۇپ كىرگەن توپىنى ئاتەشداندىكى چوغنىڭ ئۈستىگە تۆكتى ۋە ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى.

بۇ ئىشلارنى خىيالىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن،

سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخانغا گېپىنى ئۆتكۈزەلىشىگە ئىشەنچ قىلغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئالدىغا يالۋۇرۇپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا خاتىرجەم ھالدا ۋەدە بېرىۋاتاتتى.

— ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ دوستىدۇر. ئاسان قىلالمايدىغان ھېچبىر مۇشكۇلاتى يوقتۇر، — دېدى ئىشانىنىڭ ۋەدىسىدىن ھاياجانلانغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا.

شۇ ھامان خانىقادا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانغا بېغىشلانغان مەدھىيەلەر تۇشمۇتۇشتىن ياڭراشقا باشلىدى:

— ھەزرىتى پىرىمىز مۆمىنلەرنىڭ سايىۋىنىدۇر.

— بارچە مۇشكۇلات زىمىستان بولسا، ئىشان پىرىمىزنىڭ كارامىتى ئۇنى ئېللىتىدىغان ئاپتاپتۇر.

— ھېچكىمنىڭ پىرىمىزنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىققا ھەددى ئەمەستۇر.

— پىرىمىنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ بىر - ئىككى قېتىم گېلىنى قىرىپ قويۇشى بىلەن ئۇنىڭغا بەس - بەستە مەدھىيە ياغدۇرۇۋاتقانلار بىردىنلا جىم بولدى. ئىشان بۇ زىيادە مەدھىيىلەرنى ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى.

— تەقۋادارلىق قىيىن، گۇناھكارلىق ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن، — دەپ ئېغىز ئاچتى ئىشان مۇرىتلىرىغا سالقىن نەزەردە تەكشى قاراپ قويۇپ، — چۈنكى تەكەببۇرلۇق ۋە كىبىر، شەھۋەت، ھايىسىزلىق، ھاماقەتلىك، زۇلۇم، ھەسەت، ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتى پالاكەتتۇر. ئۇل پالاكەتلەردىن ساقلانغانلارنىڭ بولسا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، مۇشكۇلاتلارنى ئاسانلاشتۇرۇشقا كېپىللىك قىلىدىغان بىر يورۇق قوغدىغۇچىلىرى باردۇر. گۇناھ ۋە ھارامدىن ساقلانغانلار بۇ دۇنيادا ياخشى مەدھىيىلەرگە ئېرىشكىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ توگىمەس ئەجرلەرگە ئىگە بولغۇسى. ھەربىر قەدىمىنى پىر بۇزرۇكلەرنىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ باس-

قۇچىلار، ھەربىر ئىش ـ ئەمەللەرنى پىر بۇزرۇكلەرنىڭ كېڭەش ـ
مەسلىھەتى بىلەن ئاتقۇرغۇچىلار ۋە ئەۋلىيا ـ ماشايىخلارنىڭ دە-
ۋەتلىرىگە قۇلاق يۇپۇرمىغانلار ھېچقاچان پۇشايمان لوقمىسىنى
تېتىماس. ئى ئەھلى تەرىقەتلەر، ئى سائادەت يولىنى تۇتقۇچى مۇ-
رىتلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئىنسان نەپسى دېگەن شۇنچىـ
لىك قىزىق تونۇركى ئۇنىڭدىن مەززىلىك، يۇمشاق نان ـ توقاچ،
سامسىلارنى پىشۇرۇپ يېيىشكە زىنھار ئالدىرىمىغايسىلەر. ئۇنداق
قىلمايدىكەنسىلەر، ياكى نېنىڭلار كۆيىدۇ، ياكى قولۇڭلار كۆيىدۇ.
دېمەكچىمەنكى، ھەر كىشى ئەڭ ئاۋۋال نەپسى بىلەن ئېلىشقاي.
ئەڭ شېرىن، ئەڭ لەززەتلىك نېمەت ئاخىرەتتە. ئېھتىيات ۋە
پاراسەت ئەھلىلىرى كۆزلىرىنى ھەرقاچان ھىدايەت يولىدىن ئۈز-
مەيدۇ. گۇمانلىق ۋە يامان ئويلارنى پەيدا قىلىدىغان ئىش ـ ئەمەل-
لەردىن ساقلىنىدۇ ۋە قاچىدۇ...

شۇ تاپتا قېيىنئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ۋەھىمىسىد-
دىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي بۇزرۇكۋارى خوجا ئەبەيدۇللا
ئىشانغا باغلىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز
سۆزىگە پۈتكۈل زېھنى بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ۋەز تەبلىغىنى
ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە چەكسىز ئۈمىد باغلاپ، تەل-
مۈرۈپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى خانىقانىڭ ئارقا تە-
رىپىدىكى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان خىلۋەتخانىسىغا باشلى-
دى.

※ ※ ※

تاشكەنت.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپ نۇسرەت
قازانغان سۇلتان مەھمۇدخان شۇ كۈنلەردە بىرتەرەپتىن شەيبانى-
خاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشقا تەي-

يارلانسا، بىرتەرەپتىن ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ غەلىبىد-
نى قۇتلۇقلاپ تۈزگەن تۈرلۈك بەزمە سورۇنلىرىدا شاراب ئىچىپ،
ئىشقۋازلىق قىلىپ خۇدىنى بىلمەي قالغانىدى. شەيبانىخان ھازىر
ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق، ئەڭ يېقىن سەركەردىسىگە ئايلانغانىدى.
سۇلتان مەھمۇدخان ئاشۇ بەزمە ـ باراۋەتلەردە شەيبانىخانغا يېنىد-
دىن ئورۇن بېرەتتى. شۇ كۈنلەردە مەرھۇم دادىسى سۇلتان يۇ-
نۇسخاننىڭ دىلكەشى، ئۆزىگە ھەم ئۇستاز، ھەم ئاتا يوللۇق پىش-
قەدەم ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئۆلۈم مۇسىبىتىمۇ
ئۇنىڭ بۇ ئويۇن ـ تاماشىلىرىغا پەقەتلا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىد-
دى.

ھەئە، تاشكەنتتىكى ئاشۇ جەڭدىن كېيىن كېسىلى بارغاند-
سېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاچچىق،
ھەسرەت يۇتۇپ ۋاپات بولغانىدى. مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان
سۇلتان مەھمۇدخان بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى يىغىپ
مىرزا قەسرىگە بېرىپ ئۆلۈم پاتىھەسى قىلدى. ئاتىسىنىڭ ئۆ-
لۈمىگە ھازا ئېچىپ ئولتۇرغان دوستى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا
بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا تەسەللى بەردى. ئەمما مېيىت
نامىزىدىن يېنىپلا ئۇدۇل ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەر تۈزگەن
بەزمە سورۇنىغا يۈگۈردى. دادىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈمد-
گىمۇ ئۇزاقراق قارىلىق تۇتۇشقا تاقەت قىلالمىغان ياش سۇلتاند-
نىڭ بۇ قىلىقىدىن كىممۇ ئاغرىنسۇن؟

مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىر-
زىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئاخىرەت ئىشلىرى بىلەن ئوردىغا كېلەلمد-
گەنلىكى ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەر بىلەن شەيبانىخان ئۈچۈن
تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى. چۈنكى، مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا
ئوردىدا بولسا ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخانغا مەقسەت ـ مۇددىئالىرد-
نى خالىغانچە دېيەلمەيتتى. دېيەلىگەن تەقدىردىمۇ سۇلتان مەھ-
مۇدخان مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قارار
چىقىراتتى. چۈنكى، ئوردىنىڭ لەشكىري ھوقۇقى مۇھەممەد ھۇ-

سەيىن مىرزىنىڭ قولىدا ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن مۇ-
ھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقتىن
بارلىق ئوردا ئەھلى خەۋەردار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار خانغا مۇھەم-
مەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا پېتىنالمايتتى.
خاننىڭ يېنىدا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا بولمىغاچقا، ئۇلار گويا
تىېرىلىرى كېڭەيگەندەك بولۇپ قېلىشقانىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېـ
تىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىر-
زىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، ئىقتىدارىنى كەمسۇندۇرۇش ئۈچۈن
سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئالدىدا مۇھەممەد شەيبانىخانىنى كۆككە
كۆتۈرەتتى، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. ئەجىر ـ تۆھ-
پىنى ئۇنىڭغا تەئەللۇق قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

— شەيبانىخان جانابلىرى ھەقىقەتەن لەشكىري ئىلىمدە
كامالەتكە يەتكەن سەركەردە ئىكەن.

— شۇنى دېسىلە، شەيبانىخان جانابلىرىنىڭ تەدبىرى بول-
مىغان بولسا لەكمىڭلىغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ
قىلىشىمىز تەسكە توختايتتى.

— شەيبانىخان جانابلىرى قىبلىگاھىمىزغا بولغان ساداق-
تىنى ھەقدادىغا يەتكۈزدى.

— لەشكىري پاراسەت دەپ مانا مۇشۇنى دەيمىز.

— جاسارىتىمۇ ئاندىن زىيادە ئىكەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دەيتتى شەيبانىخان كەمتەرلىك قىل-
غان بولۇپ، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلارنى ماختاپ، — جانابى ئەمىر-
لەر زىيادە ماختىۋەتتى. ھەربىرلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ھەم
شىر مەسەللىك جاسارىتى بولمىغان بولسا ئول قۇدرەتلىك ياۋغا
تاقابىل تۇرماق بەسىي مۇشكۇل ئىدى. ھەممىدىن خان ئالىيلىرى
ھالقىلىق پەيتتە ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ ئەھۋالىنى ئاقىللارچە
مۆلچەرلەپ دانا قارار چىقاردى. ئانھەزرىتىم جاھان سۇلتانلىرى-
نىڭ سۇلتانى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن. كەمىنىلىرى گەرچە كال-
تە پەم ئادەم بولسامۇ، ئاخىرقى ھېسابتا پاسبان تاللاشتا ئې-

ـزىقمىغىنىمدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن.
ــ ئارى، ــ دېيىشتى ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەر، ــ
قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىز جاسارەت ئەھلىنىڭلا ئەمەس، ئەقىل ـ
پاراسەت ئەھلىنىڭمۇ يېگانە سەركەردىسى. ئەلمىساقتىن تارتىپ تا
ھازىرغىچە جانابى قىبلىگاھىمىزدەك دانىشمەن ھۆكۈمدار بۇ ئىق ـ
لىمدا تېخى تۆرەلمىگەن.
ــ لەھەڭگە كۆل، يولۋاسقا ئورمان زىنھار خوپ كەلمەس، ــ
دەپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغاچ ئەسلىي مۇددىئاسىغا يېقىنلىششقا
باشلىدى مۇھەممەد شەيبانىخان، ــ گەرچە ئانىھەزرىتىمنىڭ تە ـ
سەررۇپىدا ماڭلايسۆيە، تۇرپان، قامىل، ئىلى ـ ئالمالىق، تۇر ـ
كىستان ۋە تاشكەنتتەك كاتتا شەھەرلەر بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى
شانۇ شەۋكىتىگە يەنىلا تارلىق قىلۇر. شۇڭلاشقا غەلىبە ـ نۇسرە ـ
تىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالماي، دەرھال ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىغا
لەشكەر تارتىپ سەمەرقەنت تەختگاھىنى قولىمىزغا ئالمىقىمىز
تولىمۇ زۆرۈردۇر. شول تاپتا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن تامامى
دېگۇدەك ئايرىلىپ قالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇرۇشقىدەك
رەغدى قالمىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە يۈرۈش قىلساق سەمەرقەنتنى
ئالدىمىزدىكى مۇنۇ قەدەھنى ئالغاندەك ئاسانلا ئالالايمىز ـ دە، بۇ ـ
يۈك سەلتەنەت تەختىنى سەمەرقەنتكە بەرقارار قىلىپ، قىبلىگا ـ
ھىمىزنى ماۋەرائۇننەھرنىڭمۇ يېگانە ھۆكۈمرانىغا ئايلاندۇرالاي ـ
مىز. ئاندىن ئىككىنچى قەدەمدە خۇراساننى، ئۈچىنچى قەدەمدە
دەشتى قىپچاق دالاسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ ياتقان كې ـ
رەي، جانىبېكخاندىن ئىبارەت ئاغا ـ ئىنى قازاق سۇلتانلىرىنىڭ
تەسەررۇپىنى ئىلكىمىزگە ئالساق، جانابى قىبلىگاھىمىز ئون
سەككىز مىڭ ئالەمدىكى تەڭداشسىز تاجۇ تەخت ئىگىسىگە ئايلان ـ
غۇسى.
شاراب كەيپىدىن خۇدىنى يوقاتقان سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ
سۆزلەر تەسۋىرلىگۇسىز ھاياجان بېغىشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى
ئالىلىقاچان ئاشۇ زېمىن ـ مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان ـ

ـدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

ـــ تەييارلىقلار پۇختا بولسۇن. يېنىمدا تەڭداشسىز باھادىر سەركەردىلىرىم تۇرغان يەردە نېمىدىن غەم قىلاتتىم. ئاللاھ خالىسا سەمەرقەنتكە پات يېقىندا لەشكەر تارتىمىز، ـــ دېدى ئۇ كەيپلىكتە كالۋالاشقان تىلىنى چايناپ.

بىر ئايغا يەتمىگەن مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە سۇلتان مەھمۇدخاننى پۇتۇنلەي چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان خۇشامەتچى ئەمىرلەر ئوردىنىڭ مۇھىم دىۋان ـ مەھكىمىلىرىگە يېقىنلىرىنى خىزمەتكە تەۋسىيە قىلىپ، بۇنىڭ بەدىلىگە شەخسىي خەزىنىلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تولدۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. لەشكىرىي دىۋاندا سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن مۇھەممەد شەيباناخان بولسا ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئۈچ يۈز خاس نۆكىرىنىڭ سانىنى ئالىلىقاچان ئۈچ مىڭدىن ئاشۇرۇپ، لەشكىرىي دىۋاننى ئاساسەن ئىلكىگە ئېلىپ بولغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بولسا نە ئوردىنىڭ، نە لەشكىرىي دىۋاننىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى خىيالىغا كىرمەيتتى. ئەتىگەنلىرى قوبۇلغا خالىسا چىقاتتى، خالىمىسا چىقمايتتى. تۈرلۈك مەلۇماتلارنى شاھىنشىنىغا چىقماي خاس ھۇجرىسىدىلا چالا ـ بۇلا كۆرۈپ، ئاشۇ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇيتتى. پەرمان ـ يارلىقلارغىمۇ بەزىمە ـ زىياپەت سورۇنلىرىدا ئىمزا قوياتتى.

بۈگۈن سۇلتان مەھمۇدخان ئورنىدىن تۇرغاندا كۈن ئالىلىقاچان چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. كېچىچە ئىچكەن شارابىنىڭ تەسىرىدىن بېشى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن ناشتىلىقلارغا ئىشتىھاسىز نەزەر تاشلىدى.

ـــ دوغاپ كەلتۈر. خويمۇ ئۇسساپ كەتتىم، ـــ دېدى ئۇ پەگادا قول باغلاپ تۇرغان بىكاۋۇل بەگكە قاراپ.

ـــ ناشتىغا دوغاپ ئىچسىلە سوغۇقلىرى ئېشىپ ئەزىز تەنلىرى زەئىپلىشىپ قالارمىكىن. مۇنۇ قىرغاۋۇل شورپىسىنى قىزىق ئىچىپ بەرسىلە مىزاجلىرى تەڭشىلەتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان بىكاۋۇل بەگكە سەت گۆلەيدى. قورۇ
كەتكەن بىكاۋۇل بەگ دەرھال گۇرۇچتەك ئۇششاق چوقۇلغان
دانچىلىرىغا قىتىق ئارىلاشتۇرۇپ بىر چىنە دوغاپ تەييارلاتق
دى. دوغاپنى گۇپۇلدىتىپ ئىچكەن سۇلتان مەھمۇدخان قىز
تۇرغان يۇرىكى ياشىرىپ، خېلىلا راھەتلەندى.
— ناۋات شىرىنسى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر چىنە دوغ
كەلتۇر، — دېدى ئۇ بىكاۋۇل بەگكە.
— ئانھەزرىتىمنىڭ ئەسەبلىرىنى ئاخشام ئىچكەن شار
چىگىۋاپتۇ. دوغاپنىڭ ئورنىغا بىر ئاپقۇر مۇزدەك شاراب ئىچس
تولۇق يېشىلىپ كېتەتتىلە، — دېدى داستىخاننىڭ بىر چېتد
ئولتۇرغان قارا دىۋان ئەمىرى مىرزا نىغمەت پاشا خۇشامەتگۇيل
بىلەن ھىجىيىپ.
بۇگۇن خاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۇچۇن شەھەر سىرتىدد
دەريا بويىغا جايلاشقان ھاۋالىق بېغىدا سورۇن تەييارلىغان مىر
نىغمەت پاشا ئەتىگەندىلا ئوردىغا كېلىپ كۇتۇپ تۇرغانىدى.
شارابنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خۇمار
يەنە قوزغالدى، ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ گېلى قىمىلدىدى. شۇنداق
ئۇ كۇندە شاراب ئىچمىسە تۇرالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان
ىدى. بۇنى سەزگەن خۇشامەتچى ئەمىرلەر نۆۋەت بىلەن سورۇن تۇ
زۇپ تۇراتتى.
— شۇنداق قىلايمۇ ـ يا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كۆز
لىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.
قېرى بىكاۋۇل بەگ خاننىڭ ناشتىدا يەنە شاراب ئىچىشىن
توسماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما جۇرئەت قىلالمىدى. يەرنىڭ تېگىد
دىن مىرزا نىغمەت پاشاغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ خاننى
خاس شارابچىسىنى شاراب قۇيۇشقا بۇيرۇدى.
— مەلۇم بولغاي!
سۇلتان مەھمۇدخان بىمەزگىل كىرىپ كەلگەن ھۆددەيچى
بەگكە خۇشياقمىغان ھالدا نەزەرىنى ئاغدۇردى:

ــ نېمە ئىش؟
ــ مەۋلانە مۇھەممەد قازى ھەزرەتلىرى كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.
مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخان بىردىنلا ئىپسىنى يىغدى. ئەينى يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان يۇنۇسخان ۋە ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى يۇز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جەڭنى توختىتىپ، ئۇلارنى سۈلھى تۈزۈشكە كۆندۈرگەن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان بىر مەزگىل تاشكەنتتە تۇرغاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتاشىدا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تەلىپى بويىچە مەۋلانە مۇھەممەد قازىنى تاشكەنتتە قالدۇرۇپ قويغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان مەۋلانە مۇھەممەد قازىغا ئالاھىدە ئىززەت كۆرسىتىپ، خانزادە مەھمۇدخاننى ئۇنىڭدىن سۇلۇك تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خانزادە مەھمۇدخان كۆپ قىرلىق بىلىمگە ئىگە ھەم ناتىق مەۋلانە مۇھەممەد قازى بىلەن ئاللىقاچان يېقىنلىشىپ بولغان. ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇلۇك پېشۋاسى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان مەھمۇدخان مەۋلانە مۇھەممەد قازىنى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتى. ھەر دائىم ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا كەلسە پىدىرىم، بۇزرۇكۋارىم دەپ تىلغا ئالاتتى.
ــ پىرىمىز سەمەرقەنتكە كەتكىلى خېلى بولغانىدى، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ــ مۇبارەك قەدىمى دەرگاھىمىزغا يەنە يېتىپتۇ ـ دە، بۇزرۇكۋارىمىز تاشكەنتكە قاچان كەپتۇ؟
ھۆدەيچى بەگ قول باغلىغىنىچە جاۋاب بەردى:
ــ ئاخشام كەلگەن چېغى. ئوردىغا بامداتتىن كېيىن كىرگەن.
ــ مۇشۇ ۋاق بولغۇچە نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ ــ دېدى ئۇ تېرىكىپ، ــ ئىشان پىرىمىزنى ساقلىتىپ خويمۇ ئەدەپسىز-

لىك قىپتۇق مانا.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزۈش-
كە پېتىنالمىدۇق، — دېدى ھۆدەيچى بەگ ئەيىبكارلىق بىلەن بې-
شىنى ئېگىپ.

— دەرھال باشلاپ كىر.

ئۇ دەرھال كەينىگە يانغان ھۆدەيچى بەگنى چاقىرىپ توختى-
تىۋالدى.

— ئىشان پىرىمنى يەنە ماڭغۇزسام ئەدەپسىزلىك بولغۇدەك،
ئالدىغىلا چىقاي.

ئۇ شارابچى پەتنۇستا ئىككى قوللاپ تەڭلىگەن ھېقىق جام-
دىكى شارابقا قاراپمۇ قويماستىن، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە،
دەستار پېچىنىڭ ياردىمىدە شاھانە تون ـ سەرپايىلىرىنى كىيىپ
جابدۇنۇپ ئالدىراپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارىمنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە
مەرھابا.

سۇلتان مەھمۇدخان مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ ئالدىغا
ئىلدام كېلىپ ئاۋۋال قوش قوللاپ كۆرۈشتى، ئاندىن تونىنىڭ
پېشىنى تاۋاپ قىلىپ كۆزىگە سۈرتتى.

— مۇبارەك پايە ـ قەدەملىرىنىڭ دەرگاھىمىزغا يەتكىنىدىن
مەھرەملەر ۋاقتىدا خەۋەر بەرمەي، ساقلىتىپ قويۇپتىمەن. بىئە-
دەپلىكىمنى كەچۈرگەيلا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

— يوقسۇ، خان ئالىيلىرى سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن ئال-
دىراش تۇرسىلا. بۇنچىلىك كۈتۈشنى قانداقمۇ ئەيىبكە بۇيرۇغىلى
بولسۇن، — مەۋلانە مۇھەممەد قازى بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغان-
دىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالىيلىرىنىڭ غەلىبە ـ
نۇسرىتىنى ۋاقتىدا قۇتلۇقلىيالمىدىم.

— جانابى پىر بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ شاراپىتىدە
غەنىملەرنىڭ شىكەستىدىن غالىب كەلدۇق، — دېدى سۇلتان
مەھمۇدخان كېرىلگەن ھالدا، — چۈش مەھەل بولاي دەپ قاپتۇ.

غىزالانغاچ مۇلاقاتتا بولساق قانداق دەيدىلا بۇزرۇكۋارىم؟

ــــ تولا ئوبدان، كەمىنىلىرىمۇ جانابى ئانھەزرىتىم بىلەن خاس مۇلاقاتتا بولسام دېگەن ئارزۇدىمەن.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سەمەرقەنتتىن ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن مەۋلانە مۇھەممەد قازى شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن پىنھان سۆھبەتلىشىشكە ئالدىراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ: «جانابى ئانھەزرىتىم بىلەن خاس مۇلاقاتتا بولسام دېگەن ئارزۇدىمەن» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ئوردا بېغىدىكى كۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان سالاسۇنلۇق راۋاقتا باشلاپ داستىخان سالغۇزدى. مەۋلانىگە سالام بېرىشنى باھانە قىلىپ ئىلگىرى ـ كېيىن يېتىپ كەلگەن نىغمەت پاشا، مۇھەممەد شەيبانىخان قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى مەۋلانە مۇھەممەد قازى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ بولۇپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ساداقەتمەن قېرى بىكاۋۇل بەگلا قول باغلاپ تۇراتتى.

ئۇلار داستىخاندىكى تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەردىن ئالسىلا ـ باقسىلا دېيىشىپ تاللاپ يېگەندىن كېيىن، دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن دەملەنگەن خۇش پۇراق چايدىن ئوتلىغاچ رەسمىي سۆھبەتكە چۈشتى.

ــــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز خان ئالىيلىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ دۇئايى سالام يوللىدى، ــــ دېدى مەۋلانە مۇھەممەد قازى سۆھبەتنى ئەسلىي مۇددىئاسىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ ۋە قوينىدىن بىر تىزىق كەھرىۋا تەسۋىنى ئېلىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا قوش قوللاپ تەڭلىدى، ــــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز نەچچەن يىلدىن بېرى تۇتقان ئۇشبۇ تەۋەررۇك تەسۋىنى ئالىيلىرىغا يادىكار قىلدى.

ــــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزنىڭ ھىممىتىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، ــــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ تەسۋىنى قوش قوللاپ ئېلىپ ئاۋۋال پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تاۋاپ قىلدى، ئاندىن سۆيدى.

پۇتكۇل ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدا تەرىقەت سۇلۇكىنىڭ پىشۋاسى سانىلىدىغان خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ تەسۋى ئىنئام قىلىشى، يەنە كېلىپ ئۇزۇن يىل يېنىدىن ئايرىماي كەلگەن تەۋەررۇك تەسۋىنى ئىنئام قىلىشى سۇلتان مەھمۇدخاننى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. چۈنكى تەرىقەت پىرلىرى ئادەتتە مۇرىتلىرىغا ھاسا ئىنئام قىلاتتى. مۇبارەك ھاسىغا ئېرىشىش مۇرىتلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ مۇرىت ــ مۇخلىسلار ئۈچۈن ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان كاتتا شەرەپ سانىلاتتى. تەسۋى بولسا ئىشانلىق ئېرشادنامىسى بىلەن باراۋەر ئىدى. مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ ۋاستىسى بىلەن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان ۋە تەرىقەت ئىلمىدىن خېلى ئەتراپلىق تەلىم ئالغان سۇلتان مەھمۇدخان بۇنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەسۋىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ تۇرغان مەۋلانە مۇھەممەد قازى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەسلىي مۇددىئاسىغا كۆچتى:

ــ ھەزرىتى ئىشان پىرىم كەمىنىلىرىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ ئۇنى نىيىتىدىن يېنىشقا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاشكەنتكە قىلىنغان جازا يۈرۈشىنى توسۇپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولالماي تولىمۇ رەنجىگەنىدى. ھەر نېمە بولسا يېگانە قۇدرەت ئىگىسى پاختىنىڭ ئىدىچىدە ئوت ساقلايدىغان كارامىتى بىلەن ئانىھەزرىتىمنى ئەزىز ۋە مۇمتاز[1] قىلدى.

ــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز بىلەن جانابى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ دۇئاسى كەمىنە مۇرىتلىرىنىڭ جەڭدە غالىب كېلىشىمگە سەۋەب بولدى، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان خۇشاللىقىنى يوشۇرماي.

ــ كەمىنىلىرى ئۇشبۇ ياققا مېڭىشتىن بىر كۈن مۇقەددەم

① مۇمتاز ــ باشقىلاردىن ئۇستۈن تۇرغۇچى، ئىمتىيازلىق.

ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز بىلەن خىلۋەتخانىسىدا مۇلاقاتتا بولـ-دۇم، ـــ دەپ گەپ باشلىدى مەۋلانە مۇھەممەد قازى، ـــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز شۇنداق دېدىكى: «ئى مەۋلانە، بۇگۈن كېچە جىمدـ-كى مۇرىت ـ مۇرشىدلىرىمىنىڭ تەلىپىنى جانابى ھۆسنى مۇتلەقـ-كە يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغانىدىم، بىردىنلا كۆزۈم شېرىن بىر ئۇيقۇغا ئەسىر بولغاندەك بولدى. ئۇخلاپ قالـ-دىممىكىن دېسەم تولىمۇ سەگەك ئىكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. ئەمـ-ما كۆز ئالدىمدا خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر مەنزىرە زاھىر بولدى. قارىغۇدەك بولسام، تاشكەنت تەرەپتىن سەمەرقەنت ئۇزرە تۇمەنلىگەن باھادىرلار سەپ ـ سەپ بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرىنىڭ كىشنىشى پۈتكۈل جاھاننى بىر ئاپتۇ. بۇلار كىم بولغىيدى ئەمدى دەپ قارىغۇدەك بولسام، ئول باھادىرلار سىپـ-پىنىڭ ئەڭ ئالدىدا سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى كېلىۋاتقۇـ-دەك. ئەمما مىنگەن ئېتى تولىمۇ ئورۇق، قىرچاڭغۇ. خان ئالىيـ-لىرىنىڭ چىرايىمۇ سولغۇن. خان ئالىيلىرى نېمانچە قىرچاڭغۇ ئاتقا مىنىۋالغاندۇ، ئۆزىمۇ سولغۇن كۆرۈنىدۇ دەپ سىنچىلاپ قاـ-رىغۇدەك بولسام، خان ئالىيلىرىنىڭ يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. توۋلاپ ئەھۋال سوراي دەپ تۇرۇۋۇشۇمغا ئەتراپـ-نى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ ئالىيلىرى بىلەن تۇمەنمىڭ باھاـ-دىرلىرى تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى. دەرھال ئېسىمنى يىغقۇـ-دەك بولسام ئۆزۈم يالغۇز ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپتىمەن. بۇنىڭ چۈـ-شۇم ياكى كۆرگەن كەشپۇ كارامىتىم ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالماي تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئەمما بۇنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيـ-لىرى ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بىشارەت ئەمەسلىكى يادىمدىن كەچـ-تى. شۇنىڭ بىلەن ئالىيلىرىغا يۈزلەنگەن بالا ـ قازانى دەپئى قىدـ-لىش ئۈچۈن دۇرۇت ئوقۇپ كېچىنى تاڭغا ئۇلىدىم. مانا شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى دەرگاھىمغا چاقىرتىپ تۇرۇۋېتىمەن» دېدى. قارىغۇدەك بولسام، ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزنىڭ چىرايىنى تولىمۇ پەرىشانـ-لىق چۇلغىۋاپتۇ. ئى پىر بۇزرۇك، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى

ئۆزلىرىگە قول بەرگەن زامانىمىز سۇلتانلىرىنىڭ باھادىرىدۇر.
ئۇل ئالەمپاناھ يۈزلەنگەن بالا ـ قازانى كارامەتلىرى بىلەن دەپئى
قىلغايلا دېدىم. ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز: «ئى مەۋلانە، كەمىنە تو ـ
لىمۇ يىراقتىمەن. پەمىمچە، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بۇ
قېتىمقى نۇسرىتىدىن كېيىن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا تەي ـ
يارلىنىۋاتقان بولۇشى چوقۇم. ئەگەر شۇنداق بولسا، كېچىدىن
كۆرگەنلىرىم خان ئالىيلىرىغا يۈزلەنگۈسى بالا ـ قازانىڭ بېشا ـ
رىتىدۇر. ئۇل بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەيدىكەنمىز، خان
ئالىيلىرىنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرمىقىمىز زۆرۈر. سەمەرقەنت
سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ ھىدايەت مەنزىلى ئەمەس بەل ـ
كىم ھالاكەت مەنزىلىدۇر. سىلى دەرھال تاشكەنتكە قاراپ يولغا
چىقسىلا ـ دە، خان ئالىيلىرىغا نەسىھەت، كالامىمىزنى يەتكۈز ـ
سىلە، گەرچە ھازىر سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بىلەن سۇلتان
ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولغان بول ـ
سىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ
بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىش، ھۆرمەتلەش يولى بار. ئوتتۇرىسىدىكى
ئاداۋەت ئوتىنى زىنھار ئۇلغايتمىغاي. بولمىسا ھەر ئىككىلا خان ـ
نىڭ سەلتەنەت ـ تەختىگە زور بالايىئاپەت يۈزلەنگۈسى. بولۇپمۇ
سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى قىلچىلىك يەڭگىلتەكلىك قىل ـ
ماي، مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرى، سائادەتمەن مۇرشىدىمىز سۇل ـ
تان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ۋەدە ـ قەسەملىرىگە رىئايە قىلىپ
ئەل ـ يۇرتنى، تەخت ـ سەلتەنەتنى بالا ـ قازادىن ساقلىغاي،
ھەم شۇنىمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە سالسىلىكى، ئۆز ۋاقتىدا
سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى تۇغقاندارچىلىق ئىمارىتىنى قېر ـ
رىنداشلىق ئۇلى بىلەن مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەرھۇم سۇلتان
ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى بولمىش ئۈچ ئەمىرزادىنى
ئۆزىگە كۈيۇئوغۇل قىلىپ ئاتا ـ بالا بولۇشقان ئەردى. كېيىن بۇ
ئاتا ـ بالىلىقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا سۇلتان مەھ ـ
مۇدخان ئالىيلىرىغا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ مەلىكىسى قارا ـ

كۆز بېگىمنى سوراتقان بولسىمۇ، بۇ ئىش روياپقا چىقماي ئارماندا كەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىشنى بىز روياپقا چىقىرايلى. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بۇ ئاتا مۇددىئاسىنى مۇھىم بىلىپ، بىز ـ نىڭ پىرلىق مەرتىۋىمىزگە رىئايە قىلىپ، سەمەرقەنتتىكە لەشكەر تارتىشنىڭ ئورنىغا توي كارۋىنى تارتىپ، مەلىكە قاراكۆز بېگىمنى نىكاھىغا ئېلىپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى بىلەن ئاتا ـ بالا بولۇشقاي. شول چاغدىلا خان ئالىيلىرى بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ. تەخت ـ سەلتەنەتى روناق تاپىدۇ» دەپ مۇددىئاسىنى بىلدۈردى. بىلمىدىم، جانابى ئانھەزرىتىم ھەزرد ـ تى ئىشان پىرىمىزنىڭ بول نەسىھەتىگە نېمە دەيدىكىن؟

سۇلتان مەھمۇدخان مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ دەسلەپكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشكەن بولسا، كېيىنكى سۆزلە ـ رىنى ئاڭلاپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا دادىسى سۇل ـ تان يۇنۇسخاننىڭ مەلىكە قاراكۆز بېگىمنى كېلىن قىلىۋېلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ، مەرھۇم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى سە ـ مەرقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتكىنىدىن خەۋىرى بار ئىدى. كېيىن بۇ توي ئىشىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلانغان، كۆڭلىدە ئاداۋەت پەيدا بولغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىشىمۇ يەنە بىرتەرەپ ـ تىن مەلىكە قاراكۆز بېگىمنىڭ ۋەسلىگە يېتىش تەشنالىقى مۇ ـ ھىم سەۋەب بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ ئىشنى پىر بۇزرۇكى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئارىغا سېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ـ نىڭ كۆز ئالدىغا سەمەرقەنت بىلەن قاراكۆز بېگىم زاھىر بولدى. بىرى كاتتا شەھەر، يەنە بىرى زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز گۈزىلى ئىدى. بىراق، ئۇ پەقەت بىرىنىلا تاللىيالايتتى. بىرىنى تاللىسا يەنە بىرىدىن مەھرۇم قالاتتى. لەشكەر تارتىپ بېرىپ ھەر ئىككە ـ لىسىگە ئېرىشىش ئارزۇسىنى ھەزرىتى ئىشان پىر بۇزرۇكى بىر كېچىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە ئايان بولغان بېشارەت ئار ـ قىلىق كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ خاھى ھەزرىتى خوجا ئە ـ

بەيدۇللا ئىشان بولسۇن، خاھى ئالدىدىكى مۇنۇ خۇش چىراي، پە-
رىشتە سۈپەت ئۇستازى مەۋلانە مۇھەممەد قازى بولسۇن ھەر ئىك-
كىلىسىنىڭ سۆزلىرىنى بەكمۇ مۇقەددەس بىلەتتى. پۇتكۇل ما-
ۋەرائۇننەھر ۋادىسىدا «ئەۋلىيا»، «تەڭرىنىڭ دوستى» دەپ تەرىپ-
لىنىدىغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان بالا ـ
قازا بېشارىتى ئۇنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا
ئۇ ئاللىقاچان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشتىن ۋاز كېچىپ بولغا-
نىدى. سەمەرقەنت گۈزىلى ـــ مەلىكە قاراكۆز بېگىمنى نىكاھىغا
ئېلىش ئىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خېلىلا تەسەللى بولدى. ۋۇجۇدىغا
ۋەھىمە پەيدا قىلغان تەشۋىشلەرنى بىردىنلا تارقىتىۋەتتى.

ـــ كەمىنە مۇرىتلىرىنىڭ ھەزرىتى پىر بۇزرۇكلەرنىڭ نەسى-
ھەتىنى ئاڭلىماسلىققا نىمە ھەددى، ـــ دېدى ئۇ تەۋازۇ بىلەن بېشى-
نى ئېگىپ، ـــ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز ماقۇل كۆرگەن ئىشلارنى
روياپقا چىقىرىشقا ھەرقاچان تەييارمىز. كەمىنە مۇرىتلىرى غەيىب-
تىن بىخەۋەردۇر. بۇنى تەڭرى، تەڭرىنىڭ رەسۇلى ۋە تەڭرىنىڭ زې-
مىنىدىكى سايىسى بولمىش جانابى پىر بۇزرۇكلەر بىلىدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئاسانلا ماقۇل كەلگىنىدىن ھايا-
جانلانغان مەۋلانە مۇھەممەد قازىنىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈل-
كىسى جىلۋىلەندى:

ـــ جانابى ئانھەزرىتىمىنىڭ بۇ قارارىدىن ھەزرىتى ئىشان
پىرىمىز مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇر. پىر رىزاسى خۇدا رىزاسى ئە-
مەسمۇ؟! ئى قۇدرەتلىك ئاللەمپاناھ! ئىبادەت، يەنى بەندىچىلىك
قىلماقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئاجىزلىق، شىكەستىلىك ۋە ھاجەت-
مەنلىكتىن ئىبارەتدۇركى، ئۇ خۇدايىتائالاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا،
پىر بۇزرۇكلەرنىڭ ھەقلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى كۆڭۈللەرگە سا-
لىدۇ. بۇنداق سائادەتنىڭ پەيدا بولۇشى مۇھەببەتكە سەۋەب بولى-
دۇ. مۇھەببەت دېمەكلىك ۋەتەن، يۇرت، قېرىنداشلىق، سەلتەنەت
ۋە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ ـــ خاتۇن مۇھەببىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
جانابى خان ئالىيلىرىغا سىر قالمىسۇنكى، ھەزرىتى ئىشان پىرد-

مىز ھەرقاچان كەمتەرلىك بىلەن كۆرگەن كەشپۇ كارامەتلىرىنى چۈش بىلەن بايان قىلىدۇ. گەر پىرىمىز يىراقتا بولسىمۇ، ھەر-قاچان ئالىيلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، نىيەت ـ ئىقباللىرى ئۈچۈن باش قاتۇرغان، ئۇنىڭغا مۇشۇ جاۋابلىرىنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇر. خوش، كەمىنىلىرى قايتاي. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى تە-رىپىدىكى ئىشلارنى ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزغا قويۇپ بەرگەيلا ھەمدە مۇمكىن بولسا ئىشەنچلىك ئەمىرلەردىن بىرىنى كەمىنى-لىرىگە ئەلچى ھېسابىدا قوشۇپ بەرگەيلا.

ــ ئەلچىلىككە كەمىنىلىرىنىڭ يېقىن ئاشىناسى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىدىن باشقىسى بىكار، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئويلانغان ھالدا، ــ لېكىن، ئۇ ھازىر ھازىدار. بول ئىشقا بۇيرۇ-ماق سەل بىئەپ.

ــ نېمە دېدىلە ئالىيلىرى؟ ــ دەپ سورىدى مەۋلانە مۇ-ھەممەد قازى چۆچۈپ، ــ ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قازا قىلىپ كەتتىمۇ؟

ــ شۇنداق پىرىم، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قايغۇرغان ھالدا.

ــ ئەسلىدە بۇگۈنلا سەمەرقەنتكە قايتىپ ھەزرىتى ئىشان پىرىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ جاۋابىنى بالدۇرراق يەتكۈزەي دې-ۋىدىم. ئەمدى ئەتە ماڭسام بولغۇدەك، ھازىر مەرھۇمنىڭ قەبرى-سىنى زىيارەت قىلىپ، ئەمىرزادىلىرىگە تەسەللى بېرىپ كېلەي.

ــ پىرىمغا ھەمراھ بولۇپ بىللە باراي، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ئۇلار تائامغا قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

※ ※ ※

ئەتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا مەۋلانە مۇھەممەد قازىغا ھەمراھ بولۇپ قىرىق تۆگىلىك سوۋغا ـ سالام بىلەن سەمەرقەنت-كە ئەلچىلىككە ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەمەرقەنتكە قىلىدىغان لەشكىري يۈرۈشىنى مۇ- ۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قالدى ۋە مەلىكە قاراكۆز بېگىمنى سۇلتان مەھمۇدخانغا نىكاھلاپ بېرىش ئارقىلىق ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇ- رىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى ۋاقىتلىق پەسەيتتى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قولى بىلەن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش پىلانىنىڭ كۈتمىگەندە سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەد شەيبانىخان ئاچچىقىنى زەھەر يۇتقاندەك يۇتۇشقا مەج- بۇر بولدى ۋە شۇنداقتىمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چېگرىدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىپ، يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ سۇلتان مەھمۇدخاننى دەشتى قىپچاق دالاسى بىلەن تۈركىستان ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان قازاق خانلىرىدىن كېرەي ۋە جانىبېكخانلارغا قارشى لەشكەر تارتىشقا كۆندۈردى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ تاشكەنتتىن يۈرۈپ كەتتى.

## 98

كۈز ئوتتۇرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان نوم[①] چۆللۈكىدىكى چاكاندا، چوچۇكبۇيا، يۇلغۇن، قومۇشلار تېخىچىلا يېشىل لىباسلىرىنى يەشمىگەندى. ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك جۇلالايتتى. چۆللۈك قۇياش تەپتىدە تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ھوشۇرمەت بۇلىقى[②]دىن يولغا چىققان ئالاچە-

① نوم ـــ ئاراتۈرۈك ناھىيە تەۋەسى.
② ھوشۇرمەت بۇلىقى ـــ تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە.

خان ــ سۇلتان ئەخمەدخاننىڭ ئاتلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئىسسىققا چىدىماي يامغۇر تىلەيتتى. لەشكەرلەر ھوشۇرمەت بولۇ- قىدىن قوزغىلىدىغان چاغدا تۇلۇم ـ چاناشلىرىغا قاچىلىۋالغان سۇلارنى ئاساسەن ئىچىپ تۈگەتكەنىدى. تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇ- يىقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق چاڭ ـ توزانلار لەشكەرلەرنىڭ ئاغ- زى ـ بۇرنىغا كىرىپ ئۇسسۇزلۇقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىد- دى. كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ نوم چۆللۈكىدىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۇلىرى سوغۇلۇپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ گاھى بىر كۆنلۈك، گاھى يېرىم كۆنلۈك دائىرىدە جىقى يىگىرمە ـ ئوتتۇز تۇتۇن، ئېزى بەش ـ ئون تۇتۇن ئاھالى- دىن تەشكىللەنگەن يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەر بار ئىدى. سۇمۇ مۇ- شۇ مەھەللىلەردىن تېپىلاتتى. چۈنكى، بۇ مەھەللىلەردە كىچىك- رەك بىرەر ئېقىن ياكى بۇلاق بولاتتى. شۇ تاپتا سۇلتان ئەخمەد- خان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن دالايىن بۇلاق[1] مەھەللىسىگە قاش قارايغىچە يېتىۋېلىشنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. دالايىن بۇلاققا يېتىۋالسىلا باي[2]غا، بايدىن ئاراتۇرۇككە بېرىشتا ئانچە قىينىلىپ كەتمەيتتى. چۈنكى بۇ ئارىلىقتا ئاداق[3]، تۇراق، بۇلاق[4]، سۇچىد- بۇلاق[5] قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك يۇرت ـ مەھەللىلەر بار ئىدى. لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇشتىمۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشتىمۇ قىينالمايتتى.

ــ ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالملا ئالىيلىرى.

سۇلتان ئەخمەدخان نۆكەر بېشى ئۇزاتقان چاناشقا قولىنى ئۇزىتىشقا تەمشىلىپ يەنە توختىۋالدى:

ــ ئۇسسىمىدىم. سۇنى ئىمكان بار تېجەڭلار، زىيادە چاڭقاپ كەتكەن لەشكەرلەر ئاۋۋال گېلىنى نەمدىۋالغاي، ــ دېدى ئۇ قو- رۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ.

نۆكەر بېشى پەرماننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېتىنىڭ بېشىنى

[1][2][3][4][5] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاراتۇرۇك ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يۇرتلار.

دەرھال ئارقىغا بۇرىدى.

شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخان قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىدى بىراق، لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ چاناشلىرىدىكى سۇ لىرىنى ئىچىپ تۈگەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. قىيىنشقانىدەك ئىككى كۈندىن بېرى ھاۋا باشقىچە قىزىپ كەتتى. يولدا بىرەر كىچىكرەك ئېقىن ياكى بۇلاق ئۇچرىمايۋاتاتتى. لەشكەرلەر ئاچ ... لىقتىن ئەمەس، ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىۋاتاتتى.

«لەشكەرلەر دالايىن بۇلاققا بېرىۋالغۇچە بەرداشلىق بېرەلىس... بولاتتى. ناۋادا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتسە ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق بولىد... دۇ. قالماقلار بىلەن قىلغان شۇنچە دەھشەتلىك جەڭلەردە ئاما... قېلىپ ئەمدىلىكتە ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كېتەرمۇ؟ ئى يارات... قان قۇدرەتلىك ئىگەم، ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. شاپائەت... يامغۇرۇڭنى ئايىمىغايسەن...»

شۇ كۈنلەردە ئۆز ئىلكىدىكى زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرگەن... موڭغۇللارغا غەلىبىلىك جازا يۈرۈشى قىلغان سۇلتان ئەھمەدخا... شىددەتلىك زەربىسگە بەرداشلىق بېرەلمەي تەرەپ ـ تەرەپكە پى... تىراپ كەتكەن موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىشكە رايى بارماي، ئېچكىرىلەپ كىرگەن موڭغۇل دالاسىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

«ئەمدى ئۇل قالماقلارنىڭ قايتا تەشكىللىنىپ تەسەررۇپ... مىزغا تەئەررۇز قىلغۇدەك رەغدى قالمىدى. قايتا ئېسىنى يىغىپ كۈچىيىشىگىمۇ بىر نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. موڭغۇل دالاسىغا لەشكەر تۇرغۇزماي خاتا قىلمىغاندىمەن ـ ھە؟! شۇنداق، نەدە لەش... كەر تۇرغۇزۇشۇم مۇمكىن؟ ئۇل قالماقلارنىڭ مۇقىم شەھەر، قىشلاقلىرى يوق. يايلاق، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپلا يۈرۈيدۇ. شۇڭا لەشكەر تۇرغۇزۇش ئاۋارىچىلىق...»

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاستىدىكى نەسىللىك ئاراتۇرۇك ئايغىرى خۇددى ئىگىسىنىڭ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك دالايىن بۇلاققا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تېز ـ تېز تىزگىن سىي...

رىيتتى. گەرچە موغۇللارنى تولۇق تارمار قىلغان بولسىمۇ، نىيىتتى. گەرچە موغۇللارنى تولۇق تارمار قىلغان بولسىمۇ، نىپـ
مىشقىدۇر بۇ جەڭ غەلىبىسىدىن سۇلتان ئەھمەدخان ئانچە خۇشال
ئەمەستەك قىلاتتى. ئۆزىنى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا يالغۇز، غېرىب ھېس
قىلاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا مەرھۇم دادىسىنى، ئىككى خانىش ئانىـ
سىنى، ئاكىسىنى، ئىگىچى ـ سىڭىللىرىنى، پەرزەنتلىرىنى سېـ
غىنىپ كېتەتتى. شۇ تاپتا ئۇناڭ خىيالىغا مەرھۇم دادىسى سۇلـ
تان يۇنۇسخان كىرىۋالغانىدى. دادىسىنىڭ تاشكەنتكە مېڭىش
ئالدىدا قىلغان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلايتتى.

«قەدىرلىك ئوغلۇم، تاشكەنتكە دەرھال يېتىپ بارمىسام
ئىككى يېزنىلىرى پەرغانە ۋادىسىنى قانغا بويايدىغان ئوخشايدۇ.
چوڭ يېزنىلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرـ
زىدىن تاشكەنتنى تارتىۋېلىش نىيىتىدىن تېخىچە يانمىغاندەك
قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇل ئاغا ـ ئىنى سۇلتانىلار سېنىڭ ـ مېنىڭ
دېيىشمەي بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى
ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سەلتەنەت سۈرگەن
بولسا ماڭىمۇ ئاز ـ تولا ئارامچىلىق بولاتتى. ئۇل ئىككىسىنى
بىر نەچچە قېتىم ياراشتۇرغانمۇ بولدۇم. لېكىن پەقەتلا كار قىلـ
مىدى. ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر ئۇـ
رۇنۇپ كۆرەي دەۋاتىمەن. ئىنساننىڭ نەپسى مال ـ دۇنيا، زېمىنغا
پەقەتلا تويمايدىكەن. گەرچە ئۆلگەندە ئاران ئىككى ماڭدام چوڭـ
لۇقتىكى لەھەتتە ياتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا شۆھـ
رەتپەرەسلىكى، شەيتانى نەپسى غالىب كېلىدىكەن. مەنمۇ ئۆز
ۋاقتىدا مەرھۇم خان تاغىلىرى ئىسان بۇغاخان بىلەن تەخت ـ
سەلتەنەت تالىشىپ جىق ياغىلىق قىلغانىكەنمەن. ئەسلىدە ئىنـ
سانغا لازىملىقى مال ـ دۇنيا، زېمىن، تاجۇ تەخت ئەمەس، ھەقىـ
قىي قېرىنداشلىق مېھرى، ئىنساپ ـ ديانەت ئىكەن. بۇ ھەقىـ
قەتنى مانا ئەمدى ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغىلى تۇرغاندا تو ـ
لىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدىم. ئىككى كۇيۇئوغلۇم ئوتتۇرىسىدـ
كى ئاداۋەت ھەر قېتىم كۆچەيگەندە يۈرىكىمنى پۇشايمان ھېسلىـ

ـرى تىلغايدۇ. ئەگەر بارلىق ئىنسانلار ئۆزئارا يول قويۇشۇپ، ئۆز ـ ئارا ھەمدەمدە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشىپ، بۇرادەرلىك ـ نى، قېرىنداشلىقنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ياشىغان بولسا، پۈتكۈل زېمىندا پەزىلەت تىكلىنىپ، تىنچلىق، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولاربدى. ياراتقان ئىگىسىگە يۈز مىڭ قەتلە شۈكرىكىم، ئاغىلىرى بىلەن سىلىدىن تولىمۇ خاتىر ـ جەممەن. تا بۈگۈنگىچە ئاغا ـ ئىنى ئىككىلىرى بىرەر قېتىممۇ ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشمىدىلا. بىرلىرىگە ئاغىلىق ھۆرمەت، بىر ـ لىرىگە ئىنىلىق ئىززەت كۆرسىتىپ تولىمۇ ئىناق ئۆتۈشتىلە. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشسىلە. گەرچە ياشلىرى كىچىك بولسىمۇ سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئوبدانلا پىشىپ قالدىلا. شۇ ـ ڭىمۇ ئىختىيارلىقىمىزدىكى زېمىنلارنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئىشلار ـ نى سىلىگە خاتىرجەم تاپشۇرۇپ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىمەن. ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرگە، ئاۋام ـ رەئىيەتكە شەپقەتلىك بولسىلا. ئۆزلىرىدىن چوڭلارنى ئاتا، ئاغا ئورنىدا ھۆرمەت قىلسىلا. ئەدلى ـ ئادالەتنى ھەرقاچان ئەسلىرىدىن چىقـ ـ قارمىسىلا. تەخت ـ سەلتەنەت ئەدلى ـ ئادالەت، مېھىر ـ شەپقەت بىلەن روناق تاپىدۇ، رەئىيەت زالىمدىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچىـ ـدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان نامىنى، بەتخۇي، قەبىھلىكلىكىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە تارىتىدۇ. دانا ـ ئادىللارنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى، ئەدلى ـ ئادالىتىنى داستان قىلىپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزىـ ـدۇ. يامانلىق، ئادالەتسىزلىك بىلەن سەلتەنەت سۈرگەن ھۆكۈمدار ئۇزۇن ئۆتمەي، تەخت ئۆلىنى ئۆز قولى بىلەن كولايدۇ. سەلتەنە ـ تىنى زاۋال تاپقۇزىدۇ، ئادەم نەۋقىرانلىقىدا جاھان مەئىشەتلىرىگە ئاسانلا ھېرىسمەن بولۇپ قالىدۇ. مەئىشەتكە قانچە ھېرىس قىلسا سەلتەنەت قانۇنى شۇنچە تېز ئىزىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن يامان نىيەتلىكلەر تېزلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەئىشەت، راھەتـ ـلەرگە بېرىلمەسلىكلىرى، مەپتۇن بولماسلىقلىرى، ئۇنى ئادىـ

مىلىك پەزىلەت، سەلتەنەت قانۇنى بىلەن چەكلەپ تۇرۇشلىرى كېرەك...»

سۇلتان ئەھمەدخان دادىسىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

«بۇنىڭ جەننەتماكان پەدەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇگۇت ـ نەسىھەتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. قايتا دىدار ـ لىشالمايدىغانلىقىمىزنى كۆڭلى تۇيغان بولغىيمىدى...»

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۆپكىسى قازاندەك ئېسىلىپ كۆز ـ لىرىگە غىل ـ غىل ياش كەلدى. كۆز يېشىنى چانقىغا سىڭدۇ ـ رۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ ئاسمانغا قارىۋالدى. سۇپسۇزۇك ئاسماندا بىر توپ ياۋا غاز قاتار سەپ تۈزۈپ ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى.

ھەئە، سۇلتان ئەھمەدخان دادىسىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى ئا ـ خىرقى قېتىم كۆرۈۋالالمىغانلىقى، قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رازىلى ـ شىۋالالمىغانلىقى، نەسىھەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىۋالالمى ـ غانلىقى، ئاخىرقى قېتىم يېنىدا ھەمراھ بولۇپ يېتىۋالالمىغانلى ـ قى ئۈچۈن ئەپسۇسلىناتتى. دەرھال تاشكەنتكە بېرىپ دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاشنى، تاۋاپ قىلىشنى، ئانىسى، ئاكىسى، ئا ـ چىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۇرپان تەختگاھىغا مۇستەقىل پا ـ سىبان بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە قارشى چىققان ئارلات، قالۇچى قوۋمىنىڭ سۈيىقەست، ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇپ، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملىگەن بولسىمۇ، بىراق ئاراتۇرۇك، بارسكۆلنى بې ـ سىۋالغان موغۇللارنىڭ قومۇلغا قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىشى ئۇنىڭ تاشكەنتكە بېرىش يولىنى توسۇپ قويدى. ئىككى ئانىسى ـ نى ــ چوڭ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم، ئۆز ئانىسى ــ كىچىك خانىش شاھ بېگىم، ئاكا ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم مەكتۇپ يېزىپ، سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپ تەسەللى بەردى. دادىسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى.

دادىسىنىڭ ئورنىغا خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى قۇتلۇقلىدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى ئىزھار قىلدى. تەسەررۇپىغا باستۇرۇپ كىرگەن موڭغۇللارن جازالاپ، ئەل - يۇرتنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن سالامغا بار دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ يادىدىن دادىسى تاشكەنتك كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر تالاي ئىشلار بىر - بىرلە كېچىشكە باشلىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنتكە كەتكەندىن كېيىن، ئارلات ز قالۇچى قوۋمىدىن بولغان بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىرلەر ياش خانزادىنى كۆزگە ئىلماي ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىم بىلەن بىرتەرەپ قىلىشقا كىرىشكەندى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ يول باشچىسى قارا دىۋان ئەمىرى مىرزا ئەلى جوراس ئىدى. ئۇ ئوردى نىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلگەنچ بىرتەرەپ قىلاتتى. بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن سۇلتا ئەھمەدخاننى ۋاقىپلاندۇراتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولسىمۇ، پېشقەدەم ئەمىرنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ بىرنېمە دېيىشكە ئالدىرىمىدى. ئەمما ئۇنىڭ يول قويغىنىنى مىرزا ئەلى جوراس پەقەتلا بىلمىدى. بەلكىم بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. بارا - بارا ئۆزىنىڭ ئوردىدا قورچاق خان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئەھمەدخان مىرز ئەلى جوراسنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش قارارىغا كەلدى - دە، ئىشەنچلىك سەركەردىسى — لەشكىرى دىۋاننىڭ ئەمىرى سۇتئەمگەن باھادىرنى مەخپىي كېڭەشكە چاقىردى.

— ۋاپاسىزلارنى قەدىرلىسەڭ كۆپ ئۆتمەي سېنى دەرد - ئەلەمدە قويار، دەيدۇ ئاقىللار، — دېدى سۇتئەمگەن باھادىر سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قورساق كۆپۈكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ، — ئەسلى مىرزا ئەلى جوراس ئالىيلىرىنىڭ خانلىق مەر-

تىۋىسىگە رىئايە قىلىپ ئۆزىنى سورىشى، قارا دىۋاننىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ كۆپ سۈكۈت قىلدىلا. ئەمدىلىكتە ئوردىدىكى بۇ باشباشتاقلىققا چەك قويۇش نىيىتىگە كەلگەنلىرى تولىمۇ ئوبدان بولۇپتۇ. يەنە سۈكۈت قىلىۋەرسىلە سەلتەنەت ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىشى، چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. ھېلىمۇ ئوردا ئىچى ـ سىرتىدا خان ئىككى بولۇپ قالدى، دەيدىغان پىتنىلەر كۆپىيىپ قالدى. گەرچە بۇ ئىشلاردىن ئالىيلىرىنى خېلى بالدۇرلا ئاگاھلاندۇرۇشنى ئويلىغان بولسامۇ، كەمىنىلىرىنى چېقىمچىدەكەن دەپ پەزىلىتىمدىن گۇمانلىنىپ قېلىشلىرىدىن ۋايىم يەپ، ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغانىدىم.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ساداقىتىدىن ئەزەلدىن گۇمانلانغان ئەمەسمەن، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان مەمنۇنلۇق بىلەن، — مەرھۇم جەننەتماكان خان ئاتام تاشكەنتكە مېڭىش ئالدىدا جانابلىرىنى لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىشىدىمۇ شۇل ساداقەتلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن خەۋىرىم بار. ئوردىدىكى باشباشتاقلىقلارنى تۈزەپ، ئىشلارنى ئىزىغا سېلىۋېلىشىم ئۈچۈن مەسلىھەت، تەدبىرلىرىنى ئايىمىغايلا.

— پاسىبانىم ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس جېنىم تەسەددۇق بولغاي، — دېدى سۈتئەمگەن باھادىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئالىيلىرى بۇ ئىشقا نىيەت باغلىغانىكەن، دەرھال ھەرىكەتكە كەلگەيلا. مەسلىھەتىم شولكى، ئاگال ئوردىدىكى مىرزا ئەلى جوراسنىڭ يېقىنلىرىنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىشلىرى، ئۇلارنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرمەكلىكلىرى زۆرۈردۇر.

قەتئىي نىيەتكە كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ئەلى جوراس بىلەن زىيادە يېقىنچىلىقى بار بىر قانچە ئەمىرلەرنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەنلەتتى. مىرزا ئەلى جوراس باشباشتاقلىق بىلەن مەنسەپكە تەيىنلىگەن ياكى مەنسىپىنى ئۆستۈرگەن ئەمىرلەرنىڭ

مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۇيۇقسىز جاكارلىغان بۇ پەرمانى بىلەن چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئەلى جوراس بولسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ لام ـ جىم دېمىدى. ئەمما، ئەتىسىدىن باشلاپ بىتاپ بولۇپ قال. غانلىقىنى باھانە قىلىپ ئوردىغا چىقماي قويىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ھەر. قايسى دىۋان ـ مەھكىمىلەرنىڭ ھېساباتىنى قايتىدىن تەكشۈر. تۈپ، خىيانەت قىلغان، پارا ئالغانلارنى قاتتىق جازالىدى. مىرزا ئەلى جوراسنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئوردىغا چىققىلى ئۇنىمىغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممى. سىنى مەنسەپتىن قالدۇردى. ئەلۋەتتە مىرزا ئەلى جوراسمۇ بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمىدى.

سۇلتان ئەھمەدخاننى ئوردا ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا مادارى يەتمەي ئالدىمغا يالۋۇرۇپ كېلىدۇ، دەپ خام ـ خىيال قى. لىپ ئولتۇرغان مىرزا ئەلى جوراس مەنسەپتىن قالدۇرۇلغانلىق پەرماننى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئوردىدىكى يېقىنلىرىنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرگىنىنى ئاز دەپ ئۆزىنى مەن. سەپتىن قالدۇرۇشى ئۇنىڭ سۇلتان ئەھمەدخانغا بولغان ئۆچمەن. لىكىنى قوزغاپ قويغانىدى. لېكىن لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمى. رى ــ سەركەردە سۇتئەمگەن باھادىر سۇلتان ئەھمەدخاننى قوللاپ تۇرغاچقا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى.

جازاغا تېگىشلىكلىرىنى جازالاپ، ئىشەنچلىك، ئىقتىدار. لىق، ساداقەتمەن ئەمىرلەرنى مەنسەپكە تەيىنلەپ، ھۆكۈمدارلارغا خاس سۈر ـ ھەيۋىسىنى راسا بىر كۆرسىتىپ، ئوردىدىكى نوپۇزد. نى تىكلىۋالغان سۇلتان ئەھمەدخان سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر قۇر ئىزغا سېلىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ سۇتئەمگەن باھادىر بىلەن بىللە تۇرپان

شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شىكارگاھلارغا چىقىپ پات ـ پات ئوۋ ئوۋلاپ كېلەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ مىرزا ئەلى جوراس باشلىق مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان ئەمىرلەرنىڭ خۇپىيانە بىرىش ـ كېلىش قىلىشىپ ئاللىقاچان بىر سۇيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتقىنىنى خىيا. لىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

بۇ قېتىم لەمجىن[1] تەرەپكە شىكارغا چىققان سۇلتان ئەھ. مەدخانغا يىلپىز ئوۋلاش ھەۋىسى چۈشۈپ قالغانىدى. تەجرىبىلىك قۇشچى، ئىزچىلار بىلەن ئۇدا ئۈچ كېچە ئۇخلىماي ئىز ـ ئىزلاپ ئاران تەستە بىر چىشى يىلپىز ئوۋلىيالىدى. بىراق بۇ ئوۋ غە. نىيمىتىگە ئانچە رازى بولمىدى. چۈنكى، ئوۋغا چىقىشتىن ئاۋۋال ھېچ بولمىغاندا ئەركەك يىلپىزدىن ئىككىنى ئوۋلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ــ ئوردىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتسىلە ياخشى ئەمەس ئالىيلىرى، ــ دېدى سۇتئەمگەن باھادىر سۇلتان ئەھمەدخاننى شەھەرگە قايتىشقا ئۈندەپ، ــ ھازىرچە ئوردىغا قايتىپ تۇرايلى. بىر مەزگىل ئۆتكۈزۈپ يەنە شىكار قىلارمىز. پەمىمچە، لەمجىن تەرەپلەرگە قارىغاندا ئايغىر بۇلاق تاغلىرىدا يىلپىز كۆپ ئۇچراي. دۇ. ئەركەك يىلپىزنى شۇ تەرەپتىن ئوۋلارمىز.

ــ زېرىككەن بولسىلا ئۆزلە قايتىپ تۇرسىلا، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان جاھىللىق بىلەن، ــ بايا ئىزچىلارنىڭ يەت. كۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇلار يېقىندىن ئەركەك يىلپىزنىڭ ئىزىنى بايقىغاندەك قىلىدۇ. بۈگۈن ئاخشام چوقۇم ئوۋلىيالايمىز.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ لەمجىنگە كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولاي دەپ قالغانىدى. يىلپىز ئوۋلاش ھەۋىسى كۈچىيىپ كەت. كەنچىمۇ كۈندە ئوۋلاپ تۇرغان بۆكەن، ئارقارلارغا ئانچە رازى ئە. مەس ئىدى. ئىزچىلار كۈندۈزلىرى ئىز ـ ئىزلاپ ئوۋ دائىرىسىنى بەلگىلەيتتى.

ئادەم كۆپ بولسا يىلپىزنى ئۈركۈتۈپ قويۇپ ئوۋلىماق

[1] لەمجىن ــ پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدە.

تەسكە توختايدۇ دەپ ئويلىغان سۇلتان ئەھمەدخان بۇگۇن ئەگەش تۇرۇپ چىققان بەشيۈز نۆكىرىدىن ئەللىك نۆكىرىنى ئېلىپ چېدىرنى ئاقدۆڭ[1]گە يۆتكىگەنىدى. ئۇنى تۇرپانغا قايتىشقا كۆندۈرەلمىگەن سۇتئەمگەن باھادىرمۇ ئىلاجسىز خانغا ئەگىشىپ ئاقدۆڭگە كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ــ ئالىيلىرى، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇدىن بىدار قېلىپ كۆپ چارچاپ كەتتىلە، ــ دېدى قۇشبېگى[2]، ــ بۈگۈن بۇرۇنراق يېتىپ ئارام ئالغايلا. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئاندىن ھەرىكەتلىنەيلى. ئاللاھ خالىسا بۈگۈن كېچە ئەركەك يىلپىز ئۆۋلاش نېسىپ بولۇپ قالۇر.

يىلپىز كېچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا سۇلتان ئەھمەدخان نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىمىغانىدى. شۇڭا قۇشبېگىنىڭ تەكلىپىنى توغرا تاپتى.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى ئۇ، ــ تۇنقاتارلار[3]دىن باشقا نۆكەرلەرمۇ ئۇخلىۋالسۇن.

گەرچە كۈز پەسلى بولسىمۇ، كېچىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. چېدىرنىڭ ئىچىگە ئوتنى بولدى دېگۈچە قالاپ، قېلىن يېپىنىپ ياتقان نۆكەرلەر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىز قالغاچقىمۇ، يېتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چېدىرى ئەتراپىدا كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان تۇنقاتارلارمۇ گۇلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال ئاخشامدىلا مۈگدەشكە چۈشكەنىدى. ئۇلار بىر توپ قارا كۆلەڭگىلەرنىڭ شەپە چىقارماي ماڭغىنىچە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چېدىرىغا يېقىنلىشىۋاتقىنىنى پەقەتلا سەزمىدى. قارا كۆلەڭگىلەر خاننىڭ چېدىرىغا توسالغۇسىزلا يېقىنلاشتى. بىر ـ بىرى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىشقاندىن كېيىن چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. چېدىرنىڭ ئىچى يېلىنجاپ تۇرغان چوغنىڭ

---

① ئاقدۆڭ ــ پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدە.
② قۇشبېگى ــ شىكارغا مەسئۇل بەگ، ئوۋچىلارنى باشقۇرىدۇ.
③ تۇنقاتارلار ــ كېچىلىك مۇھاپىزەتچىلەر.

يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. سۇلتان ئەھمەدخان غەرق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. پەگا تەرەپتىكى گىلەمدە تۆت نۆكەر ئۇلۇك ـ تەتۈر يېتىشقىنىچە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. چېدىرغا كىرگەن قارا كۆلەڭگىلەر سۇلتان ئەھمەدخاننى نىشانغا ئېلىپ ئاستا قەدەم باستى. تۇيۇقسىز بىرى مىس ئاپتۇۋغا پۇتلىشىپ كەتتى. ئاپتۇۋدىنىڭ يېنىدا دەستىلەكلىك تۆت دانە كۇمۇش پىيالە بار ئىدى. ئاپتۇۋا دەل كۇمۇش پىيالە تەرەپكە يىقىلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن چىققان جاراڭلىغان ئاۋاز چېدىرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. شۇ ھامان سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن تۆت نۆكەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى قارا كۆلەڭگىلەر ئىككى نۆكەرنى قىلىچلاپ ئۆلگۈردى. بۇ چاغدا سۇلتان ئەھمەدخانمۇ قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ بولغانىدى. چېدىرنىڭ ئىچىدە بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. خان چېدىرىدىن ئاڭلانغان شەپە سىرتتىكىلەرنىمۇ ئويغىتىۋەتكەنىدى. ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى سەزگەن تۇتقاتارلار قوللىرىدىكى تەبلۋازنى چېلىپ باشقا چېدىردىكىلەرنى ئويغاتتى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن قارا كۆلەڭگىلەر يۈزدىن ئاشاتتى. ئۇلار ئىمكان بار سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چېدىرىنى نىشانلاپ ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى.

— مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، خان ئالىيلىرىنى قوغداڭلار!

سۇتئەمگەن باھادىر ئەتراپىدىكى نۆكەرلەرگە بۇيرۇق بەرگەچ قارا كۆلەڭگىلەرگە زەرب بىلەن قىلىچ چاپاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ياۋنىڭ ئون نەچچە ئادىمىنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. تۇيۇقسىز دولىسىغا تەگكەن قىلىچ زەربىسىدىن سۇتئەمگەن باھادىر دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. قەددىنى رۇسلاپ بولغۇچە يەنە بىر قىلىچ دەل بويىنىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى...

دەھشەتلىك جەڭ بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك داۋام قىلدى. سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن نۆكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەن دۇشمەنلەرنىڭ ھايات قالغانلىرى جېنىنى ئېلىپ قاچقىنىچە تۈن

قويندا غايىب بولدى.

سۇتئەمگەن باھادىرنىڭ قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قاچقانلارنى قوغلاشقا رايى بارمىدى.

— ئېيتە! كىمنىڭ پەرمانى بىلەن كېلىشتىڭ؟ ئاتاماننىڭ كىم؟!

ئېغىر يارىلانغان ئەسىر سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي دىر ـ دىر تىترەيتتى. يارا ئېغىزىدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ماغدۇرسىزلىنىپ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئالىيلىرى.

— جاۋاب بەر مەلئۇن! سېنى كىم ئەۋەتتى؟

— مىرزا ئەلى جوراس...

ئەسىر گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەي جان ئۈزدى. سۇلتان ئەھمەدخانغا مۇشۇنچىلىك جاۋابنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى.

«مىرزا ئەلى جوراس؟ ئەسلىدە مېنى ئاشۇ قېرى توڭگۇز قەستلىگەنىكەن ـ دە. ئويلىمىغانىكەنمەن. مەرھۇم سۇتئەمگەن باھادىر بىر نەچچە قېتىم ئېھتىيات قىلىشىمنى ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، پەرۋا قىلماپتىمەن ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ بىر شۇملۇقنى كۆڭلى تۇيۇپ ئىككى كۈندىن بېرى ئوردىغا قايتىشقا تەۋسىيە قىلغانىكەن ـ دە. ئەمدى دەرھال ئوردىغا قايتاي. خەپ مىرزا ئەلى جوراس! ھەرقانچە نارازى بولساڭمۇ بۇنچىلىك سۇيىقەست قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئۆزۈڭگە قىلدىڭ...»

— تۆتىڭلار قېلىپ مەرھۇم سۇتئەمگەن باھادىرنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىڭلار. قالغانلىرىڭلار مەن بىلەن يۈرۈڭلار. چېدىر ـ بارگاھلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.

سۇلتان ئەھمەدخان توقۇپ تەييارلانغان ئېتىغا مىنىپ تۇرپانغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئەۋەتكەن كاللا كېسەرلىرىنىڭ خۇش خەۋىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان مىرزا ئەلى جوراس ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان

سۇلتان ئەھمەدخاننى كۆرۈپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. لەۋلىرى تىترەپ، زوۋانى گەپكە كەلمىدى. پۈتۈن ئەزايىنى قارا تەر باستى، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

ــ ئالدىلىرىغا تىرىك كېلىشىمنى ئويلىمىغان بولغىيدىلە جانابى ئەمىر! ــ دېدى ئۇ مىرزا ئەلى جوراسقا نەشتەردەك تىكىلىپ، ــ ئەپسۇس، كاللامنى كېسىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن قاتىللىرى ئۆزىنىڭ كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

مىرزا ئەلى جوراس پالاقشىدە يىقىلىپ يەر قاسىدى:

ــ ئازماس ئاللاھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى.

سۇلتان ئەھمەدخان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە جاۋاب بەردى:

ــ بىر قوشۇق قانلىرىدىن كەچسەم مەرھۇم سەركەردە سۇدئەمگەن باھادىرنىڭ قىساسىنى كىمدىن ئالىمەن؟

مىرزا ئەلى جوراستىن قايتا زوۋان چىقمىدى.

ــ كېلىڭلار! ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان نۆكەرلىرىگە قاراپ، ــ مۇنۇ ئاسىي مەلئۇننى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاڭلار. جەددى ـ جەمەتى تىرىك قالمىسۇن!

سۇلتان ئەھمەدخان پەرمانىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ مىرزا ئەلى جوراس قەسرىدىن يېنىپ چىقتى. شۇ ھامان قەسىردىن ئاڭلانغان قىيا ـ چىيا ئاۋازلىرى پۈتكۈل تۇرپان شەھىرىگە ئاڭلاندى.

سۇلتان ئەھمەدخان بۇ قېتىملىق سۇيىقەستكە قاتناشقان بارلىق ئەمىرلەرنى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلىدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇتلەق نوپۇزى تىكلىنىپ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنالمىدى.

ئىككىنچى يىلى ئاراتۇرۇك، بارسكۆل تەرەپلەرگە بېسىپ كىرگەن موڭغۇللارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ھەققىدە مەلۇمات كېلىشكە باشلىدى. ئۇ موڭغۇللارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىدى. تەۋەلىكىدىكى يۇرتلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىگە پەرمان ئەۋەتىپ لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ

ياراغ تەييارلاشقا كىرىشتى. مانا مۇشۇ ئىشلار بىلەن بىر يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

پۇختا تەييارلىق كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاۋۋال بارسكۆل تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەن موغۇللارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇ موغۇللارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بىلەن بولدى قىلمىدى. موغۇل دالاسىدا لەشكەرلىرىنىڭ ئات تۇيىقى تەگكەنلىكى زېمىننى رەھىمسىزلەر ـ چە قانغا بويىدى. دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغان موغ ـ غۇللار سۇلتان ئەھمەدخانغا «ئالاچەخان»①، دەپ لەقەم قويىدى.

مانا بۇ يىل ئاراتۇرۇك تەۋەسىنى موغۇللاردىن تازىلاپ نۇسرەت بىلەن قايتىۋاتاتتى.

كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان بولسىمۇ، چۆللۈك تېخىچىلا ئىس ـ سىق ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئەمدىلىكتە ئۇسسۇزلۇقتا بەرداش ـ لىق بېرەلمەي قالغانىدى. پات ـ پات لەۋلىرىنى يالايتتى. تامغاقلى ـ رى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنىدى. كۆز ئالدىغا تۇرپاندىكى سۈپسۈ ـ زۈك، مۇزدەك كارىز سۈيى كېلىۋېلىپ، تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇ ـ رۇۋېتەتتى. ئۇ ياندىشىپ كېلىۋاتقان نۆكەر بېشىغا قارىدى:

— سۇ بارمۇ؟

— بار ئالىيلىرى.

نۆكەر بېشى نەقىشلىك چاناشنى قوش قوللاپ ئۇزاتتى. سۇلتان ئەھمەدخان چاناشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سۇدىن ئىككى يۇ ـ تۇم ئىچىپ توختىۋالدى. چاناشتىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىد ـ ۋەتسىمۇ ئۇسسۇزلۇقى قانمايدىغاندەك قىلاتتى. ئىسسىپ ئىلمان بولۇپ قالغان سۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ لەززەتلىك تېتىپ كەتكەنىدى.

— باشقا نۆكەرلەرمۇ گېلىنى نەمدىۋالسۇن، — دېدى ئۇ چا ـ ناشنى نۆكەر بېشىغا بېرىۋېتىپ.

«جەننەتماكان پەدەرىمنىڭ يۈزىنى ھامىنى كۆرەلمىدىم. ئەم ـ دى تاشكەنتكە بېرىشقا ئالدىرىماي، گەرچە تەسەررۇپۇمدىكى جايلارنى موغۇللاردىن خالاس قىلغان بولسامىمۇ، ماڭلايسۆيە ۋادى ـ

① ئالاچە ــ موغۇل تىلىدا «قاتىل» دېگەن مەنىدە.

سى تېخىچىلا مىرزا ئابابەكرى دېگەن ئاسىي مۇناپىقنىڭ ئىلكىدە
تۇرماقتا. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئاتام ماڭلايسۆيەنى ئۇنىڭ
چاڭگىلىدىن خالاس قىلىشقا كۆپ قېتىم نىيەت قىلغان بولسى-
مۇ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەي تولىمۇ ھەسرەت چەككەنىدى.
ماڭلايسۆيەنى ئىلكىمگە ئالماي تۇرۇپ تاشكەنتكە بارغىنىمنىڭ
نېمە ئەھمىيىتى؟ بۇ بۈيۈك مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ
تاشكەنتكە بارساممۇ جەننەتماكان ئاتامنىڭ روھى خۇش بولماسلى-
قى مۇمكىن. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى ماڭلايسۆيەگە لەشكەر تار-
تىپ نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن ئاندىن تاشكەنت سەپىرىنى ئويى-
لىشارمەن... شۇ چاغدا خاتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپ بېرىپ خان
ئانىلىرىمغا، خان ئاكامغا سالام بېرەرمەن. راست، ئۇلار تېخى
پەرزەنتلىرىم بىلەن دىدارلىشىپ باقمىدى. ئۈچىنچى خانزادەم سە-
ئىدخان تىلى چىققاندىن بېرى تاشكەنتنىڭ، بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ
غەلۋىسىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاجايىپ بىر بالا بولدى دېسە ئۇ.
غەلىتە ـ غەلىتە سوئاللارنى سوراپ تۇرۇۋالىدۇ تېخى. چوڭ بولسا
قانداقراق ئادەم بولاركىن. ئىشقىلىپ تەڭرىتائاللاھ ئۆمرىنى بەر-
گەي...»

شۇ تاپتا ۋۇجۇدى ئىشەنچكە تولغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ
ۋۇجۇدىنى پەرزەنت ئىشقى چۇلغىۋالغانىدى.



تاشكەنت.

بۇ يىل كۈز ياخشى كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى سۆيۈملۈك
خانىشى قاراكۆز بېگىم بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشنى ئىستىدىمۇ
ئەيتاۋۇر، تومۇزدىن باشلاپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ھاۋالىق چا-

ھارىبىغىغا چىقىۋالغان سۇلتان مەھمۇدخان ئوردىغا قايتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي كۈنلىرىنى بەزمە ـ زىياپەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاراكۆز بېگىمگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. شەھەردە تۇرسا ئوردا ئىشلىرى ئاز كەلگەندەك ھەرەمدىكى خانىش ـ بانۇلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن داتلاپ بېشىنى ئاغرىتاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قاراكۆز بېگىمنىلا ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكىنىنى بىلگەن خانىشلار دەسلەپتە غوۋغا كۆتۈرۈپ باقتى. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ باغ سەيلىسى قىلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈشتى، ئەمما سۇلتان مەھمۇدخان ھېچقايسىسىنىڭ تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇلار كۈتكىنىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئارىدىكى رەشك ـ ئاداۋەتلىرىنى قايرىپ قويۇپ، چوڭ خانىشنى ئارىغا سالدى.

شۇ كۈنلەردە بارلىق ئىشتىياقى بىلەن قاراكۆز بېگىمگە باغلىنىپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخان باشقا خانىش ـ بانۇلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

چوڭ خانىش ئۆزىنىڭ شاھ ئەۋلادلىق سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شەھەر سىرتىدىكى كۆچمە ئوردىسىغا كەلگەنمۇ بولدى. بىراق، سۇلتان مەھمۇدخان قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي، بىر بۇيرۇق بىلەن ئۇنى ھەرەمگە قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خانىشلارنىڭ غوۋغاسى بېسىققان بولدى.

ئوردا ئىشلىرىنى ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن دوستى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىغا تاشلاپ بېرىپ خاتىرجەم بولغان سۇلتان مەھمۇدخان كۈنلىرىنى قاراكۆز بېگىم بىلەن مۇھەببەتنىڭ شېرىن دەملىرىگە چۆكۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

سەمەرقەنتتىكى خانلىق مەدرىسەسىدە زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىنىڭ تەربىيەسىگە نائىل بولغان قاراكۆز بېگىم، خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ئارىغا چۈشۈپ سۈلھى قىلىشى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخانغا ياتلىق بولۇپ، تاشكەنتكە كەلگەن

ۋاقىتتا قىرىق تۆگىلىك قىز مىيلى قاتارىدا بىر نەچچە ساندۇق
كىتابىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەنە ئاشۇ كىتابلارنىڭ ئارى-
سىدا ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا مۆ-
ھۈردار بولۇپ ياشاۋاتقان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بىر
نەچچە پارچە كىتابىمۇ بار ئىدى. ھەئە، قاراكۆز بېگىمنىڭ شېئىر
يېزىشقا ئالاھىدە ھەۋىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى ئەسلىدىنلا
شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىدىغان، خۇشى تۇتۇپ قالغاندا ئانچە ـ
مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىدىغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شېئىرد-
يەتكە بولغان ھەۋىسىنى قايتىدىن قوزغاپ قويغانىدى. ھەر كۈنى
شاراب ئىچىپ، ساز ئاڭلاشتىن، رەققاسلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆ-
رۈپ، ئوردا قىزىقچىلىرىنىڭ لەتىپىلىرىنى ئاڭلاشتىن زېرىككەن
سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراكۆز بېگىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن
شېئىر ئوقۇش، شىر كەيپ ھالەتتە ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىش
باشقىچە مەنىلىك، يېڭىلىق تۇيۇلغانىدى. زامانىسىنىڭ كاتتا شا-
ئىرلىرىنىڭ نۇرغۇن نەزمىلىرىنى يادقا بىلىدىغان قاراكۆز بېگىم
ھەر كۈنى دېگۈدەك شېئىر يادلاپ بېرەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان
بولسا بىردە مەلىكىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا، بىردە پاساھەتلىك
مىسرالارغا ئەسىر بولۇپ، ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمەتتى. ئۆزىگە
يارىغان غەزەللەرنى مەلىكىگە قايتا ـ قايتا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى.
گاھىدا بىرەر مىسرانىڭ مەنىسىگە تەبىر بېرىپ مۇنازىرىلەشسە،
گاھىدا ئۆزىچە تەخمىس يېزىپ باقاتتى.

بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھامنىڭ
تۈرتكىسىدە قولىغا قەلەم ئالغان سۇلتان مەھمۇدخان يازغان غە-
زەلنىڭ ئاخىرىنى كۆڭلىدىكىدەك چۈشۈرەلمەي خېلىلا زورۇق-
تى. قاراكۆز بېگىم ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن قول-
دىكى «دىۋان سەككاكى» نى ئىچىدە ئوقۇۋاتاتتى.

ـــ شاراب!

گېلى قۇرۇپ كەتكەن سۇلتان مەھمۇدخان يېنىدىكى خىيال

سۇرۇپ تۇرۇپ قالغان مەھرىمىگە گۆلەيدى.

مەھرەم چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى ـ دە، شىرەنىڭ بىر بۇرجەكىدىكى قۇرۇقدىلىپ قالغان ھېقىق جامغا شاراب قۇيدى. سۇلتان مەھمۇدخان شارابنى ھۇزۇرلىنىپ سۇمۇرگەندىن كېيىن نەزەرىنى بىر ياقتا ئولتۇرغان قاراكۆز بېگىمگە ئاغدۇردى. شۇ تاپتا قاراكۆز بېگىم بارلىق ئەس ـ يادى بىلەن قولىدىكى كىتابقا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

ــ مەلىكەمنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلىۋالغان سەككاكى ھەزرىتىمنىڭ قايسى غەزىلىكىن؟

قاراكۆز بېگىم كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تاتلىققىنە كۈلۈمسىرىدى:

ــ ئانھەزرىتىم ئاڭلاشنى خالامدىكىن؟

سۇلتان مەھمۇدخان مەلىكىگە ئوتلۇق تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ مىڭ جان بىلەن.

قاراكۆز بېگىم نەزەرىنى كىتابقا قايتا يۆتكىدى ـ دە، شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

*كۆرۈپ گۇلدەك يۈزۈڭ جان پارە ـ پارە،*
*جىگەر ھەم قىلدى ئول جان پارە ـ پارە.*
*جانىم كۆرگەن جەفانىڭ مىڭدە بىرىن،*
*بولۇر گەر كۆرسە سەندەل[①] پارە ـ پارە.*
*كۇلەردە كۆرسە ئاغزى بىرلە تىشىن،*
*بولۇر گۇلنارى خەندان پارە ـ پارە.*
*نى تاڭ مۇندا ئۆزىن چاك ئەتسە غۇنچە،*
*ئانىڭدىن بولدى چەندان پارە ـ پارە.*
*باغىر قان قىلدى ئەرىندىنۇ[②] بولدى.*

① سەندەل ــ تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى.
② ئەرىندۇ ــ لەۋ، كالپۇك.

*كۆزۈمدە لەئلۇ ــ مارجان پارە ــ پارە.*
*ساقاقىن① كىش② ياقاسى ئۆپكەندىن،*
*جانىم چاكۇ گىريان③ پارە ــ پارە.*
*كۆڭۈل سەككاكىمدەك جان بىرلە رازى،*
*جىگەرنى قىلسا ئۇل جان پارە ــ پارە.*

قاراكۆز مەلىكە شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ «قانداقكەن؟» دېگەندەك قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا مەنىلىك قاراپ قويىدى.

ــ سەككاكى ھەزرىتىمنىڭ يۈرىكىنى پارە ــ پارە ئەيلىگەن ئۇل گۈلسەنەم ھەرقانچە لاتاپەتلىك بولسىمۇ يەنىلا سىلىنىڭ قولىلىرىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كۇلۇپ، ــ ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ، ناۋادا سەككاكى ھەزرەتلىرى سىلىنىڭ ئاي جامالىرىنى كۆرگەن بولسا شۇ ھامان جان تەسلىم قىلارىكەن. ئۇل چاغدا بۇنداق پاساھەتلىك شېئىرنى يېزىش ئۇل ھەزرەتكە نېسىپ بولمايتتى.

ــ يالغان ئېيتمىسىلا.

ــ قانداق دەيدىلا مەلىكەم؟

ــ سەككاكى ھەزرەتلىرىنى مېنىڭ جامالىمنى كۆرسە شۇل ھامان جان تەسلىم قىلاتتى دەيدىلا ــ يۇ، ئەمما سىلى ھېچنېمە بولمىدىلىغۇ ئەمىسە؟ شۇڭا دەيمەن، بىر بولسا مېنىڭ جامالىمغا بەرگەن تەرىپلىرى يالغان، بىر بولسا ماڭا بولغان ئىشقلىرى يالغان.

قاراكۆز بېگىم شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى.

ــ سىلىگە گەپ تېپىپ بەرمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، ــ

① ساقاقىن ــ ئېڭىكىنى.
② كىش ــ جۇۋا.
③ گىريان ــ يىغلىغۇچى، يىغا.

دىدى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە قاراكۆز بىگىمنىڭ قولىنى ئەكىلىـ
كۆكرىكىگە ياقتى، ــ ھىس قىلالىدىڭمۇ، يۈرىكىمنىڭ قۇياش
تەك تەپتىنى، ھىلىمۇ تەلىيىمگە ۋىسالىڭلارغا يىتەلىدىم. شـ
ۋەجدىن ھايات ياشاۋاتىمەن. سىلىدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنۈم بـ
يۈرەكىمۇ شۇ ھامان سوقۇشتىن توختايدۇ.

ــ ئاللاھ ئىگەم پاناھىدا ساقلىسۇن. ئاغزىڭلارنى ئۇششۇت
مىسلە ھەزرىتىم، ــ ئۇ شىرەدىكى قەغەز ـ قەلەمگە لاپپىد
قاراپ قويۇپ سورىدى، ــ نەزمىلىرى پۈتۈپ قالدىمۇ؟

ــ ئايىغىنى چۇشۇرەلمەيۋاتىمەن. ئەسلىدە سىلىگە بولغان
ئىشقىمنى مۇشۇ نەزمەم ئارقىلىق ئىزھار قىلاي دىگەنىدىم. ئەپ.
سۇس، بۇگۇن بولمايدىغان ئوخشايدۇ. زورۇققۇم كەلمىدى.
شۇنداقتىمۇ نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ بىر غەزىلى ئارقىلىق كۆڭ.
لۇمنى بىلدۇرەي.

ــ نەزم نەۋايى ھەزرىتىمنىڭ بولغىنى بىلەن، ئىشق خىتابى
ئانھەزرىتىمنىڭدۇر. قىنى مەرھەمەت قىلغايلا.

سۇلتان مەھمۇدخان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن نەزمنى
ئوقۇشقا باشلىدى:

*كىمگە يەتكەي ئىشقى دەردۇ داغىدىن ئافەت ئاڭا،*
*داغى مۇھرى سەلتەنەتتۇر، دەرد ئىرۇر سىھھەت① ئاڭا.*
*ئىشق كويى تۇفراغى بىر كىميادۇركىم ئىرۇر،*
*يۈز قۇياش ئىكسىرىچە، بەلكىم فۇزۇن② قىممەت ئاڭا.*
*ئىشق دەيرى③ بەزمىنىڭ سىنغان سافالى ئىچرە مەي،*
*كىم ئىچۇر جەمشىدى جامىن تانلاماس ھىممەت ئاڭا.*

① سىھھەت ــ سالامەتلىك، ساقلىق.
② فۇزۇن ــ زىيادە، كۆپ، ئارتۇق.
③ دەيرى ــ مەيخانا.

ھەر چۇ بولغان تارىدۇر ئەفلاك[1] قەسرىغە كەمەند،
ئۇلكى بولسا ئىشق ئەسكى شالىدىن كىسۋەت ئاڭا.
چۈن تۇشەر ئاشىق تەنىغە ئىشق ئوتىنىڭ شۇئلەسى[2] ،
ئۇيلە شاھدۇركىم، ئېرۇر زەر بەفتىدىن خىلئەت[3] ئاڭا.
ھەر شەرەر ئول شۇئلەدىن بىر بەرق ئېرۇركىم كۈل قىلۇر،
لەمئەدىن[4] يۇز شاھ تەختۇ تاجىنى ھىرقەت[5] ئاڭا.
ئىشق ئوتى باشىغە تۇشكەنكىم ئول ئۆيدىن چىقسا دۇد،
شاھ زەررىن تاج ئىلە چاترىغە[6] نى ھاجەت ئاڭا.
تاجۇ دۆلەت بەرسە ئىشق ئوتىدىن ئالىپ بىر شەرەر[7] .
بۇكى ئۆرتەر ئۆزلۇكىن، يەتمەسمۇ بۇ دەۋلەت ئاڭا.
ساقىيا بىر بادە[8] تۇت دەۋزەخ ئوتىدەك ھىرقەتى،
لىبك[9] جەننەت كەۋسەرىدەك لىۋن ئىلە سەفۋەت ئاڭا.
تا ئىچىپ دەۋزەخكە ھەم كىرسەم سىرىشكىم[10] سەيلىدىن[11] ،
قالماغاي خەلق[12] ئۆرتەمەكدە شىددەتۇ ھىددەت[13] ئاڭا.
ئەي نەۋايى، نەزمىڭ ئەسرۇ سادە ئېردى، قويدى يۇز.
شاھى ئىسلاھىدىن ئانچە زىب ئىلە زىننەت ئاڭا.

---

① ئەفلاك ــ ئاسمان ـ پەلەك.
② شۇئلەسى ــ ئوت ـ يالقۇنى.
③ خىلئەت ــ تون.
④ لەمئەدىن ــ شولىدىن، نۇرىدىن.
⑤ ھىرقەت ــ كۆيدۇرۇش.
⑥ چاترىغە ــ شاھانە چېدىر.
⑦ شەرەر ــ ئۇچقۇن.
⑧ بادە ــ مەي، شاراب.
⑨ لبك ــ ئەمما، لېكىن.
⑩ سىرىشكىم ــ كۆز ياش.
⑪ سەيلىدىن ــ كەلكۈندىن، سەلدىن.
⑫ خەلق ــ ئەمما.
⑬ ھىددەت ــ ئۆتكۈر، تېز.

نەزمنى ئاڭلاپ قاراكۆز بېگىم ھاياجانلانغان ھالدا كۆزىـ
ياش ئالدى:

— ئانھەزرىتىمنىڭ كەمىنە ئاجىزەسىگە شۇقەدەر ئەقىـ
باغلاپ ئەتىۋارلىغىنىغا، كۆڭۈل تەختىدىن ئورۇن بېرىپ سۆيگ
ئاتا قىلغىنىغا مىڭ ـ مىڭ ھەشقاللا، ھەزرىتىمنىڭ ئىشق
پىراقى مىسالى چوغ بولسا، كەمىنەنىڭ ئىشق ـ پىراقى مىسالـ
گۈلخاندۇر. ئىشقنىڭ دەلىلى كۆيۈش ۋە ئېرىمەكتۇر. پەرۋانىغ
كۆيمەك ۋە ئۆرتەنمەك ئادەت. بۇلبۇلغا ھەرقاچان قىزىلگۈل ئىشـ
قىدا نالە ـ زار ۋە پەرياد چېكىشتىن ئۆزگە ئىمكان يوقتۇر. ئـا
ھەزرىتىم كەمىنە ئاجىزەلىرىنى ئاشۇ پىداكار پەرۋانە ياكى ساد
قەتمەن بۇلبۇل دەپ بىلگەيلا.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنـ
ـدى. ئۇ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا يۇگۈرۈپ دې
ـگۇدەك كەلگەن خاس مەھرەم ئېگىلىپ سالام بەردى:

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي.

سۇلتان مەھمۇدخان بىمەھەل كىلىپ كەيپىنى ئۇچۇرغار
خاس مەھرەمگە ئالايدى:

— نېمە گەپ؟

— ۋالىدەئى مېھرىبانلار قەدەم تەشرىپ قىلدى.

ئانىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخار
بەكمۇ تاساددىپىلىق ھېس قىلدى.

«ئۇلار ئەندىجاندا ئەمەسمىدى، قانداقسىگە...»

ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رەغدى بارماي
ئالدىراپ سورىدى:

— خان ئانىلىرىم ھازىر نەدە؟

— بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — خاس مەھرەم قويۇق دەل ـ
دەرەخلەر ئارىسىدىكى تار باغ يولىغا بويۇنداپ قارىۋېتىپ داۋاھ
قىلدى، — كېلىپ قالدى ئەنە.

سۇلتان مەھمۇدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ مەھرەمنىڭ يار.

دىمىنى كۈتمەيلا بېشىغا گۆھەردىن كۆز قويۇلغان سەللىسىنى كىيدى. ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمىرىنى زەرباپ تونى-نىڭ ئۈستىدىن باغلىدى. يارشىملىق كىيىنىپ ئولتۇرغان قارا-كۆز بېگىممۇ قېيىنئانىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۈستىبېشىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭغىچە چوڭ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن كىچىك خانىش شاھ بېگىم يېتىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ۋالىدەئى مېھرىبانلىرىمنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

سۇلتان مەھمۇدخان سۇپىدىن پەسكە چۈشۈپ ئىككى ئانى-سىغا قول باغلاپ تۇرۇپ سالام بەردى. مەلىكە قاراكۆز بېگىم ئىلدام كېلىپ ئاۋۋال ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن، ئاندىن شاھ بېگىم بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈش-تى.

ئىككى خانىش سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى، ئاندىن سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن قاراكۆز بېگىمگە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

گەرچە سۇلتان مەھمۇدخاننى كىچىك خانىش شاھ بېگىم تۇغقان بولسىمۇ، ئىسان دۆلەت خېنىم چوڭ خانىش بولغاچقا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنەتتى. ئەزەلدىن ئىنگچە ـ سىڭىللاردەك ئۆتكەن بۇ ئىككى خانىش بىر ـ بىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلىشەتتى. شۇ سە-ۋەبتىنمۇ تا ھازىرغىچە ئوردىدىكى خېلى كۆپ ئەمىر ـ بەگلەر سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئىككى ئوغۇل، بەش قىز جەمئىي يەتتە پەرزەنتىدىن قايسىسىنىڭ قايسى خانىشتىن تۇغۇلغانلىقىنى ئې-نىق ئايرىيالمايتتى.

ــ ۋالىدەئى مېھرىبانلىرىمنى يول ماڭدۇرۇپ قويۇپتىمەن. خەۋەر بېرىۋەتكەن بولۇشسىلا ئالدىلىرىغا باراتتىم ئەمەسمۇ، ــ دېدى ئىككى ئانىسىنىڭ تەرەپپىال كېلىشىدىن سەل بىئەپلىك ھېس قىلغان سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ ئەندىجانغا بېرىشقا چولىسى تەگمە-

گەچكە تاشكەنتكە كېلىشكىمۇ ۋاقتى چىقماسمىكىن دەپ قا
تۇق، ــ دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم تەنە قىلىپ.

سۇلتان مەھمۇدخان ئەيىبكارلارچە بېشىنى ئەگدى.

ھەئە، ھېلىقى سۇخەنچى ئەمىرلەرنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلە
ئەشتە قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قەلئەدىكى ئەندىجان لەشكەرلە
رىنى تامامى دېگۇدەك قىرىپ تاشلىغان سۇلتان مەھمۇدخان بىلە
يېزنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئاداۋەت پەي
بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى خانىش تاشكەنت بىلەن ئە
دىجان ئوتتۇرىسىدا خېلى قاتىراپمۇ ئوغلى بىلەن كۇيۇئوغلى
ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئاداۋەتنى تۈگىتىشكە ئامال قىلالمىدى. ئۇ
نىڭغىچە چوڭ كۇيۇئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەنتتىن
زور قوشۇن تارتىپ كېلىپ قاتتىق يېڭىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوغلى
بىلەن كۇيۇئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەر تېخىمۇ كەس
كىنلەشتى. ھېلىمۇ ياخشى، خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ئارىغ
چۇشۇشى سەۋەبىدىن قاراكۆز بېگىم بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ
بېشى باغلىنىپ، چوڭ كۇيۇئوغلى بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى
ئاداۋەت پەسەيگەن بولسىمۇ، كىچىك كۇيۇئوغلى ئۆمەر شەيخ
مىرزا قېيىنئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن تېخىچىلا خاپا ئىدى.
سۇلتان مەھمۇدخان ئىككى ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئۆمەر شەيخ
مىرزىدىن ئەپۇ سوراپ خەت يازغانىدى، ئەمما ئۆمەر شەيخ مىرز
جاۋاب خەت يازمىدى. پەيلىدىن سۇلتان مەھمۇدخاننى مەڭگۇ ئەپۇ
قىلمايدىغاندەك قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننى ئەندىجانغا بېرىپ
ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن ئۆز ئاغزى بىلەن ئەپۇ سوراشقا كۆندۈرەل-
مىگەن ئىككى خانىش مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال ئۆزلىرى ئەندى-
جانغا بارىدىغان، ئاندىن ئاغرىپ قالغان بولۇپ سۇلتان مەھمۇد-
خاننى ئەندىجانغا كېلىشكە مەجبۇرلايدىغانغا قارار قىلىشتى. لې-
كىن، بۇ چارىمۇ كار قىلمىدى. پۈتۈن ئەس - يادى قاراكۆز بې-
گىمگە باغلىنىپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخان ئانىلىرىنىڭ سالا-
مەتلىكىدىن ئانچە ۋايىم يەپ ئەنسىرەپ كەتمىگەن، ئۇلارنىڭ:

«ئەندىجاندىن ئاغرىپ قالدۇق» دەپ ئەۋەتكەن خەۋىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ــ ئوردىنىمۇ، ھەرەمنىمۇ تاشلاپ تۇرۇۋۇالغۇدەك قانچىلىك ئېسىل باغىكىن دەپتىكەنمەن، ھەقىقەتەن ئېسىللىقى بار ئىكەن، ــ دېدى شاھ بېگىم ئاغرىنغان ھالدا، ــ ئالتە ئاي يازدىن بېرى خان ئالىيلىرىنىڭ مەيلىنى تارتىۋالغىنى يالغۇز مۇشۇ باغلا ئەمەستۇر بەلكىم.

قېيىنئانىسىنىڭ ئۆزىگە دارىتمىلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەلىكە قاراكۆز بېگىم ۋىللىدە قىزارغىنىچە بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى.

ــ ئەل ئارىسىدا خان ئالىيلىرى ھەرىمىنى تەرك ئېتىپتۇ، دېگەندەك پىتنىلەر تارقىلىپتۇ. بۇ دېگەن خانلار ئۇچۇن بەسى ئېغىر ھاقارەت، ــ ئىسان دۆلەت خېنىم لام ـ جىم دېمەي بېشىنى ئەگكەن پېتى ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ ياكى بۇ يەردە تەنبىھ بېرىشنى لايىق كۆرمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، گېپىنى توختىتىپ دەس ئورنىدىن تۇردى، ــ بولدى، بۇ يەردە كۆپ سۆزلىمەي، يۇرسىلە كېلىن قىزىم، ھەرەمگە قايتايلى.

ــ ئالدىرىمىغايلا ۋالىدە، ئاۋۋال بىر پىيالە چاي ئىچىپ...

شاھ بېگىم ئوغلىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ بىزگە ھاردۇق چىيى بەرگىلىرى بولسا ھەرەملىرىدە بەرسىلە.

قاراكۆز بېگىم سۇلتان مەھمۇدخانغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ قېيىنئانىلىرىغا ئەگەشتى.

سۇلتان مەھمۇدخان يەنە ئېغىز ئاچسا ئانىلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ لام ـ جىم دېمىدى.

ئىككى خانىش قاراكۆز بېگىمنى ئۆزلىرىنىڭ مەپىلىرىگە سالدى ـ دە، ئوغلىغا قاراپمۇ قويماي تاشكەنت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ــ دەرھال مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا پەرمانىمنى يەتـ

كۆز، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان نۆكىرىگە قاراپ، ــ بارلىق ئوردا ئەھلى خانىش ئانىلىرىمنىڭ ئىستىقبالىغا چىقسۇن.

ــ باش ئۈستىگە!

نۆكەر ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ــ ئاختىچى قېنى؟ ئېتىمنى ئەكەلمەي نەگە يوقالدى ئۇ كالۋا!

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئاختىچى[1] يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، دۇررى ـ گۆھەرلەردىن زىننەت بېرىلگەن ئاتنى يېتىلەپ كەلدى.

ــ ئانىھەزرىتىمگە مەكتۇپ بار.

ئاتقا مىنىشكە تەمشىلىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسەپلا ئاتقا مىندى ـ دە، قول باغلاپ تۇرغان ھۆدەيچى بەگدىن سورىدى:

ــ كىمدىن كەپتۇ؟

ــ سەرھەد[2]لەرنى قورۇقدىغۇچى سەركەردە مۇھەممەد شەيبانىخان جانابلىرىدىن.

ــ ئوردىغا بارغاندا كۆرەي، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئانچە قىزىقمىغان ھالدا.

ھەئە، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالغان مۇھەممەد شەيبانىخان چېگرانى تىنچىتقۇچى سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ تۈركىستان تەرەپتىكى قازاق سۇلتانلىرى بىلەن تىركىشىۋاتاتتى ۋە پات ـ پات مەلۇمات يوللاپ بىرتەرەپتىن قازاق سۇلتانلىرىنى چېقىشتۇرسا، بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ چېگرىنى قوغداش جەريانىدا تارتىۋاتقان جاپاسىنى پەش قىلاتتى. يەنە بىرتەرەپتىن تىل ياغلىمىچىلىق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخاننى ماختاپ ئۇچۇراتتى. ئاستىرتىن ئۇنى ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن پەخەس بو-

① ئاختىچى ــ مەخسۇس خاننىڭ ئېتىنى توقۇش، تەييارلاشقا مەسئۇل خىزمەتكار.

② سەرھەد ــ چېگرا.

لۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوتىنى ئۇلغايتىشقا تىرىشاتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنىڭ خېلى ئۈنۈمى بار ئىدى. مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ ئاشۇنداق ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشىدىنمۇ ئەيتاۋۇر سۇلتان مەھمۇدخان يېزىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن يارىشىۋېلىش ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ سوراش نىيىتىگە كەلمىگەنىدى.

ئانىلىرى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن قاراكۆز بېگىمدىن بىردەملىك ئايرىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سۇلتان مەھمۇدخان ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئېتىغا قامچا سالدى. ئاچچىق قامچا زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۇركمەن تۇلپىرى قاتتىق بىر كىشنىۋېتىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

100

چاتقال تاغلىرىدىن ئەسكەن كۈز شامىلىنىڭ تەسىرىدە سارغايغان يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ دەل ــ دەرەخلەر يالىڭاچلىنىشقا باشلىغانىدى. بارغانسېرى سەمرىپ چاسا شەكلىگە كىرىپ قالغان ئايجامال ئاغىچا پۈتىنى سەندەل[1]گە تىققىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ھۇجرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى دېرىزىنىڭ نەقىشلىك قاپقاقلىرى شامال تەسىرىدە بىردە ئېچىلىپ، بىردە يېپىلىپ تاراق ــ تۇرۇق ئاۋاز چىقىراتتى. ئەمما بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىغا قىلچىلىك دەخلى يەتكۈزەلمىگەنىدى.

«... رەھمەتلىك مۇرەببىيم ئەجەب تېز كېتىپ قالدى. تۆرت ئوغۇل پەرزەنتىم تۇرۇپ يالغۇز قېلىشىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

① سەندەل ــــ ئىچىگە چوغ سېلىپ، ئۈستىنى يېپىپ قويۇپ ئىسسىندىغان چويۇن ئەسۋاب.

تۆرت ئوغلى بار ئانىنىڭ ئەتراپىدا ھېچبولمىغاندا كېلىن، نەۋرىلىرى بولىدىغان. لېكىن بۇ كاتتا قەسىردە ئۆزۈم يالغۇز غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. قېشىمدا نە ھەمراھ بولۇپ ھال ـ مۇڭ بولىدىغان كېلىن، نە تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان نەۋرەم يوق. قېرىغاندا نىمە كۈن بۇ...»

يېقىندىن بېرى ئايجامال ئاغىچا بارغانسېرى غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈنلەردە ئاغىچا ـ ئايىملارنىڭ كېلىن ـ نەۋرىلىرى ھەققىدىكى ئاغرىنىش-خۇشلۇقلىرىنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ بۇ پاراڭلارغا قېتىلالماي كۆڭلى يېرىم بولۇپ بالدۇرلا قايتىپ كېلەتتى ـ دە، ئۆزى يالغۇز ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. تۈنۈگۈنمۇ ئۇ قايسىبىر ئاغىچىنىڭ خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمنىڭ شەرىپىگە ھازىرلىغان مېھماندارچىلىقىغا كەيپى چاغ بېرىپ، دىلخەستە ھالەتتە شۈمشىيىپ قايتىپ كەلدى.

مېھماندارچىلىقتا ئاۋۋال سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن قاراكۆز بېگىمنىڭ پارىڭى بولۇندى. ئىككى خانىش قاراكۆز بېگىمنى بىر ھازا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. ئاندىن كېيىن پاراڭ كېلىن، كۈيئوغۇل، نەۋرىلەر ئۈستىگە يۆتكەلدى. باشقا ئاغىچا ـ ئايىملارمۇ گەپ ئارىلىقىدا كېلىنلىرىنىڭ غەيۋىتىنى، ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇپ ئەدەپلىگەنلىكىنى، ئوغۇل ياكى نەۋرىلىرىنى ئۆيلەمەكچى بولۇپ كىملەر بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، بولغۇسى كېلىنلىرىنىڭ چىراي، پەزىلىتىنى، قىزلىرى ۋە نەۋرە قىزلىرىغا قايسى بەگ ـ تۆرە قەسىرىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى سۆزلەشتى. پەقەت ئايجامال ئاغىچىلا باشتىن ـ ئاخىر بۇ پاراڭلارغا ئارىلاشماي ئولتۇردى.

ـــ ئەمىرزادىلەرنىڭ توي ئىشىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاندۇ ھەقاچان؟

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئايجامال ئاغىچىنى تەمتىرىتىپ قويـ-
دى.

ـــ ھە... بۇ...

ئۇ خانىشقا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدى. خۇددى يارىسى تاتىلانغاندەك يۈرىكى ئېچىشتى. ئىككى ئوغلىغا ئېخىچىلا كېلىن دىتىلمىغىنىدىن خىجىل بولدى.

خانىشنىڭ بۇ سوئالى ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئىككى ئەمىرزا-
دىسىنى كۆيۈئوغۇل قىلىۋېلىش تەمەسىدە يۈرگەن ئاغىچا ـ ئا-
يىملارغا گەپ كوچىلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

ـــ مەرھۇم سەر ئەمىرنىڭ يىلى توشۇپمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئەمىرزادىلەرنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش ئىشىغا تۇ-
تۇنسىلا.

ـــ ئېزرەك كېلىن ئەكىرىپ نەۋرە كۆرمەمدىلا.

ـــ ئەمىرزادىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى بارمىكەن ـ يا؟

ـــ ئاغىچا ئايىمنى كاشغەردىن كېلىن ئەكىلەرمىش، دەپ ئاڭلىدۇق.

ـــ ياقەي، تۇرپاندىن كېلىن ئەكىلەرمىش، دەپ ئاڭلىغان.

ـــ ئۇنچە يىراققا كۆز تىكمىسىلىمۇ تاشكەنتتىن كېلىن ئېپىلاتتى.

ـــ بىلمىدۇق، تاشكەنت گۈزەللىرىگە ئەمىرزادىلەرنىڭ مەيـ-
لى يوقمىكىن؟

ـــ ئەمىرزادىلەرنىڭمۇ دىمىقى ئۇنچە ئۈستۈن ئەمەستەك قىـ-
لىدۇ.

ـــ چوڭ ئەمىرزادە بىلەن خان ئالىيلىرى خۇددى ئاغا ـ ئىـ-
نىلەردەك يېقىن ئۆتىدىكەن دىسە.

ـــ نېمىلا دېگەن بىلەن ئىككى ئەمىرزادە ھەم ئىستېداتلىق، ھەم ۋاپادار يىگىتلەردىن بولدى.

ـــ ئۇلارغا قاراپ كۆيۈئوغۇل قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ كىشىـ-
نىڭ.

ئايجامال ئاغىچا ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى.

— ئەمىرزادىلەرنىڭ توي ئىشىنى ئەمدى كېيىنگە تارتمىسىلا، — دېدى خانىش شاھ بېگىم.

— شۇنداق، — دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم، — تاشكەنت تەۋەسىدە قىز سوراپ كىمنىڭ ئىشىكىنى قاقسىلا ھەرگىز ياق دېمەيدۇ.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ بۇ گېپى تۈنۈگۈندىن بېرى ئايجامال ئاغىچىنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمىدى. قەسىرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ توختىماي مۇشۇ توغرۇلۇق خىيال سۈردى.

«خانىش ئايىمنىڭ بۇ گېپىدە بىرەر مەنا بارمىكىن؟ شۇنداق، قىز سوراپ كىمنىڭكىلا ئىشىكىنى قاقسام ياق دېمەيدۇ. راست، خانىش ئايىمنىڭمۇ تېخى ياتلىق بولمىغان ئىككى مەلىكىسى بار. ناۋادا ئۇلارنى ئەمىرزادىلىرىمگە سورىسام قانداق بولار؟ ھېلىقى گەپنى ئاشۇ مەلىكىلىرىگە ئىشارە قىلىپ دېگەندىمۇ ـ يا؟ ئەمىرزادىلىرىمنىڭ دادىسى بىلەن مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ھايات بولغان بولسىغۇ بۇ ئىشلارغا مېنىڭ باش قاتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىر پۇرسەتنى تېپىپ ئاستا پۇردىتىپ باقايمۇ ـ يا؟ ھە، ئاۋۋال چوڭ ئەمىرزادەم مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىدىن گەپ ئېلىپ بېقىپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلەي. قىزى بار ئۆي خان كۆۋرۈكى، دەپتىكەن. ئۇنىڭدىن بايمۇ، گادايمۇ ئۆتىدۇ. ئەمىرزادىلىرىمنىڭمۇ خان ـ سۇلتانلارغا كۈيئوغۇل بولغۇچىلىكى بار...»

ئايجامال ئاغىچا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

«مىرزا ئابابەكرى خانغا ئاسىيلىق قىلىپ ماڭلايسۆيەنى ئىگىلىۋالمىغان بولسا، ئىنىلىرىنىڭ ئىشىغا ئاتا ئورنىدا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۆمەر مىرزا سەمەرقەنتكە بىر بېرىۋالغىنىچە ئىككىنچىلەپ قارىسىنى كۆرسەتمىدى...»

ئايجامال ئاغىچا مەرھۇم سانىز مىرزىدىن بولغان ئىككى ئوغلىنى ئېسىگە ئالسا ئىچى ئاچچىق ھەسرەتكە تولاتتى. ئەينى يىلى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن قەشقەرگە بارغىنىدا ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۇيياقتا تۇرسۇن، خۇددى جىنايەتچىگە مۇئامىلە قىلغانلىقى ئىككىسىلەننى بىر يىل غىچە زىندانغا سالغىنىنى ئويلىسا يۈرىكى مۇزلايتتى. ئاشۇ ۋاپاسىز، رەھىمسىز ئوغلىنىڭ سەۋەبىدىن كۆزى ئەما قىلىنغان ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەر مىرزىنى ئېسىگە ئالسا ۋۇجۇدىنى پۇشايمان، خىجالەت تۇيغۇلىرى چىرماپ يۈرىكى ئېچىشاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ سەمەرقەنتتە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئۆمەر مىرزىغا بىر نەچچە قېتىم خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورىدى. ئەمما بىر پارچىمۇ جاۋاب خەت تاپشۇرۇپ ئالالمىدى، سەمەرقەنتكە بېرىپ ئۆمەر مىرزىنى كۆرۈپ كېلىشكە نىيەت قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا: «بىكار ئاۋارە بولىلا، ئەڭ ياخشىسى بارماي قويسىلا. ئۆمەر مىرزا سىلى بىلەن ھەرگىز كۆرۈشمەيدۇ. بىلىپ تۇرۇپ دىلخەستىلىكلىرىنى كۆپەيتىۋالمىسىلا» دەپ ئالدىنى توسۇغاندى.

«ھەي ئىسىت، شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ بارمىغان بولغىيتتىم. ئۆمەر مىرزا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغان تەقدىردىمۇ چىرايىنى كۆرۈۋالاتتىم ئەمەسمۇ. بەلكىم مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلماسمۇ بولغىيتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى باراي دېسەم يىراق سەپەرگە تاقىتىم يار بەرمەيدۇ. مېنى كەچۈرسىلە ئوغلۇم. ئاشۇ چاغدا ئاغىلىرى ئابابەكرى مىرزىغا ئاشۇ خەتنى يازمىغان بولسام سىلى بۇ ئاقىۋەتكە قالمايتتىلە. ھەممىسى ئاغىلىرىنىڭ سەۋەنلىكى، ئاغىلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇنچىلىك قارىلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. قايسى بىر ئانا ئوغلىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرمىسۇن. ياخشى نىيىتىم يامان نەتىجە بەردى...»

ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەن خىزمەتكار ئايال ئايجامال ئاغىچىـ

نىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

ــ مەلۇم بولغاي، چوڭ ئەمىرزادەم كەلدى.

ــ باشلاپ كىرسىلە، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا كۆز چاناق-
لىرىدىكى ياشنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا. ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

ئايجامال ئاغىچا بوي ـ بەستى دادىسى مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزىنى تارتقان ئوغلىغا مېھرى بىلەن قارىدى.

ــ كەلسىلە، ــ دېدى ئۇ سەل قىمىرلاپ قويۇپ، ــ ئە-
مىرزادەمنىڭ يادىدا مەنمۇ باركەنمەن ـ ھە!

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئانىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن
قېيداپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي بېشىنى ئەگدى:

ــ سىلىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي ئانا، ــ دېدى ۋىللىدە
قىزىرىپ، ــ ئوردا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ئال-
دىلىرىغا ۋاقتىدا سالامغا كېلەلمىدىم. جانابى خان ئالىيلىرى...

ــ بولدى چۈشەندۈرمىسىلە. ئوردا ئىشلىرى بىلەن ئال-
دىراشلىقلىرىنى بىلىمەن، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا چىرايىغا
سۈس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ كەلسىلە، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر-
سىلا.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىپ بولۇپ
ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

ــ بىرەر زۆرۈر ئىش بارمىدى ئانا؟

ــ زۆرۈر ئىشىم بولمىسا سىلى بىلەن مۇڭداشسام بولما-
دىكەن؟ ــ ئايجامال ئاغىچا يەنە قاپىقىنى تۈردى، ــ چاقىرتمى-
سام كېلىپ قويايمۇ دېمەيدىلا. ئەمدى قارىلىرىنى كۆرسىتىپلا يە-
نە نەگە ئالدىرايدىلا.

تەڭقىسلىقتا قالغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئالدىراش
چۈشەندۈردى:

ــ خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەھدىلىشىپ قويغا-

نىدىم. ۋاقتىدا بارمىسام ئالىيلىرىغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.
ئايجامال ئاغىچا ئوغلىنى يېنىدا تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
ــ خان ئالىيلىرىمۇ زە... ــ دېدى ئۇ غۇدۇراپ، لېكىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا قول باغلىغىنىچە لام ـ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا ئۇ خېلىدىن بېرى ئانىسى بىلەن قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىپ باقمىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ قاتتىق خىجالەت تارتىۋاتاتتى.
ــ بوپتۇ بارسىلا، ــ دېدى ئانا ئوغلىنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا مېھرى بىلەن قاراپ، ــ ئەتىگىچە يېنىمدا ئۇزاقراق تۇرغۇدەك بولۇپ كەلسىلە. مەسلىھەتلىرىگە سالىدىغان مۇھىم ئىش بار. ئىنىلىرى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىمۇ دەپ قويسىلا، قېشىمغا پات ـ پات كېلىپ تۇرسۇن. بارچە خالايىق ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئىككى ئەمىرزادىسى بار، دەپ ماڭا ھەۋەس قىلىشىدۇ. ئەمما ھال ـ مۇڭ بولاي دېسەم بىرىمۇ يوق. ئوردا ئىشلىرى دېگەن قىلسا ـ قىلسا تۈگىمەيدۇ.
ــ ماقۇل ئانا. سىلىمۇ ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا. سىلىنى يالغۇز تاشلاپ قويغىنىمغا تولىمۇ خىجىلمەن.
ــ شۇنى بىلسىلە بولدى. ھېچ بولمىسا يېنىمدا ھەمراھ بولىدىغان كېلىنىم بولسىمۇ بۇنچە يالغۇزلۇق تارتمايتتىم.
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئانىسىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلمىگەن بولۇپ ئىجازەت سورىدى :
ــ مەن ماڭاي ئەمىسە.
ــ خۇدايىمغا ئامانەت. ياراتقان ئاللاھ ئىگەم تېخىمۇ ئەزىز قىلار.
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئانىسىغا سالام بەجا كەلتۈردى ـ دە، ئالدىراش سىرتقا ماڭدى.

※ ※ ※

ئوردىغا قاراپ كېتىپ بارغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ قۇلىقىدا ئانىسىنىڭ: «ھېچ بولمىسا يېنىمدا ھەمراھ بولىدىغان كېلىنىم بولسىمۇ بۇنچە يالغۇزچىلىق تارتمايتتىم» دېگەن سۆز-لىرى توختىماي جاراڭلايتتى. ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان نۆكەرلىرى ئۇنىڭ خىيالغا چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ خىيالىنى چالغىتىشقا پېتىنالمىدى.

«ھېلىمۇ ئانام كۆپ سەۋر ـ تاقەت قىلدى. شۇنچە يوغان قەسىردە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئەلۋەتتە غېرىبسىنىدۇ ـ دە، نېمانچە ئۆزۈمنى ئازابلايمەن. ھېچ بولمىسا كۆڭۈل سىرىمنى ئاشكارىلىدا-سامۇ خېلىلا يەڭگىللەپ قالاتتىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى يەنە ئىككى-لىنىپ يۈرمەي. بۇ يارامسىزلىقىمنى بىلىپ قالسا مەلىكە خۇبىند-گار خېنىم قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ھەر قېتىم يازغان خېتىدە مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىشتا ئەجەب بىر قور-قۇنچاقلىق قىلدىما...»

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ھەر قېتىم ئانىسىنىڭ ئاشۇنداق ۋايساشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ۋە ياكى ھەرەمنىڭ قاتمۇقات ئېگىز سېپىللىرى ئىچىدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان مەلىكە خۇبىند-گار خېنىمنى سېغىنىش ئىلكىدە خىيال قىلغىنىدا ئۆزىنى توخ-تىماي ئەيىبلەيتتى. كۆڭۈل سىرىنى ياكى ئانىسىغا ياكى دوستى سۇلتان مەھمۇدخانغا بىلدۈرەلمەي جىلە بولاتتى. ئىشق ئوتىدا پۇچۇلىناتتى.

«ئانامنىڭ رەنجىشىمۇ ھەق. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىمدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتىم. مەلىكە خۇبىنگار خېنىم-نىڭ گېپىنى ئاۋۋال ئانامغا ئېيتقىنىم تۈزۈكمىدۇ ياكى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا ئېيتقىنىم تۈزۈكمىدۇ؟ ئىشقىلىپ ئەمدى ئىككى تايىن بولۇپ يۈرۈۋەرمەي. قايسىسىغا ئاۋۋال دېيىشكە

پۇرسەت بولسا شۇنىڭغا دەي. ھەي ئىسىت، بۈگۈن ئانام بىلەن ئۇبدان مۇڭدىشىدىغان پۇرسەت ئىكەندۇق...»

سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئىپسىگە ئالغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئىپتىغا يەڭگىل قامچا سالدى.

ھەئە، ئۇ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەھد قىلىپ قويغانىدى. گەرچە خاننىڭ ۋاقىتقا ئانچە رىئايە قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇرۇنراق بېرىپ خاننى ساقلىماقچى بولدى. ئەزەلدىن ئوردا يوسۇنى شۇنداق. ئەمىر بولغۇچى خاننى ساقلايدۇ. خاننىڭ دەل ۋاقتىدا كېلىش ـ كەلمەسلىكى باشقا گەپ.

ئۇ شاھنىشىننىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئادالەت سارىيىدا سۇلتان مەھمۇدخاننى بىر ئاش پىشىم ساقلىدى. خاننىڭ خاس كۇتۇپخانىسىغا ياندىش جايلاشقان ئادالەت سارىيىدا ئوردىنىڭ مۇھىم لەشكىرىي ئىشلىرى مەخپىي كېڭەش قىلىناتتى. شۇڭا بۇ يەرگە مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىدىن باشقا ھەرقانداق ئەمىر ـ سەركەردە خاندىن ئىجازەتسىز كىرەلمەيتتى. سۇلتان مەھمۇدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېقىن دوستى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا ئۆزى بىلەن ئىجازەتسىز كۆرۈشۈش ھەم كۇتۇپخانا، ئادالەت سارىيى ۋە ھەرەمنىڭ سىرتىغا جايلاشقان ھۇجرىسىغا ئىجازەتسىز كىرىشكە ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەنىدى. بۇ ھۇجرىسىنىڭ يېنىغا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغىمۇ ھۇجرا راسلىتىپ بەرگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ھۇجرىداش ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخان گاھى كۈنلىرى تەڭ كېچە بىلەن ھەرەمدىن ھۇجرىسىغا قايتىپ چىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئۇنى ھۇجرىسىدا يالغۇز قالمىسۇن دەپ ھەر كۈنى ئوردا سىرتىدىكى قەسىرىگە قايتماي ئاشۇ ھۇجرىسىدا قونۇپ قالاتتى. سۇلتان مەھمۇدخان قاراكۆز بېگىمگە ئۆيلەنگەندىن بېرى ئاساسەن ھۇجرىدا قونمايتتى. بۇنى ئاز دەپ ئوردا ئىشلىرىنى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا تاشلاپ قويىدى. دەسلەپكى

چاغلاردا خان ئائىلىسى ھۇجرىغا كەلسە يالغۇز قالىدۇ دەپ قە-
سىرگە قايتمىغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئەمدىلىكتە ئوردا
ئىشلىرىدىن بىكار بولالماي كەچ قالاتتى ــ دە، ھېرىپ ــ چارچى-
غان ۋاقتىدا قەسىرگە قايتىپ يۇرمەي ئاشۇ ھۇجرىدىلا قونۇپ قا-
لىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئانىسى ئايجامال ئاغىچا
بىلەن پات ــ پات كۆرۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمايتتى.

※ ※ ※

سىرتتىن كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھ-
مۇدخانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن
مىرزا دەس ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغىچە بوسۇغىدا سۇلتان مەھ-
مۇدخانىنىڭ خام سېمىز گەۋدىسى كۆرۈندى.
ــ قىبلىگاھىمغا ئېھتىرام بولغاي! ــ دېدى ئۇ قول باغلى-
غىنىچە سالام بەجا كەلتۈرۈپ.
ــ ئىككىمىز خاس قالغان ۋاقىتتا قائىدە ــ يوسۇنغا ئېتى-
بار قىلمايلى دەپ نەچچە قېتىم دەيمەن ساڭا، ــ دېدى سۇلتان
مەھمۇدخان رەنجىگەندەك قىلىپ.
ــ كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، كۆنۈپ قاپتىمەن.
ــ مانا ــ مانا، ئەسكەرتىپ تۇرساممۇ يەنە جۆيلۈگىلى تۇر-
دۇڭ، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان تېرىكىپ، ــ كەچۈرگەيلا ئا-
لىيلىرى دېمەي، كەچۈرگىن ئاداش، ئەمدى دىققەت قىلاي دېمە-
سەن مۇنداق.
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:
ــ ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن باشقا ئەمىر ــ بەگلەر ئاڭلاپ قا-
لىدىغان بولسا، خان ئالىيلىرىغا ھۆرمەت قىلمىدى دەپ پىتنە
قىلىشقىلى ئاران تۇرۇشىدۇ.
ــ كارىڭ نېمە، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، ــ ئۇلار مەن
تۇغۇل سايەمگىمۇ قەدەمدە بىر تەزىم قىلىشقىنى بىلەن، كۆڭلىدە

مېنى قانچىلىك ھۆرمەتلەيدۇ، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. ھە، خېلى ساقلاپ قالدىڭغۇ دەيمەن.

ـــ ئىككى ئاش پىشىم بولدى. بەكلا ھايال بولۇپ قالدىڭغۇ؟

ـــ نېمىسىنى دەيسەن ئاداش. شۇ خاتۇنلارنىڭ كاشىلىسى بولمامدۇ. بۇ دورەم خان ئانىلىرىم ئەندىجاندىن بۆرە جۇۋىسىنى كىيىپلا كەلگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار قاراكۆز بېگىمنى قەسرىگە ئەكىرىۋالغىنىنى ئاز دەپ، مېنى باشقا خانىش ـ بانۇلىرىمغا ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇدى. كۆڭلۈمگە ئايان، مېنى ئۇلارغا ئاشۇ كۇنلەمچى خاتۇنلىرىم چېقىشتۇرۇپ ئەرز قىلغان گەپ. ئۇلار كىمدىن پەتىۋا ئالدىكىن، ئەر كىشى ھالال مەزلۇمىنىڭ ھەرىمىنى ئالتە ئايغىچە تەرك ئەتسە نىكاھى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، پالاكەت باسىدۇ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ، دەپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىشتى. ئىلاجسىز ھەرەمدىن چىقالماي ئاشۇ خاتۇنلىرىمنىڭ قەسرى ئارىسىدا قاتىراپ يۈرىمەن.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بالىلارچە داتلىشىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ كۈلە، قانغۇچە كۈلۈۋال ئاداش، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان بوغۇلۇپ، ـــ ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرەر دېسەم، ساڭا ئويۇن بولدى ـ دە، قاراكۆز بېگىمنىڭ جامالىنى كۆرمىگىلىمۇ مانا بۈگۈن توپتوغرا ئون كۈن بولدى.

ـــ نېمىشقا ئەمدى؟ ـــ ئەجەبلىنىپ سورىدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا.

ـــ يەنە شۇ خان ئانىلىرىمنىڭ توسقۇنلۇقى بولمامدۇ. قاراكۆز بېگىمنى دەپ باشقا خاتۇنلىرىڭ بىلەن كارىڭ بولماپتۇ. بۇ ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. كونا ئاغىچىلىرىڭنى رازى قىلماي تۇرۇپ قاراكۆز بېگىمنى كۆرۈشنى خام خىيال قىلما، دەپ قاراكۆز بېگىمنى يانلىرىدىن بىر قەدەم نېرى قىلىشمايۋاتىدۇ. قاراكۆز بېگىممۇ ھايا قىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ ئول كۇنلەمچى ئاغىچىلارنىڭ قەسرىگە بارسام ئۇلار ـ

نىڭ ھالىنى دېمەمسەن تېخى. قېشىمىزغا ئۆز ئىختىيارلىرى بىـ
لەن كەلمىدىلە ـ يەي، خان ئانىلىرىمىز بۇيرۇمىغان بولسا، قارا
كۆز بېگىمنى سىلىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋالمىغان بولسا، قەسىـرد
ـىمىزگە ھەرگىز قەدەم باسمايتتىلە ـ يەي دەپ باتنـاپلا تۇرۇشىـدۇ
ئۇلارنى بەزلەپ، ئالداپ بولالمايۋاتىمەن ئاداش.

ــ بۇنى ئۇۋالچىلىق دېسەڭ جايىدا بولـماس ئاداش، خۇداغـ
شۈكۈر قىلسام بولغۇدەك. ساڭا قارىغاندا مەندەك بىچارە بويتاقنىڭ
ھال ـ ئەھۋالى ياخشىراقكەن.

سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ چىرايـ
ـدىكى مەسخىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا تەرىنى تۇردى:

ــ تېخى ماڭا ھېسداشلىق قىلىتىۋاتامدىكىن دېسەم، ئـەسـ
ـلىدە مەسخىرە قىلىۋېتىپسەن ـ دە.

ــ يوقسۇ، مەسخىرە قىلمىدىم. ھەددىمۇ؟

ــ ئەمىسە ئۆزۈڭنىڭ بويتاقلىقىڭدىن داتلاۋېتىپسەن ـ دە؟

ــ دېمىسەڭمۇ مەن بويتاققۇ؟

ــ مۇددىئايىڭ ئايان بولدى، ــ دېدى سۇلتـان مەھمۇدخـان
قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ سېنىڭ بويتاقلىقىڭنى ئويلىمايلا ھال ئېيـ
ـتىپ كېتىپتىمەن. خاتۇن خەقنىڭ غوۋغاسىـنى بويـتاقلار نەدىـن
بىلسۇن؟

ــ خاتا چۈشەنمە ئاداش. سېنى ھەرگىـز مەسخىـرە قىلمىـ
ـدىم، ئەمما قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىگىنىم راست. قانداق
قىلسام دەردىڭگە دەرمان بولارمەنكىن تاڭ.

ــ بۇ سۆزلىرىڭ بىھۇدە. مەنمۇ خېلىدىن بېرى ئوردا ئىشـ
ـلىرىنى ساڭىلا تاشلاپ قويدۇم. ئىككىمىزگىمۇ پۇخادىـن چىققۇـ
دەك ھال ـ مۇڭ بولۇشمىغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. ئۆزۈمـ
ـنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ سېنى ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن.
كۆڭۈل مەيلىمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان قاراكۆز بېگىمنىڭ
ئىشق ـ مۇھەببىتىنى دېمىگەندىمۇ كەتخۇدالىقىنىڭ تەقەززاسى
بىلەن ھەرەمگە كىرىپ باشقا خاتۇنلىرىمغا ھەمراھ بولۇشۇمغا

توغرا كېلىدۇ. سەن بولساڭ ھۇجرىدا يالغۇز قېلىشىۋاتىسەن، گويا ـ كى قونالغۇدا قونىدىغانلارنىڭ سىياقىدا قېلىشىۋاتىسەن. بۇ دوستـ ـ لۇق ئەھدىگە خىلاپتۇر.

ــ ھەرگىز ئۇنداق دېمە. دوستلۇق دېگەن ئەنە ئاشۇنداق ساداقەت، ئەقىدە بىلەن ماقامىغا يېتىدۇ.

ــ ئوردا ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ ئۆز ئىشىڭغا ۋاقىت چىقىرالمىغىنىڭ راست. مەن ھەر كۈنى ھەرەمدە ئاغىچا ـ بانۇلىرىمنىڭ قۇچىقىدا لەززەتلىنىپ ياتقىنىمدا سېنىڭ بۇ ھۇجرىدا يالغۇز ياتىدىغىنىڭنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى. سەنمۇ ئۆيلىنىشىڭ، گۈزەل مەھبۇبىنىڭ قۇچىقىدا راھەتلىنىشىڭ، ئەر ـ ئاياللىق لەززىتىدىن ھۇزۇر سۈرۈشۈڭ كېرەك ئىدى. ئاللاھ خا ـ لىسا بۇ ئىشقا بۇگۈندىن ئېتىبارەن باش قاتۇرىمەن.

سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئەستايىدىل جاۋابىدىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا خېلىلا ئوڭايسىزلاندى.

ــ ھە راست، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار دېۋىد ـ دىڭ، ــ سورىدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ تاس قاپتىمەن مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى، ــ مۇ ـ ھەممەد ھۇسەيىن مىرزا قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇل ـ تان مەھمۇدخانغا تەڭلىدى، ــ قازاق سۇلتانلىرىدىن كەلگەن مەكتۇپ ئىكەن. ئاۋۋال كۆرۈپ باق.

سۇلتان مەھمۇدخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*يۈكسەك سەلتەنەت ئىگىسى ۋە تاجدارى، ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ھامىيسى، دوستلۇق، ياخشىلىق، مەردلىك تەخ ـ تىنىڭ ساھىبى جانابى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، ئۇشبۇ كۈنلەردە بىر توپ لەشكەر ـ لەر تەسەررۇپىمىزغا يات ـ يات باستۇرۇپ كىرىپ ئەل ـ ئۇلۇسلىرىمىزغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن*

ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ مالۇ جېنىغا زىيان ـ زەخمەت يېتىپ،
سەلتەنەتىمىز خاتىرجەمسىزلەنمەكتە. ئايغاقچىلىرىمىزدىن
ئول ئىغۋاگەرلەرنىڭ باشچىسى مۇھەممەد شەيبانىخان ئىد-
كەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن سەر-
ھەدلەرنى قورۇقدىغۇچى سەركەردىلىك مەرتىۋىسىگە نائىل
بولغانلىقىنى بىلدۇك.

خان ئالىيلىرىغا قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك، ئۆز
ۋاقتىدا ئول مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ بۇزرۇك بابىسى بول-
مىش سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان بىزنىڭ بابائى بۇزرۇكلىرد-
مىزنىڭ تەسەررۇپىغا يولسىزلارچە تەئەررۇز قىلىپ،
تەخت ـ سەلتەنەتنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى جەلائى ۋەتەن①
بولۇشقا مەجبۇرلىغانىدى. خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۇكۇركى،
شول چاغدا مەرھۇم خان تاغىلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخان
ئالىيلىرى قېرىنداشلىق، دوستلۇقنى ئەلا بىلىپ، ئول
بۇزرۇك خان ئاتىلىرىمىزغا ھىممەت قولىنى سۇنۇپ، ئۆز
تەسەررۇپىدىن ۋاقتىلىق ماكان ھەدىيە قىلغانىكەن. كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا رەھمەتلىك ئاتىلىرى سۇلتان يۇنۇسخان
ئالىيلىرىمۇ ئىنىسىنىڭ يەتكۈزگەن مېھىر ـ شەپقىتىنى
تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بىزگە شەپقەت ـ مەرھەمىتىنى
ئايىماي كەلدى ۋە بەلكى بىزنى ئۆز قېرىندىشى قاتارىدا
كۆردى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خان ئالىيلىرى ئول
ئاتا دۈشمىنىمىز بولمىش ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ نەۋرىسى مۇ-
ھەممەد شەيبانىخانغا پەرۋىش قىلغانىنى ئاز دەپ، بېھىساب
لەشكەر بىلەن تۈركىستانغا ئەۋەتىپ بىزنىڭ مۇقابىلىمىز-
گە قويۇپلا. ئەلۋەتتە ھەربىر سەلتەنەت ساھىبى ئۆز ھۇدۇد-
لىرىنى باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن قورۇقدد-
مىقى زۆرۈر. بۇ ھەم ئاۋامنىڭ خاتىرجەملىكى، ھەم تەخت ـ

① جەلائى ۋەتەن ـــ ۋەتەنسىزلىك، سەرسانلىق.

سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمماكى ئول مۇ-
ھەممەد شەيبانىخان بولسا سەرھەددىكى قورۇقچىلىقىنى
قىلماي، ھەدىسە تەسەررۇپىمىزغا لەشكەر ئەۋەتىپ ئاۋام -
رەئىيەتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ھەتتا قەتلىئام قىلىپ
توختىماي پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن چىدىغۇسىز
ھاقارەتتۇر. گەرچە بىزدە ئۇلارنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققۇدەك
جاسارەت ھەم لەشكىرىي كۈچ بولسىمۇ، يەنىلا سەگ①نى
ئۇرساڭ ئىگىسىگە باق، دېگەن تەمسىل بويىچە ئاۋۋال ئۆز-
لىرىگە ئەھۋالىمىزنى بايان قىلماقنى لايىق تاپتۇق. بەلكىم
ئارىلىق يىراق بولغاچقا بۇ ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر بولۇشلى-
رى ياكى ئول شەيبانىخان قىلمىشىنى يوشۇرغان بولۇشى
مۇمكىن. شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ ئۇشبۇ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا
تەھقىقلەپ كۆرۈپ، تەدبىر قوللىنىشلىرىنى تەلەپ قىلى-
مىز.

شۇنىمۇ سەمىلىرىگە سېلىشنى لايىق تاپتۇقكى، ئول
شەيبانىخاننىڭ بابىسى بولمىش ئوبۇلخەيرىخان ئۆز ۋاقتىدا
بىزنىڭ ئاتىمىزغىلا ئەمەس، سىلىنىڭ ئاتىلىرىغىمۇ رە-
قىبلىك قىلىچىنى دېۋەيلىگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك ئول شەي-
بانىخاننىڭ تاغىسى بۇرۇج ئوغلان سەيھۇن دەرياسىنىڭ بو-
يىدىكى قارا توقاي قىشلىقىدا جەننەتماكان ئاتىلىرى سۇل-
تان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئادالەت قىلىچىدا ئۆلۈم شەر-
بىتىنى تېتىغانىدى. بەلكىم سىلى مەردلىكنى ئەلا بىلىپ،
ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشلىرى مۇمكىن. ئەمما،
شەيبانىخاننىڭ ئول قىساسىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ناتايىن.
شۇڭا، بەسى ئېھتىيات قىلغايلا. دانىشمەنلەر ئېيتىدۇلەر-
كى: يامانلارغا ياخشىلىق ۋە كەرەم — ياخشىلارغا زەرەر ۋە
ئەلەمدۇر. مۇشۇككە رىئايەت②، كەپتەرگە ئاپەتتۇر. تۈلكى-

① سەگ — ئىت.
② رىئايەت — ئېتىبار قىلماق.

*نىڭ تەربىيىنى ئېلىش تاۋۇق تۇخۇمىنى قورۇتۇۋېتىش دې-مەكتۇر.*

*دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ، دەي-تىكەن. مۇشۇنچىلىك بايان ئەيلەي. خان ئالىيلىرى ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەت ساھىبىدۇر. ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرى-دىغانلىقلىرىغا ئىشەنچىمىز كامىلدۇر.*

*ئىنشائاللاھ، دۆلەت ـ دۇنيالىرى، سەلتەنەت ـ تە-سەررۇپلىرى مەئمۇر بولغاي.*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

سۇلتان مەھمۇدخان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزى-دىن سورىدى:

ـــ سەن بۇ مەكتۇپقا قانداق قارايسەن؟

ـــ مۇھەممەد شەيبانىخان ھوقۇق دائىرىسىدىن چەتنەپ كې-تىپتۇ.

ـــ كېيىنچە ھۆكۈم چىقىرىۋەتتىڭمۇ قانداق؟

ـــ مەكتۇپتا ئېنىق تۇرمامدۇ ئەنە، ـــ دېدى مۇھەممەد ھۇ-سەيىن مىرزا.

ـــ بۇ دېگەن قازاق سۇلتانلىرىنىڭ شىكايىتى، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان پەرۋاسىزلىق بىلەن، ـــ ھەركىم بىراۋنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا ياخشى گېپىنى قىلماس.

ـــ سەنچە ئۇلار تۆھمەت قىلغانمىدۇ؟

ـــ ئېھتىمال. ئۇل قازاق سۇلتانلىرىنىڭ باشقىچە غەرىزى باردۇ، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئويچانلىق بىلەن، ـــ قورسى-قىدا جىن بولمىسا سەرھەدكە لەشكەر تۇرغۇزغىنىمىزغا بۇنچىلىك ئالاقزادە بولۇپ كېتەرمىدى. مېنىڭ قولۇمدىمۇ مۇھەممەد شەيبا-نىخاننىڭ خېتى بار. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، ئۇل قازاق سۇلتانلىرى

ئاللىقانداق لەشكىرىي يۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانمىش. ئۇلار ئىگىچىلىرىمىنىڭ كۈيۈلىرى بولمىش سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ئۆمەر شەيخ مىرزىلار بىلەن خۇپىيانە خەت ـ ئالاقە قىلىشىۋاتقانمىش. كىم بىلىدۇ، قەستى تاشكەنتتىمۇ تېخى.

ــ دەلىل ـ ئىسپاتى بارمىكەن؟ شەيبانىخانىنىڭ بىر پارچە خېتىگە ئىشىنىپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارما.

ــ راست دەيسەن. بىر پارچە خەتكە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىش ئالدىراقسانلىق بولۇر. شۇڭا سەنمۇ قازاق سۇلتانلىرىنىڭ مۇنۇ بىر پارچە خېتىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە ئاداش.

ــ لېكىن، قازاق سۇلتانلىرىنىڭ سەلتەنەتىمىزگە بولغان دوستلۇقى سىناقتىن ئۆتكەن، ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا قايىل بولماي، ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بولسا ساڭا ھەم يېزنە، ھەم قېيىنئاتا. ئۆمەر شەيخ مىرزىنى ئۆز ئاغاڭ قاتارىدا كۆرسەڭمۇ ئەرزىيدۇ. مۇھەممەد شەيبانىخانغا كەلسەك...

ــ شۇنداق، شەيبانىخانغا ئالدىراپ ئىشەنمەسلىكىم كېرەك. چۈنكى ئوتتۇرىمىزدا ئاتا ـ بوزرۇكلىرىمىزدىن قالغان قىساس، ئاداۋەت بار. ئەمما ساڭمۇ ئايان، ئۇنىڭ ساداقىتىنىمۇ سىنىقىمىزدىن ئۆتمىگەن دېيەلمەيمىز. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزاقى يىلى جانابى قېيىنئاتام سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەكمىڭ كىشىلىك لەشكىرىنىڭ ھۇجۇمىنى ئوڭۇشلۇق مەغلۇپ قىلالىدۇق. بولمىسا ئىككىمىز بۇ چاغقا قايسى كۆنلەرگە مۈپتىلا بولارىدۇق.

سۇلتان مەھمۇدخان ئاشۇ قېتىملىق جەڭنىڭ نۇسرىتىنى ھە دېسىلا شەيبانىخانىنىڭ سەۋەبىدىن قولغا كەلگەن دەيتتى. بۇنداق چاغدا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا: «ئول چاغدا شەيبانىخان بولمىسىمۇ جەڭدە نۇسرەت قازىنالايتتۇق» دېمەكچى بولاتتى ـ يۇ، سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئۆزىنى شەيبانىخاندىن ئەجىر ـ تۆھپە تالاشتى دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەت لام ـ جىم دېمەيتتى. خاننى بۇنداق خاتا تۇيغۇغا مىرزا نىغمەت پاشا قاتارلىق خۇشامەتچى

ئەمىرلەرنىڭ كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيتتى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدخاننى ئاسانلىقچە قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىنى بىر ھازا جىمجىتلىق باستى.

— بولدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، — سەنمۇ گېپىڭدە چىڭ تۇرۇۋالما، ئاۋۋال ئايغاقچى ئەۋەتىپ تەھقىقلەپ ئاندىن قارار چىقىرايلى، قانداق دېدىم؟

— بۇ گېپىڭمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا، — ئەمما ھەر ھالدا مۇھەممەد شەيبانىخاننى بەك مەيلىگە قويۇۋەتمىگىنىمىز تۈزۈك. ھازىر ئۇنىڭ ئىلكىدە بىر تۈمەن خىللانغان لەشكەر بار. ئاڭلىشىمچە، دەشتى قىپچاقتىكى ئىنىسى مەھمۇدخاننىڭ ئىلكىدىمۇ خېلى كۆپ لەشكەر بارمىش. ناۋادا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىدىغان بولسا، بۇ لەشكەرلەر بىلەن بىزگە خېلى چوڭ پاراكەندىچىلىك تېپىپ بېرەلەيدۇ. تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان ياخشى.

— يۈرە باغى ئېرەمگە بېرىپ شاراب ئىچكەچ مۇڭدىشايلى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ تەكلىپىگە ئىنكاس بىلدۈرمەي.

— بۈگۈن ھەرەمگە بارمامسەن؟

— ئالدىرىشىم يوق. بارساممۇ يەنە شۇ خاتۇنلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان كوت - كوتلىرى. ھەممىسى مېنىڭ قەسرىمدىن چىقمايسەن، باشقا ئاغىچىلارنىڭ قەسرىگە بارمايسەن، دەيدۇ. ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇلارنى رازى قىلىپ بولالمايمەن. ئەدەپلەپ قويماي دېسەم خان ئانىلىرىمنىڭ بالاسىغا قالىمەن. ئۇلار قاراكۆز بېگىمنى كوزىر قىلىپ ئەدىپىمنى بەرمەكچى. بولدىلا، بۇ باش ئاغرىقلىرىمنى ھەرقانچە سۆزلەپ بەرسەممۇ چۈشەنمەيسەن. سەنمۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئاندىن بىلىپ قالارسەن.

— مەن ئۆيلەنسەممۇ پەقەت بىرلا ئايالغا ئۆيلىنىمەن. ھەر-

گىزمۇ ساڭا ئوخشاش بىرمۇنچە خاتۇننى ھەرەمگە ئەكىرىۋېلىپ باش ئاغرىقى تاپمايمەن.

مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا گەپنى تۈگىتىپ خىرىلداپ كۈلدى. ھەئە، ئۇ خاننى قەستەن تېرىكتۈرۈۋاتاتتى.

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمەن. تۈنجى خاتۇن بىلەن بىرەر يىل بىللە بولغاندىن كېيىن يەنە يېڭىسىغا كۆزۈڭ چۈشمىسە مانا مەن. ئەمەلىيەتتە خاتۇن كۆپ بولسا باش ئاغرىقى بولغان بىلەن كۆڭۈل خۇشى تەرەپلىرىمۇ بار بۇرادەر.

ئۇلار چاقچاقلاشقاچ ئادالەت سارىيىدىن چىقىپ باغى ئېرەمگە قاراپ مېڭىشتى.



تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، ئۆرۈك، باداملار چېچەكلەپ، گۈل ـ گىياھلار بىخ سۈرۈپ نورۇز بايرىمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن شەپە بېرەتتى. تاشكەنت شەھىرى ئاللىقاچان بايرام تۈسىگە كىرىپ بولغانىدى. ئۆي ـ ھويلا ئاراملىرىنى تازىلاپ، كۆمگەن ئۈزۈم تەكلىرىنى ئېچىپ باراڭغا ئېلىپلا، ھويلىلىرىدىكى گۈللۈك ـ باغچىلىرىنى پەرۋىشلەپ ئۈلگۈرگەن شەھەر ئاھالىسى كوچا دوقمۇشىدىكى، مەسچىت ئالدىدىكى سەينالارغا سارغايدى ـ ئىلەڭگۈچلىرىنى باغلاپ، كۆل بويى، بۇلاقبېشى، بېدىلىكلەرگە، باغلارغا داش قازانلارنى ئېسىپ نورۇز ئېشى پىشۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە بۇ تەييارلىقلارنى ئاددىي شەھەر ئاھالىسى يۇرت ـ مەھەللە بويىچە بىرلىشىپ قىلسا، سودىگەرلەر، باي ـ تۆرىلەر قەسىرلىرىنىڭ ئالدىدا، باغلىرىدا خىزمەتكارلىرىنى جورۇپ ئۆز ئالدىغا قىلىشىۋاتاتتى. دارۋازلار دار باغلاش بىلەن ئاۋارە

ئىدى. سىرىكچىلەر، سىھىرگەرلەر، مەدداھ ــ ۋائىزلار ئاللىقاچان كوچا ــ رەستىلەرگە چىقىۋېلىشقانىدى. يىگىتلەر نورۇز بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش ئۈچۈن تاللىغان ئاتلىرىنى يۇيۇپ ــ تاراش، ئېگەر ــ جابدۇقلىرىغا قوڭغۇراق، مونچاق، رەڭدار پۆپۈك قاتارلىق بېزەكلەرنى ئېسىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. قىز ــ جۇۋانلار بولسا بايراملىق كىيىملەرنى تەييارلاش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئومۇمەن، قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولغان تاشكەنت شەھىرى باھار تۇسىگە كىرىپ بولغانىدى.

ئوردىدىن چىقىپ قەسرىگە كېتىپ بارغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى نورۇز پەيزىدىنمۇ ئۆتە بىر خۇشاللىق چىرمىۋالغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزىگە كوچا ــ رەستىلەردىكى ھەممە نەرسە باشقىچە يېقىملىق، گۈزەل كۆرۈنەتتى. باغلاردا ئۆرۈك، بادام، ئالما ــ ئامۇت دەرەخلىرى ئەمدىلا چېچەكلەشكە باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل گۈلزارلىقىدىكى سۆيگۈ گۈللىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ رەڭدار تۇسكە كىرگەنىدى. ئۆزىنى ئات ئۈستىدە ئەمەس، بۇلۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ كېتىپ بارغاندەك سېزەتتى.

«بۇ چۈشۈم ئەمەستۇر ــ ھە؟...»

ئۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان نۆكەرلىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ مەڭزىنى ئاستا چىمداپ باقتى.

«ھەئە، چۈشۈم ئەمەسكەن...»

ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەسىللىك تۇركمەن ئايغىرى جەزىبىلىك يورغىلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەسرىگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ ئانىسىغا ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈسى بولسىمۇ، ئەمما ئاتقا قامچا سېلىشقا ياكى ئاتنى ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسى بىلەن بىقىنداشقا رايى بارمىدى.

«بۇ خەۋەرنى ئانام ئاڭلىسا خۇشاللىقىدىن نېمە بولۇپ كېتەر ــ ھە؟! ھېلىمۇ ئۇل بۇزرۇكۋارىمنى كۆپ تەقەززا قىلىۋەتتىم. ئۆيگە كېلىن ئەكىرىش، نەۋرە كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرىكى سەكپارە بولۇپ كەتكەنىدى. سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن، دېگەن شۇ

بولسا كېرەك. خۇدايىم ئاخىر مۇرادىمغا يەتكۈزىدىغان بولدى. مەلىكە خۇبنىگار خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانمىدۇ؟... ئۇمۇ ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولدى ھەقچان. ئايرىلىقىمىز شۇنچە يېقىنۇ، لېكىن دىدارلاشمىغىنىمىزغا خېلى بولدى. قانداقراق تۇردىكىن؟ ئۇمۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتقاندۇ ھەقاچان...»

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا خۇددى كۆرەلەيدىغاندەك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھەرەم تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى ـ دە، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان نۆكەرلىرىنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋىلىلدە قىزاردى.

— ھەرەمنىڭ تاملىرى ئېگىز ھەم قېلىن. شۇنداق قارىسىلا مەلىكەمنى كۆرەلمەيدىلا سىر ئەمىر، — دېدى ئۇنىڭغا ياندىشىپ دېگۇدەك كېلىۋاتقان نۆكەر بېشى چاقچاق قىلىپ، — ئەڭ ياخشىسى مەلىكىنى ھازىرچە كۆڭۈل كۆزلىرى بىلەن كۆرسىلە.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

— ئەجەب سەزگۈردە سەن. بىر قاراپلا ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالالايسەن.

— تەسمىتى ئەمىسە. كۆزلىرى ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتسا. شۇ تاپتا توي مەرىكىلىرىنىڭ بۇگۈنلا ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ بىلىمەن.

باشقا نۆكەرلەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا نۆكەرلىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ۋۇجۇدىنى تاتلىق بىر خىيال غىدىقلايتتى. خىيال كەپتىرى ھەرەمگە — مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

※ ※ ※

شۇنداق، مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى مەلىكە خۇبنىگار خېنىمغا كۆيۈپ يۈرگىنىدىن پەقەت

مۇشۇ نۆكەرلىرىلا خەۋەردار ئىدى.

سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن كىچىكىدىن ئاداش ـ ئاغىنە بولۇپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقىمۇ، مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنى خۇددى خانزادىگە ئوخشاشلا ئۆز ھەمشىرىسىدەك كۆرەتتى. خانلىق مەدرىسىدىمۇ بىللە ساۋاق ئالغانىدى. كېيىنچە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەلىكىنى ھەرەمدىن سىرتقا چىقارماس بولدى. ئۇلار ئىلگىرىكىدەك كۆندە ئەمەس، ئايدىمۇ كۆرۈشەلمەيدىغان بولدى. پەقەت ئوردىدا بىرە ـ بىرە ئۆتكۈزۈلىدىغان، ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرى ئىشتىراك قىلىدىغان زىياپەتلەردىلا ئۇچرىشالايتتى. سۇلتان يۇنۇسخان قازا قىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا خانلىق تەختىگە چىققان سۇلتان مەھمۇدخان بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق پېشقەدەم ئەمىرلەرنى قەتلى قىلىپ، ئەشتە قەلئەسىدىكى ئەندىجان لەشكەرلىرىنى قىرغىن قىلغاندىن كېيىن، خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم يامانلاپ ئەندىجانغا — كۆيۈئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قېشىغا كەتتى. مەلىكە خوپنىگار خېنىممۇ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ ئەندىجانغا كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ چاغدا مەلىكىگە ئاللىقاچان ئاشىق بولۇپ قالغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ جۇدالىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان بولغاچقا، ئەندىجان بىلەن تاشكەنت ئارىلىقىدا ھۆكۈمەت ئالاقىسى توختىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەندىجانغا بېرىشقا، ئىشق ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرگەن مەھبۇبىنى كۆرۈپ كېلىشكە ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەبى يوق ئىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئوردا ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كۆيۈك ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. مەلىكىگە كۆڭۈل سىرىنى ئىزھار قىلىپ خەت يازغۇسى كېلەتتى، لېكىن پېتىنال-

مايىتتى. ئاخىر ئىككى خانىش ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ گۇ-
ناھىدىن ئۆتۈپ تاشكەنتكە قايتىپ كەلدى. ئەلۋەتتە، مەلىكە خۇبـ-
ىنگار خېنىممۇ ئانىلىرى بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئوردا ئەمىرى
سالاھىيىتى بىلەن خان ئانىلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىققان مۇ-
ھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەيتتى. كۆزىنى مەلىـ-
كىدىن ئۈزەلمەيلا قالغانىدى.

— ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟ ئەھۋال سوراپ قوياي‌مۇ دېمەي.
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەل-
مەي دۇدۇقلىدى، گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

ھەم شوخ، ھەم ئوچۇق سۆزلۈك مەلىكە مۇھەممەد ھۇسەيىن
مىرزا بىلەن كىچىكىدىن بىللە چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى ئۇنى ئىـ-
نىسىنىڭ دوستى دەپ بىلگەچكىمۇ «سەن»لەيتتى.

— مېنى تونۇيالماي قالدىڭمۇ ياكى تارتىنچاق بولۇپ كەت-
تىڭمۇ؟ بىر نەچچە يىل ئىچىدە بويۇڭ ئۆسۈپ تۆگىدەك بولۇپ
كېتىپتۇ بولمىسا.

— ئەمدى ئەندىجانغا كەتمەيدىغانلا مەلىكە؟

ئۇنىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك سورىغان سوئالىدىن
مەلىكە ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— ۋاي - ۋۇي، ئىچىمنى پۇشۇرۇپ سىلىلىمەي، بۇرۇنقىـ-
دەك سەنلەۋېرە، — دېدى مەلىكە كۈلكىسىنى توختىتىپ، —
ھەرقانچە بولسىمۇ ئاياندىن كېلىپ مايانىدىن كەتمەسمەن. دېگىنە،
مېنى سېغىندىڭمۇ؟

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۆ-
زىنگە مەدەت بېرىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سېغىنمايدىغانغا تاشمىتى بۇ يۈرەك؟

— مەنمۇ سېغىندىم. سېنىمۇ، دوستلىرىمنىمۇ، تاشكەنت-
نىمۇ سېغىندىم. ئەمدى ئانام ئەندىجانغا كەتسىمۇ مەن كەتمەيمەن.

شۇ تاپتا ئۇ مەلىكە بىلەن ئۇزاقراق سۆزلىششنى تولىمۇ
ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، چوڭلارنىڭ سالام ـ سەھەتلىرى ئاخىرلىـ-

شىپ، خانىشلار مەيگە چىقىشقانىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا شەھەرگە كىرگىچە مەلىكە چىققان مەيدىن ئايرىلماي ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئايدا بىرەر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوردا زىياپەتلىرىدە ئۇچرىشىپ تۇردى. مەلىكە دېگىنىنى قىلىپ، ئاندىلىرى بىلەن ئەندىجانغا قايتماي تاشكەنتتە تۇرۇپ قالدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا مەلىكە بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرۇش تولىمۇ تەس ئىدى. تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا خالىيراق يەردە پاراڭلىشىشقا پۇرسەت ئىزدەيتتى. ئەمما، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېنىزەكلىرى مەلىكىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئىشق ئوتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىغا چىدىمىغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئاخىر مەكتۇپ ئارقىلىق مەلىكىگە يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلىدى ھەمدە مەلىكىدىنمۇ كۈتكىنىدىن ئارتۇق جاۋابقا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پات ـ پات بىر ـ بىرىگە مەكتۇپ چىقارتىپ تۇرىدىغان بولدى.

※ ※ ※

بۈگۈن ئوردىغا ۋاقچىراق چىققان سۇلتان مەھمۇدخان ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىدىن باشقا ئەمىرلەرنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

— دوستلۇق، بۇرادەرچىلىك دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ ئاددشىم؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان رەنجىگەن قىياپەتتە.

— قانداق دەيسەن؟

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۆزىدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھودۇقتى.

ــ سېنى يېقىن دوستۇم دەپ بىلىپ تا مۇشۇ كەمگىچە سىر يوشۇرماي كەپتىمەن. بىراق سەن بولساڭ ئۇنداق قىلالمىدىڭ. بىلەمسەن، بۇ دېگەن دوستلۇق ئەقىدىسىگە خىلاپ.

خاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى:

ــ سەندىن سىر يوشۇرغىنىم يوق. ھەرقانداق سىرىمنى بىر خۇدا، بىر سەن بىلىسەن.

سۇلتان مەھمۇدخان دوستىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى:

ــ راستىنلا مەندىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرمىدىڭمۇ؟ ئالايلۇق، ئاشىقلىق دېگەندەك.

خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى:

ــ بىلىپ قاپسەن ــ دە؟

ــ بىلىپ قالمىغان بولسام نەۋاقىچە يوشۇرماقچىدىڭ؟ ئەخمەقلىقىڭنى قارا، مۇشۇنداق ئىشنىمۇ مەندىن يوشۇرامسەن؟ كونىلارنىڭ ئېگىز ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ، دېگىنى راست ئىكەن ــ دە!

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئوڭايسىزلىقىنى كۈلكىسى ئارقىلىق يوشۇرۇشقا تىرىشتى.

ھەئە، خۇبنىگار خېنىمغا ئەلچى كەلمىگەن بولسا خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم قىزى بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈل سىرلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتى. خېلىدىن بېرى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش خىيالىدا يۈرگەن خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن خانىش شاھ بېگىم مەلىكە خۇبنىگارخېنىمنىڭ كۆڭۈل سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، تۈنۈگۈن ئاخشام دەرھال سۇلتان مەھمۇدخاننى چاقىرتىپ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلغان ۋە مەلىكە خۇبنىگار خېنىم بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ تويىنى دەرھال قىلدۇرۇش قارارىغا كېلىشكەنىدى.

ــ بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ ئوردا ئىشلىرىغا باش قاتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ. دەرھال توي ھازىرلىقىغا كىرىشكىن، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كەسكىنلىك بىلەن، ــ توينى نورۇز بايرىمى كۈنى قىلساق قانداق دەيسەن؟

ــ ئۈلگۈرەلەرمىزمۇ؟

ــ ئۈلگۈرمەيدىغان نىمىسى بار. شەھەر خۇددى سىنىڭ تويۇڭغا تەييارلىق قىلغاندەك گۈزەللىشىپ كەتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر. تويلۇق ھازىرلايمەن دەپ ھەشەم تارتىپمۇ يۈرمە. تويلۇقنى ئۆزۈم تەييارلاپ بېرىمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئىگىچىمنى يۆتكەپ كەتسەڭلا بولدى. توۋا، بۇ ئىشنىڭ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك قاملاشقىنىنى. نىمىشقا بۇ ئىشنى بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتىم؟!

ــ ئەمىسە مەن ياناي.

ــ نەگە ئالدىرايسەن؟

ــ ئانامغا خەۋەر بېرىشىم كېرەك ـ تە، چوڭلارنىڭ ئۆزگە تۇشلۇق قائىدىسى بولىدۇ.

ــ بارغىن. ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيتقىن.

شۇ تاپتا خان بىلەن خوشلىشىپ ئوردىدىن چىققان مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا ئانىسى ئايجامال ئاغىچىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ باراتتى.

※ ※ ※

بۇ يىلقى نورۇز بايرىمى تاشكەنت شەھىرىدە باشقىچە قىزىپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان شەھەردىكى بارلىق مەھەللىلەرگە، مەسچىت ئالدىلىرىغا توي قازىنى ئاستۇرۇپ، ئۇدا يەتتە كۈنگىچە پولۇ دەملەپ، شورپا سېلىپ، پۈتكۈل شەھەر خەلقىگە توي ئېشى بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەنىدى.

كۈن پېشىندىن قىيىلغاندا مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا بىلەن
مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنىڭ توينى تاماشا قىلىشقا چىققان شە-
ھەر ئاھالىسى ئوردا دەرۋازىسىدىن مىرزا قەسىرىگىچە بولغان يول
ياقىسىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى.

ئوردا دەرۋازىسىدىن ئالدى بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا
ئىنىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن قىرىق نەپەر ئاتلىق نۆ-
كىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنى يۆتكەپ چى-
قىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەڭدار پۆپۈك، يىپەك لېنتىلار
بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك مەپىلەر قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلات-
قىنىچە ئايجامال ئاغىچىغا ھەمدەمدە بولۇپ كېلىن يۆتكەشكە كەل-
گەن ئاغىچا ـ ئايىملارنى ئېلىپ چىقىپ كەلدى. ئۈستى ئوچۇق
مەپىدە ئولتۇرۇشقان ناغرا ـ سۇنايچىلار شادىيانىگە چالغىنىچە
ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقان بولۇپ، تاماشىچىلارنىڭ دىققىتىنى
جەلپ قىلاتتى. قېرى بوۋاي ـ مومايلار تا بۇ كەمگىچە تاشكەنت
شەھىرىدە بۇنداق ھەشەمەتلىك توينى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئاغ-
زى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشسە، ياشلار ئاللىقانداق بىر تاتلىق
ئارمانلار ئىلكىدە توي يۆتكىگۈچىلەرگە ھەۋەس بىلەن قارايتتى.
ھەئە، نورۇز بايرىمىنىڭ خۇشاللىقى توي تەنتەنىسىگە قېتىلىپ
ئاجايىپ ھەشەم پەيدا قىلغانىدى.

مەلىكىگە ئۆيلىنىپ كۆزەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن
مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىنەت-
تى. يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ بېشىدىن تىللا ـ كۈمۈش-
لەرنى چاچقۇ قىلىپ چاچاتتى. باللار ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنى
تېرىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈيتتى. ناغرا ـ سۇنايچىلارنىڭ ئارقى-
سىدىن كېتىپ بارغان بىر توپ يىگىتلەر بار ئاۋازى بىلەن توي
ناخشىسى توۋلايتتى. ناخشا ساداسى پۈتكۈل تاشكەنت ئاسمىنىنى
قاپلىغانىدى:

تاغدىن چۈشتى تاغ ئېيىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر ـ بىرىگە خوپ لايىق.
ھەيران قالسۇن خالايىق.
سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۇگمەنىنىڭ نورى دەڭلار.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم.
ئۆزىنىڭ شورى دەڭلار.

## 102

مىلادىيە 1494ـ يىلى، تومۇز.

ياز قۇياشى ئاخسى شەھىرىنىڭ ئۈستىدە ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچقىنىچە پارقىراپ تۇراتتى. تېخى ئاش ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي ھاۋا تىنچىق ئىدى. شەھەر قورغىنى جايلاشقان ئېگىز يارلىقنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سەيھۇن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، لايقىلاپ، مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيىنىڭ شارقىراشلىرىنى قورغاننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئەسىرلەردىن بېرى سەيھۇن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن سۈيىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر ھاڭلار ئاخسى شەھىرى ئۈچۈن تەبىئىي خەندەكنىڭ رولىنى ئوينايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ تەبىئىي مۇداپىئە خەندىكىنى كۆزدە تۇتۇپ پايتەختىنى ئەندىجاندىن ئاخسى شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھاڭلارنىڭ سىرتىدىن يەنە خەندەك كولى-

تىپ قاتمۇقات سۇ يولى بىلەن شەھەرنى مۇداپىئە توسىقى ئېچىگە ئالدۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاخسى پەرغانە ۋادىسىدا ئەڭ مۇستەھكەم شەھەر ھېسابلىناتتى.

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە. رامىزانغا تۆت. زۇلۇقنى يەپ بولۇپ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ مىرزا بامدات ۋاقتىغىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئايغاقچىلار يەتكۈزگەن ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن قېيىنئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار كاللىسىغا كىرىۋېلىپ دىققىتىنى يىغالمىدى. بۇ مەلۇماتلار بامدات نامىزىدىمۇ، نامازدىن كېيىن شاھنىشىنغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ كاللىسىدىن پەقەتلا نېرى كەتمىدى. دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈلۈپ كۈن نۇرى توسۇپ قويۇلغان، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاش كۆلچەكتىكى فونتانلاردىن سۈپسۈزۈك سۇ جىرقىراپ چۈشۈپ تۇرغان بولسىمۇ، شاھنىشىنىڭ ئىچى يەنىلا تىنچىق ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ كەيپسىز تۇرقىنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە چۈشكەن ئەمىر ـ بەگلەر گەدەنلىرىدىن چىپىلداپ ئېقىپ تۇرغان تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ پېتىنالماي كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشقانىدى.

— خوش، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەمىرلىرىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۇنىڭ ئەمىرلىرىگە گەپ قىلىشقا ياكى مەلۇمات سۇنۇشقا ئىجازەت بەرگىنى ئىدى.

— قۇدرەتلىك پاناھگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئىشىك ئاغىسى شەيخ مەزد بەگ قول باغلىغىنىچە بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، — تۈنۈگۈن ئىپتاردىن كېيىن تاشكەنتتىن يەنە ئايغاقچى كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئاغىلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىدىن يەنە مەكتۇپ تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. ئۇل مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى پەرغانىگە قاراپ لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇدەك.

شەيخ مەزد بەگ گېپىنى توختىتىپ تەختتە قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا لاپىدە بىر قارىۋېلىپ يەنە بېشى-

نى تۆۋەن سالدى. شۇ ھامان سارايىنىڭ ئىچىنى چىۋىن ئۇچە ئاڭلانغۇدەك سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. پەقەت فونتاندىن كۆ چەككە قۇيۇلۇۋاتقان سۇنىڭ شارقىراشلىرىلا بۇ تىمتاسلىقنى بۇ زۇپ تۇراتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىندىمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن شەيخ مەزد بەگ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان ئۆلۈم ۋەھىمى سىنى بېسىپ تۇرۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بەلكىم بۇ چاغقا سەمەرقەنت لەشكەرلىرى تەۋەيىمىزگە يېقىنلىشىپ ئۈلگۈرگەندۇ.

— تاشكەنت تەرەپنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ — ئۆزىنى تۇتۇۋالغا ھالدا خاتىرجەملىك بىلەن سورىدى ئۆمەر شەيخ مىرزا.

ئىشىكئاغىسىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ خاننى قاتتىق غەزەپ لىنىدۇ، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدۇ دەپ پەرەز قىلىشىپ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باسقان ئەمىرلەر ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تەمكىن تۇرقىنى كۆرۈپ يەڭگىل تىنىشتى.

— تاشكەنتنىڭ ئەھۋالىدىن كېچىككەندە بۈگۈن ئېپتارغى چە مەلۇمات ئېلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم ئايغاقچىلار ھېلىغى چە...

— ھەممىلىرىگە مەلۇم بولغاي جانابى بەگلەر، — دېدى ئۆ- مەر شەيخ مىرزا شەيخ مەزد بەگنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەھۋال ئانچە ياخشى ئەمەس. بۇنداق چاغدا چاپارمەن، ئايغاقچىلىرىمىز لايىپاسلىق قىلسا قەتئىي بولمايدۇ. ھەرقايسى لەڭگەر، ئۆتەڭلەر يەڭگۈشلەيدىغان ئاتلارنى تەق قىلىپ، چاپارمەن، ئايغاقچىلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرسۇن. سۇسلۇق قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھ- كۇم.

— پەرمانبەردارمىز! — ئەمىرلەر باشلىرىنى ئەگدى.

— پەرمان! — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا قەددىنى رۇسلاپ، — مەرغىلان، ئىسفەرە ئەمىرلىرى لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تەقلەپ قەلئەنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتسۇن. ئاۋام ـ رەئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىپ سېپىللارنى مۇستەھكەملىسۇن، ئەلى دوست

تاغايى!
ــ لەببەي قىبلىگاھىم!
چۆچۈپ ئېسىنى يىغقان ئەلى دوست تاغايى قول باغلىغىنىچە ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى.
ــ سىلى بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر ئېلىپ دەرھال ئەندىجانغا يولغا چىقسىلا.
ــ باش ئۈستىگە!
ــ ئەندىجانغا بارغاندىن كېيىن قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ ھەرقانداق پەرمانىغا شەرتسىز بويسۇنغايلا. خان يارلىقى بىلەن كەلگەنلىكلىرىنى پەش قىلىپ كىبىر كۆرسەتمەستىن، پەرمانغا سەركەشلىك قىلماستىن، ئۆز ئالدىلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈشتىن ساقلانسىلا. ئەندىجاننىڭ بىر چىمدىم توپىسى، شاھزادە بابۇرنىڭ بىر تال مويى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدىغان بولسا، ئەڭ ئاۋۋال قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن سىلىدىن ھېساب ئالىمەن. قېيىنئانام ئىسان دۆلەت خېنىمغا سالامىمنى يەتكۈزسىلە.
ئۆمەر شەيخ مىرزا پايتەختنى ئاخسىغا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن چوڭ خانزادىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى سەلتەنەت ئىشلىرىغا پىشقاچ تۇرسۇن دەپ ئەندىجاننىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىرتەرەپتىن ئەندىجاننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىدىن ۋايىم يېسە، بىرتەرەپتىن ئوغلىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.
پەرمان تاپشۇرۇۋالغان ئەمىرلەر شاھنىشىندىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىلىشتى. يالغۇز قالغان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ كاللىسىنى ئەتىگەندىن بېرىقى زىددىيەتلىك خىياللار يەنە چىرمىۋالدى.
«ئاغام بىلەن قېيىنئىنىم راستىنلا ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىمدۇ؟ ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرى راست بولسا ئۇلار پات يېقىندا ئاتا مىراس زېمىنىم بولمىش پەرغانە ۋادىسىغا تېگىش قىلىدۇ. قېيىنئىنىم سۇلتان مەھمۇدخان بىر نەچچە قېتىملىق غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ خۇددى بۇغرىسى تۇتقان تۆگىگە ئوخشاش

خۇدنى بىلمەي ھەر يان شىلتىڭ ئېتىپ يۈرۈيدۇ. ئۇ ھازىر
ھېچكىمنى نەزەر ـ گۇزىرىگە ئىلمايدۇ. ئەس ـ يادى زېمىنىنى
كېڭەيتىشتە، ئەتراپىدىكى خان ـ سۇلتانلارنى ئۆزىگە قارام قى-
لىشتا. خۇش، ئۇنىڭغۇ ياش بولغاچقا ئەقىلسىزلىق قىلدىمۇ دەيلى
ئەمما ئاتا يولىنى ئاغام بولمىش سۇلتان ئەھمەد مىرزىچۇ؟ ئۇ
چۈشىنىمۇ، چۈشۈنىمۇ بىلەلىگۈچىلىكى بار ئەر ئوتتۇرىسى ئا-
دەمغۇ ئۇ؟ مەندەك ئۆز قېرىندىشىنىڭ تەۋەلىكىگە لەشكەر تارتىپ
كېلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ شۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئاغىلىق
ھۆرمىتىگە، خاقانلىق مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىپ كەلدىمغۇ؟ ناھا-
يىتى شۇ تاشكەنت بىلەن شاھرۇخىيە قەلئەسىنى تالىشىپ ئاراز-
لىشىپ قالدۇققۇ؟ ئاخىرقى ھېسابتا بۇزرۇكۋار پىرىمىز خوجا ئە-
بەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن تاشكەنتنى
جەننەتماكان سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا بەرگەن بولدۇق.
شاھرۇخىيە قەلئەسىنى مەندىن تارتىۋالغىنى بىلەن، ئاشۇ نائىن-
ساب قېيىنئىنىم سۇلتان مەھمۇدخانغا تارتتۇرۇپ قويۇپ قاراپ
ئولتۇردى. يەنە بۇنى ئاز دەپ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى قاراكۆز بې-
گىمنىمۇ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم قېيىنئا-
تام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ قۇدا بولۇش تەكلىپىنى قو-
پاللىق بىلەن رەت قىلىۋەتمىگەن، قېيىنئاتىلىق ھۆرمىتىنى قى-
لىپ، قۇدىلىششىنى شەرەپ دەپ بىلگەن بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان-
چىلىقنى ئەلا بىلىپ تاشكەنتتىن مېھرىنى ئۈزگەن بولسا بۈگۈن-
كى كۈنلەردە ئابرۇيىنى، شەۋكىتىنى بۇنچە يوقىتىپ قويماسىدى.
ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە سەمەرقەنت، بۇخارا، كېش، قارشى، ئۆرە-
تۆپە، خوزارلاردەك كاتتا شەھەر ـ قەسەبەلەر بار. ئاشۇنداق تۇ-
رۇپ، كۈيۈئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانغا كۆمەكلىشىپ ماڭا لەشكەر
تارتىشنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ سۇلتان مەھمۇدخاننى كۈيۈئوغۇل
قىلىپ ئاتا ـ بالا بولۇشقاندىن كېيىن ئۇلار شۇ دەرىجىدە يېقىن-
لىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ پەرغانىگە لەشكەر تارتىش تەكلىپىنى قاي-

سىسى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغاندۇ؟ ئۇلار بۇنداق يامان نىيەتكە كې-
لىشتىن ھايا قىلمىغانمىدۇ؟ سۇلتان مەھمۇدخاننى قاراكۆز بې-
گىمگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، باشقا ئاغىچىلىرىنىڭ ھەرىمىگە ئا-
ياغ باسماس بولۇپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم. قېيىنئاتا بىلەن كۈيئوغۇل
ئىناق ئۆتسە ئەلۋەتتە ياخشى. بۇ جەننەتماكان قېيىنئاتام سۇلتان
يۇنۇسخان ئائىلىلىرىنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. لېكىن، مەنمۇ ئۇلارغا
يات ئەمەسقۇ؟ بىرىگە ئىنى بولسام، بىرىگە يېزنىمەن. گەرچە ھەر
ئىككىلىسىدىن كۆڭلۈم ئاغرىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ چاغقىچە
ھېچقايسىسىغا دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولۇپ باقمىدىم. بوپتۇ،
ئۇلارنىڭ نىيىتى شۇ بولسا لەشكەر تارتىپ كېلىۋەرسۇن. تەقدىر-
نىڭ پېشانەمگە پۈتكىنىنى كۆرەرمەن... قېرىنداشلار دۈشمەنلەش-
سەك تاماشىمىزنى ياتلار كۆرىدۇ. بەلكىم ھايان[1]نى شۇلار ئالىدۇ.
نېمە سەۋەبتىن بىز ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق تۈ-
گىمەيدۇ؟ نېمىشقا بىر ـ بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، بىر داستىخانغا
كېلەلمەيمىز؟ ئاغام مەرھۇم قېيىنئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن
تاشكەنتكە لەشكەر تارتىش خىيالىدا بولمىغان بولسا، مەنمۇ قې-
يىنئىنىم سۇلتان مەھمۇدخانغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن لەشكەر ئە-
ۋەتىپ ئەشتە قەلئەسىدە تۇرغۇزمىغان بولاتتىم. كىم بىلسۇن، بۇ
ياخشى نىيىتىمنى بىر قىسىم سۇخەنچى ئەمىرلەر يامانغا بۇراپ،
سۇلتان مەھمۇدخاننى كۈشكۈرتتى. ئۇمۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئەت-
مەي، راست ـ يالغاننى ئېنىقلىمايلا قاراپ تۇرۇپ لەشكەرلىرى-
مىزنى قىرىۋەتتى. گەرچە ئۇ قېيىنئانىلىرىمىنىڭ نەسىھەت قى-
لىشى بىلەن ماڭا مەكتۇپ يوللاپ ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ، چىن
يۈرىكىدىن سەمىمىيىتىنى ئىپادىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئە-
پۇسىنى قوبۇل قىلغۇم كەلمىدى. ئەسلىدە بولىدىغان ئىش بولۇپ
بولغاندىكىن بوپتۇ دەپ كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتسەممۇ بولغانىكەن.
كېيىن ئاغام تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىپ قاتتىق يېڭىلگەن-

[1] ھايان ــ پايدا، مەنپەئەت.

دىن كېيىن، بىر قانچە قېتىم ئەھۋال سوراپ قويۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى. ئەسلىدە بىرەر پارچە مەكتۇپ بىلەن ئاز ـ تولا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ قويسامىمۇ بولاتتى. شۇ-نىمۇ قىلغۇم كەلمىدى. شول چاغدا بىرەر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتىپ قويغان بولسام ئوتتۇرىمىزدىكى ئارازچىلىق مۇشۇنىڭ بىلەن تۇ-گەر بولغىيدى. ھەئە، مەندىن ئۆتكەن تەرەپلىرىمۇ بار. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئۆتكەن خاتالىقلارنى مەندەك ئويلىدىمىكىن؟ ياق، ھەرگىز ئويلىمىدى. ئويلىغان بولسا خىجىل بولاتتى. ئىت-تىپاقلىشىپ لەشكەر تارتىشتىن ھايا قىلاتتى. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ راستتىنلا ئاغا ـ ئىنى قېرىنداشلار بىر ـ بىرى-مىزگە قىلىچ يالىڭاچلارمىزمۇ؟ بۇ ياغىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئامال بولماسمۇ؟ ئامال يوق. بولغاندىمۇ ئاللىقاچان كېچىكتى. ئەمدى-لىكتە بولغاندا ئۇلارغا مەكتۇپ يوللاپ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئېسىگە سالسام، ئۇلار مېنى قورققان ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى چو-قۇم. ئاغام سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى ئارىغا سالايمىكىن ـ يا؟ لې-كىن ھازىر ئۇمۇ مەندىن خاپا. ئەتىيازدىن ئىككىنچى خانزادىسى بايسۇنغۇر مىرزىغا قىزىم مەلىكە خانزادە خېنىمنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتكەندە ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدىم. مەندىن رەنجىپ قالدى ئېھتىمالىم. شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئەلچى ئەۋەتمىدى. خانزادە خېنىمنى بەرگۈم يوق ئەمەس، سەل چوڭ بولۇۋالسۇن دەپ ئويلى-ۋىدىم. ئاغام بۇنى خاتا چۈشەندى. ئەمدىلىكتە ئۇنى ئارىغا چو-شۇشكە دەۋەت قىلاي دېسەممۇ ئۇلگۇرمەيدۇ. بەدەخشاننىڭ ئارىلى-قى خېلى يىراق. بەلكىم چوڭ ئاغامنىڭ پەيلىدىن ئۇمۇ خەۋەر تاپ-قاندۇ، يۈرىكىدە قېرىنداشلىق مېھرى بولسا ئۆزى يېتىپ كېلىپ قالۇر...»

ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ چىگىچ خىيالىنى شاھنىشىنغا كى-رىپ كەلگەن بىكاۋۇل بەگ ئۈزۈپ قويدى.

ــ ئالىيھەزرىتىم ئېپتارنى قايسى خانىشنىڭ قەسرىدە قىلى-

دىكىن؟
ئۆمەر شەيخ مىرزا دەماللىققا جاۋاب بەرمەي ئويلىنىپ قالـ
دى. رامىزان كىرگەندىن بىرى زولۇق ۋە ئىپتاردا توقال خانىشى قاراكۆز سۇلتان بېگىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدى. قاراكۆز سۇلتان بېگىم ھەم ياش، ھەم چىرايلىق، ناز ـ كەرەشمىلىك بولـ
غاچقىمۇ، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئامراق ئىدى. ئۇمۇ خانغا يېقىش ئۈچۈن ھەر خىل خۇلۇقلارنى چىقىرىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا قاراكۆز سۇلتان بېگىمنى تارتىپ تۇرـ
سىمۇ، لېكىن باشقا خانىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يەنە بىر خانىشى پاتىمە سۇلتان ئاغىچىنى دەرھال نەزەرىدىن ساقىت قىلدى. چۈنكى رامىزاننىڭ ھارپا كۈنى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىكـ
كىنچى خانزادىسى جاھانگىر مىرزىنى كۆرگۈسى كېلىپ پاتىمە سۇلتان ئاغىچىنىڭ قەسرىدە قونۇپ قالغانىدى. ئۇ خانىشى قۇتـ
لۇقنىگار خېنىم بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالـ
غانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ ھامان كۆز ئالدىغا قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ سولغۇن چىرايى كېلىۋالدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنى سۇلتان يۇنۇسخاندەك كاتتا ھۆكۈمدارنىڭ مەلىكىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەتىۋارلىق مەلىكىسى خانزادە خېنىم بىلەن سۆـ
يۈملۈك چوڭ شاھزادىسى بابۇرنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ھەممە خانىش ـ ئاغىچىلىرىدىن بەكرەك ھۆرمەتلەيتتى. ھەرەمـ
دىكى ئىمتىيازىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا توي ـ تۆـ
كۈن، بەزمە ـ باراۋەتلەردىن تارتىپ، ئائىلە زىياپەتلىرىگىچە ھەر قانداق ۋاقىتتا خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىمغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بېرەتتى. بىراق، يېقىندىن بېرى قاراكۆز سۇلتان بېگىم بىلەن بولۇپ كېتىپ قۇتلۇقنىگار خېـ
نىمنىڭ قەسرىگە بارالمىغانىدى.
«ئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىلغان يۈزسىزلىكى، ئىنسابسىزلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى مەندىن ئەپقېچىپ يۈـ

رويدۇ تايىنلىق. قىلغۇلۇقنى قىلسا ئىنىسى قىلدى. ئىنىسىنىڭ گۇناھىغا ئىگىچىسى جاۋابكار ئەمەس. يا ئۇ ئىنىسىغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتمىگەن تۇرسا. بۇنچە خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى. بەلكىم يېقىندىن بېرى ھەرىمگە ئازىچە بارماس بولۇپ قالغىنىمنى مۇشۇ سەۋەبتىن دەپ بىلىپ قالدىمىكىن. ئۇنىڭسىزمۇ دەردى يەتكۇچە بار...»

خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىمغا ئۇۋال قىلىپ قويغاندەك تۇيۇغۇغا كېلىپ قالغان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ يۈركى ئېچىشىپ كەتتى.

— خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ قەسرىدە ئىپتار قىلىمەن، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان بىكاۋۇل بەگكە قاراپ.

— ئانھەزرىتىم ئامان بولغايلا.

بىكاۋۇل بەگ كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

يالغۇز قالغان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ كاللىسىغا يەنە ئۇرۇش ۋەھىمىسى كىرىۋالدى. خىيال قىلغانسېرى ئاكىسى بىلەن قېيىنئىنىسىنىڭ لەشكەرلىرى ھازىرلا باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ تەختتىن ئازراق قىمىرلىدى.

«مەرغىلان، ئىسفەرەنىڭ ھازىرلىقلىرى قانداقراقتۇر. ئۇلار ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ چاپارمەنلەر پەرمانىمنى يەتكۈزۈپ بولغۇچە، ياۋ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىپ قالمىغىيدى...»

ئۆمەر شەيخ مىرزا بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ مەرغىلان بىلەن ئىسفەرە ھازىرلا قولدىن كېتىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. كۆڭۈل بىئاراملىقىدىنمۇ ياكى تۇتقان روزىسىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر تاڭلايلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. تاشكۆلچەككە شىرىلداپ چۈشكەن سۇغا قاراپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى.

«پەرمانىنى ئېلىپ ماڭغان چاپارمەنلەر راستىنىلا كېچىكىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق...»

تۇيۇقسىز كاللىسىغا كەلگەن بىر خىيالدىن ۋۇجۇدىدا غىل ـ پال ئۈمىد پەيدا بولغان ئۆمەر شەيخ مىرزا دەس ئورنىدىن تۇردى.

— ئات تەييارلانسۇن!

ئۇ شاھنىشىندىن چىقىپ خاس ئاختىچىسى يېتىلەپ كەلگەن نەسىللىك ئايغىرغا چاقىقانلىق بىلەن مىندى ـ دە، ئۇدۇل كەپتەرخانىسىغا قاراپ ئات سالدى.

كەپتەرخانا يارنىڭ لېۋىگە جايلاشقان بولۇپ، كەپتەرخانىنىڭ ئاستىدىكى يىگىرمە ـ ئوتتۇز غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى يارلىقتىن ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مۇشۇ ئېگىزلىكتىن ئاشۇ چوڭقۇرلۇققا قارىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشى قايماي قالمايتتى.

خانىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن كەپتەرچى بەگ بىر نەچچە خىزمەتكارلارنى ئەگەشتۈرگىنىچە پايپاسلاپ كېلىپ سالام بەردى. ئۇنىڭغىچە ئاختىچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسىگىنىچە سېمىز گەۋدىسىنى ئېگەردىن لىككىدە كۆتۈرۈپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كەپتەرچى بەگنىڭ يول باشلىشىنى كۈتمەيلا كەپتەرخانىغا قاراپ ماڭدى. كەپتەرچى بەگ بىلەن نۆكەرلەر ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

خېلى يوغان قەسىردىن قېلىشمايدىغان ئوردا كەپتەرخانىسىدا بېقىلىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان كەپتەرلەر خانىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن پات ـ پات ئۇچۇرۇلغاندىن سىرت، باچكىلىرىدا ئوردا ئاشخانىسىدا كاۋاپ، شورپا قاتارلىق تۈرلۈك غىزالار تەييارلىناتتى. ھەرىمىدىكى يەتتە نەپەر خانىش ـ ئاغىچىسىدىن باشقا پات ـ پات يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇلىدىغان سانى نائېنىق توقاللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان ئۆمەر شەيخ مىرزا ھەر كۈ-

نى دېگۈدەك كەپتەر باچكىسى ئىستېمال قىلاتتى. كەپتەرخانىدىكى بۇ كەپتەرلەرنىڭ خانىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، باچكىلىرى بىلەن خانىنىڭ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەشتىن باشقا يەنە يىراق ـ يېقىندىكى شەھەر ـ ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىگە خەۋەر ـ پەرمان يەتكۈ ـ زۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىسى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كەپ ـ تەرلەر ــ ئويۇنچى كەپتەرلەر، گۆش كەپتەرلىرى ۋە خەۋەرچى كەپ ـ تەرلەر دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىپ بېقىلاتتى. ھەرقايسى بۆلەكتىكى كەپتەرلەرگە قارايدىغان مەخسۇس خىزمەتكارلار بار ئىدى.

ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇدۇل خەۋەرچى كەپتەرلەر خانىسىغا قاراپ ماڭدى.

ــ مەرغىلان، قوقان، ئىسفەرەگە ئۇچىدىغان كەپتەرلەرنى تۇتۇپ چىق، ــ دېدى ئۇ يېنىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتى ـ رەپ تۇرغان كەپتەرچى بەگكە قاراپ.

كەپتەرچى بەگ خىزمەتكارلار بىلەن خان بۇيرۇغان كەپتەر ـ لەرنى تۇتۇپ چىققۇچە يېنىدىكى سەرمۇنشىغا قىسقا قىلىپ ئۈچ پارچە پەرمان يازدۇردى ـ دە، نەيچە قىلىپ يۆگەلگەن ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى قەغەزلەرنى نەپىس ياسالغان قوشۇق دەستىسىدەك توملۇقتىكى كىچىك كۆنقاپقا سېلىپ كەپتەرلەرنىڭ پۇتىغا ئەپ ـ چىللىك بىلەن تاڭدى.

ئۇ كەپتەرلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۇچۇرۇش ئۈچۈن كەپتەر ـ خانىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇلغان شوتىغا قاراپ ماڭدى. شوتىنىڭ ۋاخنىسى ئۇنىڭ سېمىز بەستىنى كۆتۈرەلمەي غىرسلايتتى. ئۇ ئۆگزىدىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى نەقىشلىك پەغەزلەردە دانلاۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ قويۇپ كەپتەرچى بەگنىڭ قولىدىن مەرغىلانغا ئۇچىدىغان كەپتەرنى ئالدى. شۇ ھامان يارنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغان «گۇلدۇر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كەپتەرخانا يەڭگىل تەۋرىگەندەك بولدى. ھەئە، سەيھۇن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن كېچىدىن بېرى باشقىچە ئۇلغىيىپ قالغان بولۇپ، قىرغاقلارنى

كولاپ ـ ئۆرۈپ قىنىنى كېڭەيتىۋاتاتتى. بايىقى ئاۋاز دەريا قىنىدىغا پاتمىغان كەلكۈن سۈيىنىڭ كولىشىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يارلىقتىكى لاي ـ لاتقىلارنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى مۈشۈنداق سىلكىنىش، تەۋرىنىشنى بىر قانچە قېتىم سەزگەن كەپتەرخانا خىزمەتكارلىرىنىڭ چىرايىنى ئەندىشە چۇلغىۋالغاندى. لېكىن ئۇلار بۇ ئەندىشىلىرىنى قاپقىنى تۇرۇپ تۇرغان خادىغا ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. يارنىڭ لېۋىگە جايلاشقان كەپتەرخانىنىڭ ئاستىنى بەڭباش كەلكۈن سۈيى يالاپ، كولاپ ئېقىتىۋاتاتتى. ئەمما، بار ئەس ـ يادى كۆز ئالدىدىكى بولغۇسى جەڭدە قالغان ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ سىلكىنىشكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ئاۋۋال مەرغىلانغا ئۇچىدىغان، ئاندىن قوقانغا ئۇچىدىغان كەپتەرنى قويۇۋەتتى. شۇ تاپتا قولىدا ئىسفەرەگە ئۇچىدىغان كەپتەرلا قالغانىدى. پايپاقلىق پاقا كۆز كەپتەر ئاللىقانداق بىر خەۋپنى سەزگەندەك ئۇچۇشقا ئالدىراپ تىپىرلايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كەلدى ـ دە، ئىختىيارسىز پەسكە ــ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتا ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىدى. لايقىلاپ ئېقىۋاتقان گىل رەڭ دەريا سۈيى قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ پارقىرايتتى.

«ئاغام بىلەن قېيىنئىنىم قېرىنداشلىق مېھرىگە رىئايە قىلمىسا مەنمۇ رىئايە قىلمايمەن. تەۋەيمگە قەدەم بېسىشقا پېتىنغان لەشكەرلىرىنىڭ قېنىنى ئەنە ئاشۇ دەريا سۈيىدەك ئاققۇزۇپ، پەرغانە ۋادىسىغا ئىككىنچى ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالماس قىلىۋېتىمەن!»

ئۆمەر شەيخ مىرزا پىغانلىق بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ قولىدىكى كەپتەرنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بارماقلىرىنى ئاستا بوشاتتى. تۇتقۇنلۇقتىن بوشانغان كەپتەر ئەركىن قانات قاققىنىچە كۆككە پەرۋاز قىلدى. دەل شۇ دەقىقىدە يەرنىڭ تېگىدىن

«گۈلدۈر» قىلغان مۇدھىش ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ئۇشبۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ كەپتەرخانا دەسلەپ يەڭگىل، كېيىن قاتتىق تەۋرەندى. ئاشۇ تەۋرىنىش بىلەن تەڭ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ يۈرىكىمۇ ۋەھىمە-لىك جىغىلدىدى. ئۇ كەپتەرخانىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن ئالدىغا مۇدۈرۈپ كەتكەندى. تەمپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئېگىزگە سۇنغان قولىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ قىلىپ پۇلاڭلاتتى. ھەئە، ئۆمەر شەيخ مىرزا سېمىز، كېلەڭسىز بەستىنى رۇسلاپ بولغۇچە كەپ-تەرخانا تېخىمۇ بەك قىڭغايدى ـ دە، گۈلدۈر ـ غالاپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاۋۋال ئۆمەر شەيخ مىرزا، كېيىن كەپتەرخانا يارغا قاراپ غۇلىدى. ئۆگزىدىكى كەپتەرچى بەگ، نۆكەر، مۇلا-زىملارنىڭ جان ئاچچىقىدا تۇۋلىغان ئېچىنىشلىق نالىسى دەقىقە ئىچىدە ھاۋاغا سىڭىپ كەتتى.

※ ※ ※

قۇياش زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى. ئالەم ـ جاھاننى تىنچىق ـ بۇلۇقما قاپلىۋالغاندى. يوپۇرماقلار مىدىراپ قويايمۇ دېمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەندىجان شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ھەر خىل مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان چاھارباغ ھەر ھالدا سالقىن ئىدى. كاككۇك ۋە باشقا قۇشلارنىڭ ئاندا ـ ساندا سايراشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باغنىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. باغنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىدا، ئېگىز قورۇق تاملاردا قورۇق-چىلىق قىلىۋاتقان نۆكەرلەر پىژغىرىم ئىسسىققا چىداشلىق بې-رەلمەي، ئورنىغا نۆۋەت ئالمىشىش ئۈچۈن كېلىدىغان قورۇق-چىلارنىڭ يولىغا تەقەززالىق بىلەن قارىشاتتى؛ چاڭقاپ كەتكەن-لىكتىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىنىمسىز يالايتتى؛ ئۇزاتسا قول يەتكۇدەك يەردىكى سارغىيىپ ۋىل ـ ۋىل پىشقان ئۆرۈكلەر ئىختىيارسىز نەپسىنى تاقىلدىتاتتى. ئەمما، تۇتقان رو-

زىسنى قازا قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ ئۆرۈكلەرگە قارىماسلىققا تىرىشاتتى. نەپسى شەيتان ئۇلارنى ئۆرۈكلەرنى ئۈزۈپ يەپ ۋۇجۇ-دىنى قىيناۋاتقان ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابىنى بېسىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرسىمۇ، روزىنى قازا قىلىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان گۇناھ تۇيغۇلىرى يەنىلا غالىب كېلەتتى؛ ئەتىگەندە زولۇق يەپ بو-لۇپ، بىر كۈن روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامىنى شىپى كەل-تۈرۈپ قىلغان قەسەملىرى دەرھال ئېسىگە كېلىپ، ئاچلىق ۋە تەشنالىققا چىدىماي تاقىلداپ تۇرغان نەپسىنى بېسىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئەتىگەن ھاۋانىڭ سالقىن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ نۆكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كاماندازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلغان شاھزادە بابۇر مىرزا ئەمدىلىكتە چاھارباغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى يوغان كۆلنىڭ بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن چىنارلار سايە تاشلاپ تۇرغان راۋاقتا ھاردۇق ئالغاچ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. كۆل بويىغا چۆرگىلە-تىپ تىكىلگەن كۆككە بوي سوزغان چىنارلارنىڭ سايىسى كۆل سۈيى بىلەن بىرلىشىپ ئادەمگە باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. نۆ-كەرلەر شاھزادىنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن نېرىراقتىكى سايىغا سېلىنغان گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ ئارام ئېلى-شىۋاتاتتى. ئىككى مەھرەم يىگىت قوللىرىدىكى قوتاز قۇيرۇقلىرى بىلەن شاھزادىنى پاشا ـ چىۋىنلەردىن قورۇيتتى. شۇ تاپتا ئىككى قات سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بابۇر مىرزا ئالدىدىكى رىھىل[1]گە ئېڭىشكىنىچە ھەزرىتى نەۋايىنىڭ «غەرايىبۇسسىغەر»[2]دىكى شېئىرلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ئوتلۇق مىسرالارنىڭ مەنا چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇغانىدى. گەرچە شېئىرنى ئىچىدە ئوقۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بەزى مىسرالارنى ھاياجىنىنى باسالماي ئۈنلۈك تەكرارلايتتى :

① رىھىل ـــ مەخسۇس كىتاب قويۇپ ئوقۇيدىغان جابدۇق.
② «غەرابۇسسىغەر» ـــ باللىق غارايىپلىرى.

ئەشرەفەت مىن ئەكس شەمسىل① ـ كەئىس② ئەنۋارۇل ھۇدا③،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامىدىن چىقتى سادا.
غەير نەقشىدىن④ كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم⑤،
يوقتۇر ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزە⑥دا،
ئەي، خۇش ئول مەيكىم، ئاڭا زەرف⑦ ئولسا بىر سىنغان سەفال.
جام ئولۇر كىيتىنەما⑧، جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا،
جامۇ مەي گەر بۇيلەدۇر، ئول جام ئۇچۇن قىلماق بولۇر،
يۇز جەھان ھەردەم نىسار، ئول مەي ئۇچۇن مىڭ جان پىدا.
دەير⑨ ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىپتىدا⑩.
تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇد، مەھۋ⑪ئولغاي ھەم ئول دەم مائەدا⑫.
ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە كىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسم ئىلە قىلغاي ئەدا.
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر.
بىلمەيىن نەفئى ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا⑬.
تەشنەلەب ئولما نەۋايى، چۇن ئەزەل ساقىيسىدىن،
«ئىشرەبۇ، يا ئەييۇھەل ئەفشان⑭» كېلۇر ھەر دەم نىدا.

---

① شەمس ــ قۇياش.
② كەئىس ــ مەي قاچىسى، كاسا.
③ ئەنۋارۇل ھۇدا ــ توغرا يول نۇرى.
④ غەير نەقش ــ غەيرىي مەقسەت.
⑤ زەڭگى غەم ــ غەم كىرلىرى.
⑥ غەمزە ــ كۆز قىسىش، ئىشارە قىلىش، ئەركىلەش.
⑦ زەرف ــ كوزا
⑧ كىيتىنەما ــ جاھاننامە.
⑨ دەير ــ مەيخانا.
⑩ ئىپتىدا ــ باشلا.
⑪ مەھۋ ــ يوقىلىش.
⑫ مائەدا ــ ... دىن باشقا، ... دىن تاشقىرى.
⑬ زاھىدا ــ ئەي زاھىد.
⑭ يا ئەييۇھەل ئەفشان ــ ئەي تەشنالار ئىچىڭلار.

بابۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ نەزەرىنى كىتابتىن قۇياش نۇ-رىدا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كۆل سۈيىگە يۆتكىدى. كاللى-سىدا: «قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى. جامدىن يارنىڭ ئەكسىنى شارابتا كۆر دېگەن سادا چىقتى...» دېگەن مىسرالار قايتا جاراڭلىدى ۋە خىياللىرى ئىخ-تىيارسىز يىراق ھىرات تەرەپكە قاراپ قاناتلاندى.

«ئەندىجان بىلەن ھىراتنىڭ ئارىلىقى زادى قانچە كۈنلۈك يولدۇر؟ قانىتىم بولسا ئۇچۇپلا ھىراتقا بارسام. ئۇل نەزم پىرى، شېئىر مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى بولمىش نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلىپ، مۇبارەك قوللىرىنى ئۆپسەم. ئاتەش زەبا-نىدىن دۇر ـ گۆھەر چاچقۇچى كالاملىرىنى ئاڭلىسام... مىڭ ئەپسۇس، مەنزىلنىڭ يىراق ھەم داۋانلىق بولغىنى ھېچ گەپ ئە-مەس. سەپەر مۇشەققىتىدىن قورقمايدىغان ئادەم ھەرقانداق مەن-زىلگە يەتمەي قويمايدۇ. ئەمما كۆڭۈلگە چۈشكەن نىزا، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك داۋىنى ھەممىدىن يامان. ئۇنىڭدىن ئاشماق بەسى مۇشكۇل. ھۆرمەتلىك خان ئاتام بىلەن مۆھتەرەم خان تاغام كۆڭۈل گۇلزارلىقىدا پەيدا بولغان نىزا، ئاداۋەت داۋانلىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى جارى قىلدۇرۇپ بۇنچىۋالا ئۆچ-مەنلەشمىگەن بولسا، بەلكىم بۇ چاغقىچە سەمەرقەنت، ھىراتلارغا بېرىپ ئۇل شەھەردىكى ئالىم ـ پازىللارنىڭ دەرگاھىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان، نەۋايى ھەزرىتىم بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ تەلىمى-نى ئالغان بولاردىم. مانا شۇ دەقىقىدە پۈتكۈل پەرغانە تەسەررۇپى خان تاغام بولمىش سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ تەھلى-كىسىدە. سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تەۋەيىمىزگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتىمىش. بۇ ياغىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق نەتىجىلىنەر-كىن؟ بىر يامانلىقنىڭ كەينىدە بىر ياخشىلىق بار دېيىشىدۇ ئا-قىللار. ياخشىلىق غالىب كېلىپ ئاتام بىلەن تاغام بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشسا، ئەل ـ يۇرت ئاسايىشلىقتا يۈزلىنىپ، ئاۋام ـ رە-ئىيەت بالا ـ قازادىن ساقلىنىپ قالاتتى. مەنمۇ خان ئاتامدىن ئى-

جازەت ئېلىپ سەمەرقەنت، ھېراتلارغا بېرىش ئارزۇيۇمغا يېتەرد
ىدىم...»

كۆل بويىغا ئالدىراش يېتىپ كەلگەن چاپارمەن بابۇرنىڭ
ھەسرەتلىك خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— شاھزادە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. ئۆزلىرىنى بۇزرۇك
مومىلىرى ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ.

بابۇر چاپارمەننىڭ ئۆمسۆلە چىرايىغا بىر قاراپلا، ئاللىقانداق
بىر كېلىشمەسلىك بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئارتۇق
گەپ سوراشقا رايى بارماي دەس ئورنىدىن تۇردى.

تومۇزنىڭ تىنچىق ھاۋاسىغا چىدىمىغان بابۇر مومىسى خا
نىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن بىللە بىر ئاي رامىزاننى قىي
نالمايراق ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئەندىجان شەھىرىنىڭ سىرتىدد
كى بۇ ھاۋالىق چاھارباغقا چىقىۋالغانىدى. ئەتىگەندە زولۇقتىر
كېيىن مومىسى ئۇنىڭغا ئىپتارنى يېنىغا كېلىپ بىللە قىلىشنى
ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. شۇ تاپتا مۇھىم ئىشى بولمىسا نەۋرىسىنى
چىڭقى چۈشتە ئاۋارە قىلىپ يېنىغا چاقىرتىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا مومىسىنىڭ چاھارباغنىڭ سالقىن بى
يېرىدە ئۇخلايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

تۈنۈگۈن ئىپتاردا خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلە
شاھزادە بابۇردىن ئىپسەنلىك سوراپ چاھارباغقا چىققان قاسىمبە
قاۋچىن قاتارلىق ئەمىرلەر ئىپتار قىلىپ ئولتۇرۇپ سەمەرقەنت
تىن لەشكەر تارتىپ چىققان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇدۇ
مەرغىلان، قوقان، ئىسفەرەنى نىشانلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن، تاش
كەنتتىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ
بولسا خوجەنت دەرياسىنىڭ شىمالىغا قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدى
مەلۇمات بەرگەنىدى. شۇ چاغدا كۈيئوغلى بىلەن ئوغلىنىڭ ئى
سابىسىزلىقىدىن رەنجىگەن خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ئۇلارنى
ئەيىبلەپ بىر ھازا سۆزلىگەن ۋە شەخسىي نامىدىن مەكتۇپ يېزى
ئەۋەتىپ ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولغانىدى.

«بۇزرۇك مومام نېمە سەۋەبتىن چاقىرتتىكىن؟ ياكى ئۇل ئىككى تاغامنىڭ لەشكەرلىرى ئەندىجانغا قىستاپ كېلىپ قالغاندىمدۇ ـ يا؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە تېز يېتىپ كەلمەس. قاسىمبەگ قاۋچىن مەرغىلان بىلەن قوقاننىڭ مۇداپىئەسى بەك مۇستەھكەم، ياۋ ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاسانلىقچە ئىشغال قىلالمايدۇ دەۋاتاتتى، ياكى ئۇل قەلئەنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى ئۇرۇش قىلمايلا تەسلىم بولغانمىدۇ؟ بۇزرۇك مومام بولغاندىكىن ئۇلار ئەندىجانغا تېگىشكە پېتىنالماس...»

باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن چاھارباغنىڭ كۆنگەي تەرىپىدىكى سارايغا يېقىنلاشقان بابۇر ئايال كىشىنىڭ نالىلىك يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چېپپىدە توختىدى. يىغا ئاۋازى سارايدىن چىقىۋاتاتتى. مومىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان بابۇرنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداق بىر مۇدھىش تۇيغۇلار چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن قەدەم ئېلىشلىرى ئىتتىكلىدى. سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى داردا ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئېلىۋېتىلمىگەن تۆت ئات سوۋۇتۇلۇۋاتاتتى. بابۇر ئاتلارغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ سارايىنىڭ نەقىشلىك دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

يېپەك رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغان ئىسان دۆلەت خېنىم يۈگۈرۈپ كىرگەن نەۋرىسىنى باغرىغا باسقىنىچە قايتىدىن ھازا باشلىدى:

ــ ئاھ خۇدا! مېنىڭ نۆۋىتىم ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ئاداشتۇرۇۋەتكەنسەن. سۆيۈملۈك نەۋرەمنى ئاتا مېھرىگە قانغىلى قويساڭ بولماسمىدى. كۆيۈئوغلۇم ئەمەس، ئوغلۇم، جىگىرىم ئىدىغۇ مىرزام. سىلىدىن ئايرىلىپ بۇ يۈرەك قانداق چىدايدۇ ئەمدى. ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا...

نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىگەن بابۇرنىڭ ئىچ ـ ئىدچىدىن بىر يىغا كەلكۈنى يامرىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىدىن

بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى. زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ پەرياد ئۇرۇۋاتقان مومىسىغا تەسەللى بىرىشكىمۇ تىلى كەلمىدى تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەپ چوق قىسىدا تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، چىكىسىگە پىچاق تىققاندەك ئاغرىق كىردى. گېلى قۇرۇپ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالدى مومىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراش ئۇچۇن تىپىرلىدى، ئەمما نى مىشقىدۇر قوللىرىدا ماغدۇر يوق ئىدى.

«دادام قازا قىپتۇ. كۆيۈمچان پەدەرىمدىن، تاغدەك يۆلەنچۇ كۇمدىن ئايرىلىپ قاپتىمەن. ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن سىمىز، كەڭ، قۇۋۋەتلىك، مېھرىلىك باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتالماي مەن. ئۇنىڭغا ئەركىلىيەلمەيمەن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى دېيەل مەيمەن...»

پاكار بويلۇق، چۈرۇلمە ساقاللىق، تۆرۈك يۈزلۈك، تەمبە كەلگەن دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاتلىق مېھرى بالقى تۇرغان خۇشخۇي چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بابۇر ئاخى پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگە ئەمىر ـ بەگلەرمۇ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ھازا ئېچىشتى.

ــ قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئەلەيھى راجىئۇن[1]، ـــ دېد ئەندىجاننىڭ قازىسى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا يىغا ـ زار بىر ئ پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ، ـ بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا. جەننەتماكان خان ئالىيلىرى شۇڭقار بو لۇپ يۇرەك ـ باغرىمىزنى خۇن ئەيلىدى. شول تاپتا باغرىمىز قا لىق، كۆزىمىز ياشلىق. پۈتكۈل پەرغانە مۇسىبەت قايغۇسىدا. ئ مال قانچە. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەمنىڭ كارامىتى بىلەن بۇ پانى غا كۆز ئاچقان ھەربىر بەندە يا ئىلگىرى، يا كېيىن رەھمەت دەر ياسىنىڭ شەربىتىنى ھامان ئىچىدۇ. ئەمدى ھەربىرىمىز ئۆز

① مەنىسى: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، چوقۇم ئاللاھنى دەرگاھىغا قايتىمىز.

مىزگە تەسەللى بېرىپ باقسىنىڭ ئەمەس، پانىيىنىڭ غېمىنى
قىلايلى. بۇزرۇك خانىش ئالىيلىرى، شاھزادەم سەۋر قىلىشقايلا.
ئۇنتۇشمىسىلاكى، ھازىر ئەندىجان ياۋ تەھلىكىسىدە. تەخت ـ
سەلتەنەت پاسىبانسىز قالماسلىقى كېرەك.

خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى تەسىر قىلدىمۇ ئەي-
تاۋۇر، ئىسان دۆلەت خېنىم دەرھال ئېسىنى يىغدى.

«قازى ھەزرەتلىرى راست ئېيتىدۇ. ھازىر ھازا ئېچىپ
يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس. تەخت ـ سەلتەنەت پاسىبانسىز قالسا
ھەرگىز بولمايدۇ. بولمىسا ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ، ئاۋام ـ رە-
ئىيەتنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، ئىرادىسى سۇنىدۇ، ياۋغا تاقابىل تۇ-
رۇشتىن رايى قايتىدۇ. بۇ مەرھۇم كۇيۇئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ
خەتەرلىك. بابۇر مىرزىنى دەرھال ئوردىغا ئەكىرىپ تەختتە ئول-
تۇرغۇزۇش كېرەك. بولمىسا بەزى ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىگە شۇملۇق
سايە تاشلاپ، ئۆز ئالدىغا تەخت ۋارىسى بەلگىلەشكە چۈشىدۇ. بۇ-
نىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان...»

ئىسان دۆلەت خېنىم سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلاشماي
يۈرگەندەك قىلغان بىلەن كەسكىن، تەدبىرلىك، ئاقىللارچە پىكىر
قىلىدىغان مەزلۇم ئىدى. ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ، قەددىنى
رۇسلىدى:

— شۇنداق، ھازىر ھازا ئاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس، شۇم خە-
ۋەر شەھەرگە تارقىلىشتىن ئاۋۋال شاھزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇ-
زۇپ ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن
تاپقۇزۇش كېرەك. ئىككىلىرى مەرھۇم كۇيۇئوغلۇمنىڭ ئالىي
ھىممىتىگە ئېرىشكەن دۆلەتخاھلارنىڭ پېشۋالىرىدىن، — دېدى
ئۇ خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن ئەمىر قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاراپ، —
ئەندىجاندىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ھەممىسى ھەر-
بىرلىرىڭنىڭ ئاغزىلىرىغا قارايدۇ. شۇڭا دەرھال شەھەرگە قايتىپ
ئەمىر ـ بەگلەرنى يىغىپ، شاھزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئى-

شىغا كىرىشكەيلا.

— پەرمانبەردارمىز!

خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن ئەمىر قاسىمبەگ قاۋچىن ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن ئۆپكىدەپ ئولتۇرغان بابۇرغا سالام بېرىشۋې- تىپ دەرھال سارايدىن چىقىپ كەتتى.

سارايىنىڭ ئىچىنى بىر پەس سۈكۈنات قاپلىدى.

— بەردەم بولسىلا شاھزادەم، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم نەۋرىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى روملى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ھازىردىن باشلاپ بالىلىقلىرىنى تاشلىسىلا. سىلى ئەمدى بالا ئە- مەس، بىر ئەلنىڭ پاسىبانى. ئاۋام - رەئىيەتنىڭ پۇشت پاناھى بولدىلا. شۇڭا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، كۆڭۈللىرىگە غەي- رەت، شىجائەتنى يار قىلغايلا. سىلىگە ئەمدى يىغا ياراشمايدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، سىلىدە ئەل - يۇرتقا پاسىبانلىق قىلىشقا يېتەرلىك ئىستىبدات، پاراسەت بار. گەپ جاسارەتلىك بولۇشلى- رىدا. جانابى ئاللاھ ئىگەم پېشانىلىرىنى ئوڭ، يوللىرىنى داغدام قىلغاي. ئەمدى بارلىق مۈشكۈلاتلىرىمىزنى سىلىگە يۈكلىمەي ئا- مالىمىز يوق.

مومىسىنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۆزىگە ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر بابۇر كۆز ياشلىرىنى توختىتىپ دەس ئورنىدىن تۇردى. شۇ تاپتا ئىسان دۆلەت خېنىم نەۋرىسىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا ھازا ئېچىپ يىغلاپ، ئەمىر - بەگلەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى. ئەمما بابۇرنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋې- تىپ چوڭ ئادەملەردەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، چىرايىدىكى قەتئىي- لىك، جاسارەتنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلىلا جايىغا چۈشتى. خىزمەت- كارلارنى مەپە جابدۇشقا، كېنىزەكلەرنى نەرسە - كېرەكلەرنى يى- غىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ شەھەرگە تېزرەك قايتىشقا ئالدىراپ قالغانىدى؛ كۇيۇئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان بىر قىسىم ئەمىر - بەگلەرنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قى-

لىپ، باشقا نىيەتتە بولۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ قالغانىدى؛ مۇلازىم، كېنىزەكلىرى ئالدىرىمايۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ جىلە بولاتتى؛ خىزمەتكارلارنىڭ «مەپە تەييار بولدى» دەپ خەۋەر قىلىشىنى كۈتۈپ پات ـ پات ئىشىككە قارايتتى.

«ھازىر يولغا چىقساممۇ شەھەرگە كىرىشكە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت كېتىدۇ. ئاباياملا مەپىنى جابدۇشقا بۇيرۇسام بوپتىكەن. بۇ چاغقا خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىنىغا شەھەرگە كىرىپ بولدى ئەتىمالىم. شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەمىر ـ بەگلەر نېمە كويدىدۇر؟ ئىرادىسى سۇنۇپ ياۋغا سەلتەنەتنى تاپشۇرۇش خىيالىغا كېلىپ قالمىسا بولاتتى. ھەي، مۇشۇنداق چاغدا نېمىشقىمۇ چاھارباغدا بولۇپ قالغاندىمەن؟! بابۇرجاننى شەھەرگە ئەكرىپ دەرھال پادىشاھ دەپ جاكارلىتىۋالسام ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشەتتى. ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان كۆڭلىمۇ بىسقاتتى ياكى بولمىسا بابۇرجان ئالدىدا ئاتلىق ماڭغاچ تۇرسۇنمىكىن. ئاباياملا ئۇنى خوجا قازى بىلەن قاسىمبەگكە قېتىپ قويسام بوپتىكەن... »

— بولمىسا سىلى نۆكەرلىرى بىلەن شەھەرگە ماڭغاچ تۇرسىلا، — دېدى خىيال قىلغانسېرى ئەندىشىسى كۈچەيگەن ئىسان دۆلەت خېنىم بابۇرغا قاراپ، — بەربىر مەپە ئاستا ماڭىدۇ. ئەندىجانغا بىر قەدەممۇ بولسا بۇرۇنراق بارغانلىرى تۈزۈك.

ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بابۇر مومىسىنىڭ تەكلىپىگە تىرەجىمەيلا قوشۇلدى.

※ ※ ※

ئەندىجان قەلئەسىگە قاراپ قويۇندەك ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇسىبەت ئازابى قايتىدىن چىرمىۋالغانىدى. ئاستىدىكى نەسىللىك ئايغىرغا چاھارباغدىن چىقار ۋاقتىدا سالغان بىر قامچىلا كۇپايە قىلغانىدى. ئۇچقۇر ئاتنىڭ تۇياقلىرى

يەرگە تەگمەيتتى. بۇ ئاتنى ئۇنىڭغا دادىسى ئاخسىغا ماڭار ۋاقتىدا سوۋغا قىلغانىدى.

«خان ئاتام ئاخسىغا بارماي ئەندىجاندا تۇرۇۋەرگەن بولسا بۇ قازادىن ساقلىنىپ قالارمىدى؟ نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ يولىنى توسمىغان بولغىيدىم. توسقان بولسام گېپىمگە كىرەر بولغىيمىدى؟...»

ئوقتەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۇستىدە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان بابۇرنىڭ كۆز ئالدىدىن دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاخسىغا ماڭغان ۋاقتىدىكى ئىشلار لاپ قىلىپ زاھىر بولدى.

ھەئە، پايتەختنى ئاخسىغا كۆچۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن ئۆمەر شەيخ مىرزا تۇرلۇك تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقار ۋاقتىدا، تۇيۇقسىز ئوغلى بابۇرنى ئەندىجاننىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ ئۇنى ئەندىجاندا قېپقېلىشقا بۇيرۇدى. شۇ چاغقىچە ئاتا ـ ئانىسىدىن تۇزۇك ئايرىلىپ باقمىغان بابۇر دادىسىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ نارازىلىق بىلەن ئۈمچەيدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ باللارچە تۇيغۇسىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن كۆرە ئاخسىدەك گۈزەل شەھەرگە بېرىش خىيالى بەكرەك ھۆكۈمران ئىدى. بالا دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ھەردائىم ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىدۇ. مېھماندارچىلىق، بەزمە ـ مەشرەپلەرگە، نامىنى ئاڭلىغان، لېكىن بېرىپ باقمىغان يۇرت ـ شەھەرلەرگە بېرىشقا قىزىقىدۇ. گويا ئۆزىنى ئۇ يەردە يېڭى ئويۇن ـ تاماشىلار، يېڭى دوست ـ بۇرادەرلەر كۈتۈپ تۇرغاندەك.

ـــ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلمىسىلا. قارىسىلا كالپۇك سوزغانلىرىنى، سىلى بەك باتۇر ئىدىلىغۇ ئوغلۇم، ـــ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تەلەپپۇزىدا تەئەددىمۇ، تەسەللىمۇ، ئەركىلىتىشمۇ بار ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلىدى، ـــ ئەمدى يىگىت بولاي دەپ قالدىلا. باللىق خۇيلىرىنى تاشلىسىلا. ئوغۇل بالا دېگەن قىز بالىنى دوراپ ئاتا ـ ئانىسى نەگە ماڭسا

ئارقىسىدىن ئەگەشمەيدىغان. ئەندىجان بىلەن ئاخسىنىڭ ئارىلىقى
يىراق ئەمەس، پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. ئەمدى يۇرتدارچى-
لىق ئىشلىرىنى، سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى ئۆگەنمىسىلە بولمايدۇ.
مەندىن كېيىن قالسىلا بۇ سەلتەنەتكە سىلى پاسىبان بولىلا. ئەت-
كەلىرىنىڭ تەربىيەسىنى ئوبدان قوبۇل قىلسىلا. مېنى يوق دەپ
ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ، بەڭباشلىق قىلغانلىقلىرىنى بىلىپ
قالسام رەنجىپ قالىمەن. بولۇپمۇ ياراغبەردارلىقنى پۇختا مەشىق
قىلسىلا. بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە جەڭبازلىق ماھارەتلىرىنى كۆرەك
قىلىمەن. كاماندازلىقتا مېنى ئۇتۇۋالمىسىلا رەنجىپ قالىمەن.

ئۆمەر شەيخ مىرزا ئادەتتە تولىمۇ خۇشخۇي كۆرۈنگىنى بى-
لەن كەسكىن، قاتتىق قول ئادەم ئىدى. بىر ئىشنى قارار قىلسا
ھەرگىز يانمايتتى. جانبازلىق ماھارىتىگە ئالاھىدە ھەۋىسى بار
ئىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك بابۇرنى بىللە ئېلىپ چىقىپ ماھارەت
مەشىق قىلاتتى. كاماندازلىق ماھارىتى قەدىر ئەھۋال بولسىمۇ،
قىلىچۋازلىق ماھارىتى يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ بىلەكلىرى قۇۋ-
ۋەتلىك، مۇشتۇمى قاتتىق ئىدى. نۆكەرلىرىنى قاتار قىلىپ قويۇپ
مۇشت ئاتىدىغان بولسا، خېلى مەن ـ مەن دېگەن بەستلىك نۆ-
كەرلىرىمۇ موللاق ئېتىپ چۈشەتتى. بابۇر دادىسىنىڭ مۇشت ما-
ھارىتىگە بەكلا ھەۋەس قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ دادىسىغا ھەم
ئەركىلىيەلەيتتى، ھەم تەپ تارتاتتى. دادىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى
ئوبدان بىلىدىغان بابۇر ئاخسىغا بېرىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىش-
كە مەجبۇر بولدى. خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ بۇ سۆيۈملۈك
ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئېرىنىڭ پەرمانىغا بىر-
نېمە دېيىشكە پېتىنالماي بابۇرنى باغرىغا باسقىنىچە كۆزىگە لىق
ياش ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىسان دۆلەت خېنىم تاشكەنتتىن قاي-
تىپ كەلدى. بىراق، مومىسىغا ئەركىلەپ كۆنۈپ قالغان بابۇرنىڭ
خۇشاللىقى ئانچە ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى. چۈنكى بۇ قېتىم ئىسان
دۆلەت خېنىم ئىلگىرىكىدەك ئۇنى ۋاي نەۋرەم، كۆزۈمنىڭ ئاقى
قارىسى، جىگەر پارەم دەپ ئەركىلەتمىدى، رايىغىمۇ بارمىدى،

ئاخسىغا بېرىش تەلىپىنىمۇ رەت قىلدى. ئادەتتە ئۆمەر شەيخ مىرزا قېيىنئانىسى ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقى-نى يەرىمايتتى. ھەرقانداق تەلىپىنى شەرتسىز ئورۇنلايتتى. بابۇر مومىسىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ئاخسىغا بېرىشنى خام خىيال قىلغانىدى. بىراق مومىسى ئۇنىڭ بۇ خام خىيالىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرغانىنى ئاز دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش، ئۇستازىدىن ساۋاق ئېلىش، ئىنشا يېزىش، جەڭىۋازلىق ماھارىتى-نى مەشىق قىلىش، سەلتەنەت — قائىدە يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا قاتتىق نازارەت قىلدى. ئۇستاز — ئەتكەلىرىنى: «شاھزادىنىڭ رايىغا بېقىپ، ھاي-تاققا قويۇۋەتتىڭلار» دەپ ئەيىبلەيتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بابۇر مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە كۆنۈپ قالدى. ھە-ئە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن تور-لۈك مەسىلىلەر، ئۇستازلىرىنىڭ تەلەپلىرى، ئوقۇغان كىتابلى-رى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن يەكۈنلىگەن ھايات ھەقىقەتلىرى ئۇنى خىيالىلار پىشۇرغان، باللارچە خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، ياشلارچە قاراشلىرى شەكىللەنگەنىدى. گەپ — سۆز، يۈرۈش — تۇرۇش، ئىش — ھەرىكەتلىرىمۇ دىمەتلىكلىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئۆزىنى بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەردەك تۇتىدىغان بولۇپ قالغانى-دى.

شۇ تاپتا ئەندىجان قەلئەسىگە يول ئالغان بابۇرنىڭ كۆز ئال-دىدىن دادىسىنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان مېھرلىك چىرايى نېرى كەتمەيتتى. ۋۇجۇدىنى مۇسىبەت، يېتىملىك ئازابى قىي-نايتتى. دادىسىنىڭ چىرايىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالالمىغانلى-قىدىن كېلىپ چىققان ئۆكۈنۈش، ھەسرەتلىك تۇيغۇلار يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئاخسىدا ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان ئانىسى قۇتلۇق-نىگار خېنىمنىڭ، ئاچىسى خانزادە خېنىمنىڭ بىچارە تۇرقىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلاتتى. كۆزىنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە بولغان ئا رىلىقتا ئاخسىغا بېرىپ يۈرەك — باغرى لەختە — لەختە بولغاز

ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋال-
غۇسى، ئۇلارغا تەسەللى بەرگۈسى كېلەتتى.

يىراقتىن ئەندىجان شەھىرىنىڭ مىرزا دەرۋازىسى كۆرۈندى.
دەرۋازا ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرلەر كۆيۈك
ئاپتاپتا چىدىماي ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىپ يۈرەتتى. سېپىل-
نىڭ تۈۋىدىكى خەندەككە توشقۇزۇلغان سۇلار قۇياش نۇرىدا قارام-
تۇل پارقىرايتتى. شەھەرگە يېقىنلاپ قالغىنىنى سەزگەن بابۇر
خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قەددىنى رۇسلىدى. شەھەر خەلقىگە
بىچارە، ئاجىز تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى
سۈرتۈپ ئۆزىگە يىگىتلەردەك سىن بەردى. ئەمما نېمىشقىدۇر يۈ-
رىكى ھاياجانلىق دۈپۈرلەيتتى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن بەش نەپەر
ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان
كىشى شىرىمبەگ تاغايى ئىدى. ئۆزىنى بۇزرۇك خانىش ئىسان
دۆلەت خېنىمنىڭ جىيەنىمەن دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان لاپچى،
ئۇششاق سۆز، پاراسەتسىز بۇ تاغىسى بىلەن بابۇرنىڭ ئانچە خۇشى
يوق ئىدى. ئەمما يۈرەك باغرى ئېزىلىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە
ئالدىغا ئالايتەن ساقلىنى سۆرەپ چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ بابۇرغا
باشقىچە يېقىملىق كۆرۈندى. ئۆپكىسى قازاندەك ئېسىلدى، ئەمما
يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— پۇشت پاناھىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزغا ئىشەنگۈم
كەلمەيدۇ شاھزادەم. بۇ شۇم خەۋەر يالغان بولۇپ چىقسىدى ئىلا-
ھىم. مېنى چۈشۈمدە قارا باسقان بولسىدى. ۋادەرىخ، بۇ جۇدالىققا
قانداق چىدايمىز ئەمدى.

شىرىمبەگ تاغايى ئەنە ئاشۇنداق ھازا ئاچقىنىچە ئاتتىن
سەكرەپ چۈشۈپ، ئات ئۈستىدىكى بابۇرنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ
ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ماڭا تەسەللى بەرگەچ شەھەرگە باشلاپ كىرگىلى چىققان
ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بابۇر شىرىمبەگ تاغايىغا يا تەسەللى بې-
رىشنى، يا كارى بولماي ئالدىغا مېڭىۋېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ

قالدى.
شىرىمبەگ تاغايىنىڭ بابۇرنىڭ ئالدىغا بىر قانچە نۆكەرلى-
رىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىشىدا باشقىچە خىيالى بار ئىدى. ھەئە،
خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن، ئۆمەر شەيخ مىر-
زىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان ئەمىر ـ
بەگلەرنى سارايغا يىغىپ، چاھارباغدىن كېلىۋاتقان بابۇر مىرزىنى
خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇش تەييارلىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ
شىرىمبەگ تاغايى بىلەن ئانچە كارى بولمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى-
دىن قىلچىلىك مەسلىھەت سوراپ قويمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شى-
رىمبەگ تاغايىنىڭ بىردىنلا خۇيى تۇتتى. ئۆزىدەك خاننىڭ يېقىن
تۇغقىنى تۇرغان يەردە باشقىلارغا شاپاشلاشنى كىم قويۇپتۇ. ئۇلار
راستتىنلا شاھزادە بابۇر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش تەييار-
لىقى كۆرۈۋاتامدۇ ياكى باشقىچە خىيالى بارمۇ؟ ئۆزىنى ئېتىبار-
سىز سەزگەن شىرىمبەگ تاغايى گۇمانلانغانسېرى خوجا ئابدۇللا
قازى، قاسىمبەگ قاۋچىن ۋە ئەندىجان شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئۇزۇن
ھەسەنلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، خۇپىيانە پىچىرلىشىشلىرى
كۆزىگە تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈندى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆمەر شەيخ مىر-
زىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن تەڭ «بابۇر مىرزىنى تەختتە ئولتۇر-
غۇزىدىكەنەي...»، «ياق، تەخت ۋارىسى بابۇر مىرزا ئەمەس، جاھان-
گىر مىرزا ئىكەنەي، جاھانگىر مىرزىنى تەخت ۋارىسى قىلىش
توغرۇلۇق خانىش پاتىمە سۇلتانبېگىم ئالىلقاچان ھەزرىتى ئا-
لىيغا ۋەسىيەتنامە يازدۇرۇۋالغانىكەنەي...» دېگەندەك ئېغى بىلەن
بېغىنىڭ تايىنى يوق پىتنىلەر تارقىلىشقا باشلىغانىدى.

شىرىمبەگ تاغايى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوردىسىدا تۇۋەن
دەرىجىلىك ئەمىر ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك،
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر بابۇرنى دادىسىنىڭ تەختىگە ئول-
تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشتا ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قى-
لىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنى بۇزرۇك خانىش ئىسان
دۆلەت خېنىمنىڭ جىيەنىمەن، خاننىڭ تۇغقىنىمەن دەپ ھاكاۋۇر-

لۇق قىلىدىغان شىرىمبەگ تاغايى خېلى كۆپ ئەمىر ـ بەگلەر بىلەن ئەپ ئۆتمەيتتى. «سەنلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمىر بولساڭ، مەن شاھزادىگە تاغا تۇغقانمەن. ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز...». ئۇ زىنىڭ بۇ يەردە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن قورسىقى كۆپكەن شىرىمبەگ تاغايى كۆڭلىگە ئالدىقانداق بىر مەقسىتىنى پۈكۈپ، سارايدىن غىپپىدە چىقىپ، ئۇدۇل بابۇرنىڭ ئالدىغا كەلگەندى.

ــ بۇزرۇك مومام ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى بابۇر، ــ مەن شەھەرگە كىرگەچ تۇراي. سىلى مومامنىڭ ئىستىقبالىغا چىقسىلا.

شىرىمبەگ تاغايى يېغىدىن چىپپىدە توختاپ ئاتىنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلدى:

ــ شەھەرگە كىرمىسىلە شاھزادەم، خەتەرلىك.

بابۇر ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى:

ــ قەلئە خەتەرلىك؟

ــ شۇنداق شاھزادەم، ــ دېدى شىرىمبەگ تاغايى خورسىنغان ھالدا، ــ جاھان بىۋاپا بولسا ئادەملىرىمۇ بىۋاپا بولىدىكەن. ئۇلار شول تاپتا تەختتە سىلىنى ئەمەس، ئىنىلىرى بولمىش جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە.

مۇسىبەت قايغۇسى ۋە كۈتۈلمىگەن مۇنۇ ساداقەتسىزلىكنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بابۇرنىڭ بېشى پىرىرىدە قايدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قوشبېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

«شىرىمبەگ تاغاينىڭ گېپى راستمىدۇ؟ تېخى بايىلا خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن بۇزرۇك موماملنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ تەختتە ئولتۇرۇش ئىشىغا ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشمىگەنمىدى. تېخى ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ئۆتەر ـ ئۆتمەي تەختكە ئىنىم جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزماقچى بولۇشسا ـ ھە...»

بابۇرنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، ۋۇجۇدى غەزەپكە تولدى.
ھەر ئىش بولسا ئاۋۋال شەھەرگە كىرىپ ئاشۇ ئىككى يۈزلىمچى،
ئالاكۆڭۈل ئەمىرلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ باقماقچى بولدى.

— مېنىڭ تاجۇ تەخت، سەلتەنەتتىن تامايىم يوق. تەختتە
كىمنى ئولتۇرغۇزسا ئولتۇرغۇزۇۋالسۇن، ئەمما سارايغا كىرىشىم
كېرەك.

— بولمايدۇ شاھزادەم. كەمىنە ساداقەتمەن تاغىلىرىنىڭ بىر
كەلىمە نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىپ قويسىلا، — شىرىمبەگ تاغايد-
نىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئاندا - ساندا ئاق سانجىغان
ياپياق ساقىلى تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بابۇرنى ئىشەندۈرۈش
ئۈچۈن ئېيتقان ئاشۇ پىتنىلىرىگە ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالغانىدى، —
ئۇلارنىڭ پەيلى بەك يامان. مەرغىلان بىلەن ئۆرەتۆپە، ماۋەرائۇن-
نەھر خانى بولمىش تاغىلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تەسلىم
بولدى. قوقان بىلەن ئىسفەرەدىنمۇ ئۈمىد يوق. سارايدىكى ئول
ئەمىرلەر بولسا ئۆزلىرىنى، مەرتىۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
ئەندىجاننى سىلى بىلەن قوشۇپ تاغىلىرىغا تاپشۇرماقچى.

بابۇر ئاچچىق تولغاندى:

— بۇ دېگەنلىرى راستمۇ؟!

— نەزەمبۇرۇللا راست شاھزادەم. بول شۇم خەۋەرنى جەن-
نەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ مۇسىبىتىدىن بۇرۇن ئاڭلىغانمىز.

شىرىمبەگ تاغايىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ راست يەرلىرىمۇ بار ئى-
دى. مەرغىلان بىلەن ئۆرە تۆپىنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەرىپى-
دىن ئىشغال قىلىنغانلىقى، خوجەنتنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقى
ھەققىدە مەلۇمات كەلگەنىدى. ئەمما ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ مۇ-
سىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاھارباغقا كەلگەن خوجا ئاب-
دۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن
بابۇرنى چۆچۈتۈپ، ساراسىمىگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ
خەۋەرنى ۋاقتىنچە سىر تۇتقانىدى.

بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى

چۆلگىۋالدى. شۇ تاپتا ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك ئىگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان ئەندىجان شەھىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسە ئۆزگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويدى.

بابۇرنىڭ شۈكلەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن شىرىمبەگ تاغايى لىككىدە ئېتىغا مىندى ـ دە، بابۇرنىڭ ئېتىنى تىزگىنىدىن تارتىپ ئارقىغا بۇرىدى.

— بۇنداق جىممىدە كېتىپ قالساق بۇزرۇك خانىش ئالىيلىرى ئەنسىرەپ قالارمىكىن شاھزادەم، — دېدى نۆكەر بېشى نويان كۆكۈلداش.

بابۇر مومىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىرئاز ئېسىنى يىغدى. ئەمما بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە دۇچ كەلگەن قاتمۇقات زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي كاللىسى قۇرۇقدىلىپ قالغاندى.

— نەگە بارىمىز تاغا؟

— ھازىرچە ئۆزكەنت، ئالاتاغ، ئوش تەرەپلەر بىرقەدەر تىنچ. ئول تەرەپلەردە خان ئاتىلىرىنىڭ ساداقەتمەن ئەمىر ـ بەگلىرى بار ھەم ئول تەرەپلەر تاشكەنتكىمۇ يېقىن. بۇزرۇك مومىلىرى تاغىلىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا چوقۇم گەپ يېگۈزۈپ، پەيلىدىن ياندۇرالايدۇ. ئاشۇ ياقلاردا بىر مەزگىل پاناھلانغاندىن كېيىن قايتىدىن كۈچ توپلاپ قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى يەنە قايتۇرۇۋالىمىز.

ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان بابۇرغا شىرىمبەگ تاغايىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك بىلىندى. ئۇنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى راست بولسا شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. قاراپ تۇرۇپ قاراملىق قىلىپ تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تۇتقۇن بولۇپ ئۆمرىنى قارامىلىقتا ئۆتكۈزسۇنمۇ؟ ئەركى قولىدا بولسا ھامان قايتىدىن باش كۆتۈرمەي، تارتتۇرۇپ قويغان سەلتەنەتىنى قايتۇرۇۋالماي قويمايدۇ. ھەئە، نۆكەر بېشىنىڭمۇ دېگىنى توغرا. مومىسىنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق كېرەك.

— سەن بېرىپ بۇزرۇك موماڭغا خەۋەر بېرىۋەت. بىز ئۇش يولدا بولىمىز. خالىسا ئارقامدىن كەلسۇن.

بابۇرنى توسۇپ قېلىشقا جۇرئەت قىلالمىغان نۆكەر بېشى ئېتىنىڭ بېشىنى بىردە چاھارباغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم تەرەپكە، بىردە ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەن-دىجان شەھىرىنىڭ مىرزا دەرۋازىسى تەرەپكە بۇراپ، قاياققا مې-ڭىشىنى بىلەلمەي بىر نەچچە دەقىقە دېلىغۇل بولدى.

«بۇزرۇك خانىش ئالىيلىرىغا خەۋەر يەتكۈزسەممۇ يېنىدا شاھزادە ئالىيلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگۈدەك مەرتىۋىلىك ئەمىرلەر يوق. مېنى بۇيرۇپ قالسا شاھزادە گېپىمگە كۆنمەسلىكى مۇم-كىن. ئەڭ ياخشىسى خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن ئەمىر قاسىمبەگ قاۋچىنغا خەۋەر بېرەي...»

بىر قارارغا كەلگەن نويان كۆكۈلداش خېلى ئۇزاپ كەتكەن بابۇرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، مىرزا دەرۋازىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك ئات سالدى.

※ ※ ※

— بابۇر پادىشاھ قېنى؟

سارايغا ئۇسۇپلا دېگۈدەك كىرىپ كەلگەن خانىش ئىسان دۆ-لەت خېنىم ئالدىراش ـ تېنەش سالام بەرگەن ئەمىر ـ بەگلەرگە جاۋابەن بېشىنى ئازراق ئېگىپ قويۇپلا، تېخىچە بوش تۇرغان تەختكە قاراپ قاپىقىنى تۈردى. ئەتراپقا تېزلا نەزەر تاشلاپ نەۋرى-سىنى تاپالمىغاندىن كېيىن چىرايلىرىدىن ئاللىقانداق بىر ئىز-تىراپ، ئەندىشە چىقىپ تۇرغان ئەمىرلەردىن جەھلى بىلەن سورى-دى.

شىرىمبەگ تاغايىنىڭ بىر تالاي راست ـ يالغان خەۋەرلەر بىلەن بابۇرنى ئالداپ ئالا تاغ تەرەپكە ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن تېخى بايىلا خەۋەر تاپقان ئەمىرلەر نېمە قىلارنى بىلەلمەي پۇتى كۆيگەن

توخۇدەك بولۇپ كېتىشكەندى. ھەئە، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ خا-
نىش پاتىمە سۇلتان خېنىمدىن تاپقان ئىككىنچى شاھزادىسى جا-
ھانگىر مىرزىنى تەخت ۋارىسى قىلىش خىيالىدا يۈرگەن بىر قى-
سىم ئەمىرلەرنىڭ قۇلىقىغا نۆكەر بېشى نويان كۆكەلداشنىڭ
يەتكۈزگەن خەۋىرى مايدەك ياققان ۋە ئالىلقانداق شېرىن خى-
ياللارغا ئەسىر بولۇشقانىدى. ئەلۋەتتە ئۇلار خانىش پاتىمە سۇلتان
خېنىمنىڭ تۇغقانلىرى ھەم يېقىن ـ يورۇقلىرى ئىدى.

سارايغا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ
«شاھزادەم» ياكى «نەۋرەم قېنى؟» دېمەي، «بابۇر پادىشاھ قېنى؟»
دەپ سورىشى ئۇلارنىڭ شېرىن خىياللىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ
يۈرىكىدە ۋەھىمە پەيدا قىلسا، بابۇرنىڭ شىرىمبەگ تاغايىنىڭ يال-
غان ـ ياۋىداقلىرىغا ئىشىنىپ ئالاتاغ تەرەپكە كەتكىنىدىن ئۇ-
مىدسىزلىنىپ روھى چۈشۈپ كەتكەن خوجا ئابدۇللا قازى، قا-
سىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ئەمىرلەر قايتىدىن يۈلەنچۈككە، مە-
دەتكە ئېرىشكەندەك بولۇپ ئۈمىدكە تولدى.

ئادەتتە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىق بې-
زەكلەردىن خالىي، ئاددىي ـ ساددا كىيىنىپ يۈرىدىغان، مۇلايىم،
خۇشخۇي، تەۋازۇلۇق كۆرۈنىدىغان بۇزرۇك خانىش ئىسان دۆلەت
خېنىمنىڭ بۇنداق غەزەپلەنگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئەمىرلەرنىڭ
ھەممىسىنى شۇ تاپتا قاتتىق سۈر باسقانىدى.

ئىسان دۆلەت خېنىم سوئالىغا جاۋاب كۈتمەستىن تەكەل-
لۇپسىزلا تەختنىڭ يېنىدىكى كۈرسىغا بېرىپ ئولتۇردى ـ دە،
ئەمىرلەرگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەمىرلەرنىڭ
كۆزىگە باشقىچە ئۇلۇغۋار، سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى.

ــ بۇزرۇك خانىش ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى ئال-
دىغا ئىككى قەدەم چىققان قاسىمبەگ قاۋچىن قول باغلاپ تۇ-
رۇپ، ــ شىرىمبەگ تاغايى جانابلىرى قەلئەنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ

تۇرۇپ شاھزادە، ياق پادىشاھ ئالىيلىرىنى ئالاتاغ تەرەپكە باشلا
كېتىپتۇ.

ـــ ئالاتاغ تەرەپكە؟

ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ قاپىقى تېخىمۇ بەك تۈرۈلدى. پې
شانىسىدىكى قورۇقلار بىر ھەسسە كۆپەيدى. قاسىمبەگ قاۋچە
بابا نۆكەر بېشى نويان كۆكۈلداش يەتكۈزگەن خەۋەرنى مېغىزلە
قىلىپ قىسقىلا مەلۇم قىلدى.

ـــ ئول شىرىمبەگ دېگەن كالۋانىڭ ئەقلىگە گەندە ئولتۇرۇ
قاپتۇ، ـــ دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھال
جەھلى بىلەن، ـــ بېرىڭلار، دەرھال پادىشاھ ئالىيلىرىنى قايتۇ
رۇپ كېلىڭلار. شىرىمبەگنىڭ ئۆزى ئالاتاغقىمۇ، ئوشقىمۇ، نەگ
يوقالسا يوقالسۇن.

ـــ بىزمۇ پادىشاھ ئالىيلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە چاپارمە
ماڭدۇرايلى دەپ تۇرغان، ـــ دېدى خوجا ئابدۇللا قازى سۆز ئې
لىپ، ـــ ئەمما بۇزرۇكۋارىمغىمۇ مەلۇم، شىرىمبەگ تاغايى جاناب
لىرى ئادەتتە بىزنىڭ پەرمانىمىزغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەي
دۇ، شۇڭا...

ـــ مۇددىئالىرىنى بىلدىم، ـــ دېدى خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ
مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئىسان دۆلەت خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆ
لۈپ، ـــ پادىشاھ ئالىيلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كىمنى تەيى
ئېتىشكەنىدىلە.

ـــ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ تۇرشاۋۇل سەركەردىسى خوجا مۇ
ھەممەد دەرزىنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدۇق، ـــ دېدى قاسىمبەگ قاۋ
چىن.

ئىسان دۆلەت خېنىم بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيى
ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قىستۇرۇۋېلىپ، ھەر دائىم يېنىدىن ئايرى
مايدىغان، مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخاندىن تەۋەررۇك قالغان، ئالتۇ

دەستىسىگە دۇر ـ گۆھەرلەردىن كۆز قويۇلغان خەنجەرنى نەقىش ـ
لىك غىلىپى بىلەنلا ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قوشۇپ سول قولىنىڭ
نامسىز بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ،
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردە خوجا مۇھەممەد دەرزىگە ئۇزات ـ
تى:

— بۇنى ئېلىپ يارامىلىق چەۋەندازلاردىن يۈزنى دىلخاھلاپ
دەرھال يولغا چىقىسىلا. ئۈزۈكۈمنى بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغا
كۆرسەتسىلە. ناۋادا ئول شىرىمبەگ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قايتد ـ
شىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇر ـ
ماي، مۇشۇ خەنجەر بىلەن كاللىسىنى ئالسىلا. پادىشاھ ئالىيلىرد ـ
نى قانچە تېز قايتۇرۇپ كېلەلىسىلە شۇنچە ياخشى، ناۋادا سالتاڭ
قايتىپ كەلسىلە بۇ خەنجەر ئۆزلىرىنىڭ بوغۇزلىرىغا سانجىلىدۇ.
ئەجىرلىرىنىڭ مۇكاپاتى زىيادە بولىدۇ. ھە، قاراپ تۇرماي دەرھال
ئۇچسىلا.

— باش ئۈستىگە!

خوجا مۇھەممەد دەرزى سارايدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ بۇ قەدەر كەسكىنلىكىگە قايىل
بولغان چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر ئىچىدە باريكاللا ئېيتىشتى.

— پاك دىل، راستچىل، ساداقەتمەن كىشىلەرنىڭ مەيلى پا ـ
دىشاھلارغا، مەيلى قۇرداشلىرىغا، مەيلى ئاۋام ـ چاكارلىرىغا بول ـ
غان مېھىر ـ مۇھەببىتى، ۋاپادارلىقى، سەمىمىيىتى ئالدىدا ياكى
كەينىدە بولسۇن بىر خىلدۇر، — دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خې ـ
نىم سارايىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، — يالغان سۆز ۋە پىتنە ـ
پاسات شۇ كىشىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. بابۇر مىرزا
بىلەن جاھانگىر مىرزىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەرھۇم جەننەتماكان
ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ بىر جۈپ قانىتى، جىگەر پارد ـ
سى، ئۇلارنىڭ بول سەلتەنەتتىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئوخشاش.

ئەمما ھەر ئىشنىڭ بېشى بولغىنىدەك، پەرزەنتىنىڭمۇ چوڭ ـ كىچىكى بولىدۇ. چۈنكى، جانابى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئاشۇنداق بەلگىلىگەن. مەيلى جاھان سۇلتانلىرىنىڭ باھادىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ، مەيلى ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر ئالىيلىرىنىڭ زامانىسىدا بولسۇن ئاتىسىنىڭ تاجۇ تەختىگە چوڭ ئوغلى پاسىبانلىق قىلىش ئەزەلىي ئۇدۇمدۇر. شول سەۋەبتىن بابۇر پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇشى بەرھەقتۇر. بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ بۇ سەلتەنەت يوسۇنىنى بىلىپ تۇرۇپ جاھانگىر مىرزىنى تەخت ساھىبى قىلىش خىيالىدا بولۇشى تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. بۇ ئىش ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىگە داغ چۈشۈرۈپ، دۈشمەنلىشىشكە، ئاخىرىدا ئەل ـ يۇرتنى ياغىي بالاسىغا مۇپتىلا قىلىپ سەلتەنەتنى خارابلىششقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ دېگەن ئۆلۈمگە لايىق ئېغىر گۇناھ. غەيۋەتخور، پىتنە ـ پاساتچىلار تاپ يەيدىغان قۇرتلارغا ئوخشايدۇ. ھەر كىم ئۆزىدە ئادىمىيلىك سالاھىيەت بارلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا ئول قۇرتلارغا ئوخشاش تاپ يېيىشتىن ھەزەر ئەيلىمىكى زۆرۈر. بۇنىڭدىن بۇرۇن بولۇنغان پىتنە ـ پاساتلارغا سالاۋات. ھازىردىن باشلاپ كىمكى تىل ـ زەبانغا ئىگە بولماي پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىكەن، بۇ پىتنە ـ پاساتلارنى ئاڭلايدىكەن ھەم توشۇيدىكەن، ئۇنداقلارنىڭ تىل، قۇلاق، پۇتلىرى كېسىلىدۇ، ھەتتا كاللىسى ئېلىنىدۇ. ياۋ ئەھۋالىنى كۆپتۈرۈپ لەشكەر ۋە ئاۋامنى تەشۋىشكە سالغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ياساقتا تارتىلىدۇ.

ــ بۇزرۇكۋارىمىز دانادۇر. تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن جېنىمىز پىدا! ــ دېدى ئەمىرلەر.

ــ پادشاھ ئالىيلىرى قايتىپ كېلىپ بولغۇچە لەشكەر ۋە ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىپ سېپىلنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەمـ

لەڭلار. قورال ـ ياراغلار، تاش ـ كۆتەك، يا ئوقلىرى ھەمدە ئو ـ زۇق ـ تۈلۈكلەر زاپاس بولسۇن.

ئۇ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئەمىر ـ بەگلەرگە بىر ـ بىرلەپ ۋەزىپە تاپشۇردى.

— بۇزرۇكۋارىمىز بىردەم ئارام ئېلىۋالامدىكىن؟ — ئېھتى ـ يات بىلەن سورىدى خوجا ئابدۇللا قازى.

— ياق. مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بابۇر پادىشاھنى ساقلاي ـ مەن، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم، — ئاخسى تەرەپتىن خەۋەر بارمۇ؟

— جەننەتماكان ئانھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك مېيىتى دەپنە قى ـ لىنىپ بولۇپتۇ. خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىم ئول تەرەپتىكى ئىشلارنى بىر قۇر تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئەندىجانغا يېتىپ كەلگۈدەك. بەلكىم ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە يولغا چىقىپ قالار.

ئىسان دۆلەت خېنىم رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاخسىغا دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزسىلا، خانىش قۇتلۇق ـ نىگار خېنىمنى بۇ تەرەپتىكى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويىاي ـ لى. مەلۇماتقا بابۇر پادىشاھنىڭ شىرىمبەگكە ئەگىشىپ ئالاتاغ تەرەپكە كەتكىنىنى يازمىسىلا. ئوغلىدىن ئەندىشە قىلىپ قالىدۇ.

— خوش، — دېدى خوجا ئابدۇللا قازى.

ئېپتارغا يەنە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. روزىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باياتىنقى جىددىيچىلىكلەرنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئىسان دۆلەت خېنىم ھارغىن كۆرۈنەتتى. لەۋلىرى قۇرۇپ كەز باغلاپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ھارغىنلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن روھلۇق ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى.

— شەھەرگە جاكارچى چىقارتىسىلا. ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئە ـ مىن تاپقۇزۇش زۆرۈر.

— پەرمانىبەردارمەن!

خوجا ئابدۇللا قازى سالام بەجا قىلىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

يالغۇز قالغان ئىسان دۆلەت خېنىم سارايغا مەقسەتسىز نەزەر تاشلىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا پايتەختنى ئاخسىغا كۆچۈرۈپ كەتكەندە، سارايىنىڭ خېلى كۆپ بېزەكلىرىنى ئېلىپ كەتكەچكە. مۇ، سارايىنىڭ ئىلگىرىكى ھەشەمىتى ئۆچۈپ چۆلدەرەپ قالغاندى. خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ئەمىرلەر بابۇرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە جابدۇتۇپ، تۈزەشتۈرگۈزۈپ باقتى، شۇنداقتىمۇ ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ كۆزىگە يەنىلا ئاددىي، ھەشەمەتسىز كۆرۈندى.

«پەرغانە سەلتەنەتى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدا خارابلىشىپ كېتەرمۇ؟ نەۋرەم بابۇرجاننىڭ تەختى مۇستەھكەم بولارمۇ؟ ياق، جېنىم تېنىمدە ئامان بولۇپ، ئايغىمدىن شامال ئۆتۈشۈپلا تۇرىدىكەن، بۇنداق بولۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن. سەمەرقەنت پادىشاھى بولمىش كۈيئوغلۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ھۆكمىنى ئۆتكۈزەلمەسمۇ، ئوغلۇم سۇلتان مەھمۇدخاننى گېپىمگە كىرگۈزەي قويمايمەن. ئۇنىڭ جىيەنىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. جەننەتماكان مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ كۈتكەن ئارزۇسى، يېگەن ئارمىنى بۇنداق ئەمەس ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخانغا مەكتۇپ ئەۋەتەيمۇ ياكى ئالدىغا ئۆزۈم بارايمۇ؟ ھە، ئاۋۋال بابۇرجان قايتىپ كەلسۇن. ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ ئاندىن بۇ ئىشلارنىڭ غېمىنى يەي...»

سارايغا ئالدىراپ كىرگەن ھۆدەيچى بەگ ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

ــ بۈزرۈك خانىش ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بۈزرۈك خانىش شاھ بېگىم ئالىيلىرى كېلىۋېتىپتۇ.

ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىغا گۈررىدە بىر ئىللىقلىق تارىدى. كۆڭلىنى قاپلىۋالغان غەشلىك تۇمانلىرى تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ھەئە، شاھ بېگىم ئەتىيازدىن تاشكەنتكە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن بېرى پەقەتلا خەۋەرلىشەلمىگەنىدى.

— نەدىرەك كېلىۋېتىپتۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئىسان دۆلەت خېنىم.

— ئالدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن چاپارمەنلەرنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ئىپتارغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— بىكاۋۇل بەگكە پەرمانىمنى يەتكۈز. ئىپتارلىق مول بولسۇن. بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئاغىچىلىرى شاھ بېگىمنىڭ ئىستىقبالىغا چىققاي.

ھۆدەيچى بەگ پەرماننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

«قۇدرەتلىك ئىگەم، نىيەت ـ مەقسەتلىرىمىز ئوڭغا تارتقان ئوخشايدۇ. شاھ بېگىم كەلسە سۇلتان مەھمۇدخاننى تىزگىنلىمەك تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ...»

شاھ بېگىمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىسان دۆلەت خېنىم خۇشاللىقىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. گەرچە ھەر ئىككىلىسى مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ خانىشلىرى — كۈنداشلاردىن بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇندىن تارتىپ بىر قورساق ئاچا ـ سىڭىللاردەك ئىناق ئۆتكەنىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ تۇغقان باللىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆگىيى يوق ئىدى. مەيلى خانزادە، مەلىكىلەرنى ئۆيلەش، تالالىق قىلىش ئىشلىرىدا، مەيلى سەلتەنەت ئىشلىرىدا بولسۇن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇشۇپ قارار چىقىرىشاتتى. ئىسان دۆلەت خېنىم بىرەر قېتىممۇ چوڭ خانىشلىق كىبىرىنى كۆرسىتىپ شاھ بېگىمنى رەنجىتمىگەن، شاھ بېگىم-

مۇ ئۇنى ئۆز ئاچىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەنىدى. قەسىرلىرىنىڭ بېزىلىشىدىن تارتىپ، كېنىزەك ـ خىزمەتكارلىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش ئىدى. سۇلتان يۇنۇسخان قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار بىر قەسىردە، بىر ھۇجرىدا تۇرىدىغان بولۇۋېلىشقانىدى. تا بۇ يىل ئەتىيازغىچە بىر ـ بىرىدىن ئۇزاقراق ئايرىلىپ باقمىغانىدى. گەرچە ئىسان دۆلەت خېنىمغا ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، شاھ بېگىمدىن تۇغۇلغان ئىككى خانزادىنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ باققانىدى. ئىككى خانزادە خېلى يىللارغىچە ئۆزلىرىنى قايسى خانىش ئانىسىنىڭ تۇغقانلىقىنى بىلەلمەي چوڭ بولغانىدى. شۇ سەۋەبلىك دادىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان ئىسان دۆلەت خېنىمنى خۇددى ئۆز ئانىسى شاھ بېگىمنى ئەزىزلىگەندەك ئەزىزلەيتتى، ھۆرمەتلەيتتى. بەلكىم ئانىسى شاھ بېگىمدىن بەكرەك ئىسان دۆلەت خېنىمدىن تەپ تارتاتتى.

شۇ تاپتا شاھ بېگىمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ باشقىدىن روھلانغان ئىسان دۆلەت خېنىم، بەڭباش سۇلتان مەھمۇدخاننى قانداق قىلىپ نىيىتىدىن ياندۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى.

## 103

مەرغىلان بىلەن خوجەنتنى بويسۇندۇرۇپ ئەندىجانغا قاراپ
زور ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ
ئالدىنى زور كەلكۈن كەلگەن قۇۋا دەرياسى توسۇپ قويغانىدى.
قەدىمى يەتكەنلىكى يۇرت ـ مەھەللىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ كۈتكى-
نىدىنمۇ ئارتۇق مال ـ دۇنيا ئولجا ئېلىپ، نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ
كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئەندىجانغا تېزرەك بېرىپ، پەرغانە ۋادى-
سىدىكى بۇ قەدىمىي، شۆھرەتلىك شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئول-
جىلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش تەمەسىدە نەپسى تاقىلداپ تۇرغان
سەمەرقەنت سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قۇۋا دەرياسىنىڭ بويىدا
كۈتمىگەندە دەھشەتلىك بالا ـ قازاغا يولۇققانىدى. غەلىبىسىدىن
كۆرەڭلەپ كەتكەن بۇ لەشكەرلەر قۇۋا دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن
ئۆتۈۋاتقاندا كۆۋرۈك تۇيۇقسىز گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، ئات ـ
ئۇلاغلىرى، ئولجا ئالغان مال ـ دۇنيالىرى بىلەن كەلكۈن سۈيىگە
غەرق بولدى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئالدىدىكىلەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە
ئارقىسىغا قېچىشقا ئۇرۇنغان، ئارقىسىدىكىلەر نېمە ۋەقە يۈز
بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرگەنلىكتىن، ئات
ـ ئۇلاغلار بۇ قالايمىقانچىلىقتىن ئۈركۈپ پىتىراپ، گۇمۇرۇلۇپ
چۈشكەن كۆۋرۈك بېشىدا قاپسىلىپ قېلىشتى ۋە ئاشۇ قىستاڭ-
چىلىقتا بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي ئىتتىرىشىپ دەرياغا چول-
تۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچى-
دىنمۇ قورقۇپتۇ، دېگەندەك، ئوزاقى يىلى تاشكەنتكە قىلغان لەش-
كىرىي يۈرۈشتە چىر دەرياسىنىڭ سۈيىگە غەرق بولغان ئېچىنىش-
لىق پاجىئە سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈ-

رۇلمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ھەمراھلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ جان قايغۇسىدا قالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قورقۇنچلۇق قاينام ھاسىل قىلىپ لەشكەرلەرگە ۋەھىمە سالاتتى.

— كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى بىرى ئالدىن ھەرىدەپ بۇزۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. شۇڭا لەشكەر، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى كۆتۈرەلمەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن گەپ. ئىسىت، نۇرغۇنلىغان لەشكەرلىرىمىز دەرياغا غەرق بولدى. بۇ چوقۇم بىز بىلەن قارشىلىشىۋاتقان پەرغانىلىكلەرنىڭ سۇيىقەستى ئالىيلىرى، — دېدى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ساقاللىرىنى تىترىتىپ.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا بۇزۇلغان كۆۋرۈك بېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپ كەلگەن سەركەردىلىرىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاچ، گويا ئۆزىگە ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقاندەك شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان قۇۋۋا دەرياسىغا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى. كەلكۈن سۇيىدە بىردە چۆكۈپ، بىردە لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان لەشكەر، ئات ـ ئۇلاغلارغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەچچە كۈندىن بېرىقى غەلىبە خۇشاللىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، مەيۈسلۈك چۇلغىۋالغان كۆڭلىگە غەم ـ ئەندىشە تۇمانلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ بوغۇلغان ھالدا، — لەشكەرلەر قىرغاقتا بارگاھ قۇرۇپ ئارام ئالغاچ تۇرسۇن. سەركەردىلەر دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى قىلسۇنلار.

— كۆۋرۈكنى قايتىدىن ياساش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى سۇلتان ھۇسەيىن ئارغۇن، — كەلكۈن سۈيى دەريا قىنىغا كىرگەنلىكى نەرسىنى يالماپ يۇتۇپ كېتىپتۇ.

— كۆۋرۈكنى ياسىغىلى بولمىسا كېمە تېپىڭلار، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا شۇنچە كۆجۈم مەھەللىلەر تۇرسا كېمە تېپىلماي قالماس، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ.

— كېمە ئىزدەپ يۈرسەك دەريا بويىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالار-

مىزمىكىن، — دېدى قىرى ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان، — دەريانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەرەپلىرىدە كېچىك بار - يوقلۇقىمۇ نامەلۇم.

— نامەلۇم دېمەي ئاۋۋال ئىزدىمەمسىلەر؟ — سۇلتان ئەھ-
مەد مىرزا تاغىسىغا قاتتىقراق گەپ قىلالماي باشقا سەركەردىلەر-
گە چەكچەيدى.

— ئىزدىدۇق ئالىيلىرى، — سۇلتان ھۈسەيىن ئارغۇن ۋە-
ھىمە بىلەن بېشىنى ئەگدى، — كۆۋرۈكنىڭ باش - ئاياغ تەرىپىد-
دىن يىگىرمە - ئوتتۇز چاقىرىم ئارىلىقتا كېچىكمۇ، كېمىچىمۇ يوق ئىكەن.

— كېمىچى بولغان تەقدىردىمۇ بىرەر ئىككى كېمە بىلەن شۇنچە نۇرغۇن لەشكەر، ئات - ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزۈپ بولۇشقىمۇ نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ، — دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ بىر نەچچە دەقىقە توختىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — مېنىڭچە ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن دەل - دەرەخلەر-
نى كېسىپ كېلىپ سال ياسايلى. ھەرقايسى لەشكەرگاھلار ئۆز ئالدىغا سەككىز - ئوندىن سال تەييارلىسا دەريادىن تېزرەك ئۆت-
كىلى بولارمىكىن دەيمەن. ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىپ با-
رىدۇ. ئوچۇقچىلىقتا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا لەشكەرلەرگە ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. دەرھال سال ياساشنىڭ ھازىر-
لىقىنى قىلىڭلار.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا گېپىنى تۈگىتىپ ئىگىزرەك تۆپىد-
لىككە تىكىلگەن شاھ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

قۇياش دەريا بويىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. ئىسسىققا چىدىمىغان لەشكەرلەر سالقىنلاش ئۈچۈن ئالىقانچىلىك سايىنىمۇ

تالىشاتتى. سال ياساش ئۈچۈن كەسكەن دەل ـ دەرەخ، شاخ ـ شۇمبىلارنى دەريا بويىغا توشۇپ كېلىپ بولغۇچە دوزاخ ئازابىنى تارتاتتى. ئەتراپتىكى مەھەللىلەر پۈتۈنلەي بوش ئىدى. نە ئادەم، نە ئۇلاغ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. باسقۇنچىلارنىڭ قىرغىن قىلىشىدىن ۋايىم يېگەن دېھقانلار ئاللىقاياقلارغىدۇر قېچىپ كەتكەندى. شۇڭا ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى لەشكەرلەرنىڭ ئۆزلىرى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ مىڭ بىر جاپادا خېلى كۆپ سال ياسىدى. ئەمما سالنى دەرياغا سالىدىغان ۋاقىتىدا يەنە بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ھەئە، سال كېمىگە ئوخشىمايتتى. كېمىنى ھەيدىمەك ئاسان بولغان بىلەن سالنى ھەيدىمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سالچى تۇگۇل تۈزۈك كېمىچىمۇ يوق ئىدى. سالنى دەرياغا سېلىپ سىناپ بولغۇچە ئون نەچچە لەشكەر دەرياغا غەرق بولدى. شىددەتلىك ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيى سالنىمۇ ئېقىتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم سالنى سىناشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دەريانىڭ باش ـ ئاياغ تەرىپىگە كەتكەن لەشكەرلەر شۇنچە ئىزدەپمۇ كېمىچى تۇگۇل بىرەر ئادەمنىمۇ تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. بۇ ئىش سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ غېمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ تىت ـ تىتلىقتا ھېلى سىرتقا چىقاتتى، دەريا بويىنى ئايلىناتتى. ھېلى چېدىرغا قايتىپ كىرەتتى، تەگسىز خىياللارغا غەرق بولاتتى. دەريادىن ئۆتۈش غېمى گەجگىسىدىن مەھكەم باسقانىدى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ئەندىجاندىن ئەلچى كەلدى.

نېمە قىلارىنى بىلەلمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاستا بېشىنى كۆتۈردى:

— باشلاپ كىرسۇنلار!

«ئەندىجان ئەلچىلىرى نېمە مۇددىئا بىلەن كېلىشتىكىنە؟ سۈلھىمىدۇر ياكى ئىتائەتمىدۇر؟ ئۇلار قۇۋۋا دەرياسى بويىدا توسۇلۇپ قالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟...»

ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە چېدىرنىڭ ئىشىكىدىن

خوجا ئابدۇللا قازى، ئۇزۇن ھەسەن ۋە خوجا ھۇسەيىن قاتارلىق ئۈچ ئەمىر كىرىپ كەلدى. ئەلچىلەرنىڭ مۇددىئاسىغا قىزىقىپ ئولتۇرغان ئەمىر - سەركەردىلەرنىڭ كۆزلىرى بۇ ئۈچ ئەمىرگە گۇمان بىلەن تىكىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىزلەركىم زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر بىننى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ نۆكەرلىرىدىن ماۋەرائۇننەھىر بىلەن پەرغانىنىڭ پۇشت پاناھى، خانۇ خاقان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىغا كامالى ئېھتىرام بولغاي.

شاھ چېدىرىنىڭ ئىچىدىكى كۆچمە تەختتە سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئەلچىلەرنىڭ «ماۋەرائۇننەھىر بىلەن پەرغانە تەسەررۇپىنىڭ پۇشت پاناھى، خانۇ خاقان» دېگەن ھۆرمەت سۆزلىرى ئالاھىدە تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، تۇرۇلگەن چىرايىغا زىمىستان ئاپتىپىدەك سۇس كۈلكە يۈگۈردى. بەستىنى سەل قىمىرلىتىپ قويۇپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگىنىچە سالامنى ئىلىك ئالدى. گەرچە كۆرۈشمىگىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوردىسىدىكى بۇ پېشقەدەم ئەمىرلەرنى بىر قاراپلا تونۇۋالغانىدى. سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە ئەلچىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلمەي تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇردى.

— ئادالەتپاناھ خاقان ئالىيلىرىغا پاسىبانىمىز بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدۇق. مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەيلا.

خوجا ئابدۇللا قازى شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىكى ياش مەھرەم كۆتۈرۈپ تۇرغان پەتنۇستىكى شايى رومالغا ئورالغان نەپىس ئىشلەنگەن كۆن قاپنى ئېلىپ، ئالدىغا سەل ئېگىشكىنىچە ئىككى قوللاپ تەڭلىدى. ھۆدەيچى بەگ كۆن قاپنى ئېلىپ ئىچىدىكى شاھانە مەكتۇپنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئېھتىرام بىلەن ئۇزاتتى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ سۇس كۈلۈم-

سىرىدى. كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر مەمنۇنلۇق، قانائەت شولىسى بالقىدى. قارىغاندا ئۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن رازى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ قولىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە قىزىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مەكتۇپنى ھۆدەيچى بەگكە قايتۇرۇپ بەردى ـ دە، «ئوقۇ» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدى. ھۆدەيچى بەگ ئاۋازىنى سازلاپ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايى، ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ھامىيسى، مېھرىبانلىقىنىڭ نامايەندىسى ماۋەرائۇننەھىر بىلەن پەرغانىنىڭ يېگانە پاسبانى، ئاتا يولىلۇق خان ئاتام سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىغا كەمىنە جىيەن ئوغۇللىرى ھەم نۆكەرلىرى زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇردىن چەكسىز سالام.*

*ئى كەرەملىك خان تاغا، يېقىندىن بېرى مۇبارەك پايە ـ قەدەملىرىنىڭ تۇپرىقىمىزغا يەتكىنىدىن خەۋەردار بولغان بولساقمۇ، قان ـ قېرىنداشلىرى بولمىش سۆيۈملۈك ئىنىلىرى ــ قەدىردان پەدەرىم ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرى كەپتەرخانىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ شۇڭقار بولغانلىقى سەۋەبلىك، مۇسىبەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ قېلىپ ئىستىقباللىرىغا چىقالماي ئېغىر گۇناھ قىلدىم. بول بەئەدەپلىكىم ئۈچۈن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن. ھىدايەت ئەزەلىيدۇر، ئىنايەت ئەبەدىيدۇر. خان تاغامنىڭ ئاسمان كەبى كۆڭۈل خەزىنىسىدە ئەپۇ دۇردانىلىرى بىھېسابتۇر.*

*دەرگاھىمغا كىچىكىپ يەتكەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا مەرغىلان، خوجەنت ئەمىرلىرى ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقماقتا يوق، سەركەشلىكنى ئەلا بىلىپ قارشىلىق*

كۆرستىپتۇ ھەم كەمىنەگىمۇ: «خان تاغىلىرى پەرغانىگە
تەئەررۇز[①] قىلىپ، ۋىلايەتلىرىنى سەركەردە - لەشكەرلىرى-
گە بۇلاتماقچى» دېگەندەك مەلۇماتلارنى يوللاشتى. خان تا-
غامنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا قەدەم بېسىشىنى قانداقىسىگە تە-
ئەررۇز قىلىش دېگىلى بولسۇن؟! چۈنكى بۇمۇ ئۆز تەسەررۇ-
پىدىكى جايلار تۇرسا. كىممۇ ئۆز زېمىنىغا ئۆزى تەئەررۇز
قىلسۇن، دېگەنلەرنى ئويلاپ بۇ مەلۇماتلارغا ئىشەنمىدىم.
جەننەتماكان ئاتام ھايات بولغان بولسا ئاغا - ئىنى ئىككى-
لىرى بىر داستىخانغا جەمئىي بولۇپ، تۈز تېتىشقاچ بىغۇ-
بار بالىلىق، مېھىر - مۇھەببەتلىك ياشلىق ۋە دۇنيا غوۋ-
غالىرىغا تولغان قىرانلىقلىرىنى ئەسلىشىپ، ئارىدىكى ئۇ-
قۇشماسلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆكلەۋاتقان ئاداۋەت تى-
كەنلىرىنى يۇلۇپ تاشلار ئىدىڭلار. مىڭ ئەپسۇس، ئەمدى
ئول سۆيۈملۈك ئىنىلىرىنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدىلا. ئالدى-
قانلىرىنى قېرىنداشلىق مېھرلىرى بىلەن سىقالمايدىلا.
بۇلارنى ئويلاپ يۈرەك باغرىلىرىنىڭ پارە - پارە بولۇۋاتقان-
لىقىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. نە ئامال، تەقدىرنىڭ يازمىشى
شۇنداق ئىكەن. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۆزى بەرگەن بول ئاما-
نەتنى ھەرنە بەندىسىدىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ھامانە ئا-
لىدۇ. ياش - قېرى، ھۆكۈمدار - ئاۋام دەپ ئايرىپ ئول-
تۇرمايدۇ. بول دۇنيا ھەرقانداق بەندە ئۈچۈن ئەنە ئاشۇنداق
ئالتە كۈنلۈك قونالغۇ ئىكەن. جان تەسلىم قىلغان ھامان
ھەرقانچە كاتتا شانۇ شەۋكىتىمۇ، ھەرقانچە كەڭرى زېمىن-
مۇ، تۈگىمەس دەپىنە - دۇنياسىمۇ قېپقالىدىكەن. ئەمما
ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈلۈك مىراس بولۇپ قالىدىغىنى يەنىلا
قان - قېرىنداشلىق مېھرى ئىكەن.

گەرچە جەننەتماكان خان ئاتام رەھمەت دەرياسىنىڭ
شەربىتىنى ئىچىپ باقىيغا يول ئالغان بولسىمۇ، كەمىنە

① تەئەررۇز — تاجاۋۇز.

*پەرزەنتى باردۇر. ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈركىم، ئاتام-دىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، يۆلەنگەن تېغىم بولمىش خان تاغام سىلى باردۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمنى زىنھار يېتىم، غېرىب ھېس قىلماسمەن. ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر ــ شەپقىتى بىلەن بول ۋىلايەتلەرگە ئاتامنىڭ ئورنىدا مۇلا-زىملاردىن ئەلۋەتتە بىر كىشى قويۇلىدۇ. كەمىنىلىرى ئۆ-زۈمنى ئالىيلىرىغا ھەم مۇلازىم، ھەم پەرزەنت بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ دەپ ھېسابلايمەن. مەگەر بول ۋەزىپە كەمىنەگە تاپشۇرۇلسا ئالىيلىرىنى باش قېتىنچىلىقتا سېلىشۋاتقان يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى تېخىمۇ ياخشى ھەم ئاسان ھەل بولغۇسىدۇر. نەچچەن يىلدىن بېرى تاپشۇرۇلماي كەلگەن ئولپانلارنى قوشۇپ ۋاقتى ــ قەرەلىدە خەزىنىلىرىگە ئەۋە-تىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمەن.*

*چەكسىز ھىممەت ۋە ئىنايەتلىرىنى سېغىنىپ مۇلا-زىم ھەم پەرزەنتلىرى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىرزى-دىن دەپ بىلۇرلا.»*

ھۆدەيچى بەگ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەمىرلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بو-لۇپ ئۇلارغا يالت قىلىپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ بابۇرنىڭ تولىمۇ ئۇستاتلىق بىلەن يازغان خېتىدىن خىجىل بولۇپ قالغانىدى. قوۋا دەرياسىدىن ئۆتەلمەي قىينىلىپ تۇرغاندا، جىيەن ئوغلىنىڭ يازغان بۇ خېتى شەۋكىتىنى ساقلاپ چىرايلىقچە قوشۇن چېكىن-دۇرۇشكە ئوبدانلا سەۋەب بولالايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەرغىلان، خو-جەنتنى ئىشغال قىلىپ بولغۇچە، پەرغانە ۋادىسىدىكى سەركەردە ــ لەشكەرلەر بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ جان پىدالىق بىلەن كۆر-سەتكەن قارشىلىقلىرى، ھەر بىر غەلىبە ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل-لىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئوبدانلا تەۋرىتىپ قويغانىدى.

«پاھ، ئىنىم ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ خانزادىسىنى قانداق تەر-

بىيەلىگەن بولغىيدى؟ ئەجەبا، پەرغانە ۋادىسىدىمۇ دانىشمەن ئۆ-لىمالار، ئىستېدات ئىگىلىرى بارمىدۇر؟ بۇ دۇنيانىڭ ئۆلىما، پا-زىللىرى پەقەت سەمەرقەنت بىلەن ھىراتتىلا دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ناۋادا ئۇل بابۇر مىرزا سەمەرقەنت، ھىرات ياكى بۇخارادىكى ئالىي مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا، ئىستېداتىغا يەنە قانچىلىك ئىستېدات قوشۇلار ئىدىكىن. ھەئە، ئۇ راست ئېيتىدۇ. پەرغانە ۋادىسىنى ئىدارە قىلىشقا ھامان بىر ئەمىر كېرەك. بول مەنسەپكە ياتلارنى قويسام ئاۋام ـ رەئىيەت قايىل بولماسلىقى، رەقىبلىرىمىز ئۆز جىيەنىنى چەتكە قاقتى دەپ مەسخىرە قىلىد-شى، مۇھىمى بول ۋىلايەتلەر تىنچىماسلىقى مۇمكىن. كىم بىلىد-دۇ، بابۇر مىرزا ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قارشىلىق كۆرستەمدۇ تېخى. ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قويمىسام شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆرۈۋاتىد-مەن، بول ۋىلايەتنىڭ لەشكەرلىرىدىن تارتىپ پۇقرالىرىغىچە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ قارشىلىق كۆرستىۋا-تىدۇ، باش ئەگمەيۋاتىدۇ. ئىشنىڭ يولى ــ بابۇر مىرزىنى ئاتىد-سىنىڭ ئورنىدا قويسام ياخشى بولغۇدەك. يازغان مەكتۇپىدىمۇ ئىتائەت، ساداقىتىنى بىلدۈرۈپتىغۇ ئەنە، ئۇنىڭدىن يەنە نېمە تە-لەپ قىلىشىم مۇمكىن...»

ــ ساداقەت بابىدىن شۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلغان مىرزاڭلار نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى؟

دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ خىيالىنى چالغىتتى.

ــ پاسىبانىمىز ھازىردۇر، ــ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى خوجا ئابدۇللا قازى، ــ رەھمەتلىك شاھ ئاتىسىنىڭ روھد-غا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، خاقان ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش بىئەپ تۇيۇلۇپ كۆپ ئەپ-سۇسلاندى ھەم ئۆزرە ئېيتتى.

سەمەرقەنتتىن شۇنچە يول جاپاسى تارتىپ كېلىپ، نۇرغۇن-

لىغان سەرۋاز ـ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سەركەردىلەر
نىڭ ئەندىجاننىڭ بوسۇغىسىدىن قۇرۇق قول قايتىپ كېتىشك
رايى يوق ئىدى. گەرچە ئۇلار بىر قانچە كىچىك شەھەرلەرنى ئىش
غال قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ خېلى كۆپ مال ـ دۇنيا ئولجا ئالغا
بولسىمۇ ئەندىجان، ئاخسىدەك چوڭ شەھەرلەرنى بۇلاپ ـ تالا
تېخىمۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش تەمەسىدە يۈرەتتى. ناۋا
سۇلتان ئەھمەد مىرزا جىيەنى بابۇر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ قۇ
دەرياسى بويىدىن ياندىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى تەمە قىلغا
ئاشۇ ئولجىلاردىن مەھرۇم قالاتتى. بابۇر مىرزا مەكتۇپىدا ۋە
قىلغان نەچچە يىللىق ئولپاندىن ئۇلارغا قىلچىلىك نەپ تەگمەيت
تى. چۈنكى ئولپاننى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئوردا خەزىنىسىگ
بۇيرۇپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۈلھىگە رايى يوق ئىدى. دەر
ۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ گېپى بىلەن سۈلھىگە قارشى تۇرۇشق
باھانە تاپالماي تۇرغان ئەمىرلەر ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك بولۇ
كېتىشتى.

ــ بۇ سەۋەب بولالمايدۇ. قۇرئان تىلاۋەتنى كېيىن قىلىنۋال
سىمۇ بولۇۋېرىدىغۇ؟

ــ بابۇر مىرزىنىڭ قورسىقىدا چوقۇم جىن بار.

ــ تىل ياغلىمچىلىقى بىلەن بىزنى سەمەرقەنتكە يولغ
سالماقچى.

ــ چاندۇرماي ئاتىسىنىڭ سەنىمىگە دەسسىمەكچى.

ــ ھەرگىز ئالدانمىغايلا ئالىيلىرى.

ــ سۈلھى تۈزسەكمۇ ئاۋۋال ئەندىجانغا بارغاندىن كېيى
ئاندىن تۈزىمىز.

ــ شۇنچە ھەشەم تارتىپ كېلىپ ئەندىجاننىڭ بوسۇغىسىد
يانساق سەت ئەمەسمۇ؟

ــ بىلمىگەنلەر بىزنى توخۇ يۈرەككەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك
سۈلھىگە قارشى چىققان سەركەردىلىرىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا ئ

مالسىز قالدى. سەمەرقەنتتە بولغان بولسىدى، ئۇلارغا سەلتەنەت سۈرى بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىپ بېسىقتۇرغان بولاردى، لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلالمايتتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى بىر قانچە شەھەر- نى ئىشغال قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ساداقەتمەن سەرۋاز - نۆ- كەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئەمىر - سەركەردىلەر خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسقا ئوخشاپ قالغانىدى. يولۋاسنىڭ قور- سىقى ئاچقاندا ئۆز بالىسىنىمۇ يەۋېتىدىغانلىقىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ھازىر ھەرقانداق پەرمانلىرىنى ئۆ- لۈمگە پىسەنت قىلماي ئورۇنلاۋاتقان ئەمىر - سەركەردىلىرىنىڭ رايىغا بېقىشى، كۆڭۈل خاھىشىغا يول قويۇشى، دىلىغا ئازار بەر- مەسلىكى، نارازىلىقىنى قوزغاپ قويماسلىقى، مۇھىمى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمىسا ئۇلار بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇنىڭغا تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

— بابۇر مىرزىغا يەتكۈزسۇنلا، سۇلھىنى ئەندىجاندا تۈزگى- نىمىز ياخشىراق ئوخشايدۇ، — دېدى ئىلاجسىز قالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئامالسىزلىقىنى يوشۇرۇپ.

سۇلھى تۈزۈش ئۈمىدى ئۈزۈلگەن خوجا ئابدۇللا قازى قاتار- لىق ئەمىرلەر يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، روھى چۈشكەن ھالدا ئەندىجانغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلارنى قۇۋا دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان تۆت نەپەر كې- مىچىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇزاتقىلى چىققان سەركەردى- لىرى: «لەشكەرلەرگە كېمە ھەيدەشنى ئۆگىتىدۇ» دەپ مەجبۇرىي تۇتۇپ قالدى.

※ ※ ※

ئەندىجان بىلەن ئاخسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بەندىسالار يولىدا بەش يۈز ئاتلىق نۆكەر تۆت ئات قېتىلغان ھەشەمەتلىك مەپىنى

قوغداپ ئاخسىغا قاراپ تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. مەپىدە بۇزرۇك خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم بار ئىدى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا ئۇچقاندەك كېتىپ بارغان مەپە قەدەمدە بىر دېگۈدەك سىلكىنەتتى. ئەندىجاندىن يولغا چىققاندىن بىرى مىدىرلىماي ئولتۇرغان ئىككى موماينىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك مەپىنىڭ سىلكىنىشلىرى جېنىغا تېگىپ بىئارام قىلاتتى. تىنچىق ھاۋا بىلەن روزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قوشۇلۇپ قىينايتتى. ئۇلار كېچىدىن باش كېنىزەكنىڭ: «بۇگۈن سەپەردە بولغاندىكىن نىيەت قىلمىسىلىمۇ بولار» دېگىنىگە ئۇنىماي زولۇق يەپ روزىغا نىيەت قىلىشىۋېلىشقانىدى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە يول ئازابىدا قىينىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا تىك ئولتۇرۇشاتتى.

بابۇر مىرزىنىڭ سولھى تەلىپى تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم كۈيئوغلىنىڭ ئالدىغا سولھى تەلەپ قىلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئىشەنچ قىلالماي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئاخسى شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغانلىقى ھەققىدە جىددىي مەلۇمات كەلدى.

«سۇلتان ئەھمەد مىرزا قوۋۋا دەرياسىدىن ئاسانلىقچە ئۆتەلمەيدۇ. ئۆتتى دېگەندىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇنىڭغىچە دەرھال بېرىپ ئاخسىنى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇھاسىرىسىدىن خالاس قىلىش كېرەك...»

شاھ بېگىم، بابۇر ۋە ئەندىجاندىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كەلگەن ئىسان دۆلەت خېنىم بۇگۈن زولۇقنى يەپلا ئاخسىغا قاراپ يولغا چىققانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىش ئىدى. ئەمما كۆڭلىدە ئىشەنچى بار ئىدى.

ئۇ قايسى مەنزىلگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك مەپىنىڭ شامال ئۆتۈشۈش ئۈچۈن پەردىسىنى قايرىۋەتكەن

پەنجىرىسىدىن پات ـ پات سىرتقا قاراپ قويياتتى. مەپە ئاستا ماڭ ـ غاندەك بىلىنىپ تىت ـ تىت بولاتتى. پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان ئاچچىق شور توپا ئارىلاش ئىسسىق شامال نەپىسىنى بوغاتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن قورۇلۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالغان ـ دى. ئۇنىڭغا مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇۋالغان بولغاچقا شاھ بېـ ـگىم بىلەن قىلىشقۇدەك گېپى قالمىغانىدى. باشقا ئىشلار ھەققىـ ـدە مۇڭدىشىشقا ھېچقايسىسىنىڭ ھەپىسلىسى يوق ئىدى. شۇ تاپتا مەپىنىڭ توختىماي سىلكىنىشىدىن بىزار بولغان خانىش شاھ بېـ ـگىمۇ ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

«ئانا بولماق نېمانچە تەستۇر ـ ھە، ئۇلار ئۆز سەلتەنەت نېـ ـسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشىپ دۈشمەنلەشمەي، بىر ـ بىرىگە قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشۈپ تۇرغان بولسا، بىزمۇ بۇ ياشقا كىرگەندە يول جاپاسى تارتماي ئارامخۇدا ئىبادىتىمىزنى قىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزمەس ـ مىدۇق. ياشانغاندا نېمە غەم، نېمە جاپا بۇ؟...»

مەپىنىڭ تۇيۇقسىز توختىشى ئىككى موماينىڭ خىياللىرىـ ـنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار «نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دېگەننى قىلىپ بىر ـ بىرىگە لاپپىدە قارىشىۋالدى. ئۇنىڭغىچە مەپىنىڭ يېنىغا چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇزرۇك خانىش ئايىملارغا مەلۇم بولغاي. كاساندىن چا ـ پارمەن كەلدى.

بۇ ئۇلارنى قوغداپ كېتىۋاتقان خوجا مۇھەممەد دەرزىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— خوش، مەلۇماتنى يەتكۈزسۇنلار! — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم.

— ۋەيس لاغەرى، مىرغىياس تاغايى قاتارلىق ئەمىرلەر كا ـ سانىنى كەنجى خانزادە ناسىر مىرزا بىلەن قوشۇپ سۇلتان مەھ ـ مۇدخان ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپتۇ.

دەرغەزەپكە كەلگەن ئىسان دۆلەت خېنىم جان ـ جەھلى بىد ـ
لەن سورىدى :
— قاچان؟
— تۈنۈگۈن پېشىن مەزگىلدە.
— توخۇ يۈرەكلەر! ئىككى ـ ئۈچ كۈن قارشىلىق كۆرسىد ـ
تىشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگىنىنى، ـ ئىسان دۆلەت خېنىم
ئۈدۈلىدا ئولتۇرغان شاھ بېگىمگە قاراپ غۇدۇراپ قويغاندىن كېي ـ
يىن، پەرمان كۈتۈپ تۇرغان خوجا مۇھەممەد دەرزىدىن سورىدى، —
ئاخسىغا يەنە قانچىلىك قالدى؟
— ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتا يېتىپ بارارمىز ـ
مىكىن؟
— ئەمىسە ئاتلارنى رەھىم قىلماي قامچىلاڭلار!
— بۇنىڭدىنمۇ تېز ماڭساق مەپە بەك سىلكىنىپ...
— مەپىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!
مەپە يەنە قوزغالدى. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن قويۇق چاڭ ـ
توزان كۆتۈرۈلدى. مەپىگە ئېسىلغان كۈمۈش، مىس قوڭغۇراقلار
ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ توختىماي جىرىڭلايتتى.

※ ※ ※

بۈگۈن ئاخسى قەلئەسىگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قوز ـ
غاشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان ئەندىجان تەرەپتىن
بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھۇجۇمنى كېي ـ
چىكتۈرۈپ قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى.
«ئەندىجاندىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلار كىمدۇ؟ قېيىنئا ـ
تام سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەندىجاننى شۇنچىۋالا تېز ئىشغال قىل ـ
غانمىدۇ؟ ئايغاقچىلار ئۇلارنى قۇۋا دەرياسى بويىدا توسۇلۇپ قاپتۇ
دېيىشىۋاتاتتىغۇ؟ كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمىدۇر ياكى
ئەندىجاننى تاشلاپ چىققان بابۇر مىرزىنىڭ سەركەردە ـ لەش ـ

كەرلىرىمىدۇر؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇلار ئەندىجانىنى تاشلاپ ئاخ-
سىغا كەلمەس...»

ئۇنىڭ خىيالى تۇگىمەي تۇرۇپ ئەندىجان تەرەپتىن كېلىۋاتـ-
قانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان شاھانە مەپىـ-
نى كۆرۈپ بىر ئاز تەئەججۇپلەندى.

«كىمدۇ بۇ مەپە بىلەن كېلىۋاتقىنى؟ لەشكەرلىرىمۇ ئانچە
جىق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئېھتىيات قىلىپ كەتمىسەممۇ بولغۇ-
دەك...»

— سەپ تۈزۈپ پەرمان كۈتۈڭلار!

سۇلتان مەھمۇدخان ھەر ئېھتىمالغا قارشى سەركەردىلىرىگە
پەرمان چۈشۈردى.

مەپىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بەش يۈز ئاتلىق نۆكەر توختىـ-
ماي ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن
ئەندىشە قىلغان سۇلتان مەھمۇدخان يەنە بۇيرۇق چۈشۈردى:

— كاماندازلار تەييارلانسۇن!

بىر ئۇن يېتىم ئارىلىق قالغاندا مەپىنى قوغداپ كېلىۋاتقان
نۆكەرلەر چىپپىدە توختىدى. دەقىقە ئۆتمەي مەپە يەنە قوزغالدى.
مەپىگە پەقەت ئون نەپەر ئاتلىق نۆكەر ئەگەشتى.

«ئەجەب ۋالىدەلىرىمنىڭ مەپىسىگە ئوخشايدىكىنا؟... ئا-
شۇلارمىدۇ ـ يا...»

مەپە سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالغاندا
توختىدى. نۆكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ مەپىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆ-
تۈپ ئىشىكنى ئاچتى. مەپىدىن ئاۋۋال خانىش ئىسان دۆلەت خې-
نىم، ئاندىن شاھ بېگىم چۈشتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ئىككى ئانىسىنى كۆرۈپ نىمە قىلارىنى
بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئالدىدا ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ
قېلىشى ئۇنى تەمتىرىتىپ، ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى. ئىسان دۆلەت
خېنىم غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— نىمانچە ئەدەپسىزلىك بۇ! ئاتتىن چۈشەيمۇ دېمەيلىغۇ!

سۇلتان مەھمۇدخان چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. ئاتتىن سەك-رەپ چۈشۈپ، بېشىنى ئېگىپ قول باغلىدى. ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشكىنىنى كۆرگەن سەركەردە ــ لەشكەرلىرىمۇ دەرھال ئاتلىرى-دىن چۈشۈشتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ۋالىدەئى مېھرىبانلىرىمغا ئېھتىرام بولغاي. ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

ئۇ ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ــ يېقىن كەلمىسىلە، ــ دېدى شاھ بېگىم قاپىقىنى تۈر-گىنىچە قولىنى سىلكىپ.

ئىككى ئانىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ سۇلتان مەھمۇدخان جايىدا چىپپىدە توختىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئانىلىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى.

ــ ئالدىلىرىدا تۇرغان ئىككى قېرى مەزلۇمنى ئانام دەپ بىلمەي ياغى دەپ بىلگەيلا، ــ دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم تەئەددى بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ــ جەننەتماكان سۇلتان يۇنۇسخان ئالىي-لىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكىنى بىلەن بىز تېخى ھايات. بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، سۇلتان يۇنۇسخان پەرزەنتلىرىنىڭ بىر ــ بىرىنىڭ زېمىنىغا تەئەررۇز قىلىپ، بىھۇدە قان تۆكۈشىگە ئەسلا يول قويمايمىز. سىلى ئاتا ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ يۇرت ــ ماكان، مال ــ دۇنيانى قان ــ قېرىنداشلىقتىن ئەلا بىلىپ يېز-نىلىرىنىڭ زېمىنىغا ياغى بولۇپ كەلگەنىكەنلا، بىزمۇ سىلىگە يا-غى بولىمىز. كۈيۈسىدىن ئايرىلىپ يۆلەكسىز قالغان قىزىمىزنى، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالغان نەۋرىلىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بۇ قېرى جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز.

سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، تەمتىرىگى-نىچە تەستە ئېغىز ئاچتى:

ــ كەچۈرسىلە بۇزرۇكۋارىم. ئەسلىدە ئوغۇللىرى...

خانىش شاھ بېگىم قولىنى سىلكىگىنىچە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— بولدى بەس! چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈرسىلە، جەڭگە ھازىرلانسۇن. بىزمۇ ئاللىقاچان قىلىچىمىزنى يالىڭاچلاپ بولغانمىز!

تىلى تۇتۇلغان سۇلتان مەھمۇدخاننى قارا تەر باستى.

«يا خۇدا، ئۇلارنىڭ پەيلى ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپتۇ. ئانىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ دېگەن بەتنامنى ئالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟...»

— رەھمەتلىك يېزنىلىرىنىڭ كىرىپىكىگە توپا قونار ـ قونمايلا كاسانىنى ئىشغال قىلىپ، ئاخسىنى مۇھاسىرە قىلىشقا پېتىنىپتىلا، نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك بۇ؟! — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم قولىنى شىلتىپ، — ھېلىغۇ سىلى رەھمەتلىك ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قېيىنئىنىسى، ھەتتا ياتلارمۇ بىر نەچچە كۈن ھازا تۇتۇشقا يول قويىدۇ. ئەجەبا سىلى شۇنچىلىكمۇ تەخىر قىلالمىدىلىمۇ؟ بولدى بەس! ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك، دەپتىكەن، — ئۇ يېنىدىكى سەركەردىگە قاراپ توۋلىدى، — خوجا مۇھەممەد دەرزى!

— لەببەي بۈزرۈكۋارىم!

— پەرمان! نۆكەرلەر دەرھال ئاخسى قورغىنىغا قاراپ ئىلگىرىلىسۇن. كىمدىكىم يولىمىزنى توسۇشقا پېتىنسا كاللىسىنى ئېلىڭلار!

سەركەردە خوجا مۇھەممەد دەرزىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن پەرمان كۈتۈپ تۇرغان بەش يۈز ئاتلىق نۆكەر ئىككى خانىشنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى خانىش مەيگە چېقماي بىردىن ئاتقا مىندى ـ دە، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ئات سالدى.

— يول بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى جىددىيلەشكەن سۇلتان مەھمۇدخان.

لەشكەرلەر بۇيرۇقنى ئاڭلاپ دەرھال ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول بەردى. ئىككى ئانا قول باغلاپ تۇرغان ئوغلى سۇلتان مەھـ

مۇدخانغا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ئاخسى قورغىنىغا قاراپ يول ئال-
دى.

— قانداق قىلىمىز ئالىيلىرى؟

سۇلتان مەھمۇدخان بىر ھازا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كې-
يىن ئاستا پىچىرلىدى:

— بارلىق لەشكەرلەر قامالنى بىكار قىلىپ دەرھال چې-
كىنسۇن.

— نەگە چېكىنىمىز ئالىيلىرى؟

سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىدا ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ تۇرغان
مىرزا نىغمەت پاشاغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— نەگە بولاتتى، تاشكەنتكە!

※ ※ ※

ئىككى كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر بۈگۈن بامدات
ۋاقتى بىلەن ئاستا - ئاستا توختىدى. يامغۇردىن كېيىن بۇ-
لۇتلار تاراپ ئەندىجان ئاسمىنى باشقىچە سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. يە-
نە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىغان روزا ھېيتىنىڭ خۇشاللىقىدىن-
مۇ ياكى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر،
ئەندىجان ئاھالىسىنىڭ چېھرىدە يامغۇردىن كېيىن چىققان ئاپ-
تاپتەك يېقىملىق بىر كۈلكە جىلۋە قىلاتتى.

ئەتىگەندە شاھنىشىنغا قوبۇلغا چىققان بابۇر تەختتە ئول-
تۇرغان ئۈچ ھەپتىدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئازادە ھەم خا-
تىرجەم ھېس قىلدى. قول باغلاشقىنىچە تىك تۇرغان ئەمىرلىرى-
گە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يېقىملىق كۈلۈمسىرىگى-
نىچە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. يېقىندىن بېرى خىزمەتكارلار
قايتىدىن بېزەپ تۈزەشتۈرگەن شاھنىشىنمۇ، ئاستىدىكى تەختمۇ
ئازادە، راھەت تۇيغۇ بەردى. ئۆزىنىمۇ بىردىنلا چوڭ بولۇپ قال-
غاندەك كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ھېس قىلدى.

ھەئە، ئانا جەمەت تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتكە چېكىنگەندىن كېيىن، قوۋا دەرياسى بويىدا توسۇلۇپ قالغان دادا جەمەت تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ تۇيۇقسىز تارقالغان كېزىك ۋە ئات ۋاباسى سەۋەبىدىن ئۇرغۇنلىغان لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان پەرغانە ۋادىسىنى بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئىلاجسىز قېرى ئەمىرى دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى ئەنديجانغا سۇلھى تۈزۈشكە ئەۋەتىپ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋاپاتى بىلەن چاك ـ چېكىدىن ئاجراپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تەخت ـ سەلتەنەتنى قايتىدىن مۇستەھكەملەش ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن بابۇر ئۈچۈن چوڭ سىناق ئىدى. ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن كۈچلۈك ياۋ ئالدىدا بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر قورقۇنچاقلىق قىلىپ تەسلىم بولغان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر بابۇر تەرەپتە تۇرۇپ، لەشكەر ۋە پۇقرالارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ياۋغا جان تىكىپ قارشى تۇرغانىدى. بابۇر بۇنىڭدىن كېيىنكى سەلتەنەت ئىشلىرىدا مۇشۇ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە تايىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇزاق ئويلاندى. غەمسىز بالىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، زىممىسىگە بىر ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەئە، بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بۈزرۈكۋار بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ئۆز ۋاقتىدا ئوردا كاتىپلىرىغا خاتىرىلەتكۈزۈپ مىراس قالدۇرۇپ قويغان «تۈزۈكاتى تېمۇرىي»[1] نى قايتىدىن بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

«سەلتەنەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئەلنى مەئمۇر، ئاۋامنى ئاسايىشلىقتا ئىگە قىلىش، ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قوشۇننى كۈچەيتىش، خەزىنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بابائى

① «تۈزۈكاتى تېمۇرىي» ــ «ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرى».

بۇزرۇك ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىرانغا ئوخشاش جانلىق تەدبىرلەرنى
قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردى-
لەرنى مۇھىم مەنسەپلەرگە تەيىن ئېتىشىم، تۆھپە كۆرسەتكەنلەر-
نى مۇكاپاتلىشىم لازىم. بۇ تەسەررۇپۇمدىكى ۋىلايەتلەرنى تەرتىپكە
سېلىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنى خاتىرجەم قىلىشتا، تېخىمۇ مۇھىمى
ئۇلارنىڭ سەلتەنەتىمگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا پايدىلىق...»
بابۇر ئويلىغانلىرىنى مومىلىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن
شاھ بېگىمگە، ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمغا ئېيتتى.
ــ تولا ئوبدان ئويلاپلا ئالىيلىرى، ــ دېدى ئىسان دۆلەت
خېنىم مەمنۇنلۇقىنى بىلدۇرۇپ، ــ ھۆكۈمدار بولغۇچى ساداقەت-
مەن ئەمىرلىرىگە ئىشىنىشى، ئۇلارنى مۇلازىمى ئەمەس، قېرىن-
دىشىدەك كۆرۈشى، تۆھپىكارلارغا ئىنئاملىرىنى ئايىماسلىقى،
ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانلارغا سىيلە ـ رەھىم قىلماسلىقى،
سەلتەنەت ياسىقىنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن يۈرگۈزۈشى كېرەك.
ئەنە شۇ چاغدا تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولىدۇ.
مومىسىنىڭ سۆزلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن بابۇر نەزە-
رىنى ئەمىر ـ سەركەردىلىرىدىن شاھنىشىنىنىڭ تام ـ تورۇسلى-
رىغا ئاغدۇردى. تەسكەي تەرەپتىكى تامغا يېڭىدىن ئېسىلغان ئىك-
كى پارچە مەرۇزە① بىلەن بىر پارچە يولۋاس تېرىسى ۋە دادىسى
ئۆمەر شەيخ مىرزا تولىمۇ ئەتىۋارلايدىغان ئالتۇن دەستىلىك قى-
لىچ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. قىنىغا گۆھەر، ياقۇتلاردىن كۆز
قويۇلغان بۇ قىلىچنى دادىسىغا بوۋىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ
سوۋغا قىلغانلىقىنى، ئاۋۇ يولۋاس تېرىسىنى بولسا دادىسى ھەر
دائىم باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن
يولۋاسنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بې-
رىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما تولىمۇ نەپىس توقۇلغان
ئىككى پارچە مەرۇزەنىڭ تارىخىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. بۇ
شاھانە بۇيۇملارنى ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ ئاخسىدىكى

① مەرۇزە ــ شېئىر، ئايەت نەقىشلەنگەن گىلەم.

ئوردىدىن ئالاھىدە ئېلىپ كېلىپ ئاستۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ يۆتىلىپ قويۇشى بىلەن دىققىتى بۆلۈنگەن بابۇر، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قەددىنى رۇسلىدى:

ــ يارلىق جاكارلانغاي! ــ دېدى پەرمانچى بەگكە قاراپ.

پەرمانچى بەگ يېزىپ تەييارلاپ قويۇلغان خان يارلىقىنى ئوقۇشقا تەييارلاندى. ئولتۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاشتى.

ــ يارلىق! بۈيۈك پەرغانە مۈلكىنىڭ قۇدرەتلىك تاجدارى، ئەدلى ـ ئادالەتلىك زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر بىننى ئۆمەر شەيخ مىرزا پادىشاھ ئالىيلىرى قۇياش كەبى مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن شۇنداق يارلىق جاكارلايدۇكى، ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە باھادىرلىق كۆرسىتىشى، تەسەررۇپىمىزدىكى سەرۋاز ـ لەشكەرلەر ۋە ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ جان پىدا ئەيلىشى بىلەن كۈچلۈك ياۋ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تەخت سەلتەنەتىمىز ئامان، ئەل ـ يۇرتىمىز ئاسايىشلىققا يۈزلەندى. شول مۇناسىۋەت بىلەن ئاۋام ـ رەئىيەتتىن ئېلىنىدىغان پادىشاھلىق باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق ئۈچ يىلغىچە كەچۈرۈم قىلىنغاي، ھەربىر لەشكەرگە بىر سەردىن، سەرۋازغا ئون سەردىن، ئورۇنباسار سەركەردىلەرگە ئەللىك سەردىن، ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە يۈز سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلىنغاي. مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ھەزرەتلىرىگە سەلتەنەتىمىزنىڭ سەدىرلەر سەدرىيلىك① مەرتىۋىسى بېرىلىپ تۇغ، ناغرا ئىنئام قىلىنغاي. ئەندىجان شەھىرىنىڭ ھاكىملىقى، قوشۇمچە ئوردا ئىشىكئاغىلىقىغا ھەسەن ياقۇپبەگ تەيىنلەنگەي. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىگە قوشۇمچە ئوش ئەمىرلىكىگە قاسىم قاۋچىنبەگ تەيىنلەنگەي. ھەرقانداق ۋاقىتتا خاننىڭ دەرگاھىغا ئىجازەتسىز كىرگەي. بىردىن ناغرا، چار تۇغ ۋە بۇرغا بېرىلسۇن. ئاخسى ھۆكۈمدارلىقى خانزادە جا-

① سەدىر ــ ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇق.

ھانگىر مىرزىغا بېرىلسۇن. ئەمىر ئۇزۇن ھەسەن خانزادىگە بەگ ئەتكە، قوشۇمچە ئاخسى ھاكىمى بولسۇن. مەرغىلان ئەمىرلىكىگە ئەلى دوست تاغايى تەيىنلەنسۇن. ئۇنىڭغا قاشتېشى كەمەر بىلەن دولدايلىق ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراسخورلۇق قىلىسۇن!...

نامى ئاتالغان ئەمىرلەر ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ بابۇرغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. ئاندىن بىر ـ بىرىنىڭ ئەمەل ـ مەرتىۋە، ئۇنۋانلىرىنى مۇبارەكلەشتى. ئوردىدىكى ھەكىم ـ تېۋىپ، مۇنەججىم، قەسىدىچى، سالنامىچى، مۇنشىلاردىن تارتىپ، تازىلىقچى ـ مۇلازىم قاتارلىق ئەڭ ئاددىي خىزمەتكارلارغىچە تېگىشلىك ئىنئام بېرىلدى.

ــ ئى جانابى خاسۇلخاسلار①، ــ دېدى بابۇر يارلىق جاكارلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ــ دۆلەت ۋە سەلتەنەت ئۈچ نەرسە بىلەن، يەنى رەئىيەت، خەزىنە، لەشكەر بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دانا ئەمىر بۇ ئۈچ تەرەپنى تەدبىركارلىق بىلەن ياخشى سىنەرەمجانلاشتۇرۇپ ھۆكۈمدارىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ھەربىرىڭلار مېنىڭ ئەنە ئاشۇنداق دانا ـ تەدبىركار ئەمىر ـ بەگلىرىمسىلەر. ئاڭلىشىمچە، ۋەزىرلەر تائىپەسىنىڭ ئۇلگىسى بولمىش نىزامۇل مۇلك ھەزرەتلىرى ھەجگە بارماقچى بولۇپ تۇرغان پەيتتە، ئەۋليالاردىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئى جانابى ۋەزىر ئەزەم، سىلى مەلىك شاھ دۆلىتىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان خەيرلىك ئىشلىرى ۋە تەڭرىتائالاھنىڭ ياردىمىنى رەئىيەتكە تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈۋاتقانلىقلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىككى ھەرەمنى ھەج قىلىش ساۋابى بىلەن تەڭدۇر». يەنە ئاڭلىدىمكى، دىن پېشۋالىرىدىن بىرى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ساداقەتمەن ۋەزىرى ئەلى ئىبنى لاقاتى ھەزرەتلىرىگە: «سەن خەلىپە دەرگاھىدا مۇلازىملىق قىلىشنى تەرك ئەتمە. چۈنكى بول مەرتىۋىدە تۇرۇپ ئاۋامغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەت ۋە نەپلىرىڭ سەن قىلغان بارلىق

① خاسۇلخاس ــ ھۆكۈمدارنىڭ خاس يېقىنلىرى.

ئىش ـ ھەرىكەتلەرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر»، يەنە شۇنداق ئاڭلىغا ـ نىدىمكى، بىر كىشى جانابى پەيغەمبىرىمىزدىن سوراپتۇ: «ئەگەر سىلى نەبى ۋە رەسۇل① قىلىپ ئەۋەتىلمىگەن بولسىلا قايسى ئىش بىلەن شۇغۇللانغان بولاتتىلە؟». پەيغەمبىرىمىز شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇكى: «ئۇنداق بولمىغاندا سۇلتانلار خىزمىتىدە بولۇشنى ئىختىيار قىلىپ، تەڭرىتائالاھنىڭ بەندىلىرىگە پايدا ۋە ياخشىلىق يەتكۈزەرىدىم». مۇددىئا شۇلكى، ھەربىرلىرىمۇ ماڭا خاس ئەمىر ـ سىپاھ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاۋام ـ رەئىيەتكە خىزمەت قى ـ لىپ، ئۇلارغا پايدا ۋە ياخشىلىق يەتكۈزگۈچىلەردىندۇرسىلەر. سەلتەنەتىمىزنىڭ روناق تېپىشى، ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ ئاسايىش ـ لىقتا يۈزلىنىشى ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى ئاياشمىغايلا...

شۇ تاپتا ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە تەختتە ئولتۇرغان بابۇر ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن بالا ئەمەس، ھەر تەرەپتىن پىد ـ شىپ يېتىلگەن بۈيۈك ھۆكۈمداردەك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— بارلىقىمىز تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن!

— ئەل ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى بىزنىڭ بەختىمىز!

ئەمىرلەرنىڭ ۋەدە ـ قەسەملىرىدىن بابۇر باشقىچە ھايا ـ جانلاندى:

— جانابى ئەمىرلەرنىڭ ساداقىتىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى، — ھەربىرلىرىگە مەلۇم، ئۆزگەنتتىن كەلگەن جىددىي مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا بۇزرۇكۋار بابام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا سەركەشلىك قى ـ لىپ، ماڭلايسۆيە ۋادىسىدا ئىسيان كۆتۈرگەن مىرزا ئابابەكرى دېگەن بەدرەك كاشغەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە شۇكۇر قىلماي زېمىننى كېڭەيتىش تەمەسىدە لەشكەر تارتىپ كېلىپ تەسەررۇپىمىزدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قى ـ

① رەسۇل — ئىلاھىي خەۋەر يەتكۈزگۈچى، ئەلچى.

لىشۋاتقۇدەك. ئەسلىدە ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇل نائەھلنىڭ ئۈسۈپ قالغان نوخلىسىنى ئېلىپ، ئۆزكەنتنى ئۇل باسمچىلارنىڭ تەھلىكىسىدىن خالاس قىلىش نىيىتىم بار ئىدى. ئەمئاخسىغا بېرىپ مەرھۇم ئاتامنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىشقا نىيەقىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئارسالدى بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

— جانابى ئالىھەزرىتىم، ئۇلۇغ روزا ھېيت نامىزىنى ئاخسىدىكى رەئىيەت بىلەن بىللە ئوقۇپ، جەننەتماكان پاسىبانىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ پاك روھانىياتىنى خاتىرجەم قىلغايلا، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى دەرھال سۆز ئېلىپ، — ئۇل مىرزا ئابابەكرىنى جازالاش ئىشىنى بىزلەر روياپقا چىقارغايمىز.

— شۇنداق قىلسىلا ئالىيلىرى، — دېدى باشقا ئەمىرلەرمۇ، — ئۆزكەنتكە بىز لەشكەر تارتىپ بارايلى.

بابۇر سەركەردىلىرىدىن قايسىسىنى لەشكەر تارتىپ بېرىشقا بەلگىلەشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— جانابى ئەمىرلەر، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى يەنە سۆز ئېلىپ، — ھەربىرلىرىنى ئادالەتپاناھىمىز تەسەررۇپىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنى جوڭقۇرۇشقا تەيىن ئېتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئاۋام - رەئىيەتنى خاتىرجەم قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى زىممىلىرىگە يۈكلىدى. بۇل خىزمەتلەرمۇ لەشكەر تارتىپ بېرىپ باسمىچى مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ئوخشاش تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭلاشقا ئۆزكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشنى كەمىنە قېرىغا خاتىرجەم تاپشۇرۇپ ئۆز مەنزىللىرىگە جۆنىگەيلا. گەرچە كەمىنە ياشىنىپ قالغان بولسامۇ، بۇل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئەل - يۇرتنى ياۋنىڭ تەئەررۇزىدىن خالاس قىلالىغۇچىلىكىم بار. ھەربىرلىرى ياش، ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىش پۇرسىتى يەنە بار. بۇل پۇرسەتنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ يېشى ھەم ھۆرمىتى چوڭ بولغاچقا ئەمىر-
لەرنىڭ ھېچقايسىسى تەلىپىنى يىرىشقا پېتىنالمىدى ـ دە، بابۇر-
نىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈپ ئۈن چىقارماي تۇرۇشتى.

— مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى بابۇر بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — پەرمان! مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ئەمىر لەشكەر بولغاي. سەركەردە خوجا ئابدۇللا دەرزى ئورۇنباسار بولغاي، لەشكىرىي دىۋاندىن ئون سەركەردە بىلەن بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر ئېلىپ دەرھال ئۆزكەنتكە يۈرۈش قىلغاي، باشقا ئەمىرلەر ئۆز ۋىلايەتلىرىگە يولغا چىققاي.

— پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى ئەمىرلەر.

— قوبۇل تامام! — دەپ ۋارقىرىدى ساراي بېگى.

ئەمىرلەر بابۇرغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ سالام بەرگەندىن كېيىن شاھنىشىندىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

بابۇر چۈشتىن كېيىن ھەرەمگە كىرىپ ئىككى مومىسى ۋە ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم بىلەن خوشلىشىپ، ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بىلەن ناسىر مىرزىنى ئېلىپ، ئۇزۇن ھەسەن قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئاخسىغا قاراپ يولغا چىقتى.



بەش ئات قېتىلغان شاھانە مەپىدە ھوشسىز ياتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزىتمىسى يېنىش تۈگۈل بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان تېۋىپ قىزىتمىسىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن پېشانە، قولتۇق، تېقىم ۋە چات ئارىلىرىغا قويغان ھۆل خامنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر

بولاتتى. چۈنكى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ تۆرغان خاننىڭ بەدىنى
خاملارنى بىردەمدىلا قىزىتىۋېتەتتى. گەرچە تومۇز ئاخىرلىش
كۈز پەسلى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ئى
ئاندا ـ ساندا ئەسكەن ئاجىز شامال قىزىپ تۆرغان بىمارغا ق
چىلىك ھۇزۇر بېرەلمەيتتى. يىراق ـ يېقىنىدىكى مەھەلل
قىشلاقلارغا، لەڭگەر ـ ئۆتەڭلەرگە مۇز تېپىپ كېلىش ئۈچ
ماڭدۇرۇلغان چاپارمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇق قول قايتىش
تى. قايسى بىر يېزا بازىرىدىكى دوغاپچىنىڭ مۇزخانىسىدىن
پىلغان يوغان ـ يوغان مۇز پارچىلىرىمۇ ئەكېلىپ بولغۇچە
رىپ مۇشتۇمدەك قالاتتى. ئۇنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ب
نىگە تېگىپ بولغۇچە ئېرىپ كېتەتتى. تېۋىپلار ئۇنىڭ قىزىت
سىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن توختىماي دورا يەڭگۈشلەپ، دورا ت
يارلاپ، تۇرلۇك ئامالىلارنى قىلىپ باقاتتى.

ھەئە، قۇۋا دەرياسى بويىدىن سەمەرقەنتكە چېكىنىپ كېت
بارغان لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتكۈر كېزىك بىلەن ي
قۇملانغانىدى. مۇشۇنداق ئوت ـ ئاتەش بولۇپ قىزىپ ھوشس
ياتقانلار يالغۇز سۇلتان ئەھمەد مىرزىلا ئەمەس ئىدى. ئۆلمەكنى
ئۇستىگە تەپمەك، دېگەندەك، كېزىك بىلەن تەڭ تارقالغان ئ
ۋاباسى ئۆلارنى نۇرغۇنلىغان يارامىلىق ئات، قېچىر، تۆگىلىرىدى
ئايرىغانىدى. يول بويى كېزىك بىلەن ئاغرىپ جېنىدىن ئايرىلغ
لەشكەرلەرنىڭ قەبرىلىرى، ۋابا تېگىپ ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغلارن
تاپلىرى قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىپ مېڭىش
ئات ـ ئۇلاغ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاجسىز رەھىمسىزلە
بىلەن تاشلاپ كېتىلگەن، ئوتتەك قىزىپ ھوشسىز ياتقان قار
غۇچىسى يوق لەشكەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار سەمەرقەنتتە
پەرغانە ۋادىسىغا قەدىمى يەتكەنلىكى يۇرتقا ۋەھىمە سېلىپ سۇر
ھەيۋە بىلەن كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە رەھىمسىز يۇقۇملۇ
كېزىكنىڭ ۋەھىمىسىدە روھى چۈشكەن ھالدا، تۇمشۇقلىرى ي
تىرەپ، تولىمۇ ئاستا كېتىپ باراتتى. تېۋىپلارنىڭ ئاشۇ شور پ

شانە لەشكەرلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن تامامى دېگۇدەك ئايرىل-غان بۇ زور قوشۇن قۇۋا دەرياسى بويىدىن چېكىنگەندىن بېرى خۇددى چۇمۇلىدەك ئاستا يول مېڭىپ ئەمدىلىكتە تېخى ئۆرەتۆپە تەۋەسىدىكى ئاقسۇ قىشلىقىغا كەلگەنىدى. مۇشۇنداق سۇرئەتتە ماڭسا، قىش كىرىپ بولغۇچە سەمەرقەنتكە يېتىپ بېرىشقا ھېچ-كىمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى.

ئەتىگەندىن بېرى ئۆرىگە تىنىپ، قارىچۇقى تارتىشىپ قالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەربىر چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتكەچ، پات ـ پات تومۇرىنى تۇتۇپ، يۈرەك سوقۇشىنى، نەپەس ئېلىشىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرغان پېشقەدەم تېۋىپ بىردىنلا جىددىيلەشتى. ئالدىراپ ـ تېنەپ تومۇرىنى تۇت-تى. ئاندىن قۇلىقىنى كۆكرىكىگە يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭ-شىدى. بارمىقىنى بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى. بىئەلاجلىق بىلەن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى.

— مەپىنى توختات! — دەپ ۋارقىرىدى مۇگدەپ ئولتۇرغان مەپىكەشكە.

— نېمە ئىش بولدى؟

مەپىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخان تېۋىپنىڭ چىرايىغا گۇمان بىد-لەن قارىدى:

— تارخانبەگ ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغاي، جانابى ئادالەتپا-ناھىمىز رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى تېتىدى، — جاۋاب بەردى تېۋىپ يىغلامسىرىغان ھالدا.

دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مەپىگە چىقتى. ئۇ كېسەل ئازابىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاتارغان چىرايىغا بىر نەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سەللىسى بىلەن ئېڭىكىنى ۋە يۈتىنى چاتتى، ئاندىن شايى رومال بىلەن يۈزىنى يېپىپ قويد-

دى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ مەپە ئەتراپىغا ئولاشقان سەركەردە-لەرگە قاراپ، — خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋاقتىنچە سىر تۇتۇلغاي. شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ خەۋەرنى ئاشكارىلىغۇ-چىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. لەشكەرلەر ئەتراپىدىكى لەڭگەر، بازارلاردىن مۇز، بېدە تېپىپ كەلسۇن. مۇزنى قانچىلىك جىق تا-پالىسا شۇنچىلىك ياخشى. كىمدىكىم سۇسلۇق قىلىدىكەن، پېيىد-نى قىرقىپ تاشلايمەن!

ئۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ مېيىتىنى مۇز تېڭىپمۇ بولسا سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

— ھەيدە! — دېدى ئۇ مەپىكەشكە قاراپ.

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتلار قامچا زەربىسىگە چىدىماي مەپىنى كۇچەپ سۆرەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى غەم باسقانىدى.

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى سەمەرقەنتكە بارغۇچە يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. لەشكەرلەر بىلىپ قالسىغۇ كارايىتى چاغ-لىق. ئەمما خەۋەر سىرتقا تارىلىپ كەتسە چاتاق. بولۇپمۇ خان ئا-لىيلىرىنىڭ چوڭ كۇيۇئوغلى بولمىش سۇلتان مەھمۇدخان خەۋەر تاپسا، تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن يانمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا خان ئالىيلىرى مۇشۇ-نىڭدىن ۋايىم يەپ قېيىنئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىنى رەت قىلىشۋەتكەنىدى. ئۇزاقى يىلىدىكى مۇ-ۋەپپەقىيەتسىز تاشكەنت يۈرۈشىدە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنمىگەن بولسا، ئەتىۋارلىق مەلىكىسى رابىيە سۇلتان بېگىم[1]نى سۇلتان مەھمۇدخانغا ھەرگىز ياتلىق قىلمايتتى. خان ئالىيلىرى گەرچە ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۆشۈكىدىلا چاچراپ كەتتى. ئالدىدىكى بەش پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى قىز، بىد-

① قاراكۆز بېگىم، دېمەكچى.

رەر ئوغۇل پەرزەنتى بولغان بولسا بۇنچە باش قېتىنچىلىقى تارتىپمۇ يۈرمەيتتى. كىچىك بولسىمۇ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويساق، ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى. تەخت ـ سەلتەنەتكىمۇ يامان كۆز بىلەن قارىيالمايتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەمەرقەنت تەختگاھىنى كۈيۈئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانغا تارتتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. بولمىسا خان ئالىيلىرىنىڭ روھى قورۇنىدۇ. ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا مەندەك تاغىسىدىن رەنجىيدۇ... ئەمدىلا قىرىق تۆت ياشقا كىرگەن مۇڭگۇزدەك بىر ئادەمنى بۇنداق تېزلا ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ياكى بولمىسا بىر قورساق ئىنىسى — بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى تەخت ۋارىسى قىلغان تۈزۈكمىكىن؟ ھە، شۇنداق قىلىش ئاقىلانىلىك ئوخشايدۇ. تەخت ـ سەلتەنەتكە كۈيۈئوغلى ۋارىسلىق قىلغاندىن ئىنىسى ۋارىسلىق قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن خان ئالىيلىرى ئانا بىر قېرىنداشلار، باشقا ئىنىلىرىنىڭ بولسا ئانىلىرى باشقا. گەرچە خان ئالىيلىرى رەھمەتلىك خان ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىچىك قالغان ئانا باشقا ئىنىلىرىنى ئاتا ئورنىدا پەرۋىش قىلىپ، تەربىيەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرەرىنى ۋەلىئەھد قىلمىغان، ھەتتا تەخت ۋارىسى قىلىش خۇسۇسىدا بېشارەتمۇ بەرمىگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى تەخت ۋارىسى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ...»

دەرۋىش مۇھەممەد تارخان سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى — ئانا تەرەپ تاغىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ سەمەرقەنت تەختىنى مەرھۇم سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغان ئوغۇللىرىغا بېرىشنى لايىق كۆرمىدى.

«شۇنداق قىلىش كېرەك. تاجۇ تەختكە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋارىسلىق قىلسۇن. بەدەخشانغا دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزاي ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن سەمەرقەنت يولىدا ئۇچرىشاي. يەنە كېچىكتۈر-

سەم، ئاغىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان خانزادىلەر سەمەرقەندتە باشقىچە يول تۇتۇپ، تەختنى ئىگىلىۋېلىپ ئولتۇرمىسۇن يەنە...»

بىر قارارغا كەلگەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخان گويا سەمەرقەندتە قالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئانا باشقا ئىنىلىرى تەختنى ئاللىقاچان تارتىۋېلىپ بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ بىردىنلا جىددىيلەشتى. مەيدە ئولتۇرۇپ قىسقىلا بىر پارچە مەكتۇپ يازدى.

ــ بەدەخشانغا ئاسان يول بىلەن ئايلىنىپ بارىمەن دېمەي، جاپالىق بولسىمۇ تاغ يوللىرى بىلەن ئۇدۇللا بېرىڭلار، ــ دېدى ئۇ ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىگە خەتنى تاپشۇرۇپ تۇرۇپ، ــ گەپنىڭ ھەممىسىنى خەتكە پۈتۈپ قويدۇم. سۇلتان مەھمۇد مىرزا خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا چاقماق تېزلىكىدە يولغا چىقسۇن. دەرھال يولغا چىقىڭلار يىگىتلەر. سىلەرنى سەمەرقەنتتە يۇقىرى مەنسەپ، كاتتا ئىنئاملار كۈتۈپ تۇرىدۇ.

قوشۇن ئىچىدىكى تېخى ۋابا تەگمىگەن، بېجىرىم، ئۇچقۇر ئاتلاردىن ياكى يول بويىدىكى يېزا ـ مەھەللىلەردىن يىغىپ سەپلەنگەن ئاتلاردىن تاللاپ مىنگەن نۆكەرلەرنىڭ كۆزدىن غايىب بولغىنىنى كۆرگەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخان زىممىسىدىكى ئېغىر بىر غەمدىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن تىندى. لېكىن ئۇ شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئانا تەرەپ يەنە بىر نەۋرە ئىنىسى مەلىك مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇدۇل سەمەرقەنتكە قاراپ جان ـ جەھلى بىلەن كېتىپ بارغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

※ ※ ※

تاغىسى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئەۋەتكەن چاپارمەنلەردىن ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان

سۇلتان مەھمۇد مىرزا بەدەخشاندىكى لەشكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى خىللاپ دەرھال يولغا چىقتى ۋە ئاكىسىنىڭ مىيىتىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىلەن سەمەرقەنتكە يېقىن بىر جايدا ئۇچراشتى.

دەرۋىش مۇھەممەد تارخان مەلىك مۇھەممەد مىرزىنىڭ تاجۇ تەخت تەمەسىدە قوشۇندىن پەم بىلەن ئايرىلىپ سەمەرقەنتكە كەتكىنىدىن ئىككى كۈن كېيىن خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا كۆرۈشۈپلا شەھەرگە كىرىشكە ئالدىراپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى ئاگاھلاندۇردى :

ـــ خان ئالىيلىرىنىڭ ھازىرچە شەھەرگە كىرىشكە ئالدىرىمىغىنى تۈزۈك.

ـــ نېمىشقا؟ ـــ سۇلتان مەھمۇد مىرزا گۇمانسىرىغان ھالدا تاغىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئەلپازى تولىمۇ يامان ئىدى.

ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان، ـــ ئالىيلىرى، جەننەتماكان خان ئاغىلىرى ۋاپات بولۇپ ئۈزاق ئۆتمەي سەركەردە مەلىك مۇھەممەد مىرزىنىڭ خاس نۆكەرلىرىنى ئېلىپ لەشكەرگاھتىن يوشۇرۇنچە ئايرىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغان بولساقمۇ، مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ مىيىتىنى سەمەرقەنتكە تېزرەك يەتكۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ ئانچە كۆڭۈلشىمەپتىمىز. تېخى ئۇلۇشكۈن سەمەرقەنتتىن كەلگەن ئايغاقچىنىڭ مەلۇماتىدىن ھەممە ئىشلار ئايان بولدى. مەلىك مۇھەممەد مىرزا جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرۈپ، تېزلىكتە سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپتۇ. شۇڭا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېھتىيات قىلغىنىمىز ئەۋزەل.

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ غەزىپى بىردىنلا بېسىلىپ قالدى. ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ تۇرغان ئاچچىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. چۈنكى

ئۇنىڭدىن سەمەرقەنت تەختگاھىنى تالىشىشقا پىتىنغان مەلىك مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

«ماۋۇ ھاياسىز بەدرەكنىڭ قىلغان ئەقىلسىزلىقىنى كۆرمەمدىغان. ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قولۇمغا ئېلىشىمغا ھەمدەمدە بولماقتا يوق، تەپ تارتماي تاجۇ تەختكە قول سۇنۇشقا پېتىنغىنىنى. خەپ، مۇشۇ ئىنسابسىزلىقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قويمايدىغان بولسام...»

— ئېيتقانلىرى توغرا جانابى تاغا، لېكىن زىيادە ئېھتىيات قىلساق، ئۇل نائەھلى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشى ناتايىن. شۇڭا مەن ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتتە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن شەھەرگە يېقىنلىشاي. ئۆزىنى بىلىپ سەلتەنەتنى چىرايلىقچە تاپشۇرسا تاپشۇردى، جاھىللىق قىلسا ياغى قىلماي ئامال يوق. ئۇل توخۇ يۈرەكتە بىزنىڭ مۇقابىلىمىزگە چىققۇدەك جۇرئەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— مەيلى، شۇنداقتىمۇ زىيادە قاراملىق قىلمىسلا، — دېدى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا توغرا پەرەز قىلغانىدى. قېيىنئاتىسىنىڭ بۇنچە تېز سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن مەلىك مۇھەممەد مىرزا نۇرغۇنلىغان سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن شەھەر سىرتىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان قېيىنئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى. پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ سەمەرقەنتكە ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان بىلەن ئوردىدىكى كۆپ قىسىم ئەمىرلەر بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئانا بۆلەك تۆت ئىنىسى ئۇنى قوللىمىغان، نارازى بولغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەييارلىقى چالا، كۈچى ئاجىز ئىدى. شۇ تاپتا قېيىنئاتىسى بىلەن قارشىلاشسا تەڭ

كىلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ قېيىنئاتىسىغا ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ گۇناھىنى تىلىدى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۇنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىدىن ئۆتسە تامامەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ئانا بۆلەك تۆت ئىنىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىرىدە تاجۇ تەخت دەۋاسى قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مۇشۇ باھانىدە ئاسانلا قولىغا كەلگەن ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى كەلگۈسىدىكى بۇ دەۋاگەرلەردىن پۈتۈنلەي خالاس قىلىش نىيىتىدە، ئۇلارغا مەلىك مۇھەممەد مىرزا بىلەن شېرىكلىشىپ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلغان، دېگەن بەتنامىنى چاپلاپ، كۆيۈئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئالدۇردى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بۇ تۆت خانزادىنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى.

ھەئە، سەركەردە مەلىك مۇھەممەد مىرزىغا ھەشەمەتلىك كۆك سارايدىكى ئالتۇن تەختتە پەقەت تۆت كۈنلا ئولتۇرۇش نېسىپ بولدى.



ياركەنت.

خارابىلىققا ئايلانغان كونا شەھەر قەلئەسىدىن خۇددى بوران چىققاندەك ئاسمان ـ پەلەك توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلەتتى. يېقىنراق بېرىپ قارىغان كىشى بۇ چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا پۈتلىرى زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ يەرنى كولاپ، توپىلىرىنى غەلۋىردە تاسقاۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلەيتتى. كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، چىرايلىرى سولغۇن، ئۇستىباشلىرى توپىدىن

ئايرىۋالغۇسىز دەرىجىدە چاڭ باسقان بۇ كىشىلەر «قازىق»تا ئىش-
لەۋاتقان گۇناھكارلار ئىدى. گۇناھكارلاردىن ئون سەككىز ـ يىد-
گىرمە كىشى بىر زەنجىرگە چېتىلغانىدى. ھەربىر زەنجىرگە
بىردىن گۇندىپاي نازارەتچىلىك قىلاتتى. ھەر ئون گۇندىپايغا ئون
بېشى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر گۇندىپاي مەسئۇل ئىدى. پۈتكۈل
قازىق ئىشىنى مەخسۇس تەيىنلەنگەن قازىق بېگى باشقۇراتتى.
گۇناھكارلار ئاشۇ كىشەنلەنگەن پېتى كەتمەن ـ غەلۋىر بىلەن يەر
كولاپ، توپا ـ تاسقاپ قىش ـ ياز ئارام ئالماي ئىشلەيتتى. ھەر-
بىر زەنجىردىكى گۇناھكارغا كۈنىگە بىر غەلۋىر تېرىق بېرىلەت-
تى. ئۇلارنى كۈندۈزى ئىشلىتىپ، كېچىسى زىنداندا سولاپ قو-
ياتتى. ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارلارنىڭ ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى كېلىپ يوقلىشى، يېمەكلىك
ئەكېلىپ بېرىشى چەكلەنگەنىدى. ھەتتا بىر زەنجىرگە چېتىلغان
ھەمراھلىرى بىلەن سۆزلىشىشمۇ چەكلەنگەنىدى. مەيلى ھەربىر
زەنجىرگە مەسئۇل گۇندىپايلار بولسۇن، مەيلى ئاشۇ گۇندىپايلارغا
مەسئۇل ئونبېشىلار بولسۇن، كىمدىكىم گۇناھكارلارنى ئىشقا
سېلىشتا، ئۇرۇپ دۇمبالاشتا، ئەتىگىنى ئىشقا ئاچىقىپ، كەچتە
زىندانغا سولاشتا ئازراقلا ئىچ ئاغرىتىدىكەن، رەھىم ـ شەپقەت
قىلىدىكەن، ئۇلارمۇ ئاشۇ زەنجىر بىلەن چېتىلغان گۇناھكارلار
قاتارىغا قوشۇلاتتى. شۇڭا ئۇلار ھېچ كىشىگە رەھىم ـ شەپقەت
قىلمايتتى. ھەتتا ئۇلارغا يۇمشاقراق تەلەپپۇزدىمۇ گەپ قىلال-
مايتتى.

ھەئە، «قازىق» بولسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ماڭلايسۆيەنى ئىل-
كىگە ئالغاندىن كېيىن مال ـ دۇنيا توپلاش يۈزىسىدىن رويابقا
چىقارغان كاتتا «كەشپىياتى» ئىدى. ئۇ دەسلەپ خوتەن شەھىرى-
نىڭ كونا قەلئەسىنى، ئاندىن قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا قەلئەسى-
نى قازدۇردى. ئەمدى ياركەنت شەھىرىنى قازدۇرۇپ ئۆتمىتۆشۈك
قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكىدە شۇنچىلىك رە-
ھىمسىزلىك قىلدىكى، شەھەر ئاھالىسىگە بىر كۈنلۈك مۆھلەت

بەلگىلەپ بېرىپ، دەرھال كۆچۈشكە پەرمان چۈشۈردى. ئازراقلا
نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى. سۇسلۇق قىل-
غانلارنى خان يارلىقىغا بويۇنتاۋلىق قىلدى، دېگەن بەتنام بىلەن
زىندانغا تاشلىدى. ۋەھىمىگە چۈشكەن شەھەر ئاھالىسى كۆتۈرە-
لىگۈدەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ، ئەسىرلەردىن بېرى
ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئۆي ـ زېمىنلىرىنى تاشلاپ
كۆچۈپ كەتتى ۋە مىرزا ئابابەكرى بەلگىلەپ بەرگەن جايغا قايتىد-
دىن ئۆي سېلىپ ماكانلىششقا مەجبۇر بولدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇشۇ قازىق ھاشىرىدا قەشقەر، يار-
كەنت، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا
ئىگە نى ـ نى ھەشەمەتلىك قەسىرلەر، كاتتا ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي
چېقىپ تاشلاندى. ھەتتا بۇ بالايىئاپەتتىن ئاشۇ شەھەرلەردىكى
مۇستەھكەم، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەرمۇ ئامان قالمىدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ ئىجادىيىتىدىن كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق
مال ـ دۇنياغا ئىگە بولدى. بۇ شەھەردىكى خەلق ئەزەلدىن ئال-
تۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرىنى كوزا، كۈپلەرگە قا-
چىلاپ، ئۆيلىرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلاپ ئادەتلەنگەنىدى. مىرزا
ئابابەكرى بۇنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ ۋەيرانچىلىق بەدد-
لىگە ھەربىر شەھەردىن مىڭلىغان كوزىلارغا، يۈزلىگەن كۈپلەرگە
سېلىپ ساقلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى
تاپتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن شۈكۈر قىلمىدى. گۇناھكارلارغا
ئاشۇ خارابىلەرنى كەتمەن بىلەن قېزىپ، توپىسىنى غەلۋىر بىلەن
تاسقاپ، سۇ بىلەن چايقاشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، كوزا، كۈپلەرگە
قاچىلانغان نەرسىلەر كولىغاندا چىققان بىلەن، ئۇششاق نەرسىد-
لەر ــ بىرەر تال تىللا، بىرەر تال كۈمۈش تەڭگە، ئۈنچە ـ مار-
جانلار تاسقىغاندا، سۇدا چايقىغاندا ئاندىن كۆزگە كۆرۈنەتتى.
مىرزا ئابابەكرى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قېزىش ئارقىلىقمۇ ھې-
سابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى تېپىۋالدى. چىدىغۇ-
سىز ئېغىر ئەمگەك، تاياق ـ توقماق ۋە ئاچلىقتىن نۇرغۇن كى-

شىلەر ئۆلۈپ كەتتى. ماڭلايسۆيەدىكى كىشىلەرنىڭ «قازىق» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىش ئەمەس، ئاڭلىسىمۇ ۋەھىمىدىن يۈرى-كى جىغىلدايتتى. خەلق سويغان پىيازدەك بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن مىرزا ئابابەكرى تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. قولىنى كەينىگە تۇتۇپ غادىيىۋالغانىدى. بۇ غادىيىشى بىلەن ئەسلىدىمۇ ئېگىز بويى خۇشامەتتىن يادەك ئېگىلىپ كەتكەن ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىچكى ھاياجىنىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى بىپەرۋا كۆرسىتىشكە تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، كۆزلىرىدە بالقىپ تۇرغان كۈلكىنى يوشۇرالمىغانىدى. شاھىدانە كۆكۈلداش بىلەن قازىق بېگى بىر ـ بىرىدىن قىزغى-نىشىپ مىرزا ئابابەكرىگە يول باشلاۋاتاتتى. بىردەملىك ئارامغا بۇيرۇلغان گۇناھكارلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە ۋەھىمە ـ تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي ئولتۇرۇشات-تى. مىرزا ئابابەكرىنى چاڭ ـ توزاندا قالمىسۇن دەپ ۋاقىتلىق ئىش توختىتىلغانىدى.

ــ قارىسىلا ئالىيلىرى. قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بى-لەن بول خەزىنىلەر ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. بايا ئېچىپ قاراپ باقتۇق، ھەممىسىنىڭ ئىچىدە لىق ئالتۇن ـ كۈمۈش بار ئىكەن.

قازىق بېگى شۇنداق دېگىنىچە قاتار تىزىلغان تۆت ـ بەش گەز ئېگىزلىكتىكى كۈپلەرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. شاھىدا-نە كۆكۈلداش قازىق بېگىنىڭ ئۆز تۆھپىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن بىرتەرەپتىن پالاقلاپ، بىرتەرەپتىن ۋالاقلاپ قىلغىلى قى-لىق تاپالماي قېلىشلىرىغا چىدىماي ھەسەت، ئاداۋەت ئارىلاش قاراپ قويدى.

كۈپلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىچىدىكى بايلىققا نەزەر تاشلى-غان مىرزا ئابابەكرى ئەمدى خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى. ئادەم بويىدىن خېلى ئېگىز چىقىدىغان يىگىرمە يەتتە دانە كۈپ قاتار تىزىلغانىدى. مىرزا ئابابەكرى كۈپلەرنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ كۈپلەرنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئوق ۋە

ساداق باغلىغان نۆكەردىن بىرەرى ئىچىگە كىرسە بىمالال سىغاتتى. ھېچ بىر يېرىگە تاقىشىپ قالمايتتى. بۇ كۆپلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىچىدە بىردىن چوڭ مىس ئاپتۇۋا بار ئىدى. ئاپتۇۋىنىڭ كۆرۈنۈشى شىشە شەكلىدە، بويىنى ئۇزۇن ئىدى. جوغىسىنىڭ ئۇچى ئاپتۇۋىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئاپتۇۋىنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم گەز①دىن جىقراق چىقاتتى. ئاشۇ يىگىرمە يەتتە كۆپنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىچىدە بۇنداق ئاپتۇۋىدىن بىردىن بار بولۇپ، ئىچىگە لىق كېپەك ئالتۇن قاچىلانغانىدى. ئاپتۇۋىنىڭ سىرتىدىكى كۆپنىڭ بوش قالغان يەرلىرىگە كۈمۈش باش② تىزىپ توشقۇزۇلغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ بايلىقلارغا بىر پەس ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى خەزىنىگە يۆتكەپ، ئىچىدىكى بايلىقلارنى كۆپنىڭ ئىچىگە ئەسلىدىكىدەك جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

«قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم ماڭلايسۆيەنى ئەسلىدىنلا ماڭا بۇيرۇغانىكەن، بولمىسا شۇنچىۋالا ھېسابسىز بۇ خەزىنە ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارلارغا ئۇچرىماي ماڭا نېسىپ بولارمىدى...»

— قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي!

مىرزا ئابابەكرى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىغا پايپاسلاپ كەلگەن خەزىنىچى بەگكە قارىدى:

— خوش!

— بىر ئاپتۇۋىنىڭ ئىچىدىن مۇنۇ بىر پارچە خەت چىقتى.

مىرزا ئابابەكرى سارغىيىپ كەتكەن قەغەزنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى. خەت سۇلۇس نۇسخىسىدا تولىمۇ چىرايلىق يېزىلغانىدى.

① گەز — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر گەز تەخمىنەن قىرىق ـ ئەللىك سانتىمېتىرغا تەڭ.

② كۈمۈش باش — ھەربىر باش بەش يۈز مىسقال كۈمۈش بولۇپ، ئۇنى بىر خىش قىلىدۇ. كۆرۈنۈشى سوقا، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە.

*«بۇ بايلىقلار خۇمار خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىـ-
نىڭ خىراجىتىگە تەييار قىلىنغان...»*

مىرزا ئابابەكرى گويا بۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىسى ھازىرلا يۇگۈرۈپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇمىدى ۋە قەغەزنى پۈرلاپ مەھكەم سىقىمدىۋالدى.

«بۇ خۇمار خاتۇن دېگەن كىم بولغىيتتى؟ كىم بۇ بايلىقلارنى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىغا تەييارلىغان بولغىيتتى؟ شۇنچىۋالا بايلىق سوۋغا قىلغۇدەك ئول خۇمار خاتۇن قانداقراق مەزلۇمە بولغىيتتى؟ جاھاندا شۇنداق ئەخمەق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن دېسە. بىر خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا بىر خەزىنىنى سوۋغا قىلىۋېتىدىغان...»

قۇياش بۇ خارابىلىقنى ھازىرلا كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك ئوت پۈركۈيتتى. كۆيۈك ئاپتاپتا تۇرماق تەس ئىدى. مىرزا ئابابەكرى گەرچە سايىۋەن ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ تىنچىق، بۇلۇقما ھاۋاغا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. ئۇ خەزىنىچى بەگ بىلەن قازىق بېگىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كۈپلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاپتۇۋا بىلەن كۈمۈش باشلارنى ئاۋايلاپ ئېلىۋاتقان خىزمەتكارلارغا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئوردىغا قايتايلى.

※ ※ ※

ئوردا بېغى سالقىن ئىدى. باغدىكى كۆل بويىغا راسلانغان شاھانە داستىخاننىڭ يۈزى تىزىلغان نازۇ نېمەتلەردىن كۆرۈنمەي قالغانىدى. گەرچە سورۇندا غۇر ـ غۇر شامال ئېسىپ تۇرسىمۇ، ئىككى مەھرەم مىرزا ئابابەكرىنى توختىماي يەلپۈيتتى. مىرزا ئابابەكرى بۈگۈن تېپىلغان بايلىقنىڭ خۇشاللىقىدا بارلىق ئەمىر ـ بەگلىرىگە زىياپەت بەرگەنىدى. كۆپىنچە ئەمىرلەرنىڭ چىرايلىرى

شاراب تەسىرىدىن قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى.

ــ ئىنئامنى ئاچىقىڭلار!

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ خەزىنىچى بەگ دەس ئورنىدىن تۇردى. ھايال ئۆتمەي خىزمەتكارلار ئۈچ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كەلدى. پەتنۇس ناھايىتىمۇ چوڭ بولۇپ، ئىچىدە بىر ئادەم ئولتۇرسا بىمالال پاتاتتى. پەتنۇسلاردا لىققىدە تىللا بار ئىدى. ھەربىر پەتنۇسنى ئىككىدىن خىزمەتكار ئاران كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. خىزمەتكارلار داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچ پەتنۇسنى قاتار قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى كۆرۈپ ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرى تەمەگەرلىك بىلەن پارقىراپ كەتتى.

ــ جانابى ئەمىرلەر، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ، ــ گەرچە بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشىمىزدە چەگرەك، مادۇلاردا نۇسرەتكە يۈزلەنگەن بولساقمۇ، ئۆزكەنتتە مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ نۇرغۇنلىغان باھادىر لەشكەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ مەغلۇبىيەت ھەرگىزمۇ بىزنىڭ جاسارىتىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس. بەلكىم ئۆزكەنتنىڭ يەر ـ تۇپراق شارائىتىنى پۇختا بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، مۇقابىلىمىزگە چىققان ئول خوجا ئابدۇللا قازى دېگەن مەلئۇننىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىدىن بولدى. ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا كىچىككىنە ئۆزكەنتنىلا ئەمەس ئوش، ئەندىجاننى، ھەتتا پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسىنى تەسەررۇپىمىزغا ئالىمىز. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۈگۈن بىزگە ھېسابسىز بىر خەزىنە نېسىپ بولدى. بىرنى بېرىشنى خالىمىغان تەڭرىم ئۈنىڭ ئورنىغا بۈگۈن مىڭنى، تۈمەننى بەردى. ئەلۋەتتە بول خەزىنىدە ھەربىرلىرىڭنىڭمۇ نېسىۋىلىرى باردۇر. مەن ھەرگىزمۇ ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئۆگچە ئىگىلىۋالىدىغان ئۈنداق ئىنسابسىزلاردىن ئەمەسمەن. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم ئىنسابلىق بەندىلىرىگە خەزىنىلىرىنى ئايىمايدۇ. بول سەل-

تەنەتتە نىمە تاپساق تەڭ كۆرىمىز. قېنى كېلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئول تىللاردىن سىقىمىڭلار تولغۇچە ئېلىۋېلىڭلار.

ــ پاسىبانىمىز مەرھەمەتلىكتۇر! بول ئىنئاملار بىزگە تېگىل بولدى. يەنىلا خەزىنىدە تۇرغاي.

ئەمىرلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر ئېغىزدىن ئۆزرە ئېيىتىپ ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. ئەمما ھەممىسىنىڭ كۆزى ئاشۇ ئۈچ دۆۋە تىللادا ئىدى.

ــ ئاز كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ــ مىرزا ئابابەكرى تولىمۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى. سۆزىدە قىلچىلىك تەئەددى يوق ئىدى.

ــ يوقسۇ! ــ دېدى ئەمىرلەر باشلىرىنى ئېگىپ.

ــ قېنى بىر - بىرلەپ كېلىڭلار ئەمىسە.

تىللانى كۆرۈپ كۆڭۈللىرىگە ۋەسۋەسە چۈشكەن ئەمىرلەر ئورۇنلىرىدا قىمىرلاپ ئولتۇرالمايلا قالدى. لېكىن ھېچقايسىسى ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

مىرزا ئابابەكرى «قېنى بولۇڭلار» دېگەننى قىلىپ تۆر تەرەپتە ئولتۇرغان ئەمىرلىرىگە قاراپ قويدى.

ــ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، ــ ئەمىرلەشكەر مىرزا قوچقاربەگ ئاشۇنداق دېگىنىچە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ پەتنۇسنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، كەپكۇردەك يوغان ئالىقانلىرىنى تىللا دۆۋىسىگە تىقتى. ئەمما دەقىقە ئىچىدە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە لاپپىدە بىر قارىۋېلىپ، قولىنى تىللا دۆۋىسىدىن ئىتتىكلا تارتىپ چىقاردى. ھەئە، ئالىقىنىدا بىر تالمۇ تىللا يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ قورۇق ئالىقىنىنى سىقىمداپ تۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىگە سالام بەردى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ھاتەمچە ھىممىتىگە تەشەككۇر!

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارا دىۋان ئەمىرى شاھىدانە كۆكۈلداش كەلدى. ئۇمۇ تىللا دۆۋىسىگە ئالىقىنىنى سالدى - يۇ، لېكىن بىر تىللامۇ ئالماي مىرزا ئابابەكرىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىغا قايتتى.

ئەمدى نۆۋەت قازىق بېگكە كەلگەندى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ بۇگۈنكى تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ تۆردە ئولتۇرغۇزغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قانچە قەدەھ شاراب ئىلتىپات قىلغانىدى. ئۆزىمۇ بۇگۈنكى تۆھپىسىدىن مەغرۇرلىنىپ ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدىن ھاياجانلىنىپ جىقراق ئىچىۋالغانىدى، ئۇ كېلىپلا بىر سىقىم تىللانى ئالدى ـ دە، قويىنىغا سېلىۋېتىپ مىرزا ئابابەكرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى!

ـــ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا. بۇ دورەم يىگىرمە يەتتە كۈپ ئەمەس، ئىككى يۈز يەتمىش كۈپ خەزىنە قېزىۋېلىشىمىزغا نېسىپ بولغاي.

قازىق بېگنىڭ تىللانى قويىنىغا سالغىنىنى كۆرۈپ مىرزا ئابابەكرى سۇس تاتاردى، ئەمما چاندۇرمىدى.

ئەمدى نۆۋەت مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۈسەيىن بەگ، مىرزا سەدىردىن قۇشچى قاتارلىق ئەمىرلەرگە كەلگەندى. بۇلار دەسلەپتە مىرزا ئابابەكرىگە ھەمدەمدە بولۇپ ياركەنت، خوتەننى ئىشغال قىلىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن ئەمىرلەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى خېلىلا ئەتىۋارلايتتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى تۆھپىكار ھېسابلايتتى. قازىق بېگنىڭ بىر سىقىم تىللانى قويىنىغا سالغىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭمۇ نەپسى تاقىلداپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ بىر سىقىمدىن تىللانى قويىنىغا سېلىشىپ مىرزا ئابابەكرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.

شۇ تەرزدە ئەمىرلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ تىللا سىقىمداشتى. ئەمما كۆپ قىسىم ئەمىرلەر قوللىرىنى تىللا دۆۋىسىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ، بىر تىللامۇ ئالماي قايتىپ كېتىشتى. ھەئە، ئۈچ دۆۋە تىللا شۇ پېتى ئېشىپ قالغانىدى.

ـــ سورۇن تامام! ـــ دەپ جاكارلىدى مۇراسىم بېگى.

ئەمىرلەر شەيخۇلئىسلامغا ئەگىشىپ دۇئا قىلىشتى. ئاۋۋال مىرزا ئابابەكرى، ئاندىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىر ـ

بىرىگە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ تارقاشتى. بۇ چاغدا زې
مىنغا تۈن پەردىسى يېيىلغانىدى.

※ ※ ※

شاھنىشىنغا يانداش سېلىنغان خابگاھنى تورۇسلارغا ئې
سىلغان شامدانلاردىكى شاملار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى
مىرزا ئابابەكرىنىڭ چېھرىدە باياتىنقى خۇش تەبەسسۇمدىن ئىزنا
مۇ قالمىغانىدى. كۆزلىرى ھازىرلا بىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغا
دەك دەھشەتلىك چەكچەيگەنىدى.
— بالا ـ چاقىلىرى ئامان قالسۇن. ئۆزىنىڭ كاللىسىنى
ئېلىپ، مال ـ دۇنياسىنى خەزىنىگە ئېلىڭلار!
— پەرمانبەردارمەن! — دېدى ياتىش بېگى تىترەپ تۇرۇپ.
مىرزا ئابابەكرى بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن
سورىدى:
— خوش. ئەتە جاكارچىلار شەھەردە نېمىدەپ جار سالىدۇ؟
— ئەلۋەتتە ئۆزكەنتتىكى جەڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۇلارغ
ئارتىمىز ـ دە.
— ئۇلارنىڭ ئۆزكەنتتىكى جەڭدە پەرغانە پادىشاھى بابۇ
مىرزىنىڭ سەركەردىسى خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن تىل بىرىك
تۈرگەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويسۇن. بۇ ئۆلۈم ۋەقەسى ھەققىد
كىمدىكىم پىتنە قىلىدىكەن، تۇتۇپ دەرھال قازىققا ھەيدەڭلار، —
مىرزا ئابابەكرى بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، —
قازىق بېگىنىڭ قازىقتا تېپىلغان خەزىنىگە خىيانەت قىلغانلىقى
نىمۇ قوشۇپ جاكارلىغاي.
— باش ئۈستىگە!
— چىقىڭلار، ھازىرلا ئول ئىنسابسىزلارنىڭ ئىشىنى تاما
قىلىڭلار.
— باش ئۈستىگە!

بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان سەركەردە قوچقارىبەگ بىلەن
شاھىدانە كۆكۆلداش ئىچىدە ئاللاھقا توختىماي شۈكۈر سانا ئېيـ-
تىشىۋاتاتتى.

ھەئە، مىرزا ئابابەكرى بايا پەتنۇستىكى تىللالارنى سىقىمداپ
ئېلىپ قوينىغا سالغان قازىق بېگى، مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا
قاسىم دوغلات، مىرزا ھۇسەيىن بەگ، مىرزا سەدىردىن قۇشچى قا-
تارلىق ئەمىرلىرىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش پەرمانى چۈشۈرگەنىدى.
شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مىرزا ئابابەكرى «ئىنئام» دەپ بۇيرۇغان بىر
سىقىمدىن تىللانى ئالغاندىن باشقا گۇناھى يوق ئىدى. ئادەتتە ئۇ
بۇنداق ئىنئام بېرىش مۇراسىمىنى ئوردىدا پات ـ پات ئۆتكۈزۈپ
تۇراتتى. ھەر قېتىمدا تىللالارنى دۆۋىلەپ قويۇپ ئەمىر ـ سەر-
كەردىلىرىنى سىقىمى تولغۇچە تىللا ئېلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەر
قېتىملىق مۇراسىمدىن كېيىن يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن
بىر قانچە ئەمىرلەرنىڭ كاللىسىنى ئالاتتى. ئەقىللىق، سەزگۈر
ئەمىرلەر بۇ كاللىسى ئېلىنغانلارنىڭ ئىنئامنى رەسمىي يوسۇندا
قوبۇل قىلىپ ئالغانلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ھېچكىم ئىنئام ئېلىشقا پېتىنالماس بولۇپ قالغان-
دى. بۈگۈن قازىق بېگى كەيپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىرمە
يەتتە كۈپ خەزىنە تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى بۇ ئىنئامنى ئېلىش-
قا ھەقلىق دەپ چاغلىغانىدى. مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق ئە-
مىرلەرنىڭ بولسا قازىق بېگىنىڭ تىللانى قوينىغا سالغىنىنى
كۆرۈپ، ئاچ كۆزلۈكى غالىب كەلگەنىدى.

※ ※ ※

ئازنا مەسچىتتىن ئاڭلانغان جاراڭلىق ئەزان ئاۋازى بامدات
ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆزكەنتتىن مەغ-
لۇپ بولۇپ يانغاندا بۇلاپ كەلگەن چىرايلىق جۇۋاننىڭ قۇچىقىدا
كېچىچە پاراغەت سۈرگەن مىرزا ئابابەكرى شۇ تاپتا پۇشۇلداپ

ئۇخلاۋاتاتتى. جۇۋان كىچىچە كىرىپىك قاقماي چىقىۋالغانىدەك قىلاتتى. چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېچىدىن بېرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ دىۋىدەك بەستىنىڭ ئاستىدا چەيلەنگەن پۇت ـ قوللىرىنى ھالسىز مىدىرلاتتى. مىرزا ئابابەكرىگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى.

«بۈگۈن ھامان ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۇ ئالەمگە جونۇپ پىتىم كېتىپ قالماي يەنە. ئاۋۋال غۇسۇل قىلىۋالاي. بۇ ھايۋاننىڭ ئويغاتمىسا چۇشكىچە ئۇخلايدىغاندەك ئەلپازى بار...»

جۇۋان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرىقى ھۇجرىدا ئۇخلاۋاتقان ئاغۋاتلار[1]نىڭ يېنىدىن شەپە چىقارماي ئۆتۈپ، يان ئىشىكتىن غۇسۇلخانىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، بىر چۈگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن يېنىپ چىقتى. سۇ ئۇنىڭ ئاق ـ سۇزۇك چىرايىنى باشقىچە ئېچىلدۇرۇۋەتكەنىدى. خېلىلا روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ شەپە چىقارماي مېڭىپ ھۇجرىغا كىردى ـ دە، ئىشىكنى پەم بىلەن ياپتى. كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان بىر تال شام ھۇجرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاستا بېرىپ بۇلۇڭدىكى ساندۇقنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان خەنجەرنى قولىغا ئالدى. ئاندىن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كاتقا يېقىنلاشتى. مىرزا ئابابەكرى تېخىچىلا ئۇخلاۋاتاتتى.

«خەنجەرنى نەرىگە تىقاي، كۆكرىكىگىمۇ، گېلىغىمۇ...» ئاھ تەڭرىم، دەرگاھىڭغا بىر پاسىق مەلئۇننىڭ خۇن ـ قىساسى بىلەن بارىدىغان بولدۇم ـ دە. گۇناھىمنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن...»

جۇۋان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قويۇق يۇڭ قاپلىغان مەيدىسىگە قارىدى. كۆكرەك قەپىزى ھەربىر نەپەس ئېلىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ پەسىيەتتى. ئۇ نەزىرىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ گېلىغا ئاغدۇردى. ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى بوغدىيىكى پۇلتىيىپ تۇراتتى.

[1] ئاغۋات ـــ ئاختا قىلىنغان ھەرەم خىزمەتچىسى.

مىرزا ئابابەكرى تۇيۇقسىز يېنىغا ئۆرۈلدى. شۇ ھامان قولى بېشىدا خەنجەرنى نەگە ئۇرۇشىنى مۇقىملاشتۇرالماي تىزلىنىپ تۇرغان جۇۋاننىڭ يوتىسىغا تېگىپ كەتتى. جۇۋاننى سۇر بېسىپ، خەنجەر تۇتقان قوللىرى تىترىدى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى.

«قورقما، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۈتكەن پۇرسەت مۇشۇ ئەمەسمۇ. غەيرەتلىك بول...»

جۇۋان ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇرۇپ خەنجەرنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتتى ـ دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆكرىكىنى نىشانغا ئېلىپ زەرب بىلەن ئۇردى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇس. ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان يۇمران قوللىرى ھاۋادىلا توختاپ قالدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

— مۇشۇ قۇشقاچتەك جېنىڭ بىلەن ماڭا قەست قىلماقچىدىمىڭ تېخى؟

مىرزا ئابابەكرى قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە زەھەرخەندىلىك بىلەن خىرىلداپ كۈلدى.

مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان جۇۋان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرىدا مىجىلىپ كەتكەن بىلەكلىرىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ھېس قىلمايتتى. قولىدىكى خەنجەر ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مىرزا ئابابەكرى بايا جۇۋان ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسۇل قىلىشقا چىقىپ كەتكەندىلا ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تولىمۇ سەگەك ئىدى. ھەر دائىم بىرىنىڭ قەست قىلىشىدىن خۇدۇكسىرەپلا تۇرغاچقىمۇ كىچىككىنە شەپىدىنمۇ ئويغىنىپ كېتەتتى. بايا ئورنىدىن تۇرۇشقا خۇش ياقماي كۆزىنى يۇمۇپ ياتقانىدى.

— ئەتىۋارىڭنى قىلىپ ھەرەمگە ئەكىرىپ توققۇزۇڭنى تەل قىلىپ بەرسەم، بىلدۈرگەن تەشەككۈرۈڭ مۇشۇمۇ؟

ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغان جۇۋان مىرزا ئابابەكرىگە نەپرەت

بىلەن قارىدى:

ــ سەن تەشەككۇرگە لايىق ئەمەسسەن! ئىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرت ــ ماكانىمنى خانىۋەيران قىلغان سەندەك مەلئۇنغا تەشەككۇر بىلدۈرسەم ھايۋان بولۇپ كەتمەمدىمەن!

مىرزا ئابابەكرى ئۆزكەنتتە خوجا ئابدۇللا قازىدىن قاتتىق يېڭىلگەندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەچ ئۇچرىغانلىكى يېزا ــ قىشلاقلارنىڭ ئاھالىسىنى پادا ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ياركەنتكە كۆچۈرۈپ كەلگەن ۋە ھۆسن ــ جامالى تولىمۇ چىرايلىق بۇ جۇۋانغا كۆزى چۈشۈپ ھەرىمگە ئەكىرىۋالغانىدى. تۇنۇگۇن كەچ قازىق بېگى قاتارلىق ئەمىرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كۈتمىگەندە قولىغا كەلگەن يىگىرمە يەتتە كۈپ ئالتۇن ــ كۈمۈشنىڭ ھاياجىنىدا ئۇيقۇسى كەلمەي يەنە بىردەم شاراب ئىچتى. شۇ ئارىلىقتا كېپەك ئالتۇن قاچىلانغان ئاپتۇۋادىن چىققان «خۇمار خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىغا تەييارلاندى...» دېگەن خەت ئېسىگە كەلدى. كەيپچىلىكتە خۇمار خاتۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئاشۇنچىۋالا مال ــ دۇنيا سوۋغا قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئۇ ئايالنىڭ چوقۇم تەڭداشسىز بىر گۈزەل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا شەھۋانىي نەپسى قوزغالدى. ھەرىمدىكى توقال ــ كېنىزەكلەرنى بىر ــ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىردىنلا ئۆزكەنت يۇرۇشىدە قولىغا چۈشكەن بۇ جۇۋان يادىغا كېلىپ ھەرەمگە كىرگەنىدى.

«ھېلىمۇ يەيدىغان رىزقىم، كۆرۈدىغان كۈنۈم بار ئىكەن. ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. مېنى غەپلەت بېسىپ بىر زەھەرلىك يىلاننىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ھايات قالدۇرۇپ قويىدىغان بولسام ھامان بىر كۈنى جېنىمغا قەست قىلىدۇ. بولمىسا ئاجايىپ ئۇز كاساپەت ئىدى. ئەمدى بۇنداق گۈزەلنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن ئەمەس...»

مىرزا ئابابەكرى يۈلۈپ تاشلىۋەتكەن گىياھتەك سولىشىپ

تۇرغان جۇۋانغا قىيمىغان ھالدا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چۇشۇپ كەتكەن خەنجەرنى قولىغا ئالدى:

ـــ ماڭا ئەمەس، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ!

مىرزا ئابابەكرى جۇۋاننىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇرۇپ يەرگە باستى. جۇۋان قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىدى. تۇرقىدىن ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ بولغاندەك قىلاتتى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا گۈزەللىك جەزبىسىنى يوقاتمىغان چىرايىغا بىر نەچچە دەقىقە قارىۋالغاندىن كېيىن قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاپئاق بويىنىغا رەھىمسىزلىك بىلەن خەنجەر ئۇردى.

ـــ قايسىڭ بار؟

يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلگەن ئاغۋاتلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈزىگە چاچرىغان قاننى كۆرۈپ قورقۇپ دىر ـ دىر تىترەشتى.

ـــ سۇ تەييارلاش!

ئاغۋاتلارنىڭ ئىككىسى ئۇنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ تەييارلاشقا، قالغانلىرى كاتتا سۇنايلىنىپ ياتقان جۇۋاننىڭ جەسىتىنى بىرتەرەپ قىلىشقا كىرىشتى.

غۇسۇلخانىدىن پاكىز يۇيۇنۇپ، بېشىغا ئاپئاق سەللە، ئۈچىسىغا ئاپئاق شايى تون، تامبال كىيىپ چىققان مىرزا ئابابەكرى شۇ تاپتا ئۆمرىدە چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمىگەن ياۋاش بىر مۆمىنگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئاغۋاتلار سېلىپ تەييارلاپ قويغان جايىنامازغا كېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. نامازدىن كېيىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن دۇئا قىلدى:

«ئى يېگانە قۇدرەت ئىگىسى، ھەرقاچان دەرگاھىڭنى سېغىنىمەن. دوزىخىڭدىن قورقۇنچىم بار، جەننىتىڭدىن ئۈمىدىم بار. بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغايسەن...»

مىرزا ئابابەكرىنىڭ دۇئاغا كۆتۈرگەن ئالىقانلىرى تىترەيتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار قويۇق ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپ باراتتى.

## 106

سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى باغى دىلگۇشا بوگۇن باشقىچە قىزىپ كەتكەندى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك قەسىردىن ياڭرىغان ناخشا ـ ساز ئاۋازى شۇنچە يوغان باغنى بىر ئالغانىدى. سارايىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى تاملاردىكى ئەينى يىللىرى بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ھىندىستان يۈرۈشى مەدھىيەلىنىپ يېزىلغان تۈرلۈك خەت نۇسخىسىدىكى مەدھىيەنامىلەر ۋە ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەن تۈرلۈك نەقىش، بېزەكلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. سورۇننىڭ تۆر تەرىپىدە قىرىق ئىككى ـ قىرىق ئۈچ ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا كالتە پۇتلىرىنى ئالدىغا سوزغىنىچە پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. شاراب تەسىرىدىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئۇچقۇندايتتى. دىقماق بارماقلىرىنى مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ يوتىسىغا شاپىلاقلىغىنىچە دۇتار، تەمبۇر، قالۇن، راۋاب، داپ... قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ناخشا توۋلاۋاتقان ناخشىچىلارغا جور بولۇپ ناخشا توۋلاۋاتاتتى. سورۇننىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان ئەمىر ـ بەگلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاغىل ـ تاغىل توۋلىشاتتى. شۇ تاپتا خۇدىنى يوقاتقان بۇ بىر توپ مەستلەر خۇددى ساراڭلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا يېرىم ـ يارتا ئايالچە كىيىنگەن، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈپ، مەڭزىلىرىگە ئەڭلىك، تىرناقلىرىغا خېنە ياققان ئەر دېسە ئەرگە، ئايال دېسە ئايالغا ئوخشىمايدىغان يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى رەققاسلار بەللىرىنى تولغاپ، كۆكرەكلىرىنى

تىترىتىپ، بويۇنلىرىنى ئېتىپ، كۆز قىسىپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چاغدىكى نازلىق قىلىقلىرى شوخ جۇۋانلاردىن قېلىشمايتتى. سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ يېنىدىمۇ ياش ـ قۇرامى، كېيىنىشى، زىلۋالىقى، نازۇكلۇقى ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلاردىن پەرقلەنمەيدىغان يىگىتلەر ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار يېنىدىكى ئەمىرلەرگە نازلىق ئەركىلەيتتى، شاراب تۇتاتتى. داستىخاندىكى گۆشلەرنى تىتىپ ئەمىرلەرنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى. بۇلار سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ چۆھرە[1]لىرى ئىدى.

كۆيۈئوغلى بىلەن تۆت نەپەر بىگۇناھ ئىنىلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپلا، چوڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا ھىسارنى، ئىككىنچى ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزىغا بۇخارانى بېرىپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا يولغا قويغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىدىن قانۇن ـ تۈزۈم، جازا، باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراقلارنى بېكىتىپ، بەدەخشاندىن ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە تايىنىپ بۇنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلدى. نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. تاغىسى دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ ھەتتا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردىكى خەلقنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ نەسىھەت، ئىلتىجالىرىغىمۇ قۇلاق سالمىدى. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىدىن ئېلىنىدىغان تۇرلۇك باج ـ سېلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەنىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئاكىسىنىڭ بۇ پەرمانىنى بىكار قىلىپ ئۇلاردىنمۇ مەجبۇرىي باج ـ سېلىق ئالدى. ئاكىسىنىڭ قارىسىنى تۇتۇش ئۈمىدىدا تۇرسۇن، يىراق ـ يېقىندىن قۇتلۇقلاپ كەلگەن بەگ ـ تۆرىلەر بىلەن بەزمە سورۇنلىرىنى تو-

[1] چۆھرە ـــ بەچچە، جىنسداش مەشۇق.

زوۇپ، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. بەزمە ـ ئىشرەتخورلۇق ئۇنىڭ بەدەخشاندىكى ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىلدۇرگەن ئادىتى ئىدى. شۇڭا ھېچكىم توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

زور ئۈمىد بىلەن تەختتە ئولتۇرغۇزغان جىيەنىنىڭ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشىپلا ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشى، ھە دېسىلا بەدەخشاندىن ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىنى ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈشى، ھەر خىل سورۇنلاردا كۆزگە ئىلماي بىھايالىق قىلىشلىرى دەرۋىش مۇھەممەد تارخانغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر ئاي بولار ـ بولمايلا ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى، ئوردىدىكى ئىلگىرىكى ھۆرمەت، ئابروي، ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يامانلىغان ھېسابتا بۇخاراغا كەتتى. ئەمما، سۇلتان مەھمۇد مىرزا بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي قويىدى. بۇ يالغۇز دەرۋىش مۇھەممەد تارخانىڭلا بېشىغا كەلگەن قىسمەت ئەمەس ئىدى. سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى مەرتىۋىلىك ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يەتكۈچە قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. ئۇلار يېڭى خانىنىڭ بۇ تەڭسىز مۇئامىلىسىگە، چېكىدىن ئاشقان رەھىمسىزلىك، ھاياسىزلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بۇخاراغا ئاچچىق يۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەندىجاندىكى بابۇرنىڭ قېشىغا، يەنە بىر قىسمى تاشكەنتتىكى سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ قېشىغا كەتتى ۋە ھەر ئىككى ھۆكۈمدارنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ماۋەرائۇننەھرنى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، جۈملىدىن سەمەرقەنت سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ زۇلمىدىن، ئۈست ـ ئۈستىلەپ سالغان ئالۋان ـ سېلىقلىرىدىن ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرگە، كىشى ئويلاپ باقمىغان پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىمىزنىڭ دۆ-لەت ـ سەلتەنەتى زىيادە بولغاي!

بەزمە سورۇنىغا ئۇسۇپلا كىرگەن ۋەلىشاھنىڭ بەرگەن سا-لىمى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چۆھرە يىگىتنىڭ غىلجىڭ قىلىقلىـ-رىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ پەگاھتا قول باغ-لىغىنىچە خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرغان ئەمىرگە سەت گۆلەيدى:

— يىرتىق ئىشتاندىن بىرنېمە يۇگۇرۇپ چىققاندەك قاراپ تۇرماي جايىڭنى تېپىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟!

ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئالغۇسىز بىھايا گەپلىرىگە، تىل ـ ھاقارەت-لىرىگە ئەمىرلەر كۆنۈك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ھاقارىتى ۋە-لىشاھقا تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى:

— ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بايىقى بېزەڭ ھىجىيىشىنى ئۆزگەرت-مەي، — ئوزا كۆنى ئالىيلىرىنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى رام قىلىشالغان ھېلىقى...

— دېرىكىنى قىلالىدىڭمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋەلىشاھنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

ۋەلىشاھ قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەن قەددىنى رۇسلاپ مەغرۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— جانابى ئانھەزرىتىمنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن دەريا-دىن يىگىنە ئىزدەشكىمۇ رىغبىتىمىز بار. ئۇنى دېرەكلەش ئەمەس، نەق ئۆزىنى دەرگاھلىرىغا ئېلىپ كەلدىم.

— يارايسەن ۋەلىشاھ، — سۇلتان مەھمۇد مىرزا يېنىدىكى چۆھرە يىگىت ئۇزاتقان بىر ئايقۇر شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىـ-ۋەتكەندىن كېيىن سورىدى، — قېنى ئۇ؟

— ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن.

— دەرھال باشلاپ كىر!

پايپاسلاپ كەينىگە يانغان ۋەلىشاھ ھايال ئۆتمەي سورۇنغا ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەن بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى. يىگىتنى كۆرۈپ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. سورۇندىكى ئەمىرلەر ئىختىيارسىز پىچىرلىشىشقا باشلىدى:

ــ پاھ ـ پاھ! ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ بىر كۆرۈپلا ئاشىق ـ بىقارار بولۇشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە؟!

ــ تەڭرىم ئاداشتۇرۇپ ئوغۇل يارىتىپ قويغانمۇ نېمە ئۇنى؟

ــ بەرھەق، قىز بالىمۇ ئۇنىڭدەك چىرايلىق بولماس.

ــ پاسىبانىمىزنىڭ چۆھرىدىن يەنە ئامىتى كەلدى ـ دە؟!

بىر توپ يىرتقۇچلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ۋەھىمىلىك تىترەپ تۇرغان يىگىت ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ھەممە ئىشقا ئېپى بار ۋەلىشاھنىڭ ئالاھىدە جابدۇپ كىيىندۇرگەن كىيىملىرى يىگىتنىڭ ئېگىز، كېلىشكەن بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى. قويۇق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. بوتىلاقنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرى قورقۇنچ ئىلكىدە مۆلدۈرلەيتتى. قاڭشارلىق كەلگەن بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چېكىم ـ چېكىم تەر تەپچىرەپ چىققانىدى. ئەمدىلا مايسا بولغان قاپقارا بۇرۇتلىرى سوزۇنچاق يۈز كېپىنىگە باشقىچە ھۆسن قوشقانىدى. يىغلىغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ھەئە، ئىككى كۈن ئاۋۋال ۋەلىشاھ قاتارلىق بىر قانچە ئەمىرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كۆھەك ئېدىرلىقىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان باغى مەيدانىغا باراۋەتكە ماڭغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا كۆجۈم مەھەللىلەردىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يان يولدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن بۇ يىگىت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانىدى. ئاللىقانداق بىر خىيال ئىلكىدە كېتىپ بارغان يىگىت بىر توپ ئاتلىق سىپاھلارنى كۆرۈپ يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي تەمتىرىگىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى ۋە سىد-

پاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ يەۋەت-
كۇدەك تىكىلگەن كۆزلىرىگە لاپپىدە بىر قاراپ ۋۇجۇدىنى سۇر
باستى ــ دە، ۋەھىمە ئىلكىدە شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۇگۇر-
گىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

— پاھ، ئاجايىپ كېلىشكەن بەچچىكەن، قېچىپ كەتتى ــ دە.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا لەۋلىرىنى تامشىتقىنىچە يىگىت
كەتكەن تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. باغى مەيدانىغا چىقىقاندىمۇ
ھېلىقى يىگىتنىڭ تەرىپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. ئۇنىڭ ئا-
شۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىتلەرنى كۆرسە ھەر ئاماللار
بىلەن قولىغا كىرگۈزۈپ، چۆھرە قىلىۋالىدىغان خۇيىنى ئوبدان
بىلىدىغان ۋەلىشاھ بۇنى خانغا خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ ياخشى
پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ئىككى كۈندىن بېرى نۆكەرلىرى بىلەن
ئاشۇ مەھەللىنى ئىزدەپ يۈرۈپ يىگىتنى ئاخىر تاپقان ۋە خانغا
ئىنئام قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئېلىپ كەلگەنىدى.

— خان ئالىيلىرىغا سالام بەرمەي نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرد-
سەن؟— دېدى ۋەلىشاھ ۋەھىمىدىن ئېسىنى يوقاتقان يىگىتنى
سىلكىشلەپ.

چۆچۈپ كەتكەن يىگىت تۆت تەرىپىگە ئەندىكىپ قارىۋېتىپ،
تۇرغان جايىغىلا موككىدە تىزلاندى ــ دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

— رەھىم ــ شەپقەت قىلسىلا ئالىيلىرى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغانىدى. ئىك-
كى كۈندىن بېرى خىيالىدىن نېرى كەتمىگەن چىرايلىق يىگىتنى
كۆرۈپ ھايۋانىي نەپسى قوزغاشقا باشلىغانىدى.

— ئۇنى ئۇستىگە ئاچىقىپ تەلىم بەر،— دېدى سۇلتان
مەھمۇد مىرزا بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئوتتۇز ــ ئوتتۇز بەش
ياشلار چامىسىدىكى كىسەل چىراي كۆرۈنىدىغان چۆھرە بېگىگە
قاراپ.

— باش ئۇستىگە!— چۆھرە بېگى خانغا ئېگىلىپ سالام
بېرىۋەتكەندىن كېيىن، باشقا چۆھرە يىگىتلەرگە چىرقىراق

ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — پارقىراپ تۇرۇشماي ئىلدام بولۇشسىلا. ئاۋۇ بەچچىنى ئۇستىگە باشلاپ چىقىششىلا.

ئۇلار تېخىچە تىزلىنىپ تۇرغان يىگىتنى قولتۇقىدىن سۆرەپ دېگۈدەك سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ مېڭىشتى.

— ۋەلىشاھقا ئالتۇن جامدا شاراب ئىلتىپات قىلىنسۇن!

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋەلىشاھنى ئۆزى شاراب ئىچىدىغان ئالتۇن جامدا شاراب ئىچىشكە بۇيرۇدى. خاننىڭ لېۋى تەگكەن جامدا شاراب ئىچىش كاتتا ئىلتىپات ھېسابلىناتتى. بۇ كاتتا شەرەپتىن ھاياجانلانغان ۋەلىشاھ پايپاسلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا.

ئۇ ئالتۇن جامدىكى شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، سورۇندىكى ئەمىرلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى.

— ئولتۇر، — دېدى سۇلتان مەھمۇد مىرزا خۇشاللىقتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغاي دەپ قالغان ۋەلىشاھقا قاراپ، — بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنىمسەن. يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا خاس ئۇلپەت بول.

ۋەلىشاھقا ئالتۇن جامدا شاراب ئىلتىپات قىلىنغىنىنى ئاز دەپ خانغا خاس ئۇلپەت بولۇپ، شاھانە داستىخاندىكى خان غىزاسىغا ئېغىز تېگىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەن بىرقىسىم ئەمىرلەرنىڭ ھەسەتتىن ئىچى ئاداپ كەتتى.

— زۇۋانىڭغا پوق كەپلىشىپ قالغاندەك ئولتۇرماي ھاڭراشمامسەن!

بايىقى يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە ھېسداشلىق قىلىپمۇ ياكى ۋەلىشاھ ئېرىشكەن شاھانە ئىلتىپاتقا ھەۋەس قىلىپمۇ ئەيتاۋۇر، جىمىپ قېلىشقان سازەندىلەر سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەت گۈلىيىشى بىلەن خۇددى بېشىغا ئەجەل قىلىچى تەڭلەنگەندەك چۆچۈپ ئېسىنى يىغىشتى ـ دە، ئالدىراپ سازلىرىنى قولىغا ئېلىپ نەغمە قىلىشقا كىرىشتى.

شارابىبازلىق يەنە باشلاندى. چۆھرە يىگىتلەر يەنە ئۇسسۇلغا

چۈشتى. ئاردا كوسا چىراي ئوردا قىزىقچىسى ئەر ـ خوتۇنچىلىق تېما قىلىنغان بىر يۈرۈش ھاياسىز، بەدبۇي لەتىپىلەرنى سۆزلىدى. لەتىپە تەسىر قىلدىمۇ ياكى بايىقى يىگىت ئېسىگە كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر، سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالچاڭلىغىنىچە سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنى ئىككى چۆھرە يىگىت قولتۇقىدىن يۆلىۋالغانىدى. سورۇندىكى ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— خان ئالىيلىرى ھەقىقەتەن چۆھرىگە ئامراق جۇمۇ.

— بىردەم تەخىر قىلىشقىمۇ رايى بارمىدى.

— ئۆزىمۇ زىيادە بەقۇۋۋەت دېسىلە.

— يىگى چۆھرىنىڭ پەيزىنى راسا سۈرۈپ كەتتى ـ دە.

— مۇبارەك بولسۇن ۋەلىشاھ. مەرتىۋىلىرى يەنە ئۆسىدىغان بولدى.

— ئالتۇن جامدا شاراب ئىچىش، شاھ غىزاسىغا ئېغىز تېگىش نېمىدېگەن كاتتا بەخت ـ ھە؟!

— دېگەنىلەن ھەر ئىشتا ئەپلىرى بار سىلىنىڭ.

ھەمراھلىرىنىڭ ھەم خۇشامەت، ھەم ھەسەت، ھەم تەنە ئارىلاشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ۋەلىشاھ مەغرۇرلۇق بىلەن سەت كالچايدى.

※ ※ ※

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىگە ئالتە ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. گەرچە سەمەرقەنت باغلىرىدىكى سارغىيىشقا باشلىغان ئۆرۈكلەر يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۈجمىلەر پىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، قاتمۇقات ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ دەستىدىن ئىلىكى قۇرۇپ كەتكەن خەلقنىڭ بۇ ياز پەيزىدىن زوق ئالغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ

چىھرىدە ۋەھىمە، ئەندىشە تۇمانلىرى ئەلەڭگىيتتى. شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرى تۇگۇل بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى كوچىلاردىنمۇ ئون بەش ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان يىگىتلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن ئەمىر - بەگلەرنىڭ چۇھرىلىككە تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا - ئانىلار ئوغۇل بالىلىرىنى تالا - تۈزگە چىقارمايدىغان، ئۇلارنى قازناق ئۆيلىرىگە ياكى ھويلىلىرىنىڭ خالىي يەرلىرىگە كولىغان مەخپىي گەملىرىگە سولاپ باقىدىغان بولۇۋېلىشقانىدى.

— ئېيتىڭلارچۇ جانابلار، سەمەرقەنتتە شەرىئەت نەگە كەتتى. ئۆز جىنسىدىشىغا، يەنە كېلىپ پەرزەنتى قۇرامىدىكى ئوغۇللارغا جىما تەئەررۇزى قىلىش بىر مۇسۇلمان پادىشاھقا راۋامۇ زادى؟! مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئوردا ئادالەت دەرگاھى ئەمەس، پاسىقلار ماكانىغا ئايلاندى. بۇ دىگەن ئېغىر گۇناھلاردىندۇر. بۇنداق گۇناھتىن مەھشەرگاھتا جانابى ھەقمۇ ئۆتمەيدۇ. بۇ گۇناھى كەبىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ گۇناھقا شېرىك بولغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

شەھەرنىڭ شەيخزادە دەرۋازىسى تەرىپىدىكى خېلىلا ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدىغان ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى باغلىق قەسىرنىڭ ئىچكىرى خانىسىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان ئالتە نەپەر كىشى پەگاھ تەرەپتە — ساھىبخانانىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى سۆھبەتدىشىنىڭ ھەربىر سۆزلىرىنى باشلىرىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق تەستىقلاپ ئولتۇراتتى. بۇلار سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى بىر قىسىم ئەمىر - بەگلەر ئىدى. سۆزلەۋاتقىنى بولسا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ كۈيئوغلى شەيخ ئابدۇللا بارلاس ئىدى.

— ئارى، ئەمىر جانابلىرى ئېيتقاندەك سەمەرقەنتلىكلەر پاك مەزھەپلىك[1]، شەرىئەتچىل، تەقۋا خەلقتۇر، — دەپ ئېغىز

① پاك مەزھەپلىك — سۈننىي مەزھىپىنى دىمەكچى.

ئاچتى ياشقا چوڭراق كۆرۈنىدىغان، قويۇق بومبا ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان كىشى، ــ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز زامانىسىدىن تارتىپ ماۋەرائۇننەھرىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى شۇنچىلىك كۆپ يېتىشىپ چىققانكى، ھېچ بىر ۋىلايەتتىن بۇنچىلىك يېتىشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغان ھەرقانداق تاجدار ئۇلىمالارنى ئۆزلىرىگە شەرىئەتتە رەھنەما بىلىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن ئاقتۇرۇپ، ئەل - يۇرتتا ئەدلى - ئادالەت ئورنىتىپ، تەخت - سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ كەلگەن. ھالا بۇگۈنكى كۈندە شەرىئەت ئەھكاملىرى پايخان بولۇپ، پاسىقلىق ۋابادەك يامراپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا بولغان نارازىلىقلىرىنى بەس - بەستە سۆزلەشكە كىرىشتى:

— خان ئۆزى قانچىلىك زالىم ۋە پاسىق بولسا، بەدەخشاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەمىر - بەگلەرمۇ شۇنچىلىك زالىم ۋە پاسىقتۇر. بۇنى ئاز دەپ سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى بىر قىسىم خۇشامەتچىلەرمۇ بول پاسىقلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە، دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ھەزرەتلىرىنىڭ ئورنىغا ئەمىرۇل ئۇمەرا بولغان خۇسرەۋ شاھمۇ ھىسارىدىكى ۋاقتىدا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ھەمىشە ئىچكۈۋازلىق ۋە زىنا بىلەن مەشغۇل بولغانىكەن. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ھەددىدىن ئاشقان ئىكەنكى، خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكەرلىرىدىن بىرى بىرەيلەننىڭ خوتۇنىنى بۇلاپتۇ، ھېلىقى ئادەم كېلىپ ئەرز قىلسا، خۇسرەۋ شاھ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەخىرامان ھالدا: «خاتۇنۇڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى سەن بىلەن بىللە بولۇپتۇ. ئەمدى بىر نەچچە كۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

— تۇفى! تىلىغا مەرەز چىققۇر مەلئۇننىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى كۆرمەمدىغان. توۋا، ياراتقان تەڭرىنى تونۇمايدىغان مۇشۇنداق مۇرتەدلەرنىمۇ يەر يۇتمايدىكەن دېسە.

— خۇسرەۋ شاھ ئاشۇنداق زالىم، پاسىق بولغاچقا، ئىنىسى

بولمىش ھېلىقى چېقىمچى، بەتنىيەت، غەيۋەتچى ۋەلىشاھمۇ ئول ئاغىسىدىن ئۆتە يالاقچى، سۇخەنچى بولۇپ چىققان گەپ. ئاز كەم يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش يىلچە داۋام قىلغان رەھمەتلىك سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ زامانىسىدا ئەل ـ يۇرت باياشاتلىق ۋە پاراغەت ئىلكىدە ياشىنىغانىدى. ھەممە ئىشلىرى تەڭرىنىڭ دوستى، دىنىنىڭ نۇرى پىر بۇزرۇك خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەز. رەتلىرى تەرىپىدىن ئادىل ۋە شەرئەتكە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلىن. نىپ كەلگەن سەمەرقەنت ئاھالىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ بۇ خىل زۇلۇم ۋە پاسىقلىقىغا جان ـ جەھلى بىلەن لەنەت ئوقۇماقتا چوڭ ـ كىچىك، باي ـ پېقىر رەئىيەتنىڭ ھەممىسى ئول پاسىق ھەجاجغا قارغىش ياغدۇرۇش ئۇچۇن بەتدۇئاغا ئىغىز ئېچىپ قول كۆتەرمەكتە. توۋا، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەن. يا ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان، يا ئاۋام ـ رەئىيەتتىن ھاي. قىلمىغان، ياكى شەرئەت ئەھكاملىرىدىن قورقمىغان.

— زۇلۇم ـ پاسىقلىقتا ھېرىس بولغىنىنى، ناماز ـ ئىبا. دەتنى تەرك ئېتىپ شارابنى سۇدەك ئىچكىنىنى ئاز دەپ چۆھر ساقلاشقا خۇمارلىقىنى دېمەمدىغان ئول مەلئۇننىڭ، تېخى مۇ. شۇنداق پاسىقنىڭ ئىسمىنى جۇمە نامىزىدا خۇتبىگە قوشۇپ ئو. قۇيمىز دېسىلە.

— كېلىشكەن، چىرايلىق ئوغۇللارنى نەدە ئۇچراتسا ھەر باب بىلەن ئۆزىگە چۆھرە قىلىۋالسا، بەگلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى، ئو. غۇللىرىنىڭ دوست ـ ئاداشلىرىنى، ھەتتا كۆكۈلداشلىرىنىمۇ چۆھرە قىلىۋالسا بۇنىڭغا نېمىدېگۈلۈك. ئوغلىنىڭ كۆكۈلدىشى دېگەن ئۆزىنىڭ پەرزەنتى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ.

— بول پاسىق، بەتقىلىق ھازىر سەمەرقەنتتە شۇنداق دەرد. جىگە يەتتىكى، ئول مەلئۇنلارنىڭ نەزەرىدە چۆھرە ساقلاش ھۇنەر چۆھرە ساقلىماسلىق ئەيىب سانىلىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىمۇ بەچچىۋازلىقتا بىرىلىپ، جىنسداش. لىرى بىلەن جىما قىلىپ، ئاقىۋەت ئاللاھتائالاھنىڭ غەزىپىگە

ئۇچراپ يەر يۇتقانىكەن. يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ غەزىپى تۇتۇپ
سەمەرقەنتكىمۇ بىر بالا ـ قازا يۈزلەنمىگىيدى دەپ ئەندىشە قىـ-
لىمەن.

— شول بائىستىن ھەربىرلىرىنى مەسلىھەتكە چىللىشىم، —
دېدى باياتىن بېرى سۆھبەتداشلىرىنىڭ سۆزلىرىگە جىم تۇرۇپ
قۇلاق سالغان شەيخ ئابدۇللا بارلاس، — جانابى ئاللاھنىڭ كالامى
بولمىش قۇرئان كەرىمدە: «بىر قوۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتـ-
مەيدۇ» دېگەن ئايەت بار. يەنە تېخى: «كۆڭلىنى زىكرىمدىن غەپلەتـ-
تە قالدۇرغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن» دېگەن ھۆكۈممۇ بار. نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى كۆپ ئويلاندىم. رەئىيەتنى كۇلپەتتىن قۇتۇلدۇ-
رۇش سەمەرقەنتنى بول پاسىقلىقتىن پاكلاش ئۈچۈن قانداق قىـ-
لىشىمىز كېرەك؟ مەن ئول پاسىق خانغا قېيىداپ تاشكەنت، ئەنـ-
دىجانغا كەتكەن ئەمىرلەرنى دوراپ باشقا يۇرتقا بېشىمنى ئېلىپ
چىقىپ كېتىشنى ئار كۆرۈرمەن. چۈنكى، ماۋەرائۇننەھر بىزنىڭ
ۋەتىنىمىز. سەمەرقەنت بولسا كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن شە-
ھەر. ئۇنى ئول بىر توپ پاسىقلارغا تاشلاپ بېرىپ كەتسەك ئەر-
كەكلىك پەزىلىتىمىزگە ياراشمايدۇ. شۇڭا ئول پاسىقلارنى يوقـ-
تىپ بۇ زېمىننى پاكلاش قارارىغا كەلگەن بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ
بول چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا يالغۇزلۇق قىلىدىغانلىـ-
قىمنى ھېس قىلىپ ھەربىرلىرى بىلەن باش قوشۇشنى مۇۋاپىق
كۆردۈم.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى قېرى ئەمىر، — سىلى مۇ-
شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسىلا، ھەمدەمدە بولۇشنى ئەلۋەتتە ئىـ-
مانى بۇرچىمىز دەپ بىلىمىز.

— ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بابۇر پادىشاھ
تاشكەنت بىلەن ئەندىجاندىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتىمىش.
شۇڭا سەل تەخىر قىلىپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتسەك مەقسەتـ-
لىرىمىز تېخىمۇ نۇسرەتلىك بولۇرمىكىن دەيمەن.

ـــ ئۇلارغا ئۇنچە ئۈمىد باغلاپ كەتمىسىلە جانابى مىرزا، ـــ دېدى شەيخ ئابدۇللا بارلاس سۆھبەتدىشىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ـــ قول ئىچىگە ئېلىۋېلىپ، قاغا ـ قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس دەپتىكەن. چۈنكى بابۇر پادىشاھ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ جىيەنى بولسا، سۇلتان مەھمۇدخان قېيىنئىنىسىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىشۋاتقىنى بەلكىم راستتۇر. ئەمما مەقسەت ـ مۇددىئالىرى نامەلۇمدۇر. بەلكىم ئۇلار سەمەرقەنت تەختگاھىنى كۆزلەۋاتقاندۇر. خوش، ئۇلارنى تەخت ـ سەلتەنەتنى تارتىۋالدىمۇ دەيلى، بىراق سۇلتان مەھمۇد مىرزا يەنىلا ياشاۋېرىدۇ. ئول مەلئۇن ھاياتلا بولىدىكەن، كۆڭگەن پاسىق خۇيىنى ھەر يەردە قىلىۋېرىدۇ. سەمەرقەنت ئۇنىڭ پاسىقلىق ئازابىدىن قۇتۇلغان بىلەن، يەنە بىر نەس باسقان يۇرت ئۇنىڭ بالاسىغا قالىدۇ. كەمىنىلىرىنىڭ مۇددىئاسى ئاشۇ پاسىقلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش. ناۋادا بول ئىشقا جۈرئەت قىلىشقا پېتىنالمىسىلا ئۆزۈم يالغۇز جۈرئەت قىلىمەن. بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. توخۇ يۈرەكلىك بىلەن قول باغلاپ ياشىغاندىن مىڭ ئەۋزەل.

شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىگە تەگدى. ۋۇجۇدىنى خىجىللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.

ـــ ئۇنداق بولسا بۇ ئۆلۈم ـ كۆرۈمنى ھەممەيلەن تەڭ كۆرەيلى، ـــ دېيىشتى ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ـــ يولنى سىلى كۆرسەتسىلە.

ئۇلار بىر ئاش پىشىمغىچە مەسلىھەت قىلىشتى.

ـــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. ھاۋا مۇشۇنداق ئىسسىپ بەرسە يەنە بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ئۈجمە پىشىشقا باشلايدۇ. ئىشلىرىمىزنى ئۈجمە سەيلىسىگە توغرىلايلى، ـــ دېدى شەيخ ئابدۇللا بارلاس مەسلىھەتتىن رازى بولۇپ. ئۇ ھەم يىپىلغان ئىشكنى ئېچىپ سىرتتا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇق قىل-

دى، ــ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ تاماق تارتىشلار.
ھايال ئۆتمەي داستىخانغا قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان، زىرىـ نىڭ مەززىلىك ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان پولۇ كەلتۇرۇلدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن مېھمانلار لىگەندىكى تىترەپ تۇرغان پولۇغا ئىشتىھا بىلەن قول ئۇزاتتى.

※ ※ ※

ئابىرەھمەت دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ ئارامگاھنىڭ ھەشەمىتى ئوردا باغلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۈگۈن سۇلتان مەھـ مۇد مىرزا بۇ باغقا شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ ئۇجمە سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. سەـ مەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغاندىن بېرى ئەمىرلەر ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بەزمە ـ باراۋەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇنداق تەكلىپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى رەت قىلمايتتى. بۈگۈن باغدا خانـ نىڭ نۆكەرلىرىدىن شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ قورۇقچىلىرى كۆپـ تەك قىلاتتى. خان ئۈچۈن ئالاھىدە راسلانغان شاھانە داستىخانغا تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر مول تىزىلغانىدى. شەيخ ئابدۇللا بارلاس بىر تال ـ بىر تالدىن خىللاپ ئۈزۈپ كەلگەن بىر لېگەن ئۇجمىنى خىزمەتكارنىڭ قولىدىن ئېلىپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىغا قويدى. باياتىن بېرى داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئىشتىھاسىز قاراپ ياتپاشلاپ ياتقان سۇلتان مەھمۇدخان ئۇجمىنى كۆرۈپ ئاسـ تا قەددىنى رۇسلىدى. ياز پەسلىنىڭ بۇ تۇنجى نېمىتى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى تارتقانىدى. ئۇ قولىنى ئەمدىلا ئۇجمىگە ئۇزىتىپ تۇرۇشىغا بېشىغا تەگلەنگەن ئەجەل قىلىچىدىن چۆچۈپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تولىمۇ ئەتراپلىق تۈزگەن شەيخ ئابدۇللا بارلاس ئوردىدىكى بارلىق ئەمىرلەرنى خان بىللە ئۇجمە سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، تەييارلىـ قىنى ئىككى باغدا قىلغانىدى. مەسلىھەت بويىچە شېرىكلىرى

باشقا ئەمىرلەرنى يەنە بىر باغقا باشلاپ كەتكەنىدى. ئۆزى بولسا خاننى بىللە باشلاپ چىقىش باھانىسى بىلەن ئايرىلىۋېلىپ بۇ باغقا ئەكەلگەنىدى. خاننىڭ خاس نۆكەرلىرىنى باغنىڭ يەنە بىر بېشىدىكى راسلانغان داستىخانغا باشلاپ ئاپىرىپ ئاللىقاچان قورالسىزلاندۇرۇپ بولغانىدى.

بېشىغا ئۆلۈم كۆلەڭگۈسى سايە تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھۆكۈمدارلىق سۈرىنى كۆرسىتىپ ھۆركىرىدى:

— ھەددىڭدىن ئاشما بەتبەخت! چىرايلىقچە قولۇڭدىكى قىلىچنى تاشلا!

شەيخ ئابدۇللا بارلاس خاننىڭ بۇ ھەيۋىسىدىن قىلچىلىك تەمتىرىمىدى. كۆزلىرى ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ئەجەللىرى توشتى ئالىيلىرى. ئەڭ ياخشىسى شاھادەت ئېيتىۋالسىلا. ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، سىلىدەك پاسىق مەلئۇننىڭ تىلى قانداقمۇ شاھادەتكە كەلسۇن.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەمدى ئىچىدىكى قورقۇنچىنى يوشۇرالمىدى. لەۋلىرى تىترەپ، سوغۇق تەرلىدى. شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

— ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ. قايسى گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى نىيەت قىلدىلا؟ سىلىگە ھېچبىر يامانلىق قىلمىغانىدىمغۇ؟

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا يۇمشاپ كەتتى. ھەربىر ئېغىز سۆزىدە يېلىنىش بار ئىدى.

— ماڭا يامانلىق قىلمىغانلىقلىرى راست، — دېدى شەيخ ئابدۇللا بارلاس ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — لېكىن بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى ئاۋۋال تەسەررۇپىدىكى ئاۋامنىڭ غېمىنى يېيىشى ئۇلارغا زۇلۇم سالماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن سىلى شۇنداق

قىلالىدىلىمۇ؟ تەختتە ئولتۇرغانلىرىدىن بىرى ئاۋامنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، قان ــ يىرىڭ ئاقتى. سىلى باشلاپ بەرگەن پاسىقلىقنى ئەتراپلىرىدىكى ئەمىر ــ بەگلىرى ۋايىغا يەتكۈزدى. رەئىيەتكە سالغان ھېسابسىز ئالۋان ــ سېلىقلىرىنى دېمەيلا قوياي. چۆھرە ساقلاشقا بولغان ھېرىسمەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن نەچچە يۈزلىگەن بەردەم يىگىتلىرىمىز ئەر دېسە ئەرگە، ئايال دېسە ئايالغا ئوخشىمايدىغان ناجىنس، مەجرۇھقا ئايلاندى. بۇ ئىنسانغا خاس قىلىقمىدى؟ ئەقەللىيسى ھايۋان جىنىدىمۇ ئۆز جىنسدىشىغا چېپىلمايدىغۇ؟ سىلى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر پاسىقلىقنى قىلدىلا. خۇسرەۋ شاھ قاتارلىق مەلئۇنلار بولسا بۇ پاسىقلىققا ئەگەشتى. شۇل سەۋەبتىن رەئىيەت رەسىدە بولغان قىزلىرىدىن ئەمەس، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇللىرىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. پاك دىنىمىزنى بۇلغاپ، ئادالەتلىك شەرىئەت ئەھكاملىرىمىزنى پايخان قىلدىلا. قانداق، بۇ گۇناھلىرى ئۆلۈمگە لايىق ئەمەسمىكەن؟ مەگەر بىراۋ سىلىگە ياكى ئوغۇللىرىغا ئاشۇنداق بەتقىلىقلىقنى قىلىپ چىقىلغان بولسا قانداق قىلارىدىلە؟ سىلىنى قىلىچ بىلەن چېپىش ئەمەس، قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ياكى مەقئەتلىرىگە نوغۇچ تىقىپ ئۆلتۇرسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ...

شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ بىر ــ بىرلەپ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى ئالدىدا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك بىر ئېغىز گەپكىمۇ تىلى كەلمىدى. ھازىرلا نوغۇچ تىقىپ ياكى قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلتۇرىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۆشۈپ شۈركەندى.

ــ مەن توۋا قىلاي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. كېيىنكى ئۆمرۈمنى گۇناھىمغا توۋا قىلىپ تائەت ــ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىمەن...

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. لېكىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شەيخ ئابدۇللا بارلاس ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىـ

غىسى ۋە چىرايلىق ۋەدىلىرىگە قىلچىلىك ئىرىمىدى:
ــ سىلىنىڭ زۇلۇم ۋە پاسىقلىقلىرىدىن سەمەرقەنتلىكلەر ئالتە ئايدىن بېرى زەھەر يۇتتى، ــ دېدى ئۇ ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر پىيالە زەھەرنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ــ ئەسلىدە مۇشۇ گۇناھلىرى ئۇچۇن ئالتە قېتىم زەھەر ئىچسىلىمۇ ئازلىق قىلاتتى. كاللىلىرىنى ئېلىپ، جەسەتلىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاش لايىق ئىدى. ئەمما ئۆزىمىزنى بىر پاسىق توڭگۇزغا تەڭلەشتۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەنلىكىمىز ئۇچۇن جەسەتلىرىنى پۇتۇن قويۇشنى لايىق تاپتۇق. خوش، قېنى بىر پىيالە زەھەرنى بىر تىمىم قالدۇرماي ئىچىۋەتسىلە.

ئۆزىگە زەھەر ئىچىشتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان مەھمۇد مىرزا تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن پىيالىنى ئالدى ـ دە، ئىچىدىكى زەھەرنى خۇددى شاراب ئىچكەندەك گۇپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى.

ــ مەن ئۆز قىلمىشىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم. بۇ گۇناھىمنى ھېچكىمگە دۆڭگەپ قويغۇمۇ يوق. سەمەرقەنتلىكلەردىن ئەپۇ سوراي دېسەممۇ كېچىكتىم. مېنى سىلەر ئەمەس، ياراتقان تەڭرىم جازالىدى...

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ تىلى كالۋالاشتى. بوغۇزىدىن بىرى سىققاندەك بولۇپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. ئاغزى، بۇرنى، قۇلىقىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى، ئاندىن سىڭايان بولغىنىچە گۇلۇپپىدە يىقىلدى.

※ ※ ※

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ جەستىنى تاشلاپ قويۇپ باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن شەيخ ئابدۇللا بارلاس قاتارلىق ئەمىرلەر بەش يۈز نۆكىرى بىلەن سەپ بولۇپ تۇرغان خۇسرەۋ شاھنى كۆ-

رۇپ تۇرۇپلا قالدى.
«ئۇ مەلئۇن بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟ توقايدىكى باغقا كەتكەن ئەمەسمىدى؟...»
شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ خىيالىنى خۇسرەۋ شاھنىڭ مەس-خىرىلىك كۈلكىسى ئۈزۈپ قويدى:
ــ قانداق، جانابى ئەمىرلەر، ئىشلىرىڭلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتىمۇ؟
«ھە، ئەسلىدە ئۇ بىلىپ قاپتىكەن ـ دە، سىرنى كىم ئاشكا-رىلاپ قويغاندۇ...»
خۇسرەۋ شاھنىڭ سۆزلىرىدىن ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان شەيخ ئابدۇللا بارلاس قىلىچىنى شارت-تىدە قىنىدىن چىقاردى.
ــ ئەڭ ياخشىسى بىزدىن گەپ سورىماي، چىرايلىقچە يول بوشاتسىلا. ھەركىم ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.
ــ گەپكە ئەجەب ئۇستا ـ ھە، سىلى جانابى ئەمىر، ــ دېدى خۇسرەۋ شاھ بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ بۈگۈن ئۇچمە سەيلى-سى باھانىسىدا خان ئالىيلىرى ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارت-سا، ئېنىقكى، تاڭلا ئەتىسى ئۆرۈك سەيلىسىدە مەنمۇ ئۆز قىلمى-شىمنىڭ جازاسىنى تارتمەنغۇ دەيمەن. گېپىم خاتا ئەمەستۇ؟
شەيخ ئابدۇللا بارلاس خۇسرەۋ شاھقا قەھرى بىلەن تىكىلدى.
ــ ناھايىتىمۇ توغرا پەرەز قىلدىلا. چۈنكى سىلىمۇ پاسىق-لىقتا خان ئالىيلىرىدىن قىلچىلىك پەرقلەنمەيدىلا. يەنە تېخى ئۇ-نىلىرى ۋەلىشاھ دېگەن سولامچى ھىز[1]مۇ بار. ئەپسۇس، سىلىنى ئىككىنچى نۆۋەتكە تىزىپ خاتا قىپتىمىز.
شەيخ ئابدۇللا بارلاس قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەمراھلى-رىغا ۋارقىرىدى:
ــ قېنى جانابلار، قىلىچىڭلارنى يالىڭاچلاڭلار. تايىنلىق

---

① ھىز ــ ھەزىلەك.

مۇنۇ پاسىقنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتايلى!

خۇسرەۋ شاھنىڭ بىرلا قول شىلتىشى بىلەن بەش يۈز نەپەر نۆكىرى شەيخ ئابدۇللا بارلاس قاتارلىق ئەمىرلەرنى نۆكەر، خىزمەتكارلىرى بىلەن قوشۇپ بۇردا ـ بۇردا قىلىپ تاشلىدى.

ھەئە، ھېلىگەر خۇسرەۋ شاھ ئوردىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردىن نارازى بولۇپ يۈرگەن، ئاۋامنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى سۇلتان مەھمۇد مىرزا قۇلاق سالسۇن سالمىسۇن ھەر دائىم يەتكۈزۈپ، مەلۇمات سۇنۇپ تۇرغان شەيخ ئابدۇللا بارلاستىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭ قەسرىگە خىزمەتكار سىياقىدا پايلاقچى كىرگۈزگەندى. ھېلىقى كۈنى بولۇنغان سۆھبەت، تۈزۈلگەن پىلاندىن شۇ كۈنىلا خەۋەر تاپقاندى. بىراق، سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۆلسە تەخت ـ سەلتەنەتنى ئوڭچى ئىگىلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاستىرتىن شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى پايلاپ تۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا ئەگىشىۋالماي باشقا ئەمىرلەر بىلەن ماڭغان بولۇۋېلىپ، تەڭ يولدا يالغان سەۋەب كۆرسىتىپ ئارقىسىغا يېنىپ بۇ يەرگە نۆكەرلىرىنى باشلاپ كەلگەن ۋە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا تېخى ئۆلمىگەنىدى. خۇسرەۋ شاھ نۆكەرلىرىگە بۇ ئىشلارنى قاتتىق سىر تۇتۇشنى جېكىلەپ، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان خاننى ئوردىغا ئېلىپ قايتتى. ئەمما ئوردا تېۋىپلىرىغا ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتمىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەنە ئاشۇ ھالەتتە ئالتە كۈن قىينىلىپ جان ئۈزدى.

خۇسرەۋ شاھ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى قانداق سىر تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ بىر نەچچە كۈنگىچە يەنە شۇنداق سىر تۇتتى. مەقسىتى مۇشۇ پۇرسەتتە ئوردا خەزىنىسىدىكى مال ـ دۇنيانى جىقراق بۆلۈۋېلىش، شۇنداقلا سەمەرقەنت

تەختىدە ئولتۇرۇش ھازىرلىقلىرىنى پۇختىراق قىلىۋېلىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش شۇم نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىققا چۆمگەن خەلق خۇسرەۋ شاھقا قارشى قوزغالدى. ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق سەمەرقەنتنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى بۇ قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغاندى. دەۋرەپ تۇرغان غەزەپلىك خەلقنى بېسىقتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن خۇسرەۋ شاھ ئىلاجىسىز سەمەرقەنتنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى ـ دە، ئۇدۇل ھىسارغا قاراپ ئات سالدى. چۈنكى، ھىساردا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى خانزادە مەسئۇد مىرزا بار ئىدى. ئۇ چوڭ خانزادىگە ھامىي بولۇپ سەمەرقەنتكە قايتا كېلىشىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

## 107

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەمەرقەنتتىن قېچىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخان يېزنىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، سەمەرقەنتنى ئېلىپ پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش تەمەسىدە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە تاشكەنتتىن ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغا چىققاندى. ئويلىغىنىدەك، يول بويى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سەمەرقەنت تەختىگە بىرىپلا ئولتۇرىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. بىراق سەمەرقەنتكە يېقىنلىشىپ كەنباي تەۋەسىگە كەلگەندە بىردىنلا توسۇلۇپ قالدى. ئۇ بۇنداق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇسرەۋ

شاھنى سەمەرقەنتتىن قوغلاپ چىقارغان ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق تارخان بەگلەر كېتىشىپ، سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئون سەككىز ياشلىق ئىككىنچى خانزادىسى ــ بۇخارا ئەمىرى بايسۇنغۇر مىرزىنى سەمەرقەنتكە ئەكېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزغانىدى. ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق سەمەرقەنت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش قەستىگە چۈشكەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تاشكەنتتىن زور قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بايسۇنغۇر مىرزا ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كەنباي تۈزلەڭلىكىدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ بارگاھ قۇرغانىدى.

لەشكىرىي ئىشلارغا خام، جەڭبازلىق ماھارىتىدىن تۈزۈك خەۋىرى يوق سۇلتان مەھمۇدخان كۈتمىگەندە دۈچ كەلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى. ئەمىرلەشكىرى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ سەمەرقەنتكە ئالدىراپ لەشكەر تارتماسلىق تەكلىپىگە قۇلاق سالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تاشكەنتتىن نىغمەت مىرزا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، مىرزا ھەيدەر كۆكۈلداش، ئەھمەدبەگ تەلبە قاتارلىق خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ مەدھىيە، قىزىقتۇرۇشلىرىغا ئىشىنىپ، سەمەرقەنتنى بېشىمدىكى دوپپامنى ئالغاندەكلا ئاسانلا ئالىمەن، دەپ لاپ ئۇرۇپ ئالدىراپ يولغا چىققانىدى. ئەمىرلەشكەر مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننى ھىماتچى قوشۇننى باشلاپ ئارقىسىدىن بېرىشقا بۇيرۇغانىدى.

ــ ئەڭ ياخشىسى ئەمىرلەشكەر مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننى ساقلىغاچ ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىماي تۇرايلىمىكىن، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىنى توسۇپ تۇرغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى بارماي.

ــ ئەمىرلەشكەرنى ساقلىساق يەنە بىر نەچچە كۈن كۈتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ ئالىيلىرى، ــ دېدى سەركەردە سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، ــ جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالساق سەمەرقەنتلىكلەر بىزنى قورققان چېغى دەپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلىرىمىزمۇ كۆچلۈك ياۋغا دۈچ كەلگەن ئوخشايمىز دەپ جاسارىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتەيلى.

خۇشامەت قىلىش، مەدھىيە ئوقۇش، لاپ ئۇرۇش بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، شۇ ئارقىلىق ئوردىدىكى يۇقىرى مەنسەپلەرنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بۇ ئەمىرلەر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن خاننىڭ ئارىلىقىدىكى توسۇق دەپ قارايتتى. ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخان يېڭىدىن تەختكە چىققان چاغلاردا تۈرلۈك خۇشامەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، پىتنە ـ پاسات، سۇيىقەست، تۆھمەتلىرى بىلەن بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق پېشقەدەم سەركەردىلەرنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكەن؛ ئوردىدىكى چوڭ توسالغۇلاردىن قۇتۇلدۇق دەپ خۇشال بولۇشقان بولسىمۇ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئورناتقان چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئىلاج قىلالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ پۇرسەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. گەرچە چىر دەرياسى بويىدىكى جەڭدە مەرھۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ساتقىنلىق قىلىش بەدىلىگە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مۇھەممەد شەيبانىخاننى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا بولغان دوستلۇق، ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا ھەمشىرىسى خۇبنىگار خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاننىڭ ئالدىدا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇشقانىدى. بۇ قېتىم سۇلتان مەھمۇدخان مۇشۇ ئەمىرلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتقانىدى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ

تۇرىدىغان بولسا ئۆزلىرىنىڭ لاپ ئۇرۇشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان نان قېپىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن دەرھال جەڭ قىلىپ، سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، سۇلتان مەھمۇدخانغا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىسىزمۇ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىراپ قېلىشقانىدى.

— پەمىمچە، چىر دەرياسى بويىدىكى مەغلۇبىيەت سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلگىنى يوق، — دېدى نىغمەت مىرزا سۇلتان جۇنەيدى بارلاسنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — شول تاپتا ئۇلارنى جەڭگە ئۈندەيدىغان بولساق، يۈرەكلىرىگە ۋەھىمە چۈشۈپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ تۇرۇۋاتقان ئۇل ياغىلىدرىمىز جاسارىتىنى يوقىتىشى مۇمكىن.

— ئارى، نىغمەت مىرزا جانابلىرى نەق گەپنى قىلدى، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆكۇلداش، — ئاڭلىشىمچە سەمەرقەنت لەشكەرلىرى چىر دەرياسى بويىدىن يېڭىلىپ قاچقاندىن بېرى دەزىيا ئەمەس، بىر ئېرىق سۇنى كۆرسىمۇ چۆچۈيدىغان، جانابى قىبلەگاھىمىنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرەپلىرىنى ئاڭلىسىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ تىترەيدىغان بولۇپ قېلىشقانمىش. دېمىسىمۇ ئاشۇ قېتىمقى جەڭ ئانھەزرىتىمىنىڭ شەۋكىتىنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە داستان قىلدى. ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسە كەمىنە نۆكەرلىرى تۇرشاۋۇل بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى خالايمەن.

شۆھرەتپەرەسلىكى غالىب كەلگەن بۇ ئەمىرلەر شۇ دەقىقىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغان لاپلىرىغا ئۆزلىرى ئىشىنىپ قالغان ۋە بىرلا ھۇجۇم بىلەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ بارگاھىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى ئۇدۇل سەمەرقەنتكە قوغلاپ بارىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

بۇ ماختاش، لاپلاردىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى باياتىنقى خەۋپسىرەش، ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇلىرى بىردىنلا غايىب بولدى.

«ئاڭلىشىمچە، بەزىلەر مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بولمىسا سۇلتان مەھمۇدخان ھېچ ئىش قىلالمايدۇ دېيىشىدىكەن، مۇشۇ باھانىدە ئۇل يىتىنچىلەرگە جاسارىتىمنى راسا بىر كۆرسىتىپ قويمايمەنمۇ...»

ــ شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، ــ دېدى بىر قارارغا كەلگەن سۇلتان مەھمۇدخان، ــ مىرزا ھەيدەربەگ كۆكۆلداش تۇرشاۋۇل بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، نىغمەت مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيدى بارلاس چاغداۋۇل[①]لۇقنى ئۈستىگە ئالسۇن. ئىشكىئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلبە قاتارلىق سەركەردىلەر ھىماتچى بولسۇن.

تاشكەنت لەشكەرلىرى بارگاھىدىن ياڭرىغان ناغرا ساداسىنى ئاڭلاپ بايسۇنغۇر مىرزا ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى باشلاپ بارگاھدىن چىقتى.

كەنباي تۈزلەڭلىكى بىردەمدىلا بىر ـ بىرىگە قارشى جەڭ سېپى تۈزگەن سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. يۈزلىگەن تۇغلار كۆز شامىلىدا لەپىلدەيتتى. نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ ئۇچى قۇياش نۇرىدا سوغۇق ۋالىلدايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ھازا ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ، نەرە تارتىشىپ بىر ـ بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىشتى.

تەختىپەر[②]نىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياۋ سېپىگە نەزەر تاشلاۋاتقان ئەھمەد ھاجىبەگ مىيىقىدا كۈلدى.

ــ نېمىگە كۈلىدىلا ئەمىر جانابلىرى، ــ سورىدى بايسۇنقۇر مىرزا.

ــ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ دەرگاھىدا جەڭ تەدبىرلىرىگە پۇختا، ئەلەم ماھارىتىدە يېتىشكەن باھادىر سەركەردىلەر تولا دەپ ئاڭلىغۇدىم، ــ دېدى ئەھمەد ھاجىبەگ جاۋاب بېرىپ، ــ لېكىن ئۇلارنىڭ تۈزگەن جەڭ سېپىگە قاراپ تولىمۇ ھەيران قىلىۋاتى-

① چاغداۋۇل ــ ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچىلىكى.

② تەختىپەر ــ تېگىدىن 30 ــ 40 لەشكەر كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىق كۆزىتىش مۇنارى.

مەن. قارىسىلا ئالىيلىرى، ــ ئەھمەد ھاجىبەگ تاشكەنت لەشكەر-
لىرىنىڭ سېپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ
مۇشۇنداق بۇ چېتىگە تۇخۇم قويسا ئۇ چېتىدە كۆرۈنىدىغان تۈزدە
نەدىمۇ ئاشۇنداق جەڭ سېپى تۈزگەن بار. ئۇلار بارلىق كاماندار-
لىرىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئالدىغا تىزىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا نە
قالقانچى، نە شەمشەرۋازلىرى يوق.

ــ شۇنداق ئىكەن، ــ دېدى بايسۇنغۇر مىرزا، ــ ئاتلىرىنى
قېچىپ كەتمىسۇن دېدىمۇ تىزگىنى بىلەن چۇشەپ قويۇپتۇ تېخى.

ــ ئات بازىرىمۇ بۇنىڭدەك قالايمىقان بولماس.

ــ ئۇلار جايىدا مىدىرلىمايلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان چېغى.

ــ قۇدرەتلىك ئالالاھ ئىگەم بول جەڭنىڭ نۇسرىتىنى بىزگە
بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە يېنىدىكى پەر-
مانچىغا بۇيرۇق قىلدى، ــ بارلىق چەۋەندازلار تەييارلانسۇن. بەل-
گە بېرىلگەن ھامان ياۋ سېپىگە ھۇجۇمغا ئۆتسۇن!

پەرمانچى پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەختىپەردىن چۈشۈپ
كەتتى.

سەمەرقەنت لەشكەرلىرى جەڭ سېپىنى توختىماي ئۆزگەر-
تىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ياۋنىڭ دىققىتىنى چېچىش
ئۈچۈن تۈزگەن تەدبىرى ئىدى. شۇ تاپتا مىرزا ھەيدەربەگ كۆ-
كۆلداشمۇ سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى مۆلچەرلىد-
يەلمەي قالغانىدى. تۇيۇقسىز سەمەرقەنت لەشكەرلىرى سېپىدىن
ئاتلىق لەشكەرلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ــ ئوق ئۈزۈڭلار!

بىر نەچچە دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان مىرزا ھەيدەربەگ
كۆكۆلداش ئېسىنى يىغىپ جان ـ جەھلى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈر-
دى. كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ ئېتىغا مىنىۋېلىش ئۈچۈن كەيند-
گە ياندى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ياۋ چە-
ۋەندازلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كاماندازلار-
نىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ ۋەھىمە ئولاشقانىدى. ئۇلار يالىرىدىن بىر ـ

ئىككى تال ئوق ئۇزۇپ بولغۇچە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋ چەۋەندازلىرى يېقىنلاپ قالغانىدى. سەركەردىسىنىڭ ئاتقا مىنمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ كاماندازلارمۇ بۇيرۇق كۈتمەيلا ئوق ئېتىشنى توختىتىپ ئاتلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشتى. ئۇلار ئالدىراشچىلىقتا تىزگىنى بىلەن چۇشەپ قويغان ئاتلىرىنى يېشىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇشقانىدى. ئاچچىق قامچا يېگەن ئاتلار ماڭالماي بىر ئىزىدا پىرقىرايتتى. ئۇلار يەنە ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭغىچە باستۇرۇپ كەلگەن سەمەرقەنت چەۋەندازلىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى چىنەپ قىلىچ چېپىشقا باشلىدى. تاشكەنت لەشكەرلىرى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن كەلكۈندەك دەۋرەپ كەلگەن ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چەيلىنىپ جان بېرىۋاتاتتى.

لەشكەرلىرىنىڭ بىرلا ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگىنىنى كۆرگەن سۇلتان مەھمۇدخان چاغداۋۇل لەشكەرلىرىنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇردى ـ دە، ئاچچىق قامچا سالدى ۋە شۇ قاچقانچە ئۇدۇل شاھرۇخىيە قەلئەسىگە كېلىپ توختىدى. چىر دەرياسى بويىدىكى جەڭدە سەمەرقەنت لەشكەرلىرى سۇ ـ كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسا، مانا ئەمدى تاشكەنت لەشكەرلىرى ئات كەلكۈننىڭ زەربىسىدە تىرپىرەن بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ جەڭدە مىرزا ھەيدەربەگ كۆكۆلداش شۆھرەتپەرەسلىكىگە لايىق جازاسىنى تارتىپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرلىرى بىلەن ئات تۇياقلىرى ئاستىدا پېتىقدىلىپ جېنىدىن ئايرىلدى.

※ ※ ※

ئەندىجان.

بابۇر خېلىلا جۇدەپ قالغانىدى، لېكىن خېلىلا روھلۇق كۆرۈنەتتى. تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى، بولۇپمۇ ئىككى تاغىسىنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلغاندىن بېرى، ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن

يېنىپلا ئۇدۇل شاھنىشىنغا چىقىپ ئەمىرلەرنىڭ ئەتىگەنلىك سالامىنى قوبۇل قىلاتتى. مەلۇماتلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. مۇھىم ئىشلارنى خوجا ئابدۇللا قازى، قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلىرى بىلەن كېڭىشىپ قارار چىقىراتتى. ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. ئارتۇقچە چېچىلمايتتى. مۇئامىلىسى تولىمۇ يېقىشلىق ئىدى. ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ئادالەتلىك بولۇشنى، ئاۋام ـ رەئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەرغىب قىلاتتى. بەزمە ـ باراۋەتلەردە مەي ـ شاراب ئىچىشكە يول قويمايتتى. ئەمىرلەر بارا ـ بارا بۇ بالا پادىشاھتىن تەپ تارتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى بىر قېتىم مومىسى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمگە ۋە ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمغا سالام بېرىشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۇلارنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن يامانلاپ سەمەرقەنتتىن قېچىپ كەلگەن بىر قىسىم ئەمىرلەر ماۋەرائۇننەھەر سەلتەنەتىنى سايە قىلىپ ئۇنى توختىماي ۋەسۋەسىگە سالغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ تاغىلىق ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىپ، ئىككىنچىدىن قولىغا ئالغىلى ئۇزۇن بولمىغان تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشەنچ قىلالماي، ئۈچىنچىدىن تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش خىيالىدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاغىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەمىرلەر ئۇنى يەنە ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى. مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن قاسىمبەگ قاۋچىن بولسا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىش ئىشىغا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي جىم تۇرۇۋېلىشقانىدى. بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلەش ئارزۇسى ئاللىقاچان بىخ سۇرۇپ بولغا-

نىدى. بىراق، ئىككى پېشقەدەم ئەمىرنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشى ئۇنى كۆڭۈل خاھىشىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

«تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئاللىقاچان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ بولۇپتۇ. ئەمدىلىكتە مەنمۇ لەشكەر تارتىپ بارسام ئۇنىڭدىن سەمەرقەنتنى تالاشقان بولۇپ قالىمەن. بۇ ئىش ئوتتۇرىمىزدا ئېغىر ئىختىلاپ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. مەيلى تەخىر قىلاي، ھەر ئىش، ھەر نېسىۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ...»

بابۇر ئەنە ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ ئەندىجاندىن چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق ئايغاقچىلىرىنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتتى. ھەئە، ئىسفەرە ئەمىرى ئىبراھىم سارۇ بابۇردىن يۈز ئۆرۈپ، يېقىندىن سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغان بايسۇنغۇر مىرزىغا بەيئەت قىلىپ، جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ نامىدا ئوقۇتقانىدى. بابۇر بۇ يۈزسىزلىككە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. ئىبراھىم سارۇنىڭ بايقۇت قىلىشى غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەنىدى. شۇڭا ئەندىجاندىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇدۇل ئىسفەرەگە قاراپ لەشكەر تارتتى.

ئىسفەرە قورغىنىنىڭ سېپىلى ئۈستىگە ئورنىتىلغان زەمبىرەكلەر زىيادە كۆپ ئىدى. بۇ ئىسفەرەدىكى شاھ قۇلى مەردان ئىسىملىك ئۇستا زەمبىرەكچىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ئىبراھىم سارۇ ئاشۇ زەمبىرەكلەرگە ئىشىنىپ بابۇرغا قارشىلىق كۆرسەتتى. بابۇر قورغاننى مەھكەم قورشىۋالغانىدى. ئارىدا بىر نەچچە قېتىم قاتتىق جەڭ بولدى. ئەنە ئاشۇ جەڭلەردە بابۇر تەرەپتىن بەگ ئەتكەسى مىرزا خۇدابەردى باھادىر ۋە يۈزلىگەن لەشكەرلەر زەمبىرەك ئوقى تېگىپ جېنىدىن ئايرىلدى. شۇنداقتىمۇ بابۇر مۇھاسىرىنى قەتئىي بوشاشتۇرمىدى. قىرىق كۈن بولغاندا مۇھاسىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىبراھىم سارۇ بويىنىغا قىلىچ، ئوقياسىنى ئېسىپ چىقىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

— ئىبراھىم سارۇ بەگنىڭ تەسلىم بولۇشى ئۆزلۈكىدىن ئەمەس، چىن كۆڭلىدىن ساداقىتى يوقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق سەركەردە ـ مەھرەملىرى بىلەن قوشۇپ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك. بۇ ئىش باشقا شەھەر، ۋىلايەتتىكى ئەمىرلەرگە ئىبرەت بولسۇن، — دېدى ئوردا ئىشىكئاغىسى قوشۇمچە ئەندىجان شەھەرىنىڭ ھاكىمى ھەسەن ياقۇپبەگ.

بابۇر ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىماي مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىغا يالت ئېتىپ قارىدى. خوجا ئابدۇللا قازى نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىنى يۇمغىنىچە ئىپادىسىز ئولتۇرۇۋالدى.

«مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ. ئادەتتە مەسلىھەت، تەكلىپلىرىنى پەقەتلا ئايىمايتتى. بۇگۇن ئەجەب...»

شۇ تاپتا مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىمۇ خىيالغا ئەسىر بولغانىدى.

«چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چېپىلىۋالماي پادىشاھ ئالىيلىرىنى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقارغىلى قوياي. مەنمۇ قېرىدىم، بەربىر ئۇنىڭغا ئۇزاق ھەمراھ بولالمايمەن. ھازىردىن باشلاپ قىيىن مەسىلىلەردە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، مۇستەقىل قارار چىقىرىشنى ئۆگەنسۇن. ئىبراھىم سارۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلدى. ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. بىراق، قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. گاھىدا غەزەپنىڭ كۈچىدىن شەپقەتنىڭ كۈچى چەكسىز بولىدۇ...»

— بىراۋنىڭ جان رىشتىسىنى ئۈزمەك ئاسان بولغان بىلەن، ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ پەقەت يېگانە ئاللاھقا خاس قۇدرەتتۇر، — دېدى بابۇر خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — ئول ئىبراھىم سارۇبەگنىڭ قىلغان سەركەشلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇشىمىز ھەقلىق ئىدى. ئەمما مەن يەنىلا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشنى لايىق كۆردۈم. مۇشۇ-

نىڭ ئۆزىلا سەلتەنەتىمگە سەركەشلىك قىلىش خىيالىدا بولغان ئەمىرلەرگە ئىبرەت بولار دەپ ئويلايمەن. ناۋادا يەنە كىمەرسىكىم ئاسىيلىق يولىغا ماڭماقچى بولىدىكەن ئۇنى جازالاپ، ياساقىقا تارتقۇدەك كۈچ - قۇدرىتىم باردۇر.

— ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر! — دېدى بابۇرنىڭ ھۆكمىدىن مەمنۇن بولغان مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ئالدىراپ سۆز ئېلىپ، — تەدبىرلىك ھۆكۈمدار دۈشمەنلىرىگە شەپقەت كۆرسىتىپ دوستىغا ئايلاندۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. غەزەپ پەقەت بىر قېتىملىق ھاياجاندۇر. ئۇ پەقەت ئېگىلگەن ياكى ئېگىلمىگەن باشنى كېسىشكىلا قادىردۇر. مېھىر - شەپقەت، ئەپۇ بولسا قۇياش كەبى تەپتى بىلەن كۆڭۈل مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىپ، ھەرقانداق تەكەببۇر باشلارنىمۇ ئېگىشكە، بىر ئۆمۈر ساداقەت بىلدۈرگۈزۈشكە قادىردۇر. ئول ئىبراھىم سارۇنىڭ بېشى ھازىرچە ئۆزىدە ئامانەت قالغاي، ئىككىنچى نۆۋەت ئاسىيلىققا يۈز تۇتسا ئەجەل قىلىچى زىنھار ئاياپ قويماس.

— ئۇنداقتا شاھ قۇلى مەرداننى قانداق قىلىمىز؟ — سوردى ھەسەن ياقۇپبەگ تازا قايىل بولماي، — ھېچبولمىغاندا مىرزا خۇدابەردى باھادىرنىڭ قىساسىنى ئالمىساق بولماس؟

بابۇر ئەمدى ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى:

— رەھمەتلىك مىرزا خۇدابەردى باھادىرغا مېھرىبان ئاللاھ ئىگەم جەننەت نېسىپ قىلغاي. شاھ قۇلى مەردانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەن ھەرگىز تىرىلىپ قالمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسىدى، شاھ قۇلى مەردان بىلەن ئىبراھىم سارۇنىڭ، ھەتتا ئەسىرگە چۈشكەن پۈتكۈل ئىسفەرە لەشكەرلىرىنىڭ بىر قېتىم ئەمەس، ئون قېتىم كاللىسىنى ئېلىشقىمۇ رازى ئىدىم. تەسەررۇپىمىزدا شاھ قۇلى باھادىردەك ئۇستا زەمبىرەكچى يوق دېيەرلىك. شۇڭا مەن ئۇنى ئەپۇ قىلىپ زەمبىرەكچى قوشۇنغا سەركەردە قىلىشنى قارار قىلدىم. جانابى ئەمىرلەر قىساس ئېلىشتىن مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىشنى ئەلا بىلگەيسىلەر.

شۇ تاپتا بابۇر نۇرغۇنلىغان سەرۋاز ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئاشۇ زەمبىرەكچىنىڭ ئاتقان ئوقىدا جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كېيىنكى لەشكىرىي يۈرۈشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمىگەنىدى.

ئىسفەرە ئەمىر مەھكىمىسىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— ئاۋۋال جانابى ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن، ئاندىن قالسا ئالىيلىرىنىڭ جاسارىتى بىلەن ئىسفەرە قورغىنىنى سەركەشلەردىن خالاس قىلىپ ئىلكىمىزگە ئالدۇق، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى قول باغلاپ تۇرۇپ، — شول تاپتا خوجەنتنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قاپتىمىز. خوجەنت ئەزەلدىن تەسەررۇپىمىزدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. تېخى بۇلتۇرغىچە رەھمەتلىك ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ، باج ـ خىراجەتلەرنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئادا قىلىپ كەلگەنىدى. مەرھۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بۇ قېتىمقى تەئەررۇزىدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئالىيلىرى مۇۋاپىق كۆرسە، ھامىنى ئىسفەرەگە لەشكەر تارتىپ كەلگەن ئىكەنمىز، ئەندىجانغا يېنىپ يۈرمەي خوجەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇنى تەسەررۇپىمىزغا قايتۇرۇپ كەلسەك دېگەن خىيالىم بار.

بابۇر مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ دادا تەرەپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا قازا قىلغانلىقى سەۋەبلىك ماۋەرائۇننەھردىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تەرەپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتتىن سەمەرقەنت تەختىنى كۆزلەپ لەشكەر تارتقانىدى. شۇڭا ھازىر يېڭىدىن سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغان بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ خوجەنتنى قوغدىغۇدەك ماجالى يوق ئىدى.

خوجەنت ئەمىرى ئابدۇلۋاھاپ شىغاۋۇل باستۇرۇپ كەلگەن ئەندىجان لەشكەرلىرىگە شەھەرنى قارشىلىقسىزلا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر پەرغانە ۋادىسىدىكى بارلىق ۋىلايەت ـ ئايماقلارنى تولۇق ئىلكىگە ئالدى.

※ ※ ※

ــ قىبلىگاھىمىزغا يەتكۈزىدىغان مەلۇمات بار.

بابۇر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوقۇۋاتقان كىتابتىن ئاستا بې-شىنى كۆتۈردى. ئۇ لەشكەرلىرىنى بىر نەچچە كۈن ئارام ئالدۇرۇپ ئاندىن ئەندىجانغا قايتىش ئۈچۈن خوجەنتتە تۇرۇپ قالغانىدى.

ــ مەلۇمات نەدىن كەپتۇ؟

ــ سەمەرقەنت تەرەپتىن.

ــ خوش! ــ دېدى بابۇر بىردىنلا دىققىتىنى يىغىپ.

ھۆدەيچى بەگ ئايغاقچى ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتنى قىسقىلا يەتكۈزدى:

ــ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى كەنباي جېڭىدە بايسۇن-غۇر مىرزىدىن قاتتىق يېڭىلىپتۇ. ھازىر شاھرۇخىيە قەلئەسىدە پاناھلىنىۋېتىپتۇ. مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئۆرەتۆپە-نى ئىشغال قىلىپتۇ.

خوجەنت بىلەن شاھرۇخىيەنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. تاغىسىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان با-بۇر بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى.

«گەرچە تاغام سۇلتان مەھمۇدخان بايسۇنغۇر مىرزىدىن يې-ڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سەلتەنەتنىڭ شەۋكىتى سۇنغى-نى يوق. ھېلىمۇ تۇرپان، ئالمالىق، تۈركىستان ۋە تاشكەنتنىڭ يېگانە ھۆكۈمدارى، يەنە كېلىپ ماڭا ئانا تەرەپ تاغا، كۆتمىگەندە ئارىلىقىمىز شۇنچە يېقىنلاپ قاپتۇ. بەلكىم ئۇمۇ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خوجەنتتە تۇرۇۋاتقىنىمدىن خەۋەر تاپقاندۇ. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا ئەندىجانغا كېتىۋەرسەم بولۇۋېرەتتى. بىراق ھازىر ئۇ بايسۇنغۇر مىرزىدىن يېڭىلىپ تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە قالدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا كارىم بولمىسا مەندىن رەنجىپ قېلىشى، ئىل-گىرىكى ئاداۋەت قوقاسلىرى قايتىدىن چوغلىنىپ قېلىشى مۇم-

كىن. بۇزرۇكۋار مومىلىرىم ماڭا بىر ئۆمۈر ھامىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامىمام خۇبنىگار خېنىمنىڭ كۈيۈسى مىرزا مۇ-ھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئۆرەتۆپىنى ئىلكىگە ئاپتۇ. ئۆرەتۆپە پەرغانىگە چېگراداش. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىمىسام ھەرقاچان ئىلكىمگە تەئەررۇز قىلىشى تۇرغانلا گەپ. تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇشۇنداق خىجالەتتە تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرسەم ھەرقانداق شارائىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا قان ـ قېرىنداشلىقنى سەلتەنەتتىن ئەلا بىلىدىغانلى-قىمنى بىلدۈرسەم، بەلكىم قېرىنداشلىق مېھرى قوزغىلىپ قالار. ئۆتكەندە لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئاخسىنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولار. مۇشۇ باھانىدە ئۆتكەنكى كۆڭۈل-سىزلىكلەر، گىنە ـ ئاداۋەتلەرگە خاتىمە بەرسەم يىراق ـ يېقىن-دىكىلەر بۇ ئىشىمنى ئاڭلىسىمۇ ئول تاغامغا ئەمەس، ماڭا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئىش بىلەن بىرىنچىدىن، تاغام بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىۋالىمەن؛ ئىككىنچىدىن، سەل-تەنەتىمنى يوشۇرۇن بىر خەۋپنىڭ تەھلىكىسىدىن ساقلاپ قالى-مەن...»

بابۇر خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچى بەگكە قارىدى:

— دەرھال شاھرۇخىيە قەلئەسىگە ئاغلاقچى بەگ① ماڭغاي. بېرىپ تاغامغا سالام بېرىمەن.

ئەتىسى بابۇر بارلىق سەركەردىلىرىنى ئېلىپ شاھرۇخىيە قەلئەسىگە قاراپ يولغا چىقتى. جىيەنىنىڭ ئالدىغا سالامغا كې-لىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇدخان كەنباي جېڭى-دىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قەلئەنىڭ سىرتىدىكى ھەيدەر باغقا بابۇرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە سورۇن ھازىرلاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا يوللۇق تاغام جانابى خان ئالىي-لىرىغا كەمىنە جىيەنلىرى بىھېساب سەلتەنەت ئۇلۇغلۇقى ۋە شا-

① ئاغلاقچى بەگ — مەخسۇس خان ـ پادىشاھلارنىڭ خەۋىرىنى يەت-كۈزگۈچى بەگ.

نۇ شەۋكەت تىلەش بىلەن بىللە دەۋران سەردارلىرىنىڭ بېشى، بارار جايى بولمىش مۇبارەك دەرگاھلىرىغا ئۇلاشقىنىمدىن ئۆزۈمە-نى زىيادە بەختىيار ھېس قىلىمەن.

بابۇر ئەنە ئاشۇنداق ھۆرمەت ـ تەۋازۇ بىلەن سۇلتان مەھ-مۇدخانغا ئۈچ قېتىم يۈكۈندى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىنىسى جاھانگىر مىرزا، ئەمىر ـ سەركەردىلىرىدىن مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، ھەسەن ياقۇپبەگ، ئۇزۇن ھەسەن، ۋەيس لاغەرى، ئەلى دوست تاغا-يىلار بار ئىدى.

سۇلتان مەھمۇدخان بابۇرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ دەس ئورنىدىن تۇردى. قۇچىقىنى كەڭرى ئېچىپ باغرىغا باستى. پېشا-نىسىدىن تاغىلىق مېھرى بىلەن سۆيدى. ئاندىن قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. بابۇرنىڭ چىن يۈرىكىدىن بىل-دۈرگەن سەممىيىتى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مۇزلاپ قالغان قې-رىنداشلىق مېھرىنى ئېرىتىۋەتكەنىدى.

ھەئە، مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخان ھايات ۋاقتىدا سۇلتان مەھمۇدخان بابۇرغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. خاھى تاشكەنتتە، خاھى ئەندىجاندا كۆرۈشكىنىدە بولسۇن ھەم شوخ، ھەم ئەقىللىق بۇ جىيەننى قۇچىقىدىن چۈشۈرمەيتتى. يېنىدىن ئايرىمايتتى. بەك-مۇ كۆيۈنەتتى. بابۇرمۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىكىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم ئايرىلار چېغىدا يىغلاپ قەغىش قىلاتتى. بوينىغا ئېسىل-ۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى. شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ مەنزىرە كېلىۋالغانىدى.

ئۇ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان جىيەنىنىڭ بىردىنلا بوي تارتىپ يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى، كاتتا سۇلتانلارغا، بۈيۈك سەركەردىلەرگە خاس سالاپىتىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە قايىل بولدى. كىچىك ۋاقتىدىكى سەبىي قىلىقلىرىنى ئەسلەپ ئامراقلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۆتكەن يىلى قېيىنئاتىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئاخسىغا ھۇجۇم قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولدى. قىسقىسى، ئۇ

تاغىلىق ھۆرمىتىنى قىلىپ ئالدىغا سالامغا كەلگەن بابۇرغا ئىززەت بىلدۈرۈپ ئۇدا ئۈچ كۈن داستىخان سالدى. ئانىلىرى بىلەن ئاچىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەشتى. قانماي مۇڭداشتى. كەنباي جېڭىدە يېڭىلىپ قېلىپ قاتتىق ئازار يېگەن سۇلتان مەھمۇدخان شۇ تاپتا بابۇرنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىدىن تەسەللى تاپقاندى.

مۇشۇ ئۈچ كۈنلۈك بەزمە ـ سۆھبەتتە بابۇرغا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن كۆرە ھاممىسى مەلىكە خۇبنىگار خېنىمنىڭ كۈيۈسى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان مېغىزلىق گەپ ـ سۆزلىرى، سەركەردىلەرگە خاس سالاپىتى، مەردانە خۇي ـ مىجەزى بىلەن بەكرەك ياراپ قالغان، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقانىدى.

ـــ يەنە بىر نەچچە كۈن ئارتۇقراق تۇرسىلا بولىمامدۇ ئەزىز ئىنىم؟ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كېتىشكە ئىجازەت سورىغان بابۇردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.

ـــ ئەسلىدە يانلىرىدىن ئايرىلماي خىزمەتلىرىدە بولۇش مۇددىئايىم بار ئىدى، ـــ دېدى بابۇر تۆۋەنچىلىك بىلەن، ـــ ئەمما جەننەتماكان ئاتامنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلمىغىنىمغا بىرەر يىلچە بولاي دەپ قاپتۇ. شۇڭا ئاخسىغا بېرىپ ئاتامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىۋېلىپ ئاندىن بەندىسالار يولى بىلەن ئەندىجانغا قايتايمىكىن دەيمەن. بۇزرۇكۋار مومىلىرىم بىلەن ئاناممۇ يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ھەقاچان. ئاللاھ خالىسا دەرگاھلىرىنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ، دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇپ تۇرىمەن. ۋاقتىلىرى يەتسە ئەندىجانغىمۇ كەلسىلە، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ خىزمەتلىرىدە بولغۇچىلىكىمىز بار. كىچىك ۋاقتىمدا ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ تاماشا قىلدۇرغان قىشلاقلار تېخىچە ئۆزگەرگىنى يوق، ـــ بابۇر مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـــ پۇرسەت تېپىپ جانابى كۆرەگان تاغامدىن لەشكىرىي ئىلىمدە كۆپرەك تەلىم ئالغۇم بار. ۋاقتى كەلگەندە كەمىنە

ئىنىلىرىدىن تەلىملىرىنى ئايىمىغايلا.

ئۇلار نۇرغۇن ياخشى تىلەك، ئېسىل ۋەدىلەر بىلەن خوشلاشتى.

※ ※ ※

ــ ئەمدى سەنمۇ ئۆرەتۆپىگە قايت، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قاراپ، ــ ھېلىمۇ كۆپ يىللاردىن بېرى خىزمىتىمدە بولۇپ، غېمىمگە شېرىك بولۇپ كەلدىڭ، سېنىڭمۇ ئۆز ئالدىڭغا زېمىنىڭ بولۇشى كېرەك. تاشكەنتكە ئولپان تاپشۇرىمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولما. تاپىلغان باج ـ خىراجەتلىرىڭنى خەزىنەڭدە ساقلا. قانچىلىك نۆكەر تۇتساڭ، قانچىلىك سەرۋاز ـ لەشكەر تاپالىساڭ ئىختىيارىڭدا بولسۇن، لازىم بولسا خەۋەر بېرىمەن.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بۇ گېپىدىن مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىرئاز تېڭىرقىدى:

ــ بۇ نېمىدېگىنىڭ. مەندىن زېرىكىپ قالمىغانسەن؟ ياكى كۆڭلۈڭگە تېگىدىغان...

ــ ياق ئادىشىم، ھەرگىز بۇنداق گەپ قىلما. راستىنى دېسەم سېنى يېنىمدىن يەقەتلا ئايرىغۇم يوق. كەنباي جېڭىدىكى مەغلۇبىيەت بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بىراق، سەن دېگەن ئىگىچىمنىڭ كۈيۈسى. شۇڭا سۇيۇرغاللىق زېمىنىڭ، ئۆز ئالدىڭغا ھاكىمىيىتىڭ بولۇشى كېرەك.

سۇلتان مەھمۇدخان ھەقىقەتەن كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتاتتى. ئۆرەتۆپىدەك كەڭرى ھەم مۇنبەت ۋىلايەتكە ئىگە بولۇش ئەمەلىيەتتە ئوتتۇراھال بىر خانلىق سەلتەنەتىگە ئىگە بولغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

ــ ئەسلىدە ماڭلايسۆيەنى مىرزا ئابابەكرىدىن قايتۇرۇۋالىدىغان بولساق، ئاشۇ ئاتا مىراس زېمىنىڭنى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىـ

رەرمەن دېگەن ئويۇم بار ئىدى. لېكىن بۇ ئىش ھازىرغىچە ئەمەل-گە ئاشمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆرەتۆپىنى جاسارىتىڭگە تايىنىپ ئالدىڭ. بول زېمىنغا ھۆكۈمدار بولۇشقا ھەقلىقسەن.

مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ ئۆرەتۆپىدەك كاتتا ۋىلايەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن مىرزا نىغمەت، ئەھمەدبەگ تەلبە، سۇلتان جۇنەيدى بارلاسلارنىڭ ئىچى ئاداپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ خاننى ئۇۋچە ئىلكىگە ئېلىش مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىد-نى، مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاندەك چوڭ بىر كۈشەندىدىن قۇ-تۇلغانلىقىنى ئويلاپ ئاز ـ تولا تەسەللى تاپتى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خۇشال بولدى.

— كۆرەگان جانابلىرى، قىبلىگاھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىنى ھەرگىز رەت قىلمىغايلا، — دېدى مىرزا نىغمەت پاشا ئىچكى تۇيۇ-غۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — سەلتەنەت ئىشلىرىدىن خا-تىرجەم بولالمايۋاتقانلىقلىرى بىزگە ئايان. خاتىرجەم بولسىلا، يوقلۇقلىرىنى چاندۇرمايمىز. ئۆرەتۆپە بىلەن تاشكەنتنىڭ ئارىلىد-قىنى يىراق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. پات ـ پات بېرىپ ياخشى مەسلىھەت، تەدبىرلىرىنى بېرىپ تۇرۇرلا.

— شۇنداق، — دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس تىلىنى چاي-ناپ، — يەنە تېخى سەركەردە مۇھەممەد شەيبانىخان جانابلىرىمۇ بار، كەنباي جېڭىدىكى مەغلۇبىيەت بىر تاسادىپىيلىق. بۇنىڭ ھەممىسى مىرزا ھەيدەر كۆكۈلداشنىڭ پەمسىزلىكى، ئالدىراقساد-لىقىدىن بولدى. ئەسلىدە بىز ئۇنىڭ بۇ جەڭدە تۇرشاۋۇل بولۇشى-نى لايىق كۆرمىگەن بولساقمۇ، بىراق ئادالەتپاناھىمىزنىڭ پەرما-نىنى يىرىشقا پېتىنالماي سۈكۈت قىلغانىدۇق. تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق ئىكەنمۇ دەيمەن. ئاخىرىدا ئۇل شور پېشانە بۇرادىرىمىز-دىن ئايرىلىپ قالدۇق.

— بەرھەق، — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە ئۆزىنى ئاقلاشقا باھا-نە تېپىلغىنىغا خۇش بولۇپ، — ھەممىسى ئۇل مىرزا ھەيدەر كۆكۈلداشنىڭ پاراسەتسىزلىكى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراپ

تەۋازۇ بىلەن ئېگىلدى، ــ بۇنچىلىك مەغلۇبىيەتنى دەپ جانابى
قىبلىگاھىمىز زىنھار مەيۇسلەنمىگەي. ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش ـ
يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئاشۇ كۈندىكى جەڭگە ئادالەتپانا ـ
ھىمىز باش بولغان بولسا، بۇ چاغقا گەپ يوق سەمەرقەنتنى ئىل ـ
كىمىزگە ئالغان بولاتتۇق. ھېچقىسى يوق. ھېلىمۇ كېچىكمەي ـ
مىز. سەمەرقەنت تەختى ھامان ئادالەتپاناھىمىزنىڭ ئىلكىگە ئۆ ـ
تىدۇ. ئەسلىدە قىبلىگاھىمىز ھەرگىزمۇ ئۇرۇش مۇشەققىتىنى
تارتىشقا يارالغان ئەمەس. جەڭ مۇشەققىتى دېگەن بىز سەركەردى ـ
لەرنىڭ نېسىۋىسىدۇر. ھازىر خان ئالىيلىرى ئەمىرلەشكەر جاناب ـ
لىرىنى ئۆرەتۆپە ۋىلايىتىگە نائىب قىلدى. ئۇنداق بولمىغاندا بىز
كۆرەگان جانابلىرىغا ھەمدەمدە بولۇپ، لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئول
بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ تەختى ـ بەختىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇ ـ
غان بولاتتۇق.

ــ ئەمدى بۇ ئىشقا كۆرەگان جانابلىرىنى سايە قىلساق ئاز ـ
چە مۇۋاپىق كەلمەس. چۈنكى، يېڭىدىن ئىلكىگە ئالغان ئۆرەتۆپە
ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش
تولىمۇ زۆرۈر، ــ دېدى مىرزا نىغمەت پاشا، ــ شۇنداقتىمۇ پا ـ
سىبانىمىزنىڭ دەرگاھىدا مۇھەممەد شەيبانىخاندەك تەدبىرلىك
سەركەردە ھەم باردۇر. ئۇ ھازىر تۈركىستاندا قىلغىلى خىزمەت
تاپالماي بىكار تۇرۇپ قالدى. ئۆزىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئوردىغا
قايتىپ كېلىش، خان ئالىيلىرىغا يېنىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلىش
ئارزۇسىنى بىلدۈرگەندى. ناۋادا ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسە، ئۇنى
تۈركىستاندىن چاقىرتىپ كېلىپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش
ئىشىنى تاپشۇرايلى. سەپەر، جەڭ مۇشەققىتىنى مۇھەممەد شەيبا ـ
نىخان تارتسا، قىبلىگاھىمىز بول ئىشلارغا كۆڭۈل ئۈپراتماي خا ـ
تىرجەم ھالدا سەلتەنەتنىڭ پەيزىنى سۈرسە...

ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى جانابلىرى؟ ــ دېدى مۇھەممەد ھۇسە ـ
يىن كۆرەگان قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ بىزدەك ساداقەتمەن نۆكەرلەر
تۇرغان يەردە، سەلتەنەتىمىزگە تەرەپباللا كېلىپ قالغان بىر

سەركەردىگە شۇنچە مۇھىم ئىشنى تاپشۇرساق قانداق بولىدۇ، ــ ئۇ سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى، ــ ناۋادا ئالىيـ. لىرى تېخىچە سەمەرقەنت تەختىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بولسا بۇ ئىشقا كەمىنە نۆكىرىنىڭ جېنى پىدا.

ــ كۆرەگان جانابلىرى كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى، ــ دېدى ئىشىكئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلىبە سالا قىلىپ، ــ بىراق مىرزا نىغمەت پاشا جانابلىرىمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئويلىغانلىرىنى دەۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ مۇھەممەد شەيـ. بانىخان جانابلىرى تۈركىستاندا ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئەتراپىـ. مىزدىكى قازاق سۇلتانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن ئەرز ـ شىكايەتلىرىمۇ تېخىچە توختىمىدى. گەرچە ئۇنىڭ سەلتەنەتىـ. مىزگە خىزمەت قىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى پاكىت. ماۋەرائىۇنـ. نەھرگە قاراشلىق بولغان ئۆرەتۆپە ۋىلايىتى جانابلىرىنىڭ جاساـ. رىتى بىلەن تېخى يېڭىلا تەسەررۇپىمىزغا كىردى. بول ۋىلايەتكە سىلىدەك تەدبىر، پاراسەت ھەم ئىستىبدات ئىگىسىنىڭ مۇئەككەل بولۇپ تۇرمىقى تولىمۇ زۆرۈر. پەقەت سىلىلا ئۆرەتۆپىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىلا. بۇ ئىش سەمەرقەنتكە لەشـ. كەر تارتىشتىنمۇ مۇھىمدۇر. بۇنىڭ ھەممىسى جانابى پاسىبانـ. مىزنىڭ شانۇ شەۋكىتى ئۈچۈن، ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەت تەختىـ. نى سەمەرقەنتكە تىكلەش ئۈچۈن ئۆرەتۆپە ئىلكىمىزدە بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، قانداق دېدىم ئالىيلىرى؟

كەنباي جېڭىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سۇلتان مەھمۇدخان سەمەرقەنتنى قولغا ئالمىسا، بۇ ئار ـ نومۇسنى يۇـ. يالمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ گېپىدىن كۆرە ئاشۇ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بەكرەك ياققانىدى.

ــ بولدى تالاشماڭلار! ــ دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئۆـ. رەتۆپە ئىلكىمىزدىلا بولىدىكەن، سەمەرقەنت ئالىقىنىمىزدىن قېـ.

چىپ قۇتۇلالمايدۇ. سەن، ـــ دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا قاراپ، ـــ ئارتۇقچە ئەندىشىلەردە بولماي ئۆرەتۆپە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا زېھنىڭنى قارات. سەمەرقەنتنىڭ ئىدـ شىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مۇھەممەد شەيبانىخان مەسئۇل بولـ سۇن.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن يالغۇز سۆھبەتلەشكەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قارارىغا قەتئىي قارشى چىققان بولاتتى. ئەمما خاننىڭ يېنىدا بىر توپ ئەمىر ـ سەركەردىلەر بولغانلىقى، يەنە كېلىپ خاننىڭ كەنباي جېڭىدە قاتتىق يېڭىلىپ كۆڭلى ئازار يېگەنلىكى ئۇچۇن يەنە تىركىشىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇدخان قايتا مەسلىھەتلىشىشكە ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرماي قارار قىلىدـ ۋەتكەنىدى. خاننىڭ ئاغزىدىن چىققان قارار ئەلۋەتتە يارلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. يارلىققا قارشى چىقىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان ئاقۇۋەتىنى ئويلاشمايلا مۇھەممەد شەيبانىخاننى سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە تەيىنلىدى. خانلىقنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىدـ نىڭ قاراپ تۇرۇپ مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېـ تىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئامالسىز سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

※ ※ ※

تاشكەنتكە قايتىش سەپىرى سۇلتان مەھمۇدخانغا ھەم ئازابـ لىق، ھەم زېرىكىشلىك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى. مىرزا نىغمەت پاشا قاـ تارلىق ئەمىرلەر بىلەن پاراڭلىشىشتىن زېرىككەنىدى. كاللىسىنى تۇرلۇك خىياللار، ئەسلىمىلەر چۇلغىۋالغانىدى. تولاراق قېـ

رىنداشلىرنى ئەسلەيتتى. يۈرىكىگە قېرىنداشلىق ئوتى تۇتاش-قاندەك قىلاتتى. جىيەنى بابۇر مىرزىنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى جا-ھانگىر مىرزا بىلەن بىللە ئالدىغا سالامغا كېلىشى ئۇنىڭ يىراق تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخانغا بولغان سېغى-نىشىنى كۈچەيتىۋەتكەندى. ئۇ بابۇر مىرزا بىلەن جاھانگىر مىرزىنى كۆرگەن دەقىقىدىلا ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخاننى ئەس-لەپ قالغان، ئۇلار ئىجازەت سوراپ دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش ئۈچۈن خوشلىشىپ ئاخسىغا ماڭغاندىن كېيىنمۇ، بۇ تۇي-غۇلار كاللىسىدىن نېرى بولمىغانىدى. شۇ تاپتا ئات ئۈستىدە كې-تىۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخان كۆرۈشمىگىلى خېلى يىللار بولغان ئىنىسىنى چەكسىز سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەۋاتاتتى.

«بابۇر مىرزا جىيەندا ئانا باشقا ئىنىسى بىلەن بىللە بولۇپ، ئاغا ـ ئىنىلىق مېھرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ياشا-ۋېتىپتۇ. سۇلتان ئەھمەدخان بولسا بىر قورساقتىن تۆرەلگەن، بىر ئەمچەكنى تارتىشىپ ئەمگەن قېرىندىشىم، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشمىغىلى شۇنچە يىللار بولۇپتۇ. خان ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دەسلەپتە يىلىغا ئۈچ ـ تۆت مەرتەم خەت يېزىشقان بول-ساق، مانا ئەمدى يىلىغا بىرەر پارچىمۇ مەكتۇپ يېزىشمايدىغان بولۇپ قالدۇق. گەرچە سەلتەنەت ئىشلىرىدىن پات ـ پات مەلۇمات يوللاپ تۇرغان بولسىمۇ، شەخسىي مەكتۇپ ـ ئالاقە دېگەن باشقا گەپ. مەكتۇپ دېگەن يېرىم دىدار ئەمەسمۇ. بەلكىم ئۇ ئاشۇ مەلۇ-ماتلىرىنى ھېساب قىلغاندۇ. لېكىن مەنمۇ بولسام مەكتۇپ يېزد-شىم كېرەك ئىدىغۇ؟ شۇ چاغقىچە ئۆز قولۇم بىلەن بىرەر پارچە مەكتۇپ يازماپتىمەن. يارلىق، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى مىرزا دىۋاندىكى مۇنشىلار يېزىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ قېرىنداشلار ئوتتۇ-رىسىدىكى خەت ـ ئالاقە دېگىلى بولسۇن. خان ئانىلىرىمنىڭ: مېنى: «باغرى قاتتىق»، «قېرىنداشلىق مېھرى كەم» دەپ ئەيىب-لىگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە. تاشكەنتكە بېرىپلا ئۆز قولۇم بى-لەن مەكتۇپ يازمايدىغان، ئۇنى تاشكەنتكە كېلىپ، بىر نەچچە ۋاق

يېنىمدا تۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلمايدىغان بولسام. شۇ تاپتا ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىنە؟ بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ بەلكىم...»

ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن ئۆتكەن غەمسىز بالىلىق چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن سۇلتان مەھمۇدخان چوڭقۇر خىياللار قوينىغا ئەسىر بولدى.

## 108

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سايرام ۋادىسىدىكى كەڭرى يايلاقتا جايلاشقان يازلىق كۆچمە ئوردىسى يىراقتىن تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئوردىنىڭ ئەتراپىنى خىللانغان بىر تۈمەن لەشكەرنىڭ قارارگاھى ئۇزۇكسىز كۆزىدەك ئوراپ مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا چوڭلۇقى، ھەشەمەتلىكلىكى باشقا چېدىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شاھ چېدىرى جايلاشقان بولۇپ، «بارگاھى ئالىي» دەپ ئاتىلاتتى. بارگاھى ئالىينىڭ ئۇستىگە تىكلەنگەن كۆك رەڭلىك خان تۇغى ئىزغىرىن ياز شامىلىدا لەپىلدەيتتى. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كۆچمە تەختى بارگاھنىڭ تۆر تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بارگاھى ئالىينىڭ ئەتراپىنى خاننىڭ مىڭ نەپەر خاس نۆكىرى كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك مەھرەملەر، مۇلازىم ـ خىزمەتكارلار بۇ يەرگە خالىغانچە يېقىنلىشالمايتتى. بارگاھنىڭ ئەتراپىدىن بىر چاقىرىم دائىرە بوشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا خانىش، بانۇ، توقاللارنىڭ، خانزادە ـ مەلىكىلەرنىڭ خاس چېدىرلىرى، شۇنداقلا ئاغۋات، كېنىزەك، مۇلازىملارنىڭ كىچىك ـ كىچىك چېدىرلىرى جايلاشقانىدى. بۇ چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدىمۇ ھەر تۆت قەدەمدە بىر-

دىن لەشكەر جىبسەكچىلىك قىلاتتى. بۇ چېدىرلارنىڭ سىرتىمۇ يە. نە بىر چاقىرىم دائىرىدە بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىر. تىغا چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ چېدىر ـ تۇرالغۇ. لىرى جايلاشقانىدى. ئۇنىڭ سىرتىغا لەشكەرلەرنىڭ قارارگاھلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، لەشكەرلەر ھەر كۈنى تۇرلۇك جەڭباز. لىق ماھارەتلىرىنى مەشىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى ئىنتا. يىن چىڭ بولۇپ، ئانچىكىم سەۋەنلىكلەرگىمۇ قاتتىق جازا بېرى. لەتتى. ئەينى يىلى يېڭىلا تەختكە ئولتۇرۇپ تۈزۈك ئېھتىيات تەدبىرى كۆرمەيلا لەمجىن تەرەپكە ئوۋغا چىققاندا قورسىقىدا غوۋە ساقلاپ يۈرگەن مىرزا ئەلى جوراس قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىر. لەرنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغاز سۇلتان ئەھمەدخان بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ھەر قېتىم سىرتقا چىقسا مۇشۇنداق ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆ. رىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم يازنى سايرام ۋادىسىدا ئۆت. كۈزۈش ئۈچۈن بارلىق خانىش ـ ئاغىچىلىرىنى، خانزادە ـ مەلى. كىلىرىنى، ئەمىر بەگلەرنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئې. لىپ چىققاچقا، ۋاقىتلىق ياساتقان بۇ كۆچمە ئوردىسىنى تېخىمۇ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇغانىدى.

بىر نەچچە يىلدىن بېرى قالۇچى ۋە ئارلات بەگلىرىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش، سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ مۇستەھكەملەش، ئاراتۇرۇك، بارسكۆلگە باستۇرۇپ كىرگەن موغ. غۇللارغا جازا يۈرۈشى قىلىش، پات ـ پات كۈچار، ئۇچلارغا لەش. كەر ئەۋەتىپ، بۇ يۇرتلارنى پاراكەندە قىلىپ تۇرۇۋاتقان مىرزا ئا. بابەكرىنىڭ تەھلىكىسىگە زەربە بېرىش... قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار بىلەن تۈزۈك ئارام ئالالمىغان سۇلتان ئەھمەدخان بۇ يىل ئۆز تەسەررۇپىنىڭ خېلىلا تىنچىپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى ئوبدانراق ئارام ئالدۇرۇش مەقسىتىد. ئوردىسىنى سايرام ۋادىسىغا كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئەھمەدخان بۇ تەرىپى بېشبالىق، ئۇ

تەرىپى ئىلىبالىق، ئالمالىقتىن سالامغا كەلگەن ئەمىر ـ بەگلىرى بىلەن گاھى كۆنلىرى شاراب ئىچىپ بەزمە قۇرسا، گاھى كۆنلىرى ئوۋ تاماشىسى قىلىپ شىكار پەيزىنى سۈرەتتى. ئۇ خېلى يىللار-دىن بېرى ئاز ـ تولا ئارام تاپسا ئارتبالىق[①]قا بىر قېتىم چىققىد-ىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە تۇرپان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدى-كى باغلاردا بەزمە قۇرۇپ، سەيلە قىلىپ، ئىچكىرى ھەرەملىرىدە كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرگەنىدى. ھەرەمدىن چىقماي دىمىقتا بو-لۇپ كەتكەن خانىش ئاغىچىلار بولسا تەبىئەتنىڭ ھاۋالىق، گۈزەل بۇ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر ئېلىشىپ، قىمىز ـ قايماق، ئەتكەن چايلارنى ئىچكەچ سەيلە قىلىشاتتى. ھەممىدىن بەك خۇشال بول-غىنى يەنىلا باللار ئىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان چوڭ خانزادىسى مەنسۇرخاننى ئۆزىنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تۇرپاندا قالدۇ-رۇپ قويغان بولغاچقا، باللارنىڭ يايلاقتىكى ئويۇن ـ تاماشىلىد-رىغا ئىككىنچى خانزادىسى سەئىدخان باشچىلىق قىلىۋاتاتتى. قىزلار يەنىلا ئانىلىرىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى بارماي ئويۇن ئوي-نايتتى. ئوغۇللار دەسلەپتە ئاتلىرىغا ئەگىشىپ ئوۋ تاماشىسى كۆرگەن بولسا، كېيىن ئاستا ـ ئاستا بەگ ئەتكەلىرى بىلەن ئاي-رىم ئويۇن، شىكار تەشكىللەپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بولۇشقانىدى.

تۇرپان ۋادىسىغا سىلىشتۇرغاندا يارىش دالاسى[②]دا باھار كې-چىكىپ باشلىنىدۇ. كۆكلەم پەسلى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ياسى-نىشقا باشلىغان تەلكە تاغلىرى، سايرام بويلىرى ياز پەسلى كې-لىشى بىلەن شۇنداق گۈزەللىشىپ كېتىدۇكى، ھەممە يەر رەڭگا-رەڭ دالا گۈللىرىدىن پاياندار سالغاندەك بىر تىلسىم تۈسكە كى-رىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. نازۇك بەرگىلىرىدە شەبنەم يالتىراپ تۇرغان بۇ گۈل پاياندازغا دەسسەشكە كۆزى قىيماي قالىدۇ كىشى-نىڭ. تۇرپان ۋادىسىدا كۆكلەم بىلەن تەڭ ئېتىز ـ قىرلاردا مۇ-

① ئارتبالىق ــ ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپى.

② يارىش دالاسى ــ جۇڭغار دالاسى.

قام كۆيلىرى ياڭرىسا، يارىش دالاسىدا تۈمەنلىگەن نەغمىچى قۇشلار قاتارىدا بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ئۆزگىچە جاراڭلايدۇ. تۇرپان ۋادىسى بۇ پەسىلدە سۇغا، يامغۇرغا تەشنا. ئەمما يارىش دالاسىدا بولسا شوخ تاغ سۇلىرى، كۆيچى بۇلاقلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە تۇرپان ئوت ـ ئاتەش، چاشگاھتىن پېشىنغىچە تالاغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. توپىسىغا تۇخۇم كۆمسە پىشىدۇ، گۆش كاۋاپ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما سايرام بويلىرىدا كۈندە نەچچە ۋاق كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېغىپ توختايدىغان يامغۇرلار ھۆپپىدە ئېچىلغان دالا گۈللىرىنىڭ بەرگ ـ يوپۇرماقلىرىنى يۇيۇپ، غۇر ـ غۇر ئەسكەن مەيىن شامالىلىرى ئارچا، قارىغاي ۋە گۈل ھىدلىرىنى دىماقلارغا ئۇرۇپ راھەت بېغىشلايدۇ. ئاشۇ قىسقىلا يېغىپ توختىغان يامغۇردىن كېيىنكى دالا گۈللىرى، ئاپئاق بۇلۇتلار كەينىدىن ئۆزىنى كۆرسەتكەن قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلا بىلەن يېقىملىق نازلىنىدۇ. خۇددى رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ جان ئالغۇچى قىيا بېقىشلىرىدەك...

بۈگۈن خانزادە سەئىدخان ئىنىلىرى سۇلتان باباچاقخان، شەيخ مۇھەممەد سۇلتان، خەلىل سۇلتان ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر توپ ئەمىرزادە ـ بەگزادىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىققانىدى. چوڭى ئون تۆت ـ ئون بەش ياش، كىچىكى توققۇز ـ ئون ياشلاردىكى بۇ باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يانلىرىدا ئەپچىل سوقۇلغان قىلىچ ـ نەيزىلىرى بار ئىدى. ئاتلىرىنىڭ غانجۇغىلىرىدا بىرەر تالدىن ياۋا توشقان ياكى ياۋا ئۆردەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەتىگەندىن بېرى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئوۋلىغان ئوۋ غەنىيمەتلىرى ئىدى. ئۇلار بىر تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى ـ دە، ئۆزلىرىنى ياپيېشىل چىمەنلىككە تاشلاشتى. ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى ئوۋ تاماشاسىدا چېپىپ يۈرۈپ ئوبدانلا ھېرىپ قېلىشقانىدى. ئېغىزدۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئاتلار بەخىرامان ئوتلاشقا كىرىشتى.

باللار نەگە چاپسا ئارقىسىدىن تەڭ ئەگىشىپ كەلگەن بەگ

ئەتكە مۇلازىملار ئاتلىرىغا خانجۇغىلىغان خۇرجۇندىكى پىششىق گۆش، قىرغاۋۇل،قوزا كاۋىپى، بوغۇرساق، قاتلىما، قۇرۇتلارنى ئېلىپ داستىخان هازىرلاشتى. سەئىدخان قوزىنىڭ گۆشىدىن بىر پارچە ئېلىپ چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى. هارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئىشتىها بىلەن غىزالىنىۋاتقان بالىلارنىڭ هېچقايسىسىغا گەپ قىلىش خۇشياقمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سىلەرمۇ داستىخانغا كېلىڭلار، — دېدى سەئىدخان بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىم يىگىتلەرگە قاراپ.

— ئاگال① هەرقايسىلىرى غىزالىنىۋېلىشسىلا، — دېدى باش مۇلازىم يىگىت.

— كېلىڭلار بىللە يەيلى. تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر دەپتىكەن. هە، قاراپ تۇرماي كېلىڭلار.

مۇلازىملارنىڭمۇ قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇلار ئارتۇقچە تىرەجەپ تۇرۇۋالماي داستىخاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. نان بىلەن قۇرۇتتىن باشقا يېمەكلىكلەر بىردەمدىلا پاك ـ پاكىز يېيىلىپ بولدى.

— خانزادە، ئەمىرزادىلىرىمىز تويمىغان بولسا ئاۋۇ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى كاۋاپ قىلىپ بېرەيلى، — دېدى باش مۇلازىم.

— تويدۇق، — دېيىشتى بالىلار قوللىرىدىكى ماي يۇقىلىرىنى يىپەك روماللارغا سۈرتۈشۈپ.

كۈن پېشىندىن ئاشقانىدى. سەئىدخان توپ ـ توپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا هېلى كۆرۈنۈپ، هېلى غايىب بولۇپ، خۇددى ئاشۇ چەكسىز هەم سىرلىق ئاسمان گۈمبىزىنىڭ يېگانە ئەركىسىدەك مۆكۈشمەك ئويناۋاتقان قۇياشقا هېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— ئەمدى قايتىپ كېتەمدۇق خانزادەم؟

— تېخى بالدۇرغۇ، — دېدى ئوڭدىسىغا ياتقان سەئىدخان

① ئاگال — ئاۋۋال.

قۇياشتىن كۆزنى ئۈزمەي، — نېمىگە ئالدىرايمىز. يەنە بىردەم ئارام ئالايلى، ياكى بولمىسا بىرەر ئويۇن ئوينامدۇق - يا؟

ئويۇن ئويناشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بالىلار چۇرقىراشتى:

— شۇنداق قىلايلى.

— قايسى ئويۇننى ئوينايمىز؟

— چېلىشامدۇق - يا؟

سەئىدخاننىڭ بەگ ئەتكەسى بالىلارنىڭ كەيپىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن جىم بولدى.

— ئاۋۇ يەردىكى قورام تاشنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى سەئىدخان يۈز نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاشۇ قورامنىڭ ئۈستىگە لاي پومزەك ياساپ كاماندازلىق ماھارىتى كۆرسىتەيلى. كىمنىڭ ئاتقان ئوقى دەل تەگمىسە شۇ بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسۇن. شېئىر - نەزم ئوقۇسىمۇ، مەسەل - لەتىپە ئېيتىپ بەرسىمۇ ۋە ياكى باشقا ماھارەت كۆرسەتسىمۇ مەيلى.

بۇ تەكلىپنى بالىلار قىزغىنلىق بىلەن قوللاشتى. ئۇلار بۇلاق بويىدىكى چىملارنى قومۇرۇپ قول - قولچە لاي پىشۇرۇشتى - دە، بىردەمدىلا قورام تاشنىڭ ئۈستىگە ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا پومزەك ياساشتى، ئاندىن ئوقيالىرىنى ئېلىپ تەق بولۇشتى.

— ئەمىسە باشلىدۇق، — دېدى سەئىدخان، — ئاگال مەن ماھارەت كۆرسىتەي.

سەئىدخاننىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سەكرەپلا ئېتىغا مىندى - دە، ئاتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇردى. خېلى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئاتنى دېۋىتىپ ئۇچقاندەك چاپتۇردى، ئاندىن قولىغا يانى ئېلىپ كىرىچىغا ئوقنى سالدى. ئات قورام تاشنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە پومزەكنى نىشانغا ئالدى. ئۇ ئوقنى قويۇۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان

بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى بوي ـ بەستى، ياش ـ قۇرامى سەئىدخاندىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر ئەمىرزادە بار ئاۋازى بىلەن سۈرەن سېلىپ ئاتنى ئۈركۈتۈۋەتتى. سەئىدخاننىڭ ئاتقان ئوقى قېيىپ كېتىپ نىشانغا تەگمىدى.

— تەگمىدى! تەگكۈزەلمىدى! — دەپ چۇرقىراشتى بالىلار.

ھېلىقى ئەمىرزادە بولسا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ سەئىدخاننىڭ خانلىق مەدرىسەدىكى ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى ئىدى.

— بۇ ھېساب ئەمەس، — دېدى سەئىدخان تېرىككەن ھالدا، — تاھىربەگ ئېتىمنى قەستەن ئۈركۈتۈۋەتتى. بولمىسا ئوقۇم زايە كەتمەيتتى. باشقىدىن ئاتىمەن.

— يېڭىلگەنلىرىگە تەن بەرسىلە خانزادەم، — دېدى تاھىربەگ خىرىلداپ كۈلۈپ، — بۇ دېگەن ئويۇن، رەسمىي ماھارەت كۆرسىتىش ئەمەس. سىلىنىڭ مەرگەنلىكلىرىنى كىم بىلمەيدۇ. ئاشۇنداق قىلمىسام ئوقلىرىنى قانداقمۇ قايدۇرۇۋەتكىلى بولسۇن، — قېنى شەرتلەشكىنىمىز بويىچە بىرەر تاماشا كۆرسىتىپ بەرسىلە.

— چىدىماس.

سەئىدخان دوستىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— كەمىنىلىرى چىدىماس بولغان بىلەن سىلى مەردقۇ، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا.

— يېڭىلگەنلىرىگە تەن بەرسىلە ئاغا، — دېدى باباچاق سۇلتانمۇ تاھىربەگكە بولۇشۇپ.

— ئادەمنى تەڭلىكتە قويۇشقا ئۇستا جومۇ سەن. كۆرسەتكەن دوستلۇق ھىممىتىڭگە تەشەككۇر، — دېدى سەئىدخان بىرەر ماھارەت كۆرسىتىپ بەرمەي ئۇلاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، — بوپتۇ، ئۇنداق بولسا سىلەرگە يېقىندا يادلىۋالغان بىر نەزمنى ئوقۇپ بېرەي.

ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ ۋەزمىن ئاھاڭدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

*تەڭرى نېمەتلىرىدىن ئەلاسى ئىدراك،*
*ئەقلىنى مەدھىيەلەر، كىمكى دىلى پاك.*
*ئەقىل يول كۆرسىتىپ دىلنى قىلۇر شاد،*
*ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىق ئاباد.*
*ئەقىل تىرىك جانكى، بىلمەيدۇ زاۋال،*
*ئەقىل تۇرمۇشقا ئاسان، بۇنى يادلاپ ئال.*
*ئەقىلدىن غەمكىنلىك،شادلىق، ئۆكتەملىك،*
*ئاقىلدىن بارلىق ۋە يوقلۇق ـ كەملىك.*
*گەر كىشى ئىش قىلسا بىئەقىل ـ ئىدراك،*
*قىلمىشىدىن بولىدۇ يۈرەك باغرى چاك[1].*

سەئىدخان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشى ھامان باللار كېلىشىۋالغاندەكلا چۇرقىراشتى.

— يەنە بىرنى!

— بولدى ئەمدى، — دېدى سەئىدخان ئوۋلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماي، — بايا ئويۇن قائىدىسىنى شەرتلەشكەندە بىر قېتىم قىزىقچىلىق قىلىدۇ دېيىشكەن.

— ئۇغۇ شۇنداق ئاغا، لېكىن نەزمىلىرى بەك قىسقا بولۇپ قالدى، — دېدى خانزادە ئابدۇخېلىلخان ئەركىلەپ، — سىلى چېدىماسلىق قىلسىلا، نۆۋەتتى كەلگەندە بىزمۇ چېدىمايمىز.

— ماۋۇ كۆكەمىلىكنى كۆرۈڭ، — دېدى سەئىدخان ئىنىسىنى ئەركىلىتىپ، — چېدىماسلىقنى باشقىلار قىلسا يەنە مېنى چېدىماسلىق قىلدىڭ دېيىشىدۇ ـ يا.

— ئىنىلىرىنىڭ لەۋزى يەردە قالمىسۇن خانزادەم، — دېدى تاھىربەگ، — يەنە بىر پارچە شېئىر يادلاپ بەرسىلە تىللىرى

① بۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ شېئىرى.

ئۇپراپ كەتمەس.
ــ بۇ بۇيرۇقمۇ ياكى ئىلتىماسمۇ؟
ــ بۇيرۇق قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە ئىلتىماس.
ــ ئىلتىماس بولسا چىرايلىقچە ئۆتۈنمەمسەن ئاداش. نېمە دېگىنىڭ ئۇ تىللىرى ئۇپراپ كەتمەس دەپ...
تاھىربەگ سەئىدخاننى تېرىكتۈرەلىگىنىگە خۇش بولۇپ كۈلدى.
ــ قانداق قىلىمىز ئەمدى، ئاشۇنداق دەپ كۆنۈپ قاپتىمىز. سىلىمۇ نازۇكلۇق قىلمىسىلا.
ــ بوپتۇ ئەمىسە، ئاخىرقى بىر قېتىم ـ ھە، ــ دېدى سەئىدخان.
باللار ئالقىش ياغدۇراتتى:
ــ بارىكاللا!
ــ ئىلتىپات قىلدىلا!
سەئىدخان بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇ قوشنى باشلىدى:

*يېرىمىز، سۇيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،*
*خاتۇن، بالا ـ چاقا، دىلبەندىمىز دەپ.*
*بىرمۇبىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،*
*ۋەتەننى دۇشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا*[①]*.*

ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن تاغۇ تاشلار ئەكس سادا قايتۇردى. شۇ تاپتا يارىش ۋادىسىدىكى ھەربىر تۈپ گۈل ـ گىياھ، ھەيۋەتلىك تاغلار، تاغ باغرىدىكى سان ـ ساناقسىز قارىغاي، ئارچىزارلىقلار ئۇنىڭ بۇ يۈرەك ساداسىنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.
ئويۇن يەنە داۋاملاشتى. كىمگە قارىغا ئېتىش نۆۋىتى كەلسە،

① بۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ شېئىرى.

بالىلار تاھىربەگنى دوراپ ھەر خىل ئاۋاز، ھەرىكەتلەر بىلەن شۇنىڭ ئىتىنى ئۈركۈتۈپ، ئاتقان ئوقنى نىشانغا تەگكۈزمەسلىككە تىرىشاتتى.

خانزادە ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئوقى قېيىپ كېتىۋىدى، بالىلار ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزدى. ئادەتتىمۇ بىر نەچچە خىل سازنى خېلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان بۇ خانزادىنى ئۇلار ئۇدا ئىككى ناخشا ئېيتقۇزدى. ئۇنىڭ بالىلارغا خاس زىل ئەمما يېقىملىق ئاۋازى دالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. خانزادە باباچاق سۇلتاننىڭ ئوقى قېيىپ كېتىۋىدى «نازىركۇم» ئۇسسۇلى ئويناپ بەردى. ئۇنىڭ شوخ ھەم ھەجۋىي ھەرىكەتلىرى دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپ ئېلىقتۇرۇۋەتتى. تاھىربەگ ئۇردا قىزىقچىسىنى دوراپ لەتىپە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ لەتىپىگە ماسلاشتۇرۇپ قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن دوستلىرى ئېلىقىپ قېلىشتى. ئۇلار ئويۇنغا قانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئەمدى رەسمىي ماھارەت سىنىشىمىز، دەخلى قىلماڭلار، — دېدى ئوقيا ئېتىش خۇمارى بېسىلمىغان سەئىدخان.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى دوستلىرى.

ھەممەيلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ جىم تۇرۇشتى. سەئىدخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ نىشاننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ ئوقنى قويۇۋەتتى. ۋىژىلداپ ئۇچقان ئوق دەل پومزەككىلا تەگدى. باشقىلارمۇ ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىرىنچى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەگكۈزەلمىگەنلەر ئىككىنچى قېتىم ئاتاتتى. ھەئە، ئۇلارنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى.

— ئەمدى چېلىشىپ باقساق قانداق دەيسىلەر؟

خانزادە باباچاق سۇلتاننىڭ بۇ تەكلىپىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى. بوي - بەستى، ياش - قۇرامى تەڭلەر سورۇنغا چۈشۈپ چېلىشتى. سەئىدخان تاھىربەگ بىلەن چېلىشىپ ئۇدا ئۈچ قېتىم يېڭىۋالدى.

— سەن قەستەن يېڭىلىپ بەردىڭ، — دېدى سەئىدخان

دوستىنى ئەيىبلەپ، ــ مېنى كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتامسەن ياكى ئا-ياۋاتامسەن؟

تاھىربەگ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

ــ يېڭىلىپ قالساڭلا ئىنىلىرىنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ خانزادەم.

سەئىدخان قايىل بولمىدى:

ــ قوي ئۇنداق گېپىڭنى.

ــ ئۇلار سىلىنى ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر، باھادىر دەپ بىلى-دۇ.

ــ نەدىمۇ پەقەتلا يېڭىلمەيدىغان ئادەم بولسۇن. تەگرىدىن باشقىسى يېڭىلىدۇ. كەل قايتا چېلىشمىز، يەنە يول قويساڭ خاپا بولۇپ قالىمەن.

تاھىربەگ ئىلاجسىز سەئىدخان بىلەن يەنە سورۇنغا چۈشتى. ئۇلار بىر ھازا تىركىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يىقىتالمىدى. ھەر ئىككىلىسى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى.

ــ ئەمدى بولدى قىلىشسىلا، ــ دېدى سەئىدخانىنىڭ بەگ ئەتكەسى ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىپ.

سەئىدخان قايىللىق بىلەن تاھىربەگنىڭ دولىسىغا شاپىلاق-لىدى:

ــ ما ئىشىڭ جايىدا بولدى ئاداش. يول قويۇشىڭمۇ، يۈز ئاۋايلاشىڭمۇ ئورنى بار. ھامان بىر كۈنى يېڭىشنى يەرگە تەگ-كۈزمەي قويمايمەن.

ــ ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز. مەن سىلىنىڭ دۈمبىلىرىنى يەرگە تەگكۈزەمدىمەن تېخى.

ــ ئىككىيلەن چېلىشىپ باقايلى، ــ دېدى سەئىدخان يې-گىرمە ياشلار چامىسىدىكى نۆكەر يىگىتكە.

ــ بۇ... بۇ... بۇنداق قىلساق بولماسمىكىن خانزادەم.

خانزادىنىڭ كۈتمىگەن تەكلىپىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن نۆكەر يىگىت دۇدۇقلىغىنىچە كەينىگە داجىدى.

ــ بولمايدىغان نېمىسى بار. كەلسىلە بىر بەل تۇتۇشۇپ كۆرەيلى، ــ دېدى سەئىدخان يانماي.
باشقىلارمۇ چۇرقىراشقىنىچە نۆكەر يىگىتنى سورۇنغا چۇ- شۇشكە ئۈندىدى.
ــ چېلىشقانغا ھېچنېمە بولمايدۇ. قېنى مەيدانغا چۈشسىلە.
ــ خانزادىكەن دەپ يۈز - خاتىر قىلسىلا ھېساب ئەمەس.
ــ يۈز - خاتىر قىلمىسىلا زادى.
ــ ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدىغان بولدى.
سەئىدخان نۆكەر يىگىتنىڭ ھەرگىز تەڭدىشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار بەل تۇتىشا - تۇتاشمايلا نۆكەر يىگىت سەئىدخاننى لىككىدە كۆتۈردى - دە، بېشىدىن ئېگىز ئېلىپ ئىككى پىرقىراتقاندىن كېيىن يەنە شاققىدە يەرگە دەسسىتىپ قويدى. خانزادىنى پىر- قىراتقىنىچە يەرگە تاشلايدىغان بولدى دەپ تۇرۇشقان باللار بۇ نەتىجىدىن ئانچە پۇخادىن چىقمىدى.
ــ ھەقىقەتەن پەھلىۋان ئىكەنلا، ــ دېدى سەئىدخان نۆكەر يىگىتكە قايىل بولۇپ.
ــ زىيادە ماختىۋەتتىلە خانزادەم. سىلى كەمىنىلىرىدىن خېلىلا كىچىك تۇرسىلا، ــ دېدى نۆكەر يىگىت.
ــ ئاغىنىلەر، چېلىشتا يېڭىلگەنلەرنىمۇ جازالامدۇق، ــ سورىدى تاھىربەگ.
باللار تەڭلا چۇرقىراشتى:
ــ ئەلۋەتتە جازالايمىز.
ــ ئەمىسە خانزادىنى قانداق جازالىساق بولۇر؟
ــ ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن.
ــ موللاق ئاتسۇن.
سەئىدخان دوستلىرىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا سۇ سەپمەس- لىك ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى.
ــ بولىدۇ. جازانى قوبۇل قىلدىم. سىلەرگە ئۇستاز شەيخ سەئدى شىرازى ھەزرەتلىرىنىڭ تېخى يېقىندىلا ئوقۇپ تاماملىغان

«بوستان» ناملىق كىتابىدىن يادلىۋالغان بىر پارچە تەنبىھنى ئوقۇپ بېرەي.

*ئاگاھ بولغىن جاھان ئۆزى بىر نەپەس،*
*ئالىملارنىڭ ھەربىر نەپسى بىر جاھان.*
*جاھان قالدى، كەتتى شاھى ئىسكەندەر،*
*بولسىمۇ گەر جاھان ئۆزرە ھۆكۈمران.*
*بىر نەپەسكە بېرەي دېدى بىر ئالەم،*
*مۇراد تاپماي ئاخىر يەنە يول ئالدى.*
*ئەگكىنىنى ئورۇپ كەتتى ھەربىر جان،*
*خاھى ياخشى، خاھى يامان ئات قالدى.*
*بول بوستاندا گۈللەر بولۇر مۇشۇ خىل،*
*دوستلار ئاڭا گۈل تېرىيدۇ يىلمۇيىل.*

شېئىر ئوقۇش ئاخىرلىششى ھامان باللار يەنە چۇرقىراشتى:

ــ يەنە بىرنى.

ــ بولدى قىلىڭلار، قالغىنى يەنە بىر مەرتەمگە نېسى قالسۇن.

ــ يەكپاي بولۇپ قالدى، ــ دېدى تاھىربەگ دوستىنى يەنە نەزم ئوقۇتقۇسى كېلىپ، ــ بايا بىزدىنمۇ قوشلاپ ئالغان ئىدىلە. ئەمدى ئۆزلەمۇ قوشلاپ قايتۇرسىلا.

ــ بىرەر قېتىم يەكپاي بولۇپ قالسا قالار. تولا قۇتراتقۇلۇق قىلما ئاداش. سېنىڭلا غەلۋەڭ تۈگمەيدۇ زادى.

باشقىلارمۇ تاھىربەگكە بولۇشتى:

ــ يەكپاي بولۇپ قالمىسۇن زادى.

ــ قېنى مەرھەمەت قىلسىلا.

نەزم ئوقۇپ بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سەئىدخان يەنە گېلىنى قىردى:

*تىرىشىپ ئوقۇساڭ بىلىمدانىسەن،*
*مەگەر ئەمەل قىلمىساڭ نادانىسەن.*
*ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك،*
*نە ئالىم ۋە نە نادانىدۇر بىشەك.*
*ئۇنىڭسىز نەدىن تاپىدۇ خەۋەر،*
*ئۈستىدە ئوتۇنمۇ يا كىتاب ـ دەپتەر①.*

سەئىدخان نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ كۆككە قارىدى. قۇياش تاغ چوققىسىغا قوناي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بولدى ئاغىنىلەر، ئويۇنىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەمدى قايتمىساق ئاتىلىرىمىزنى ئەنسىرىتىپ قويىمىز.

بالىلار دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇچقۇر ئۇلى ئاتلىرى بىر تۆپىلىكتىن ئېشىپلا غايىب بولدى.

※ ※ ※

تۇرپان. كۈز پەسلى.

يېشىنىڭ چوڭىيىشى، بويىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئەجدادلىرىنىڭ سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى خېلى ئوبدان بىلىشكە باشلىغان سەئىدخانىنىڭ قىزىقىشلىرىمۇ، ئارمانلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئەڭ چوڭ ئارمىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن لەشكەرلەرگە سەركەردە بولۇپ ئاتا دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى. ئۇ ھەرقاچان «دۈشمەن»، «ياۋ»دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئالسا كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە «مىرزا ئابابەكرى» دېگەن ئىسىم زاھىر بولاتتى. گەرچە ئۇ شۇ يېشىغىچە مىرزا ئابابەكرىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنى مۇناپىق، نا-

① بۇ سەئدى شىرازىنىڭ شېئىرى.

مەرد، سۆيقەستچى سىياقىدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى. چۈنكى ئۇ دادى-
سى سۇلتان ئەھمەدخاندىن، ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچىدىن مىرزا
ئابابەكرىنىڭ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، بۇنىڭدىن نۇرغۇن
يىللار ئىلگىرى مەرھۇم بوۋىسى سۇلتان يۇنۇسخاندىن ماڭلايسۆيە
ۋادىسىنى تارتىۋالغانلىقىنى، ھازىرمۇ تەخت ـ سەلتەنەتنى تارتى-
ۋېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىك قەستىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئاڭلىغانىدى. شۇڭلاشقا بۇزرۇكۋار بوۋىسى بىر نەچچە قېتىم
لەشكەر تارتىپ بېرىپمۇ قايتۇرۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئا-
شۇ زېمىننى ـــ ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنت، خوتەندىن ئىبارەت
كاتتا شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى يۈرىكىنىڭ قات ـ قې-
تىغا ئورناپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكىري ئىلىم، جەڭ،
جەڭبازلىق ماھارىتىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنىدى. دادىسى
سۇلتان ئەھمەدخان، ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچى قاتارلىق ئەلەم ۋە
قەلەمدە تەڭ كامالەتكە يەتكەن سەركەردىلەرنىڭ قاتتىق تەلەپ قو-
يۇشى، ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشى نەتىجىسىدە تۈرلۈك جەڭ
قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى پۇختا ئىگىلىدى. بولۇپمۇ قىلىچۋاز-
لىق، مەرگەنلىكتە دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا تەڭدىشى يوق ئىدى.
لەشكىري ئىلىمدىن باشقا ئىلىملەرگىمۇ ئالاھىدە ئىشتىياقى بار
ئىدى. ئەرەب، پارس تىلىنى خۇددى ئانا تىلى بولغان تۈركىي تىلى-
دەك بىمالال سۆزلەيتتى. يازغان ھۆسنخەتلىرى خىلى ـ خىلى
خەتتاتلارنى قايىل قىلاتتى. شېئىر ـ نەزم يېزىشقا ئالاھىدە ھە-
ۋىسى بار ئىدى. زامانىسىنىڭ داڭلىق شائىرلىرىدىن بىرى، تۇر-
پاندىكى خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى ئاياز بېك قۇشچى ئۇنىڭ
يازغان شېئىرلىرىنى پات ـ پات كۆرۈپ پىكىر بېرىپ تۇراتتى.
تەلەپنى قاتتىق قوياتتى، قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى.

سايرام بويىدىكى يازلىق باراۋەتتىن دادىسىغا ئەگىشىپ قايى-
تىپ كەلگەن سەئىدخان شۇ كۈنلەردە خانلىق مەدرىسەدە بارلىق
زېھنى بىلەن ئوقۇۋاتاتتى.

ئوتقاشتەك گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە تەتىللا كۆرپىلەر سېلىنـ.
غان، تام ـ تورۇسلىرى تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ھەشە.
مەتلىك دەرسخانىدا ياش ـ قۇرامى بەش ـ ئالتە ياش پەرق قىلىد.
دىغان ئوتتۇز نەچچە ئۆسمۈر ئولتۇراتتى. ھەربىرىنىڭ ئالدىدا
بىردىن كىچىك شىرە، شىرەنىڭ يېنىدا بىردىن رېھىل، رېھىلنىڭ
ئۈستىدە بىردىن كىتاب بار ئىدى. بۇ تالىپلارنىڭ ئارىسىدا سۇل.
تان ئەھمەدخاننىڭ سەئىدخان قاتارلىق خانزادىلىرىمۇ بار ئىدى.
تېخى ئۇستازى دەرسكە كىرمىگەچكىمۇ، تالىپلارنىڭ بەزىلىرى
كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، بەزىلىرى پۈتلىرىنى ئىختىيارىي سۇنۇپ
ھەمساۋاقلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا دەرسخانىغا ئاۋۋال ئايازبېك قۇشچى، ئۇنىڭغا
سوڭدىشىپلا سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بىر قىسىم ئوردا ئەمىر.
لىرى ۋە مۇدەررىسلەر كىرىپ كەلدى. سۇلتان ئەھمەدخان پات ـ
پات خانلىق مەدرىسەگە كېلىپ ئالىم ـ مۇدەررىسلەر بىلەن سۆھ.
بەتتە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدىكى مۇنازىرىد.
لىرىنى ئاڭلايتتى. بىر قىسىم سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ
مەسلىھەتىگە سالاتتى. ۋاقتى يار بەرسە تالىپلارنىڭ ئوقۇش
ئەھۋالىنىمۇ كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئادەتتە چوڭ ياشتىكى تالىپلار.
نىڭ قېشىغا كۆپرەك كىرەتتى. ئۆسمۈر تالىپلارنى ئانچە يوقلاپ
كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۆسمۈر تالىپلار ئۇنى كۆرۈپ بىرئاز تەمتىرەت
قېلىشتى ۋە دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاشقىنىچە سالام
بېرىشتى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئالىيلىرى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم
ئۇستاز.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوش، جاي ئېلىشىڭلا.

ئۇلار تالىپلارغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئا.
يازبېك قۇشچى تۆر تەرەپتىكى پاكار شىرە قويۇلغان مېھرابتا؛
سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن باشقا ئەمىر مۇدەررىسلەر ئۇنىڭ يېنىد
ئولتۇرۇشتى. شۇ ھامان دەرسخانىنىڭ ئىچىنى چىۋىن ئۇچس

ئاڭلانغۇدەك ئىمتاسلىق قاپلىدى.

ئايازبېك قۇشچى تالىپلارغا بىر قۇر تەكشى نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

— تۇنۇگۇن كەلگۈسىنىڭ مۆھتەرەم ئەللامەلىرىگە خان ـ پادىشاھلىقنىڭ، ئەمىر ـ بەگلىكنىڭ شەرتلىرى بارەسىدە① سۆزلىگەن ھەمدە ئۇل شەرتلەرنى يادلىۋېلىش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەرگەندۇق. خوش، قېنى ئۇل تاپشۇرۇقنىڭ ئاداسى قانداق بولدىكىن. قايسىلىرى يادلاپ بېرىشىلا؟

تالىپلار سۇلتان ئەھمەدخاندىن تارتىنىپ قالدىمۇ ياكى تاپشۇرۇقنى يادلاپ بولالمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇۋېلىشتى.

— تولۇق يادلاپ بېرىش شەرت ئەمەس. قانچىلىك يادلاپ بولغان بولساڭلار شۇنچىلىك دەپ بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى ئايازبېك قۇشچى تالىپلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

تالىپلارنىڭ ئارىسىدىن يۈرەكلىكرەك بىر نەچچىسى قول كۆتۈردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئىدخانمۇ بار ئىدى.

— خانزادە سەئىدخان! — دېدى ئايازبېك قۇشچى.

— لەببەي ئۇستازىم! — دېدى سەئىدخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— قېنى ئاگال ئۆزلەدىن كەلسۇن.

سەئىدخان بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— ئەگەر بىرەر كىشىگە خۇدايىتائالاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش نېسىپ بولۇپ، سەلتەنەت تەختىدە بەر قارار بولسا ياكى ھاكىملىق مەرتىۋىسىگە نائىل بولسا شۇنى بىلسۇنكى، پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرى باردۇر. تاكى شول شەرتلەر بەجا كەلتۈرۈلمىگۈچە مەملىكىتىدە سەلتەنەت ئىشلىرى تەرتىپكە چۈشمەيدۇ. پادىشاھلارنىڭ ئەل ـ رەئىيەتتە پادىشاھلىق ھەققى

① بارەسىدە — خۇسۇسىدا، توغرۇلۇق.

بولغىنىغا ئوخشاش، ئەل ـ رەئىيەتنىڭمۇ ئول پادىشاھلاردا پۇقرا-
لىق ھەققى بولىدۇ. پادىشاھلار تاكى پۇقرالارنىڭ ئاشۇ ھەققىنى
ئادا قىلمىغۇچە سەلتەنەتى راۋاج تاپمايدۇ، ئەل ـ يۇرتى ئاسايىش-
لىقتا يۇزلەنمەيدۇ، شۇنداقلا ئاخىرەت ئازابىدىنمۇ نىجاتلىق تاپال-
مايدۇ. بول شەرتلەر تۆۋەندىكى ئون تۇرلۇكتۇر. بىرىنچى شەرت
شولكى، ھەرقانداق ئىشتا بىراۋ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقارماقچى
بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىر پۇقرا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە
بىراۋنى ئۆزىگە ھاكىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلسۇن. مىسالەن، چىقار-
غان ھەرقانداق ھۆكۈمنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىسە، ئۇنداق ھۆكۈمنى
پۇقرالار ھەققىگىمۇ راۋا كۆرمىسۇن؛ ئىككىنچى شەرت شولكى،
ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ھەرقانداق ئىبادەت-
تىن ئەۋزەل بىلسۇن؛ ئۈچىنچى شەرت شولكى، نەپسىنى لەززەت-
لىك تائاملارنى يېيىشكە، نەپىس ۋە قىممەت باھالىق كىيىملەرنى
كىيىشكە ئادەتلەندۇرمىسۇن؛ تۆتىنچى شەرت شولكى، ھۆكۈم ۋە
سوراق ۋاقتىدا خالايىققا سىلىق، مۇلايىم، مۇرەسسە ـ مادارا ۋە
مەرھەمەت بىلەن سۆزلىسۇن. سەۋەبسىز ۋە زۇرۇرىيەتسىز قات-
تىق ـ يىرىك گەپ قىلمىسۇن. داد ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەرز ـ شى-
كايەتلىرىنىڭ تولۇلىقىدىن، سۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مالال بول-
مىسۇن. ئاجىزلار، مىسكىنلەر بىلەن سۆزلىشىشنى نومۇس بىل-
مىسۇن؛ بەشىنچى شەرت شولكى، يېقىن ـ يورۇق، ئۇرۇق ـ تۇغ-
قانلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ھۆكۈمدە سۇسلۇق قىلمىسۇن
يۈز ـ خاتىر قىلمىسۇن، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىسۇن، غە-
رەزسىز ۋە مايىللىقسىز ھۆكۈم چىقارسۇن؛ ئالتىنچى شەرت
شولكى، ھاكىمىيىتىنىڭ خېيىم ـ خەترىنى بىلمەي يۇرمىسۇن
مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا غاپىل بولمىسۇن. مەڭگۈلۈك سائادەت
ۋە ئەبەدىي ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇشقا تىرىشسۇن. ئېيتىلى-
شىچە، بىر ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ بىر كۈنلۈك ئادالىتى جىمى مەخ-
لۇقاتنىڭ ئىبادىتىگە باراۋەردۇر. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ سائادەت ئۈچۈن
قەلبىگە ھەرقاچان ئادالەتنى جا قىلسۇن؛ يەتتىنچى شەرت شول-

كى، تەسەررۇپىدىكى ئالىم، پازىل، دانىشمەنلەر بىلەن دوست بولسۇن ۋە ھەرقاچان ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولسۇن. چۈنكى يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ زىننىتى بولسا، ئالىملار زېمىننىڭ زىننىتىدۇر. ئەمما، دىيانەتسىز ئالىملارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى تارتسۇن؛ سەككىزىنچى شەرت شۇلكى، ئۆزىنى تولىمۇ ئۇلۇغۋار تۇتۇۋېلىپ، خالايىقنى ئۆزىگە كۆڭۈلسىز قىلمىسۇن. كىبىر، تەمەننا، ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىقتىن ساقلانسۇن. بەلكىم ئادالەت، ئېھسان، خۇش پېئىللىق، كەمتەرلىك ۋە مېھىر ـ شەپقەت بىلەن ئاجىزلارنى، رەئىيەتنى ئۆزىگە دوست ۋە مايىل قىلسۇن؛ توققۇزىنچى شەرت شۇلكى، توڭگۇز سۈپەتلىك زالىم كىشىلەرنى ئەمىر ـ بەگلىككە تەيىنلەپ، رەئىيەتكە باش قىلمىسۇن. قول ئاستىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ بىرەرسىدىن زۇلۇم ۋە خىيانەت سادىر بولسا ئۇنىڭغا شۇنداق سىياسەت ۋە جازا قوللانسۇنكى، بۇنىڭدىن باشقىلار ئىبرەت ئالسۇن؛ ئونىنچى شەرت بولسا ئەقىل ۋە پاراسەتتۇر. ھۆكۈمدار ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە شۇلكى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن نەزەر سالسۇن ۋە ھەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئېنىق ئايرىسۇن.

ـــ بارىكاللا! ـــ دېدى سەئىدخاننىڭ جاۋابىدىن رازى بولغان مەۋلانە ئايازبېك قۇشچى مەمنۇن بولغان ھالدا، ـــ خوش، ئولتۇرسىلا.

شۇ تاپتا ئايازبېك قۇشچىغا ئوخشاش ھاياجانلانغان سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلىغا پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا مېھرى بىلەن قاراپ قويدى.

ـــ بۈگۈن كەلگۈسىنىڭ مۆھتەرەم ئەللامەلىرى ياخشى ۋە يامان خۇلقلار ھەققىدە ساۋاق ئاڭلايسىزلەر، ـــ دېدى ئايازبېك قۇشچى سۆزلىمەكچى بولغان ساۋاقنىڭ مەزمۇنىنى جاكارلاپ، ـــ خەيشۇك. ھەممىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى ۋە زېھنى ئاغزىمدا بولسۇن. ئەخلاق ـــ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا چاقىرغۇچى، يامانلىقتىن قايتۇرغۇچى بىر ئىلىمدۇر. خۇلقلارنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى دەلىل

ۋە مىسالالار بىلەن بايان قىلىدىغان كىتاب ئەخلاق ئىلمى دېيىد.
لۇر. ئەخلاق ئىلمىنى ئوقۇپ، بىلىپ ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۆ.
زىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىدە نېمە ئىش قىلماق بولۇپ
ياشاۋاتقانلىقىنى بىلۇر. بىر كىشى ئۆزىنى چۈشەنمىسە ئىلمىنى
ئىلىم ئەھلىنى، ياخشى كىشىلەرنى، ياخشى نەرسىلەرنى بىلمە.
گەي. ئۆز ئەيىبىنى بىلىپ، ئۇنى تۈزەتمەككە ئەستايىدىل كى.
رىشكەن كىشى چىن باھادىر، پەھلىۋان كىشىدۇر. ئەخلاق ئىلمى.
نىڭ ئاساسى تەربىيە بولغانلىقتىن شول بائىستا بىرئاز سۆزلەي
مىز. پەرزەنتنىڭ تەن ساقلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ياخشى تەربى
يە قىلىش ــ ئۇنىڭ تېنىنى پاك تۇتماق، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ
ياخشى خۇلقلارنى ئۆگەتمەك، يامان خۇلقلاردىن ساقلاپ ئۆستۇر
مەكتۇر. ئەخلاقىمىز بىناسىنىڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق ھەم مۇس
تەھكەم بولۇشىغا تەربىيەنىڭ زور تەسىرى باردۇر. ئىنسانلار كات
تا شەرەپ، يۈكسەك مەرتىۋىنى ئەخلاق تەربىيەسى ئارقىلىق ئالۇر
ئەخلاق تەربىيەسى ياخشى خۇلقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر
بىر بۆلىكىنى ئۆز نەپسىمىزگە، يەنە بىر بۆلىكىنى بىر ــ بىرد
مىزگە ئىشلەتمەككە كېرەكلىك بولغان ئول ياخشى خۇلقلار : ئە
قىل ئىگىسى بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، غەيرەت
لىك بولۇش، مۇلايىم ــ ۋىجدانلىق بولۇش، ۋەتەننى، ئاۋام ــ رە
ئىيەتنى سۆيمەك، ھەققانىيەتچى، ھايالىق، ساداقەتلىك، مۇھەببەت
لىك ۋە ئەپۇچان بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى يامان خۇلقلارغ
كەلسەك، ئىنساننى مەڭگۈلۈك سائادەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان
ئاۋامنىڭ نەزەرىدە نەپرەتلىك قىلىدىغان، ھاياتىمىز ئۈچۈن زە
ھەرلىك بولغان ئىش ــ ئەمەللەر يامان خۇلقلاردۇر. ئول يامان
خۇلقلار: ئورۇنسىز غەزەپ، شەھۋەت، جاھالەت، ھاماقەتلىك، ھورۇن
لۇق، تەمەگەرلىك، ئاچ كۆزلۈك، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق، ئادا
ۋەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، بەدەۋ
تىل ــ ھاقارەت، رىياكارلىق ۋە زۇلۇمدۇر. بول يامان خۇلقلارنى

رەزىللىكنى، يۇقىرىدا ئاتىغان ياخشى خۇلقلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئىنساب تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، ۋىجدان مۇھاكىمىسى بىلەن تەھ-قىقلەپ، ياخشىلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلماق، يامانلىرىنى تونۇپ ھەزەر قىلماق لازىمدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىززىتى، دۇنيانىڭ لەززىتى ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاپ ۋە چۈشىنىپ ئۇلاردىن نېسىۋە ئالماق، يامان ۋە رەزىللىكنى تونۇپ، بىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتماق، ئاۋام ـ رەئىيەت پايدىسى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تى-رىشماق ۋە بول ئۆتكۈنچى دۇنيادىن ياخشى نام بىلەن كەتمەكتۇر...

سەئىدخان ئۇستازىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى يۈرىكىگە نە-قىشلىۋالماقچى بولغاندەك زېھىن قويۇپ ئاڭلايتتى. ئاياز بېك قۇشچىنىڭ ساۋىقى بىر ئاش پىشىمدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئۇ ھەر قېتىملىق دەرستىن كېيىن تالىپلارنى مۇنازىرىگە سالاتتى ياكى سۆزلىگەن دەرسكە ئائىت قىسقا سوئاللارنى سوراپ، شۇ ئار-قىلىق ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى.

— مىرزا تاھىربەگ! — دېدى ئۇ بىر پىيالە چاي ئىچكۈچە-لىك سۈكۈتتىن كېيىن دېمىنى ئېلىۋېلىپ.

— لەببەي ئۇستاز! — دېدى تاھىربەگ دەس ئورنىدىن تۇ-رۇپ.

— شەرھلىسىلە، ساداقەت دەپ نېمىگە ئېيتىلۇر؟

تاھىربەگ ئېھتىرام بىلەن جاۋاب بەردى:

— ساداقەت دەپ كىشىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرىلىق، بە-جاندىللىق بىلەن ئادا قىلماقلىقىغا ئېيتىلۇر. ساداقەتمەن كىشى ۋەتىنىگە، خان ـ سۇلتانلار بولمىش پاسىبانىغا، قوۋمىغا، قې-رىنداشلىرىغا، دوستىغا توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئابرۇي-غا ئېرىشۇر ۋە ئىنئام ئالۇر.

— دەرھەقىقەت، ساداقەت ـ ۋاپادارلىق گۈلشەنى، نىجاتلىق بوستانىدۇر، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى تاھىربەگنىڭ جاۋابىنى

تولۇقلاپ، ـــ ئىشچان ھەرىدىن ھەسەل، يىلاندىن زەھەر ھاسىل بولغىنىغا ئوخشاش، راستچىللىقتىن پايدا، خىيانەتتىن زىيان ھاسىل بولۇر. ياراتقۇچى ئىگەم سادىقلارنى سۆيەر، يالغانچىلارنى سۆيمەس. ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا راستچىل گاداي يالغانچى بايدىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ساداقەتمەن كىشى ئەھدىگە ۋاپا قىلۇر. يالغانچى بولسا ۋەدىسىدە تۇرماي ئۆزىنى خىجالەت، باشقىلارنى ئوسال قىلۇر. خوش، جان ئالسۇنلا.

دەرسخانا ئىچىنى يەنە بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. تالىپلار يەنە قايسىمىزدىن سوئال سوراركىن دەپ ئۇستازىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشاتتى.

ـــ خانزادە سەئىدخان!

سەئىدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى.

ـــ شەرھلىسىلە، زۇلۇم دەپ نىمىگە ئېيتىلۇر؟

سەئىدخان بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ـــ زۇلۇم دەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا ياكى مېلىغا زەرەر يەتكۈزمەككە ئېيتىلۇر. جانابى ھەقتائالاھ جىمىكى ئىنسانلارنى تەڭ، باراۋەر قىلىپ ياراتمىشتۇر. مەنسەپ ۋە دۆلەتتىگە، كۈچ ۋە قۇۋۋىتىگە مەغرۇرلىنىپ بىراۋنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تەئەررۇز قىلماق زۇلۇمدۇر.

ـــ بارىكاللا، ياخشى شەرھلىدىلە، ـــ دېدى ئاياز بېك قۇشچى مەمنۇن بولۇپ، ـــ چوڭلۇقنىڭ ھۆرمىتى زۇلۇم ۋە تەئەددىدە ئەمەس، شەپقەت ۋە مەرھەمەتتىدۇر. كىچىكلىكنىڭ ئىززىتى نەپرەت ۋە قارشىلىقتا ئەمەس، ساداقەت ۋە ھۆرمەتتىدۇر. شول خۇسۇستا ئۇستاز شەيخ سەئدى:

*غەمى زىرە دەستان پەخۇر زىنھار،*
*بەدەتەس ئەززە بەر دەستىيە روزگار.*

يەنى:

*ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يەپ يۈر ھەمىشە،*
*كۈچلۈكلەردىن ئەتكىل خەۋپ پېشە،*

دەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش خۇسۇسىدا ھېكمەت قالدۇرغان. دۇنيادا ئاجىز ـ مىسكىنلەرنىڭ ئاھىدىن ئۆتكۈر نەرسە يوقتۇر. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەتكە يېقىندۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارغىشىدىن قورقماق، ھەزەر قىلماق لازىمدۇر. ئاتىلار ئېيتىدۇلەركى: «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە».

تالىپلارنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتىنىڭ ئۇيۇشۇپ، قولىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك پات ـ پات قىمىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئايازبېك قۇشچى دەرسنى ئاخىرلاشتۇردى.

— ئەمدى مەشقاۋۇل بەگدىن جەڭبازلىق ماھارىتىدىن ساۋاق ئالىسىلەر. ھەممىڭلار سىرتقا چىقىپ ياراغلىرىڭلارنى تەييارلاڭلار.

— ئۇستازغا ھەشقاللا!

تالىپلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇستازىغا ھۆرمەت بىلدۇردى.

مەدرىسە سەيناسى بىردەمدىلا تالىپلارنىڭ جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ماھارەت مەشىق قىلىشى بىلەن قىزىپ كەتتى. قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن چىققان جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلار شۇنچە كەڭ مەدرىسە قورۇسىنى بىر ئالدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىرلىرى بىلەن بىرچەتتە تۇرۇپ تالىپلارنىڭ ماھارەت مەشقىنى كۆرۈۋاتاتتى. تالىپلار خان ئالىيلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك كۈندىكىدىن بەكرەك مەشىققە بېرىلگەنىدى. مەشقاۋۇل مۇدەررىس تالىپلارنىڭ قېشىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ تۈرلۈك پەنت ـ ماھارەتلەرنى ئۆگىتەتتى. ياراغنى قانداق تۇتۇش، قانداق ھۇجۇم قىلىش، قانداق مۇداپىئەدە تۇرۇش ھەققىدە تەلىم بېرەتتى ياكى ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتەتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان راسا بېرىلىپ قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقان ئوغلى سەئىدخان بىلەن تاھىربەگنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىككى يىگىت بىر ـ بىرىگە بوي بەرمەيتتى. قىلىچنى قارشى تەرەپنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى تېپىپ ئۇراتتى. ئۇلار ئەنە شۇ يوسۇندا بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن، ماھارەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان خان ئالىيلىرىنى كۆرۈپ توختاشتى. تەرلەپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئۇلارغا بىر نەچچە دەقىقە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز سورىدى:

ــ ئېيتىڭلارچۇ باھادىرلىرىم، شجائەت نېمە؟

سەئىدخان چاققانلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى، خان ئاتا.

ــ نېمىشقا بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى ئەمەس؟

ــ ئەگەر يۈرەكتە قۇۋۋەت بولمىسا بىلەكتىمۇ قۇۋۋەت بولمايدۇ. بىلەك قۇۋۋىتى يۈرەك قۇۋۋىتىگە باغلىق.

خان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

ــ يىگىت يىگىتتىن نېمىسى بىلەن ئارتۇق؟

بۇ سوئالغا سەئىدخان بىلەن تاھىربەگ تەڭلا جاۋاب بەردى:

ــ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن.

ــ بارىكاللا، توغرا جاۋاب بەردىڭلار، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، ــ قېنى مەشىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. مەشىقتە تەرىڭلار قانچىلىك كۆپ ئاقسا، جەڭدە ياۋنىڭ قېنىنىمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئاقتۇرالايسىلەر.

ــ پەرمانىبەردارمىز!

ئىككى يىگىت يەنە قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. قىلىچ بىسىدا قۇياش نۇرى يالت ـ يۇلت چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. مەدرىسە قورۇسىدىكى بۇ كەڭرى سەينا تالىپلارنىڭ ماھارەت مەشقى بىلەن باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى.

## 109

باغرىغا ئاجايىپ تىلسىملارنى يوشۇرۇپ ياتقان يالقۇنتاغ ھىجران ئازابىدا يۈرىكى چاك ـ چاك بولۇپ كەتكەن ئاشىقتەك ھەر تىنىقىدا بۇ ساخاۋەتلىك چوڭقۇرلۇقتا ئاتەش پۈركۈپ، ئە ـ سىرلەردىن بېرى باغرىدا ھاياتلىقنى ئۇلاپ كېلىۋاتقان مېھنەت ـ كەش، جاسارەتلىك پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تاۋلاپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقىمۇ تۇرپانلىقلارنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم، يۈرىكى مۇ ـ ھەببەتلىك، خۇددى ساداقەتمەن، ۋاپادار ئاشىقتەك.

گەرچە كۆز ئايلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ ئىسسىقىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆيۈك ئاپتاپ، تىنچىق ھاۋاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چوڭ خانزادە مەنسۇرخان ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن بېرى يەر ئاستىغا ياسات ـ قان يازلىق كېمىر ئوردىسىدا سالقىنلاپ ياتاتتى.

تۇرپان ھەقىقەتەن بىر تىلسىم يۇرت. ئۇنىڭ ئۈستى ئوت ـ ئاتەش بولغىنى بىلەن ئاستى سالقىن. شۇڭلاشقىمۇ بۇ زېمىننىڭ باغرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىققان زۇمرەتتەك سۈزۈك كارىز سۇلىرى مۇزدەك سوغۇق، شەربەتتەك تەملىك، ئىچسە يۈرەكنى ياشارتىدۇ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا، ئالتۇن بويلىرى شىپا تېپىپ قالدىمىكىن؟

مەنسۇرخان ئەھۋال سوراپ كىرگەن سەئىدخان، باباچاقخان، شاھ مۇھەممەدخان، ئابدۇخېلىلخان، ئىمىن خوجاخان ۋە چىنتۆ ـ مۇر سۇلتان قاتارلىق ئىنىلىرىنى كۆرۈپ چىرايىغا يېقىملىق كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئاللاھقا شۈكۈر. خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم. قېنى ئولتۇرۇڭلار. ۋۇي بۇ ئىككى يىگىتمۇ كەپتىغۇ، — مەنسۇرخان ئەمدىلا بەش - ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان ئەڭ كىچىك ئىككى ئىنىسى، — يوسۇنتۇمۇر بىلەن توختى بۇغانى يېنىغا چاقىردى، — كېلىڭلار، مېنى بىر ھاببا ئېتىپ قويىماسىلە، — مەنسۇرخان يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىككى ئىنىسىنى باغرىغا بېسىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن باشقا ئىنىلىرىگە قارىدى، — ھەممىڭلار تەڭلا يوقلاپ كېلىپ ئەجەب خوش قىلىۋەتتىڭلارغۇ مېنى.

— زېرىكىپ قالغان بولسىلا دەرگاھلىرىنى بىردەم مالىمان قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ قويايلى دېدۇق، — جاۋاب بەردى سەئىدخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تولا ئوبدان. بەلكىم ئۆزلەمۇ زېرىكىپ قالغانلا تايىنلىق.

— كۆڭلىمىزدىكىنى تېپىۋالدىلا ئاغا، — دېدى باباچاق سۇلتان، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خان ئاتامنىڭ غەزەپ قىلىدىشىدىن قورقۇپ مەدرىسەنىڭ سىرتىغا چىقالمىغاندۇق...

— ھە، خان ئاتامنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ راسا بىر ئوردىكام ئوينىۋالىلى دېيىشىپسىلەر - دە، — دېدى مەنسۇرخان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

— كېسەللىرى شىپا تاپقان بولسا ئاغا - ئىنىلەر بىرلىكتە باراۋەت شىكارى قىلايلى دېيىشكەنىدۇق، — دېدى سەئىدخان مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ، — ھەقىچان سىلىمۇ زېرىكىپ قالدىلا. ئاغا - ئىنىلەرنىڭ بىللە باراۋەت قىلمىغىنىمىزغىمۇ خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قاپتۇ.

— پەيلىڭلاردىن يانساڭلار بولارمىكىن، ناۋادا خان ئاتام بىلىپ قالىدىغان بولسا تاناۋىمىنى قىرىق گەز تارتىدۇ.

ئۈمىدسىزلەنگەن ئابدۇخېلىلخان تۇمشۇق ئۈچلىدى:

— خان ئاتام يىراقتا تۇرسا، قانداق بىلىپ قالاتتى؟

— شۇنداق، بىزمۇ ئانچە يىراققا بارمايمىز. ماقۇل دېسىلە

ئاغا، ـــ دېدى شاھ مەھمۇدخان ئەركىلەپ.

ھەئە، ئىككى يىلدىن بېرى پۇختا تەييارلىق كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان ماڭلايسۆيەنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولۇپ قالغانىدى. بۇ تەرەپتىكى ئوردا ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن چوڭ خانزادىسى مەنسۇرخان باشقۇرۇۋاتاتتى.

خېلىدىن بېرى ئىنىلىرى بىلەن بۇنداق ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشىپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان مەنسۇرخان بىرئاز يۇمشاپ قالدى. ھەپتىدىن بېرى سىرتقا چىقماي ياتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ئىچى پۇشۇپ قالغانىدى.

ـــ ئەتىگىچە بىر گەپ بولسۇن، ـــ دېدى ئۇ ھازىرلا ماقۇللۇق بىلدۈرسە كىچىك ئىنىلىرىنىڭ ئەگىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

ئاكىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن سەئىدخان دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

ـــ ئۇنداق بولسا بۈگۈن بىزگە بىر تاماشا قىلىپ بەرسىلە ئاغا.

ـــ قايسى تاماشىغا كۆڭلۈڭلەر تارتىدۇ، دەڭلار ئەمىسە.

ـــ ئوردا سازەندىلىرىگە بۇيرۇپ مەشرەپ قىلىپ بەرسىلە. مەشرەپكە ئوردا سىرتىدىكى ئاداش ـ ئاغىنىلىرىمىزنىمۇ تەكلىپ قىلايلى. مەشرىپىمىزگە چوڭلارنىڭ ھېچقايسىسى دەخلى قىلمىسۇن.

ـــ بولىدۇ ئەمىسە، خەۋەرنى سىلەر قىلىڭلار، تەييارلىقنى مەن ئورۇنلاشتۇراي، مەشرەپ سورۇنىنى ئوردا بېغىدا تۈزسەك قانداق دەيسىلەر؟

ـــ بولىدۇ، ـــ دېدى ئىنىلىرى خۇشال بولۇپ ۋە ھەرقايسىلىرى ئۆزىنىڭ ئاداش ـ ئاغىنىلىرىنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن چاپارمەن ماڭدۇرۇشقا ئالدىراشتى.

※ ※ ※

بۈگۈن مەنسۇرخان چوڭ ئىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بەك داغدۇغا قىلىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن يۈز نەپەر نۆكىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقتى. شىكار پىشىن ۋاقتىغىچە ئانچە قىزىمىدى. سەۋەبى ــ ئۇلارغا ئوۋلىغۇدەك تۈزۈك ئولجا ئۇچرىمىغانىدى. ئۇلار پىشىن نامىزىنى ئوتتۇرا ياشلىق قۇشبېگى①نىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوقۇۋېلىشقاندىن كېيىن چۈشلۈك غىزا يېيىشتى. غىزا ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئانچە قوزغىيالمىدى. چۈنكى، چاناشتىكى سۇمۇ، مۇلازىملار ئېلىۋالغان قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈملەرمۇ چۆل ئاپتىپىدا ئىسسىپ بەتتام بولۇپ قالغانىدى.

قۇياشنىڭ قىيسىيىشىغا ئەگىشىپ چۆل ھاۋاسى ئاستا - ئاستا سالقىنلاشقا باشلىدى. كېيىن بىرپەس غۇر - غۇر شامال چىقتى. گەرچە شامال ئىسسىق بولسىمۇ، چۈش ۋاقتىدىكى تىنچىق ھاۋاغا قارىغاندا خېلىلا ھوزۇر بېغىشلايتتى. چېدىرنىڭ ئىچىدىكى تىنچىقتا تۈزۈك ئارام ئالالمىغان سەئىدخان سىرتقا چىقىپ ھاۋانىڭ خېلىلا سالقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاكا - ئىنىلىرىنى شىكارغا چىقىشقا ئالدىراتتى.

ــ ھاۋا خېلىلا سالقىنلاپتۇ. تىنچىق چېدىردا ياتقۇچە يەنە بىردەم ئولجا ئىزدىمەيلىمۇ.

ــ يا تۈزۈك ئولجا ئۇچرىمىسا، نېمە قىلىمىز ئىسسىقتا ئاۋارە بولۇپ، ــ دېدى ئىمىن خوجاخان ئورنىدىن تۇرغىسى كەلمەي.

ــ ئولجا دېگەن ئۆزلۈكىدىن ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ ئىنىم، ــ دېدى سەئىدخان كۈلۈمسىرەپ، ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا ھورۇنلۇق قىلماي. تېخى بىر كۈن بولا - بولماي بۇنداق ئېزىلەڭگۈلۈك

① قۇشبېگى ــ شىكارغا مەسئۇل بەگ.

قىلسىلا قانداق بولىدۇ. ئىنچىكىلەپ ئىز ئىزدەيدىغان بولساق ئۆلجىنى تاپماي قويمايمىز.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى مەنسۇرخان ئىنىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — شۇنچە ھەشەم تارتىپ شىكارغا چىققىنىمىزغا تۇشلۇق ئوۋ ئوۋلىيالمىساق باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزگە سەت. شۇنچە ھاۋالىق باغۇ بېھىشلەرنى تاشلاپ بۇ چۆلدە چېدىر تىكىپ ياتقاندىن كۆرە ئوۋ ئىزدەيلى.

نۆكەرلەر بىردەمدىلا چېدىرلارنى چۇۋۇپ يىغىشتۇردى. ئۇنىڭغىچە قۇشبېگى ئەۋەتكەن تەجرىبىلىك ئىككى ئىزچىمۇ قايتىپ كەلدى. قۇشبېگى چۇشلۇك غىزادىن كېيىنلا ئۇلارنى ئوۋ ئىزدەشكە ئەۋەتكەنىدى.

— قانداق بولدى؟ — تەقەززالىق بىلەن سورىدى قۇشبېگى.

— كۈنگەي تەرەپنىڭ ئون نەچچە چاقىرىم نېرىسىدىكى بەلدە نۇرغۇنلىغان جەرەنلەرنىڭ ئىزىنى بايقىدۇق. ماياقلىرىنىڭ يېڭى ھەم قۇرۇپ كەتمىگىنىگە قارىغاندا ئاشۇ ئەتراپتا ئوتلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ياشتا چوڭراق ئىزچى.

ئوۋ خەۋىرىنى ئاڭلاپ خانزادىلەر قايتىدىن جانلاندى.

— يول باشلا، — دېدى مەنسۇرخان ئىزچىلارغا قاراپ.

يۈزلىگەن ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئىزچىلارغا ئەگىشىپ جەرەن ئىزى بايقالغان يەرگە كەلگەندە غۇر - غۇر شامال خېلىلا كۈچىيىپ قالغانىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن تەلىيىمىز بار ئوخشايدۇ، — دېدى مەنسۇرخان شامالنىڭ كۈچەيگىنىدىن خوش بولۇپ، — جەرەنلەر بۇنداق شامالدا ئادەم ھىدىنى سېزەلمەيدۇ. ھەممەيلەن تەڭلا ھۇجۇم قىلماي بەش توپقا بۆلۈنۈپ قورشايلى.

خانزادىلەرنىڭ ھەربىرى يىگىرمىدىن نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ بەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىققا قاراپ ئات سالدى.

ئىزچىلار خاتالاشمىغانىدى. بىر توپ جەرەن قويۇق چاتقاللار

ئارىسىدا بەخىرامان ئوتلاۋاتاتتى. ئوۋچىلار ئۇلارغا قاراپ بىر قە- دەم ـ بىر قەدەمدىن يېقىنلاشتى. تۇيۇقسىز نەچچە ئونلىغان يا ئوقلىرى جەرەنلەر توپىغا قاراپ ۋىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. دەھشەتلىك بىر خەۋپنى كېچىكىپ سەزگەن جەرەنلەر جان قايغۇ- سىدا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراشقا باشلىدى. بوينىغا، سۆڭگىچىگە، قورسىقىغا ئوق تەگكەن جەرەنلەر ھېچنېمىگە قارىماي جېنىنىڭ بارىچە قاچاتتى.

سەئىدخان قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئەركەك جەرەننى قوغلى- غاچ يادىن ئوق ئۈزۈۋىدى، ئوق دەل جەرەننىڭ سۆڭگىچىگە سان- جىلدى. ئوق تېگىشى ھامان جەرەن سەل ـ پەللا مۇدۇرىدى ـ يۇ، يەنە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى.

«سېنى تىرىك تۇتماي قويمايمەن... »

سەئىدخان ئېتىنىڭ سۆڭگىچىگە قاتتىق قامچا سالدى. ئات قۇيۇندەك چېپىشقا باشلىدى. ئۇ ئوقيانى بوينىغا ئېسىۋېلىپ، ئېگەرنىڭ قۇشبېشىدىكى مەشۇتتىن ئىشلىگەن سالمىنى قولىغا ئالدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆزى يەتكەن ھامان سالمىنى جەرەنگە تاشلاش- قا تەييارلانغانىدى.

شۇ ئەسنادا باياتىن بېرى كۈچىيىشكە باشلىغان شامال بىر- دىنلا قارا بورانغا ئۆزگەردى. ئەتراپنى سارغۇچ تۇمان باستى. ھايال ئۆتمەي تۇمان شۇنچىلىك قويۇقلاشتىكى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ـ قۇم دانچىلىرى كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. سەئىدخان قېچىپ كېتىۋاتقان جەرەننى كۆزىدىن يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېتى- نى جان ـ جەھلى بىلەن چاپتۇراتتى. سول قولىدا ئاتنىڭ چۇل- ۋۇرى، ئوڭ قولىدا سالما بار ئىدى...

قارا بوران تۈن تەڭ بولغانىدا پۈتۈنلەي توختىدى. ئاسمان- غۇۋا ئاي، خىرە ـ شىرە يۇلتۇزلار كۆرۈندى. بىر دۆڭنىڭ يوتى- سىدا بوراننىڭ توختىشىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ دالدىلىنىپ تۇرغان مەنسۇرخان نۆكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈردى:

ــ چاققان بولۇڭلار، ئەتراپتىن خانزادىلەرنىڭ دېرىكىنى

ئىلىڭلار!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆزىمۇ ئىككى نۆكەر بىلەن ئەتراپنى ئىزدەشكە كىرىشتى. قارا بوران قانداق تېز چىققان بولسا، بوراد-دىن كېيىن ھاۋامۇ شۇنچە تېز سۈزۈلدى. كۆك قەھرىدىكى تولۇن ئاي بارغانسېرى نۇرلىنىپ زېمىننى غۇۋا يورۇتتى. ئۇنىڭغا ئە-گىشىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان يۇلتۇزلارمۇ جىمىرلاشقا باشلىدى. مەنسۇرخان بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئىمىن خو-جاخان، شاھ مۇھەممەدخان، ئابدۇخېلىلخان قاتارلىق ئىنىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار بوراندا نۆكەرلىرى بىلەن ئايرىلىپ كەت-مەي بىرەر دۆمبەلچەك ياكى بىرەر يارلىقنىڭ دالدىسىغا كىرىۋې-لىپ بوراندىن پاناھلانغانىدى. ئارىدا سەئىدخان بىلەن باباچاقخان-نىڭ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى. ھەئە، شۇ چاغقىچە تېخى قۇشبېگىدىنمۇ خەۋەر يوق ئىدى.

— نەگە كەتكەندۇ؟

— ئىككىسى بىللىمىدۇ؟

— ھېلىغىچە بىزنى ئىزدىشى كېرەك ئىدى.

— ئادىشىپ يىراقلاپ كەتمىگەندۇ ـ ھە؟

— بۇ چۆلدە يىرتقۇچلار تولا تۇرسا.

— ئەندىشە قىلماڭلار. قېشىدا نۆكەرلەر بار. بەلكىم قۇش-بېگى بىلەن بىللىمۇ تېخى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تەسەللى بەرگەندەك قىلغان بىلەن ئەن-دىشىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

— قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم ئۆزى پاناھىدا ساقلار، — دېدى مەنسۇرخان ئىمكان بار ئەندىشىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — يۈرۈڭلار، ساقلاپ تۇرۇۋەرمەي ئىزدەپ باقايلى.

مەنسۇرخان ئېتىنى دېۋىتىپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شۇ ھامان يۈرىكىدىكى ئۈمىد شا-مى ئاجىز پىلىلدىدى ـ دە، ئېتىغا قامچا سالدى. ئاتلىقلارنىڭ ئا-رىسىدا خانزادە باباچاقخان بىلەن قۇشبېگى بار ئىدى. مەنسۇرخاد-

نىڭ ۋۇجۇدىنى قايتىدىن غەم ـ ئەندىشە چىرمىۋالدى. ئۇ نۆكەر ـ لىرىنى ئىپدىتلىۋىدى، يەتمىش يەتتە چىقتى. سەئىدخاندىن باشقا يەنە يىگىرمە ئۈچ نۆكەرمۇ يوق ئىدى.

— بۆلۈنۈپ ئىزدەيلى. سەئىدخان بىلەن كىم ئاگال ئۇچراشسا ئوت يېقىپ بەلگە بەرسۇن. ئىلدام بولۇڭلار.

مەنسۇرخان ئات ئۈستىدە ئەتراپقا توختىماي نەزەر تاشلايت- تى. قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. تىرىىقىدە قىلغان ئا- جىز شەپىنىمۇ نەزەرىدىن ساقىت قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتكۈل سەزگۈلىرى ئاجايىپ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئالىيلىرى. بۇنداق قارىسىغا ئىزدەپ يۈرمەيلى، — دېدى قۇشبېگى.

— ئەمىسە قانداق ئىزدەيمىز؟ — سورىدى مەنسۇرخان تە- ئەددى بىلەن.

— ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ گۈلخان ياقايلى. بەلكىم خانزادىمۇ بىزنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. گۈلخاننى كۆرسە چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

مەنسۇرخان بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن نۆ- كەرلەرگە پەرمان بەردى:

— ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ گۈلخان يېقىڭلار!

ھەش ـ پەش دېگۈچە دۆڭنىڭ ئۈستىدە غايەت زور بىر گۈل- خان پەيدا بولدى. نۆكەرلەر گۈلخانغا توختىماي ئوتۇن تاشلايتتى. قاقشال بولۇپ كەتكەن سۆكسۆك، يۇلغۇن، چاكاندا، توغراق شاخ- لىرى چاراسلاپ كۆيەتتى. ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە كۆيۈۋات- قان ئوت يالقۇنى تۈن باغرىنى تىلغاپ ئەتراپقا شولا چاچاتتى. مەنسۇرخان بۇ ئوت يالقۇنىنىڭ تۈن قوينىدا بىر نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىنمۇ كۆرۈنىدىغانلىقىنى، ئىنىسى سەئىدخان بۇ ئوت يالقۇننى كۆرسە ھايالشمايلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈرسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئات ئۈستىدە

تۇرۇپ پات ـ پات ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى. تولۇن ئاي غەربىي ئۇپۇققا ئاستا ـ ئاستا سىلجىيتتى. نۆكەرلەر گۈلخانغا توختىماي ئوتۇن تاشلايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ شەرقىي ئۇپۇق سۇزۇلۇشكە، تۈن پەردىسى ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ زېمىن ئاقىرىشقا باشلىدى. ئانچە ئۆتمەيلا شەرقىي ئۇپۇق سۇس قىزىرىپ كېيىن قېنىق قان رەڭگىگە كىردى ـ دە، چۆللۈكنىڭ بىر چېتىدىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى.

يوقاپ كەتكەنلەرنى ئىزدەشكە كەتكەن نۆكەرلەر بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار يوقاپ كەتكەن يىگىرمە ئۈچ نەپەر نۆكەرنى تولۇق ئىزدەپ تاپقانىدى. ئۇن نەچچە نۆكەر ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋالغانىدى. پەقەت سەئىدخانىلا تېپىلمىغانىدى. نۆكەرلەر مەنسۇرخاننىڭ تەقەززالىق، تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا خىجىل بولۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى.

تۈن نىسپىدىن كېيىن نۆكەرلەر راسلاپ بەرگەن يۇمشاق تۆشەكتە يېتىپ ئۇخلاپ قالغان خانزادىلەر ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشىدىن ئويغىنىپ كېتىشتى ۋە ئاكىسى سەئىدخاننىڭ تېخىچىلا دېرىكى بولمىغانلىقىنى بىلىپ بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قاراشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت چۇلغىۋالغانىدى.

— ئاغام سەئىدخان نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

خانزادە ئابدۇخېلىلخان شۇنداق دېدى ـ دە، پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمىن خوجاخانمۇ خىتىلداشقا باشلىدى.

— ئەزىز ئىنىلىرىم سەۋر قىلىشسىلا، — دېدى مەنسۇرخان كۆز چاناقلىرىغا لىق تولغان يېشىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — سەئىدخانغا ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇنى چوقۇم تاپىمىز.

ئىنىلىرىغا تەسەللى بېرىپ ئاشۇنداق دەپ قويغان بىلەن،

سەئىدخانغا بىر ئىش بولماسلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى. ۋۇجۇدىنى چىدىغۇسىز بىر خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. يۈرىكى پىچاق تىققاندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. تۈرلۈك ۋەھىمىلىك ئېھتىماللىقلارنى كاللىسىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر ئاۋازى يەتسە پۈتكۈل جاھانغا: «ئىنىم سەئىدخان، قايداسەن؟» دەپ توۋلىغۇسى كېلەتتى. تۈنۈگۈندىن تارتىپ ئات ئۈستىدە مىدىرلىماي ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن يوتا ــ پاقالچاقلىرى ئۇيۇشۇپ، كاسا، تېقىم، بەللىرى تېلىپ ئاغرىيتتى. ئەمما بۇ ئازابنى قىلچىلىك ھېس قىلمايتتى. ئەس ــ يادى سەئىدخاندا قالغانىدى. كۆزلىرى يىراق ــ يىراقلارغا تەلمۈرەتتى. بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالغانلىقى ئۈچۈن كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەندى.

ــ قاراڭلار! ئەنە كېلىۋاتىدۇ!

قايسى بىر نۆكەرنىڭ توۋلىغان بۇ ئاۋازىدىن مەنسۇرخاننىڭ يۈرىكى چەكسىز بىر ھاياجاندا گۈپۈلدىدى. كۆز ياشلىرى يار ئالغان توغاندەك تاراملاپ تۆكۈلدى. مۆگدەپ تۇرغان ئېتىغا قامچا سالدى. قامچا زەربىسىدىن چۆچۈگەن ئات يادىن چىققان ئوقتەك ئۈچتى. باشقىلارمۇ دەمبەسقەدەم ئات سالدى.

يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتلىق ھەقىقەتەن سەئىدخان ئىدى ئۇمۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ ئېتىغا قامچا سالدى. مەنسۇرخان ئىنىسىغا يېقىنلاشقاندا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى زەرب بىلەن تارتتى. بار كۈچى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتقان ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى ــ دە، گويا خۇشاللىقىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك قاتتىق كىشنىۋەتتى.

ئاكا ــ ئىنىلەر ئاتلىرىدىن تەڭلا سەكرەپ چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىنىسىنى باغرىغا مەھكەم باسقان مەنسۇرخان ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىگە يېنىش ــ يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇنىڭغىچە يېتىپ كەلگەن باشقا قېرىنداشلارمۇ ئىككى ئاكىسىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىشتى.

— جەرەننى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ توپتىن ئايرىلىپ
قاپتىمەن. كېيىن تەرەپنى پەرق ئېتەلمەي...
ئىنىلىرى ئۇنىڭدىن جەرەننى قوغلاپ نەگە يەتكەنلىكىنى،
كېچىنى يالغۇز قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا
ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى سورايتتى.
ھەئە، سەئىدخاننىڭ ئېتىغا بىر جەرەن غانجۇغىلانغان بو-
لۇپ، ئېخىچىلا تىرىك ئىدى. سۆڭگىچىگە سانجىلغان يا ئوقى شۇ
پېتىچىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان
قارا بوراندا جەرەننى قانداق قىلىپ تىرىك تۇتۇۋالغانلىقى، يىرت-
قۇچ ھايۋانلار قاپلىغان بۇ جاڭگالدا بىر كېچىنى قانداق قىلىپ
يالغۇز ئۆتكۈزگەنلىكى بىر سىر ئىدى. سەئىدخان ئىنىلىرىنىڭ
سوئالىغا ئانچە تەپسىلىي جاۋاب بەرمىگەنىدى. جەرەنگە كۆزى
چۈشكەن مەنسۇرخان ئىنىسىنىڭ باتۇرلۇقىغا يەنە بىر قېتىم قا-
يىل بولدى.
ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن بورانلىق كېچىدىكى ئۇۋ بۇ ئا-
تا بىر ئانا باشقا ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى تې-
خىمۇ قاتتىق چىڭىتقانىدى.

※ ※ ※

چوڭلۇقى شاھنىشىندىن سەل كىچىكرەك بولسىمۇ بېزىلى-
شى، ھەشەمەتلىكلىكى ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان بۇ سارايىنى ياغاچ
كۆمۈرى سېلىنغان تۆت دانە چويۈن ئاتەشدان باھاردەك ئىسسىتى-
ۋەتكەنىدى. قاتمۇقات سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە كۆڭلەكچان ھا-
لەتتە ئوڭدىسىغا ياتقان مىرزا ئابابەكرىنىڭ دىۋىدەك بەستى شۇن-
چە يوغان كاتسۇپىغا لىقلا كەلگەنىدى. ئۇن يەتتە ـ ئۇن سەككىز
ياشلار ئەتراپىدىكى تۆت مەھرەم يىگىت ئۇنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرى-
پىدە ئولتۇرۇپ ئۇستىخىنىنى، پۇت ـ قوللىرىنى ئېھتىيات بى-
لەن يۇمشاق تۇتۇۋاتاتتى. كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان مىرزا ئابابەكرى-

نىڭ ئۇخلىغىنىنى ياكى ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ۋۇ-جۇدىنى ۋەھىمە باسقان بىچارە مەھرەم يىگىتلەر قاتتىق تىترىشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئىسسىقتىنمۇ ياكى ئەنسىرىشتىنمۇ ئەيتاۋۇر تەرلەپ كېتىشكەندى.

مىرزا ئابابەكرى ئويغاق ئىدى. بىر ۋارقىراپلا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرىنى تىترىتىۋېتەلەيدىغان بۇ زالىم ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىگە شۇ تاپتا غەم لەشكەرلىرى قورقۇنچلۇق ۋەھىمە سالغانىدى. ئۇ كۆز كىرگەندىن بېرى ياركەنت شەھىرىنى ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك لەشكەرلىرىگە ناغرا چالدۇرۇپ، سۈرەن سالدۇرۇپ، تىل ــ ھاقارەت ياغدۇرۇپ جەڭگە ئۈندەۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخانغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئەپچىل چارە تاپالماي ئىچى سىقىلىپ كەتتىمۇ ياكى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلەك ــ تامبىلىغا قوشۇپ ئەۋەتكەن بىر پارچە ھاقارەتلىك مەكتۇپى كاللىسىغا كىرىۋالدىمۇ ۋە ياكى مەھرەملەرنىڭ پۇت ــ قولىنى تۇتۇشى خۇشياقمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئورنىدىن دەس تۇردى ــ دە، كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ يوقىلىش!

بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن خۇددى ساراي كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، باشلىرىغا جاللاتنىڭ قىلىچى تەڭلەنگەندەك چۆچۈپ كەتكەن تۆت مەھرەم يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ تىترىدى-دە، كاتسۇپىدىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك چۇشۇپ ئۆزلىرىنى سارايىنىڭ تېشىغا ئاتتى.

سارايىنىڭ ئىچىنى يەنە مۇدھىش جىمجىتلىق قاپلىدى. يالغۇز قالغان مىرزا ئابابەكرى سارايىنىڭ تۆت تېمىغا مەقسەتسىز قاراپ قويۇپ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى پەر ياستۇققا يۆلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغاندەك سەزدى ــ دە، كۆڭلىدىن بىر دەملىك تارقالغان ۋەھىمە ۋۇجۇدىنى قايتىدىن چىرمىۋالدى. بۇ ۋەھىملىك تۇيغۇلاردىن قۇتۇلۇپ كەت

مەكچى بولغاندەك كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى.

«تاجۇ تەختىم، دۆلەت ـ پاراغىتىم مۇشۇنداقلا قولۇمدىن كېتىپ قالارمۇ؟ شۇنچە شەۋكەتلىك سۇلتان يۇنۇسخانمۇ سان ـ ساناقسىز سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپمۇ بىر تال مو ـ يۇمنى تەۋرىتەلمىگەنىدى. يەنە تېخى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان ـ دى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقماق ئەجەب تەسكە چۈشتى ـ يا؟ ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ بولسىمۇ لەشكەر چېكىندۈرەر دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ھەرقانچە قىلسىمۇ شۇنچە كۆپ لەشكەرگە ئاقسۇ، كۇچار تەرەپتىن ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇپ ئۆلگۈرتۈپ بولالماس. ئەسلى ئەينى يىلى سۇلتان يۇنۇس ـ خان ئۇنى تۇرپانغا تاشلاپ قويۇپ تاشكەنتكە كەتكەن ۋاقىتتا، بە ـ دەخشان، ئەندىجان تەرەپكە كۆز تىكمەي ئۇدۇل تۇرپانغا لەشكەر تارتسام بوپتىكەن. ئۇنى كىچىك، سەلتەنەت، لەشكىرىي ئىشلارغا خام، قاچان لەشكەر تارتىپ بارسام ئۇل يەرنى داستىخاندىكى مەزە ـ نى يېگەندەك ئاسانلا يەۋېتىمەن دەپ سەل چاغلىغانىكەنمەن. بە ـ دەخشان، ئەندىجاننى قولۇمغا ئېلىش تۈگۈل كىچىككىنە ۋاخان[1] بىلەن كانجۇت[2]نىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدىم. ئۇنىڭغىچە يۇنۇسخاننىڭ بۇ بەچچىسىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ، توشقان ئۇۋۇلاشقىمۇ يارىمايدىغان بۆرە كۈچۈكىدىن شىر ـ يولۋاسقا ئايلاندى. تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاقسۇنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدۇم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ شۆھرىتى جاھانغا تاراپ، ئالاچىخان دېگەن نامىنى ئاڭلىسا ئەتراپتىكى خان ـ سۇلتانلار تىترەيدىغان بولدى. ماڭلايسۆيەنى ئۇنىڭغا راستىنىلا تارتتۇرۇپ قويارمەنمۇ؟ مانا بىر نەچچە ئايدىن بېرى تەختىنى بىكارلا دەپ ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ، جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، لەشكەرلىرىگە تىللاتقۇزۇۋاتىدۇ. بۇنى ئاز دەپ ئەمدى خاتۇن كىشىنىڭ كۆڭلەك ـ تامبىلىنى ئەۋەتىپتۇ تې ـ

① ۋاخان ــ ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدە.
② كانجۇت ــ پاكىستان تەۋەسىدە.

خى. ۋادەرىخ! نېمىدېگەن چىدىغۇسىز ھاقارەت بۇ؟!...»

مىرزا ئابابەكرى ھەسرەتلىك پۇشۇلدىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىلىم خۇمارى تۇتقانىدى.

— قايسىڭ بار؟

ئىشىك تۈۋىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان مەھرەم ئالاقزادىلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كىردى.

— لەببەي قىبلىگاھىم!

— چىلىم! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

ھايال ئۆتمەي چىلىمچى نەقىشلىك دەستىسىگە ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان چىلىمنى كۆتۈرۈپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ كۆككە[1] مەيلى تارتامدىكىن ياكى قارا[2]غىمۇ؟

— ئارىلاشتۇرا!

چىلىمچى ئەپچىل بارماقلىرى بىلەن چىلىمنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان سەيخانىسىغا ئەپيۇن بىلەن نەشىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ مىرزا ئابابەكرىگە تەڭلىدى. ئاندىن لاخشىگىر بىلەن ئاتەشداندىن بىر تال چوغنى قىسىپ ئېلىپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا ئاۋايلاپ سالدى. مىرزا ئابابەكرى چىلىمنى خۇددى دەم تارتقاندەك بىر نەچچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن ھۇزۇرلۇق بىر كەيپىياتتا تۇتۇننى ئاستا - ئاستا سىرتقا پۈۋلىدى. ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىققان كۆكۈچ ئىس ھاۋادا ھالقا بولۇپ لەيلىدى. خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن چىلىمچى ھاۋادا لەيلەپ تۇرغان ئىسنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى.

مىرزا ئابابەكرى ئەنە ئاشۇ تەرزدە بىر قانچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن چىلىمنى چىلىمچىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— ئانھەزرىتىم ئاشقىنىنى كىمگە ئېلىتىپات قىلىدىكىن؟

---

① كۆك — كۆكنار، يەنى ئەپيۇن.

② قارا — نەشە.

ــ ئۆزۈك چېكىنۋەت، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپاتتىن قاتتىق ھاياجانلانغان چىلىمچى گۈپپىدە تىزلىنىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا مىننەتدار-لىقىنى بىلدۈردى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا.

ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى چىلىمنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى.

ھەئە، مىرزا ئابابەكرى ھەر قېتىم چىلىم تارتقاندا ئاشقىنىد-نى ئەمىر ـ بەگلىرىگە ئىلتىپات قىلىۋېتەتتى. بۇ كاتتا ئىلتىپات ھېسابلىناتتى. بۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى چەكسىز بەختلىك، ئابرۇيلۇق ھېس قىلىشاتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە خاس چىلىمچىلىق قىلىۋاتقان بۇ مەھرەمگە چىلىم ئىلتىپات قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ خاننىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتىدىن بىر خەزىنە ئالتۇن ئىنئام ئالغاندەك خۇ-شال بولۇپ كەتكەنىدى.

چىلىمچى نەشە بىلەن ئەپيۇننىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان بۇ كاتتا ئىلتىپاتنىڭ ھاياجىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، خۇددى قانات ياساپ ئۇچقاندەك بىر تۇيغۇدا سارايدىن ئاستا يېنىپ چىقتى.

چىلىمنىڭ كەيپىدە كۆڭلى بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كاللىسىغا بايىقى گادىرماچ خىياللار يەنە كىرىۋال-دى.

«مۇداپىئەسى چىڭ، سېپىللىرى شۇنچە مۇستەھكەم قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى بىرلا ھۇجۇم بىلەنلا تارتىۋالدى. ئۆزۈمدىن كەت-تى. ئاشۇ نان كور ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە زىيادە ئىشىنىپ كەت-مىگەن بولسام، قەشقەردە ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە ئۆزۈم چىققان بولسام ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئاش-لىق، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ياركەنتكە ۋاقتىدا يۆتكىۋالغانىكەن-مەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تېخىچىلا

ئۆكسۈپ قالمايۋاتىدۇ. راست، ئەمىر ـ بەگلەر پەرمانىمنى تولۇق
ئورۇنلىماي شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى رەئىد-
يەتنىڭ ئۆزۈق ـ تۈلۈكىنى تولۇق يىغىۋالمىغان ئوخشايدۇ. بۇ
ھۇرۇن ئىشەكلەر چوقۇم شۇنداق قىلغان گەپ. سۇلتان ئەھمەد-
خاننىڭ لەشكەرلىرى ئاشۇ ئاۋامنىڭ قولىدىكى ئۆزۈق ـ تۈلۈككە
تايىنىپ جان ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. پەرمانىمنى تولۇق ئادا
قىلمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرستىمەن ئۇلارغا...»

— قايسىڭ بار! — غەزەپلەنگەن مىرزا ئابابەكرى يەنە توۋلى-
دى.

خاس مەھرەم ئالاقزادىلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كىردى.

— شاھىنشىنغا چىقىمەن.

ھايال ئۆتمەي دەستارپىچ كىرىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ شاھانە
تون ـ سەرپايىلىرىنى كىيدۈردى. ئۇنىڭغىچە جاكارچى ئۇنىڭ
شاھىنشىنغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ توۋلاشقا باشلىدى:

— خان ئالىيلىرى شاھىنشىنغا چىقتى!

جاكارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يەنە بىر جاكارچىمۇ باشتى-
كى جاكارچىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاشقا باشلىدى. بىردەمدىلا پۈت-
كۈل ئوردىنىڭ ھەممە يېرىدە بۇ ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەئە، ئەمىر ـ
بەگلەرگە بىرمۇ بىر خەۋەر يەتكۈزۈپ بولغۇچە ۋاقىت سوزۇلۇپ
كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئوردىنىڭ ھەممە يېرىدە جاكارچى بار ئىدى.
بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان يەنە بىرى توۋلايتتى. بۇنى
ئاڭلىغان ئەمىر ـ بەگلەر ئالدىراش شاھىنشىنغا يۈگۈرەيتتى.

شاھىنشىننى گۆرىستانلىقتەك سۈكۈت باسقانىدى. مىرزا
ئابابەكرىنىڭ تۇيۇقسىز ئوردىغا چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمى-
گەن ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن گۇمانسىراپ قارىشاتتى.
ھەممىسىنىڭ يۈرىكى ۋەھىمىدىن پوكۇلداپ كەتكەنىدى. قات-
تىقراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

مىرزا ئابابابەكرى تەختنىڭ ئالدىدا قول باغلاشقىنىچە باش-
لىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئەمىرلەرگە ھومىيىپ قارىۋەتكەندىن

كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سەھرا ـ قىشلاقلاردىكى رەئىيەتنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەرىنى يىغىۋېلىشقا قايسىلىرى مەسئۇل بولغان؟

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ سورىغان بۇ سوئالىدىن ئەمىرلەر چۆچۈشۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ھەئە، سۇلتان ئەھمەدخان قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى تارتىۋالغاندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى بىر تەرەپتىن ياركەنت شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە پەرمان بەرسە، بىر تەرەپتىن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىن — ئۇ تەرىپى پوسكام ـ قاغىلىق، بۇ تەرىپى ئېلىشقۇ ـ مەكىتكىچە بولغان دائىرىدىكى خەلقنىڭ قولىدىكى ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى تولۇق يىغىۋېلىش توغرىسىدا پەرمان بەرگەندى. ئەلۋەتتە بۇ پەرماننى خېلى كۆپ ئەمىرلەر تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ تەڭ ئورۇنلىغانىدى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى تىترەپ تۇرۇپ ئالدىغا بىر قەدەم چىققان ئاشلىق دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا ياقۇپ دوغلات، — پەرمانلىرىغا بىنائەن رەئىيەتنىڭ قولىدىكى ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تامامەن يىغىۋالغانىدۇق. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا مال ـ چارۋا ئەمەس، توخۇ ـ ئۆردەكلىرىمۇ قالمىدى.

— ئۇنداقتا شەھەر سىرتىدىكى تۈمەنلىگەن ياۋ لەشكەرلىرىگە بىرى ئاسماندىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك تاشلاپ بېرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

مىرزا ياقۇپ دوغلاتنىڭ نېرۋىلىرى زىڭىلداپ، چىرايى تاتىرىپ، تىلى گەپكە كەلمىدى.

— ياركەنت مۇھاسىرىدە تۇرغىلى تۆت ئايدىن ئاشتى. شۇنچە ئۇزاق قارا قىشتىمۇ ياۋ لەشكەرلىرى ئۇزۇق ـ تۈلۈكتىن ئازراقمۇ قىينالمايۋاتىدۇ. سىلى بولسىلا رەئىيەتنىڭ ئازراقمۇ زاپاس ئاشلىقى يوق دەۋاتىدىلا. ئېيتسىلا، سىلى ئول ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى قانداق يىغىۋالغانىدىلە؟

— يالغان ئېيتىشقا ھەددىم ئەمەس ئالىيلىرى. شول كۈن-

لەردە سەھرا ـ قىشلاقلاردىكى ئاۋامنىڭ ئۆيىدە چىش ـ كولىغۇ-
دەكمۇ بىر نەرسە قالمىدى.

مىرزا ئابابەكرى مىرزا ياقۇپ دوغلاتقا نەشتەردەك تىكىلدى:

ــ ئەمىسە مەن يالغان ئېيتىپتىمەن ـ دە؟

ــ ھەددىم ئەمەس.

ــ ئۇنداق بولسا سىلى پەرمانىمنى تولۇق ئادا قىلماپتىلا. ئاۋام ـ رەئىيەت يالغاندىن ئۇزۇق ـ تۈلۈكىمىز يوق دەپ قويسا ئىشەندىلە. قازناقلىرىنى، ئاشلىق ئورىلىرىنى ئاقتۇرمىدىلا شۇنداقمۇ؟

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغان ياقۇپ دوغلاتنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىدى. بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە لام ـ جىم دېمىدى.

ــ مىرغەزەپ!

شاھىنشىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان مىرغەزەپبەگ① يۈگۈرۈپ كىردى.

ــ لەببەي قىبلىگاھىم!

ــ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلغان ئاشلىق دىۋانىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ياساققا يەتكۈزۈلسۇن②!

جاللاتلار يۈگۈرۈپ كىرىپ مىرزا ياقۇپ دوغلات قاتارلىق ئون نەچچە ئەمىرنى دارقىرىتىپ سۆرەپ چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى قان تولغان كۆزلىرىنى دىر ـ دىر تىترەۋاتقان ئەمىرلەرگە يۆتكىدى. شۇ تاپتا ئەمىرلەر چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى.

ــ سىپىلنىڭ مۇداپىئەسىگە قاتتىق ئاگاھ بولۇڭلار، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشىتىپ، ــ ياۋ چېكىنىپ كەتمىگۈچە ھېچكىمنىڭ قەسرگە قايتىپ تۈنىشىگە رۇخسەت يوق. كىمكى شۇنداق قىلىشقا پېتىنىدىكەن، جەددى ـ

① مىرغەزەپبەگ ــ جاللاتلارنىڭ باشلىقى.

② ياساققا يەتكۈزۈلۈش ــ كاللىسىنى ئېلىش.

جەمەتىگىچە قىرىپ تاشلىنىدۇ، قايتىڭلار.

ــ قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ھەشقاللا!

ئۈلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان ئەمىرلەر يەڭگىل تىنغىنىچە شاھنىشىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىراشتى.

※ ※ ※

سۇلتان ئەھمەدخاننىمۇ غەم باسقانىدى. گەرچە قەشقەر بىلەن يېڭىسار قەلئەسىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئانچە تالاپەت كۆرمىگەن بولسىمۇ، ياركەنت شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا بۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى. كەچ كۈزدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ھېيلىگەر مىرزا ئابابەكرى شەھەرگە مەھكەم بېكىنىۋېلىپ بىر قېتىممۇ جەڭگە چىققىلى ئۇنىمىدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەر كۈنى سېپىل تۈۋىگە بېرىپ تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇشلىرىمۇ، غۇرۇرىغا تېگىپ جەڭگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەرگەن ئايال كىشىنىڭ كۆڭلەك ـ تامبىلىمۇ كار قىلمىدى. ھېيلىگەر مىرزا ئابابەكرى بۇ كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز ھاقارەتلەرگە چىشىنى چىشلەپ چاشقاندەك ئىنىغا كىرىۋالغانىدى.

«ئۇ مەندىن ۋاقىت ئۇتماقچى، ــ دەپ ئويلىدى سۇلتان ئەھمەدخان، ــ ۋاقىت ئۇزارسا نەچچە تۈمەن لەشكەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشتۇرەلمەيدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمدى تېخى قىش ئاخىرلىشىپ، توڭ ئېرىپ، ئەگىز ئېقىشقا، دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئورما ۋاقتىغا يەنە بەش ـ ئالتە ئاي ۋاقىت بار. سەھرا ـ قىشلاقلاردىكى رەئىيەتنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يىغىۋالغىنىغا قارىغاندا جەڭگە چىقماي، شەھەرنىڭ سېپىل ـ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم بېكىتىپ يېتىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان گەپ. بولمىسا لەش ـ

كەرلەرنىڭ ھەر كۈنى نەچچە ۋاق تىللاشلىرىغا، ناغرا چېلىپ جەڭگە ئۈندەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بۇرناكۇن ئەۋەتكەن خەت بىلەن خاتۇن كىشىنىڭ ئەگلىنى كۆرسە ھەرقانداق ئەركەك-نىڭ ئۆتى يېرىلماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇ چىدىدى. ھەقىقەتەن تا-قەتلىك ئىكەن. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر، دېگەن ئاتىلار سۆزىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر. كاشغەر، يېڭىسارىدىكى جەڭدە تۇزۇك چىقىم تارت-مىغان بىلەن ياركەنت شەھىرىدە جەڭ قىلماي تۇرۇپلا خېلى كۆپ لەشكەرلەر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ھەر قېتىملىق قىلغان نۇسرەتسىز ھۇجۇممىز يۈزلىگەن لەشكەر ـ سەرۋازلارنىڭ بىھۇدە ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى. ياۋ كاماندازلىرى ھەقىقەتەن مەرگەن ئىكەن. مەنچاناق①، زەمبىرەكلەرنىمۇ دەل جايىغا نىشانلاپ ئاتىدىكەن...»

سۇلتان ئەھمەدخان ياركەنت شەھىرىگە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ باققان بولسىمۇ، شەھەر سېپىلىنى مەھكەم قوغداپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى يا ئوقى، مەنچاناق، زەمبىرەك، ياغاچ ـ تاش ۋە قاينىتىلغان ياغ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ھۇجۇمنى چېكىندۈرگەنىدى. ئاشۇ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمدا ئۇ مىڭلىغان لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. مىڭلىغان لەشكەر-لىرى يارىدار بولدى. مۇستەھكەم شەھەر سېپىلى ئۇنىڭ يولىنى تاغدەك توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ــ چۈشلۈك غىزا تەييار بولدى ئالىيلىرى.

ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ بىكاۋۇل بەگكە قارىدى. ئەتى-گەندىن بېرى ناشتا قىلمىغاچقىمۇ قورسقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز قورسقى كور-كىراپ كەتتى. بۇ ئاۋازدىن ھەر ئىككىلىسى تەڭلا خىرىلداپ كۈ-لۈۋەتتى.

ــ غىزانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاشقازىنىم ئاگال جاۋاب بېرىد-ۋەتتىمۇ دەيمەن، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان كۈلكىسىنى توخ-

① مەنچاناق ــ تاش ئاتىدىغان قورال.

تىتىپ، ــ غىزانى مەشەگىلا ئەكىرىپ بەرسىلە.

ــ خوش!

بىكاۋۇل بەگ ھايال ئۆتمەي چىدىرغا بىر مەھرەم بىلەن كىرىپ كەلدى. مەھرەمنىڭ قولىدىكى پەتنۇستا بىر چىنە ئۇماچ بىلەن سىڭىپ پىشقان بىر زاغرا بار ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ مۇشۇنداق غىزالىنىۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتە بولاي دەپ قالغانىدى. بىكاۋۇل بەگ ئۇنىڭ قولىغا ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كېلىپ سۇ بەردى. ئۇنىڭغىچە مەھرەم يىگىت پاكار شىرەنىڭ ئۈستىگە پەتنۇسنى ئاۋايلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ــ ئۆزلىرىمۇ كەلمەملا، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان بىكاۋۇل ئەمىرنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.

ــ مەن سەل تۇرۇپ غىزالىنىمەن. قېنى غىزاغا ئىلتىپات قىلسىلا ئالىيلىرى. ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن.

سۇلتان ئەھمەدخان چىنىگە «بىسمىللا» دەپ قوشۇق سالدى. ئۇماچتا چامغۇردىن تولاراق گۆش بار ئىدى. گۆشنى كۆرۈپ بىردىنلا تەئەججۇپلەندى.

ــ ئەجەب بۇگۈن گۆش پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ؟

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى بىكاۋۇل بەگ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ــ ئەتىگەن مىرزا چاپپار بەردى بەگ جانابلىرى بىر قوينىڭ گۆشىنى ئەۋەتىپتىكەن، شورپا سېلىشقا كۆزىمىز قىيماي، ئۇماچقا ئازراق توغرامچە قىلدۇق.

ــ مۇنداق دېسىلە.

سۇلتان ئەھمەدخان بىر قوشۇق ئاشنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ بولۇپ يەنە سورىدى:

ــ گۆشكە نۆكەرلەرمۇ ئېغىز تەگدىمۇ؟

ــ يوقسۇ، ئالىيلىرىنىڭ غىزاسىغا بىر نەچچە كۈن توغرامچە قىلىپ بېرەيلى دەپ ساقلاپ قويدۇق.

ئۇ قوشۇقنى پاققىدە چىنىگە تاشلىدى.

ــ دېمەك، نۆكەرلەرنىڭ غىزاسى گۆشسىزكەن ـ دە؟

بىكاۋۇل بەگ كۆزىنى خاننىڭ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەپقېچىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق ئالىيلىرى.

— ئاشنى دەرھال ئاچىقىپ كەتسىلە، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان قاپىقىنى تۈرۈپ، — ماڭا نۆكەرلەرنىڭ غىزاسىدىن ئەكىرىپ بەرسىلە.

خاننى تاماققا زورلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىكاۋۇل بەگ ئاستا كېلىپ چىنىنى قولىغا ئالدى.

— گۆشنى نۆكەرلەرنىڭ كەچلىك غىزاسىغا بۇيرۇپ بەرسىلە.

— خوش!

ئاشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن بىكاۋۇل بەگ ھايال ئۆتمەي قايتىپ كىردى. پەتنۇستىكى قاتتىق زاغرىنى يەۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان «نېمە ئىش؟» دېگەننى قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— بىر كىشى خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ بارگاھ ئالدىغا كېلىۋاپتۇ. ئەرزى باردەك قىلىدۇ.

— باشلاپ كىرسىلە.

— خوش!

بىكاۋۇل بەگكە ئەگىشىپ شاھ چېدىرىغا كىرىپ كەلگەن دېھقان سۇپەت كىشى بوسۇغا تۈۋىدىلا موككىدە تىزلاندى ـ دە، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭ يېلىك، يىرتىق ئۇستىباشلىرىغا ئىچىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ گېلىنى قىردى:

— يىغا ـ زار قىلىپ خان ئالىيلىرىنى مالال قىلماي ئەرزلىرىنى دېسىلە، — دېدى بىكاۋۇل بەگ.

سۇلتان ئەھمەدخان بىكاۋۇل بەگنىڭ قوپاللىقىنى ياقتۇرمىغان ھالدا كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن نەزەرىنى دېھقانغا يۆتكەپ مۇلايىملىق بىلەن ئېغىز ئاچتى.

— كەلسىلە، بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرسىلا.

دېھقان ئۆپكىدەپ ـ ئۆپكىدەپ يىغىدىن توختىدى. ئەمما

ئۇلتۇرغان جايىدىن قىمىرلىماي سۇلتان ئەھمەدخانغا جۇرئەت-سىزلىك بىلەن قارىدى.

ــ تارتىنمىسىلا. نېمە ئەرزىيەتلىرى بولسا دەۋەرسىلە، ــ دېدى دېھقاننى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۇرۇپ.

ــ داد پادىشاھىي ئالەم، ــ دېھقاننىڭ كۆزىدىن يەنە تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ــ دەرگاھلىرىغا ئادالەتلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم.

ــ خوش، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان.

دېھقان بىر نەچچە دەقىقە ئۆپكىدەپ توختىغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ كۇزدىن مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىنىڭ چارۋا سېلىقىدىن يوشۇرۇپ قازناققا سولاپ باققان بىر توقلام① بار ئىدى. قىشتىن بېرى باللىرىمغا بۇردا نان تېپىپ بېرەلمەي قىينالساممۇ ئول توقلامنى ئۆلتۇرۇپ بېرىشكە قىيمىغانىدىم. ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار دەپتىكەن، قىينىلا - قىستىلا يازغا ئۇلىشىۋالسام بىرەر قوچقار تېپىپ كۇزگىچە قوزىلىتىپ كۆپەيتىۋالارمەن دېگەن ئۇمىدىم بار ئىدى. تۇنۇگۇن ئەتىگەن باللارنىڭ ئانىسى بىلەن يېگۇدەك بىر نەرسىنىڭ غېمىنى قىلىش ئۇچۇن قولۇم - قوشنىلاردىن ئۆتنە - يېرىم سوراپ چىقىپ كېتىپتىمىز. چوڭ ئىككى ئوغلۇممۇ بۇغدايلارنى توپىلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ھەممىمىز ھېلىقى مەرەز توقلىغا غازاڭ تاشلاپ بېرىشنى ئۇنتۇغان چېغىمىز، قارنى ئېچىپ مەرىگەن بولسا كىچىك ئوغلۇم ھويلىغا ئاچىققان چېغى. شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۇپ كېتىپ بارغان خان لەشكەرلىرى كۆرۇپ قېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىز بولغان بولساققۇ لەشكەرلەردىن ئول توقلىنى ھەرگىز تالاشمايتتۇق. لېكىن كىچىك ئوغلۇم توقلىنى بىگانە كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە چىدىماي قارشىلاشتىمكىن تاڭ، قانداق بولغىنىنى بىلمىدۇك. ئۆيگە كېلىپ قارىساق بالىمىز قېپقىزىل قاننىڭ ئىچىدە ياتىدۇ. كىچىك بالا دېگەننى ماڭە شۇم دەپ ئىتتىرىۋېتىپ، پاقلاننى ئېـ-

① توقلا ــ چىشى پاقلان.

لىپ كەتمەي...

دېھقان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھىقىقلاپ كەتتى. ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنگەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ غەزەپتىن مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كەتكەندى.

— قانخور، بەتبەختلەر!

دېھقان خاننىڭ تۇيۇقسىز غەزەپلەنگىنىنى كۆرۈپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان بىكاۋۇل بەگكە قاراپ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھېلىقى پاقلان ئەركەكمىكەن، چىشىمىكەن؟

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تاتىرىپ كەتكەن بىكاۋۇل بەگ ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— چىشى پاقلانىكەن.

— ئەمىر جاپپار بەردى بەگ دەرھال قېشىمغا كەلسۇن!

بىكاۋۇل بەگ دەرھال سىرتقا يۈگۈردى.

شاھ چېدىرنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. گەرچە ئەمدىلا قىرىق ـ ئەللىك ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغان، ئاچارچىلىق ۋە جاپادىن ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن دېھقاننىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ كەتتى.

«خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. قانداق قاباھەت بۇ. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم قورساق غېمىدە ئاۋام ـ رەئىيەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا چۈشكەن بولسا ـ ھە. ئەس ـ يادىم ياركەنت شەھىرىنى ئېلىش بىلەن بولۇپ بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن. مەن ئويلىمىساممۇ ئەمىر جاپپار بەردى بەگ ئويلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ قېيىنئاغام بولغان ئادەم مۇشۇنداق قىلسا باشقا سەركەردىلەر نېمىش قىلماقچى؟ ئەجەب ماڭا پاقلان گۆشى ئەۋەتىپتۇ دەپ ئويلاپتىمەنۇ، ئەمما ئول پاقلاننى نەدىن تاپقانلىقىنى

خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى بايا بىكاۋۇل بەگ ئەكىرگەن ئاشنى ئىچمەپتىكەنمەن...»

ھەئە، ئەمىر جاپپار بەردى بەگ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چوڭ خانىشى ساھىب دۆلەت خېنىمنىڭ ئاكىسى بولۇپ ئۇچ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەمىرى ئىدى. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشتە ئاقسۇغا كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىمۇ ئېلىۋالغانىدى.

شاھ چېدىرىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ئەمىر جاپپار بەردى بەگ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ غەزەپلىك تۇرقىنى كۆرۈپ بىرئاز ھودۇقتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

سۇلتان ئەھمەدخان سالامنى ئىلىك ئالماي، نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتسىلا، ئەتىگەن ئەۋەتىپ بەرگەن پاقلاننى نەدىن تاپقان ئىدىلە؟

خاننىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئەمىر جاپپار بەردى بەگ بىرئاز خاتىرجەم بولدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. ئۇل پاقلاننى تۈنۈگۈن نۆكەرلىرىم ئەتراپتىكى مەھەللىدىن تېپىپ كەپتىكەن. ئالىيلىرىنىڭ خېلىدىن بېرى گۆشكە ئېغىز تەگمىگەنلىكلىرى ئېسىمگە كېلىپ بىكاۋۇل بەگكە ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم.

— نۆكەرلىرىنىڭ ئۇل پاقلاننى قانداق تېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلەمدىلا؟

— بۇ تەرىپىنى سورىماپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزسىلا، ئاشۇ نۆكەرلەر ئالدىمغا كەلسۇن.

ئەھۋالنىڭ باشقىچىرەك تۈرغىنىنى ھېس قىلغان ئەمىر جاپپار بەردى بەگ بىردە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرغان سۇلتان ئەھمەدخانغا، بىردە چېدىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان

دېھقانغا، بىردە شاھ چېدىرىغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كەلگەن ئە
مىر ـ سەركەردىلەرنىڭ تەشۋىش چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ
قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

بىر چوڭقۇر چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە شاھ چې
دىرىغا ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كىرىپ كەلگەن ئالتە نەپەر نۆكە
سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ
لاغ ـ لاغ تىترىگىنىچە موككىدە تىزلاندى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى.

شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخان ئۇلارنىڭ بىر پاقلان ئۈچۈن
بىچارە دېھقاننىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى چۈشەنگەندى.

— سىلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك تېپىپ كېلىشكە كىم پەرمان
بەردى؟

خاننىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئەمىر جاپپار بەردى بەگنىڭ پۇت ـ
قولىدا جان قالمىدى.

— ھېچ... ھېچكىم... ئۆ... ئۆزىمىزچە... ئوۋ... لىغۇدەك
بىر نەرسە... تېپىپ... كېلەيلى... دەپ...

— غىزادىن قىسىلغانمىدىڭلار؟

پۇت ـ قوللىرىغا ئازراق جان كىرگەن نۆكەرلەر تىلىنى
چايناپ جاۋاب بەردى:

— يوقسۇ ئالىيلىرى... ئەمدى شۇ گۆشسىز غىزا يېگىلى
خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغاچقا...

— تايىنلىق مېنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشسەڭ بولمامدۇ بەتبەخت
لەر! — سۇلتان ئەھمەدخان ئەمدى غەزىپىنى باسالمىدى، — سەن
لەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندىن نېمە پەرقىڭ. تاس قاپتىمەن ئول
پاقلاننىڭ گۆشىگە مەنمۇ ئېغىز تېگىپ شېرىك بولغىلى. يېگەن
بولسام توڭگۇزنىڭ گۆشىنى يېگەندەك، ياق ئاشۇ رەھمەتلىك نا
رەسىدەنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولاركەنمەن. جاللات!

— لەببەي!

— مۇنۇ ئالتە مەلئۇننى ئاچىقىپ ياساققا يەتكۈزۈڭلار. كال

لىسىنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ ھەرقايسى لەشكەرگاھلاردا سازايى قىلىڭلار! سەرۋاز ـ لەشكەرلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن!

جاللاتلار ئالتە نۆكەرنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان شاھ چېدىرىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر ـ گە تەكشى بىر قارىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— لەشكىرىي قانۇن مۇقەددەستۇر. ئۇنى بۇزۇشقا، خىلاپلىق قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. سەرۋاز ـ لەشكەرلەرنى ئوبدان باشقۇرماي مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاقسۇ ـ ئۈچ لەشكەرگاھىدىكى ئەمىر جاپپار بەردى بەگ قاتارلىق بارلىق سەر ـ كەردىلەرنىڭ ھەربىرى يۈزدىن دەررىگە تارتىلسۇن!

خاننىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئە ـ مىرجاپپار بەردى بەگ موككىدە تىزلاندى:

— قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھىمىنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا.

نۆكەرلەر ئەمىر جاپپار بەردى بەگ قاتارلىق ئاقسۇ ـ ئۈچ ئەمىرلىرىنى ئاچىقىپ شاھ چېدىرىنىڭ ئالدىدا دەررىگە تارتىشقا باشلىدى.

— خەزىنىچى بەگ! — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان.

— لەببەي قىبلىگاھىم!

— پەرزەنتىدىن ناھەق ئايرىلىپ قالغان مۇنۇ دېھقانغا بەش چوكا ئالتۇن، بەش يۈز سەر كۈمۈش تۆلەم بېرىلسۇن. يەنە بەش چارەك قوناقمۇ قوشۇپ بېرىڭلار.

دېھقان ئۆمىلەپ بارغىنىچە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتىگە ھەشقاللا. تەڭرى بىزگە نوشۇرۋانى ئادىلنى ئەۋەتىپتۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان دېھقاننى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزدى:

— سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى ئوبدان باشقۇرمىغانلىقىم ئۈ ـ چۈن سىلىدىن ئەپۇ سورايمەن. بولغۇلۇق بولۇپتۇ. ئەمدى سەۋر قىلسىلا.

مەھرەملەر دېھقاننى چېدىردىن ئاستا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
ــ سىلەرمۇ قايتىڭلار، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئە-
مىر ـ سەركەردىلىرىگە قاراپ، ــ سەرۋاز ـ لەشكەرلەر بارگاھ-
لىرىدىن خالىغانچە ئايرىلمىسۇن. ئاگاھ بولۇڭلار، يەنە مۇشۇنداق
پاجىئە سادىر بولسا سىلەرنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايمەن.
ئەمىرلەر سالام بېرىپ چىقىپ كېتىشتى.
بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە سۇلتان ئەھمەدخانغا قاتتىق تەسىر
قىلغانىدى. ھېلى ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقان بىچارە دېھقان، ھېلى
بىر پاقلان ئۇچۇن جېنىدىن ئايرىلىپ قانغا بويىلىپ ياتقان بالا،
ھېلى ياركەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئوقيا، مەنچاناق، زەمبى-
رەك ئوقلىرى تېگىپ، سېپىلنىڭ ئۇستىدىن چېچىلغان قاينى-
تىلغان ياغدا كۆيۈپ جېنىدىن ئايرىلغان لەشكەرلىرى كۆز ئالدىدا
توختىماي زاھىر بولاتتى.
«ئاۋام ـ رەئىيەتنى بۇلاپ، ئاغزىدىكى ئاش ـ نېنىنى تارتى-
ۋېلىپ تۇرۇپ ماڭلايسۆيەنى تەسەررۇپۇمغا ئالغىنىمنىڭ نېمە
ئەھمىيىتى؟ بۇنداق قىلسام مىرزا ئابابەكرىدىن نېمە پەرقىم قا-
لىدۇ؟ لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەي دەپ قالدى. ئۇماچ
ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقىلىمۇ ئون بەش ـ يىگىرمە كۈن بولۇپ
قالدى. بۇنداق كېتىۋەرسە لەشكەرلەرمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ جەڭگە
يارىمايدۇ. پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى بولسا جەڭ قىلغىلى، بىلەك-
نىڭ كۈچى بولسا ياۋنىڭ بېشىغا قىلىچ چاپقىلى بولىدۇ. ئەس ـ
يادىم ياركەنت شەھىرىنى ئېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ بەكمۇ
قورقۇنچلۇق بىر خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىپتىمەن. يەنە جاھىللىق
قىلىپ تۇرۇۋەرسەم لەشكەرلەر تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بەلكىم
ئۇلارغا ئاشۇ ئۇماچىنىمۇ يەتكۈزەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئول چاغدا
ئۇلار ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي سەھرا ـ قىشلاقتىكى ئاۋامنى بۇلاي-
دۇ. بەلكىم جەڭدىن رايى يېنىپ قېچىپ كېتىشى، يوشۇرۇنچە
مىرزا ئابابەكرىگە ئەل بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مىرزا ئابابەك-
رىنىڭ جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىپ كۈتۈۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ، ئە-

گەر ئۇ ھازىرقى ئەھۋالىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا... بۇنىسى تېخىمۇ خەتەرلىك...»

سۇلتان ئەھمەدخان بۇ خىيالىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

«لەشكەرلەرنى دەرھال چېكىندۇرەي. ئەمدى ساقلاپ تۇرسام بولمايدۇ. بىر كۈن ئارتۇق تۇرسام خەۋپ بىر كۈن بۇرۇن يېقىنلىشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۈگۈن كېچىلا لەشكەر چېكىندۇرەي. مىرزا ئابابەكرى تۇيماي قالسۇن...»

بىر قارارغا كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى لەشكەرگاھلارغا چاپارمەن ماڭدۇردى.

※ ※ ※

ئەمدىلا ناشتىدا ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەن سەركەردىسىگە گۇمانسىراپ قارىدى.

ــ بۇ خەۋەر ئىشەنچلىكمۇ؟

ــ ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئالىيلىرى. ياۋ بارگاھى بىر كېچىدىلا غايىب بولۇپتۇ.

ــ ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە چارلىغۇچى چىقارتتىڭلارمۇ؟

ــ ئاۋۋال ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۇرەيلى دېدۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار پۈتۈنلەي چېكىنگەندەك قىلىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى ئىندىمەي، خىيالغا پاتتى.

«مېنى جەڭگە چىقىرىش ئۈچۈن لەشكەر چېكىندۇرۇش ھىيلىسى ئىشلىتىۋاتامدۇ قانداق؟ ياق، توغرا ئەمەس. بۇ ھىيلىنى ئىشلەتسە ئاللىبۇرۇن ئىشلىتەتتى. شۇنچە سوغۇق قارا قىشنى ئايدالادا ئۆتكۈزسۇنۇ، ئەمدى ئەتىياز پەسلى كېلىپ ھاۋا ـ جاھان ئىللىغلى تۇرغاندا...»

ئاچچىقى كەلگەن مىرزا ئابابەكرى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن. سۇل-

تان ئەھمەدخاننىڭ ھەرقانچە تاغدەك ئۇزۇق - تۈلۈكى بولسىمۇ، نەچچە تۈمەن لەشكىرى بىر قىشتا يەپ تۈگىتىپ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ بايا ئۇ ئۇزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ، مېنى ئاخىرقى قېتىم جەڭگە ئۈندەپ ھېلىقى ھاقارەتلىك مەكتۇپى بىلەن مەزلۇم كىشىنىڭ كۆڭلەك - تامبىلىنى ئەۋەتىپتىكەن - دە...»

— دانىشمەن قىبلىگاھىمىزنىڭ ئاقىلانە تەدبىرى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى مانا. ياۋ لەشكەرلىرى مۇھاسىرە قىلىۋېرىشتىن زېرىكىپ، جەڭدىن رايى يېنىپ ئاخىر چېكىنىپتۇ، — دېدى شاھىدانە كۆكۆلداش مىرزا ئابابەكرىگە خۇشامەت قىلىپ.

— سۇلتان ئەھمەدخان مۇھاسىرىدىن زېرىكىپ ئەمەس، لەشكەرلەرنىڭ قارنىنى باقىدىغان ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. سىلىنىڭ دولىلىرى ئۈستىدىكى ئاۋۇ قاپاق باشلىرى ئازراق ئىشلىگەن بولسىدى، بىز سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئول بەچچىسىنى خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ئاللىقاچان ماڭلايسۆيەگە لەشكەر تارتقىنىغا توۋا قىلغۇزۇۋېتەتتۇق.

خۇشامەت قىلىمەن دەپ يەتكۈچە دەشنام ئىشىتىۋالغان شاھىدانە كۆكۆلداش زورىغا ھىجايدى:

— بەرھەق، خان ئالىيلىرى دانادۇر.

— شۇنچە كۆپ ياۋ لەشكەرلىرى چېكىنىپ كەتكۈچە سېپىل ئۈستىدىكى كۆزەتچىلەر تۇيماپتىمۇ؟ بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ يېتىشىپتىكەنمۇ - يا، ئول ھىزلار.

شاھىدانە كۆكۆلداش ۋەھىمە ئىلكىدە دۇدۇقلىدى:

— بۇ... بۇ...

— تامبالنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئېغىدەك ھىجىيىپ تۇرماي پەرمانىمنى دەرھال يەتكۈزسىلە. ئەمىرلەشكەر مىرزا قوچقار بەگ بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر بىلەن ياۋنى قوغلىسۇن!

— ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا يېتىشەلمەي قالارمىكىن؟

مىرزا ئابابەكرى شۇنداق دەھشەتلىك ئالايدىكى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭغان شاھىدانە كۆكۆلداش بو-

سۇغىغا پۈتلىشىپ دۈم چۈشتى. بېشىدىن قاڭقىپ چىققان سەل-
لىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كالانپايلىقىنى كۆرگەن مىرزا ئابابەكرى بايىقى ئاچ-
چىقىنى ئۇنتۇپ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

«قوچقار بەگنىڭ قانتى بولغان تەقدىردىمۇ كېچىدىن چې-
كىنگەن ئول ياۋغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلى-
مەن. لېكىن ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى ئەل - يۇرت مېنى سۇلتان
ئەھمەدخاندىن قورقۇپ جەڭگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى دەپ
ئاللىقاچان پىتنە قىلىشىپ بولدى. قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتسەم بۇ
ئاھانەتتىن قۇتۇلۇپ قالىمەن. ئەھۋالنى بىلمىگەنلەر سۇلتان
ئەھمەدخاننى يېڭىلىپ قاچقان ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ تېخى. بۇمۇ
بىر ھېسابتا ئابرۇي ئەمەسمۇ. ھە راست، قوچقار بەگ دېگەن
كالۋاغا چاپارمەن ئەۋەتىپ تەڭ يولدىن قايتۇرۇۋالاي. سۇلتان
ئەھمەدخاننى بۆكتۇرمە قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق
قىلىپ قالسا بىر تۈمەن لەشكەردىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ
تېخىمۇ شەرمسار بولىمەن. نېملا بولمىسۇن ئۇنىڭ تەھلىكىسى-
دىن ئاخىر قۇتۇلۇپ قالدىم. ئى قۇدرەتلىك ئىگەم، قىلغان شەپ-
قىتىڭگە يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر...»



تاشكەنت.

تومۇز قۇياشى ئوت پۈركۈيتتى. ھاۋا تولىمۇ دىمىق ئىدى.
بۇغدايلىرىنىڭ تېزرەك پىشىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان
دېھقانلار بۇنداق بولۇقمىنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى.
چاھار باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۆل بويىدىكى قۇچاق يەت-

كۆسىز تۆت تۆپ چىنارنىڭ ئاستىغا كۆتۈرۈپ ياسالغان شاھسۇپا ھەرھالدا سالقىن ئىدى. شاھسۇپىنىڭ تۆردىكى قات ـ قات سېلىنغان كۆرپىدە سۇلتان مەھمۇدخان پەر ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سەيىد مۇھەممەد مىرزا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننى ئىككى مەھرەم، سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى بىر مەھرەم قولللىرىدىكى غاز قانىتىدا ياسالغان يەلپۈگۈچتە ئاستا يەلپۈيتتى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ئۆرەتۆپە ۋىلايىتى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەندىن بېرى، ئىنىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەتىۋارلىق ھەم سىرداش مەھرىمى بولۇپ قالغانىدى. مەيلى ئوردىدا، مەيلى بەزمە ـ باراۋەتلەردە بولسۇن يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئەتىۋارلىق ئەمىرلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان ئورۇن ــ خاننىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۆرۈك، گىلاس، ئالۇچا، تەكە شاپتۇل، تۇغاچ... قاتارلىق ياز نېمەتلىرى ۋە ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان داستىخاننىڭ ئاياغ تەرىپىدە نىغمەت مىرزا، ئەھمەدبەگ تەلبە، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قاتارلىق ئەمىرلەر ئورۇن ئېلىشقانىدى. خاننىڭ خاس شارابچىسى بىلەن بىر قانچە ساقىي ئۇلارنىڭ بوشىغان جاملىرىغا توختىماي قىمىز قۇياتتى. قىمىزنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇلارنىڭ مەڭىزلىرى قىزىرىپ ئوبدانلا خۇش كەيپ بولۇشقانىدى.

ــ سۇلتان مەسئۇد مىرزا ھىسارغا لەشكەر تارتىپ كەلگەن سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، قۇندۇزنى ساقلاشقا خۇسرەۋ شاھنى قالدۇرۇپ ئۆزى سەمەرقەنتتىكى ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ، ــ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى سەيىد مۇھەممەد مىرزا، ــ گەرچە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى مەسئۇد مىرزىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەبۇلمۇھسىن قاتارلىق بىر قانچە سەركەردىلىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار كەمرۇد ئېغىزىنىڭ يۇقىرىسىدا مەسئۇد مىرزا بىلەن ئۇچرىشىپ ھېچ ئىش قىلالماي قايتىپ كې-

تىپتۇ. خۇسرەۋ شاھ بولسا بارلىق كۈچىنى قۇندۇزدىن چىكىن-
دۈرۈپ ھىسارنى مەھكەم بېكىتىپتۇ①. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا
ئالىيلىرى ھىسار قورغىنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ لەخمە قېزىپ،
زەمبىرەك بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، قىلغان ھۇجۇملىرى
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماپتۇ.

— توۋا، شۇنچە شەۋكەتلىك سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىي-
لىرىنىڭ كىچىككىنە ھىسار قورغىنىنى ئالالمىغىنىنى قارىما-
دىغان، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان چىرايىغا مەسخىرىلىك كۈل-
گە يۈگۈرتۈپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇل خۇسرەۋ شاھنىڭ خې-
لى كارامىتى بار ئوخشىمامدۇ؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن خۇسرەۋ شاھ مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد
مىرزا ئالىيلىرىغا ئەمىرۇل ئۆمەرا بولغان دېسىلە، — دېدى ئى-
شىكئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلبە گەپ قىستۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە كۆپ ياغى كۆرگەن، تەدبىرلىك سەركەردە تۇرسا سۇلتان
ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ مۇقابىلىسىگە ئەلۋەتتە چىقالايدۇ.
سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ قورقۇنچاقلىق قىلىپ سەمەرقەنتكە
ئىنىسىنى پاناھ تارتىپ كەتكىنى پەقەتلا قاملاشماپتۇ.

— بەلكىم ئاغا - ئىنى ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ماۋەرا-
ئۇننەھر سەلتەنەتىنى ساقلاپ قالايلى دېگەندۇ، — دېدى سەييىد
مۇھەممەد مىرزا ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ سۆزلىرىگە ئىزاھات بې-
رىپ، — مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالىيلىرى قازا قىلغان-
دىن كېيىن سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئۆچچە ئىگىلەش قارا نىيىتى
ئەمەلگە ئاشماي، مەسئۇد مىرزىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاغا - ئىنى-
لەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىتنە پەيدا قىلغانمۇ ئاشۇ خۇسرەۋ شاھدۇر.
كېيىن ئۇ مەسئۇد مىرزىنى بەلخكە لەشكەر تارتىشقا قۇترىتىپ
خۇراسانغا تەھلىكە سالمىغان بولسا، بەتنىيەتلىكىنى تاشلاپ ئا-
غا - ئىنىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان بولسا، سۇل-
تان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىمۇ ھىراتتىن لەشكەر تارتىپ كەل-

① «مۇداپىئە قىلىپتۇ» دېگەن مەنىدە.

مەس ئىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەمىرلەرنىڭ بەتنىيەتلىكى خان ـ پادىشاھلارغا بالا بولىدۇ.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كەسكىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پەگا تەرەپتە ئولتۇرغان ئەمىرلەر يەنە تىلىنى چايناشقا پېتىنالمىدى.

— ئەسلىدە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى خۇراسانغا شۈكۈر قىلىشى كېرەك ئىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ مەسئۇد مىرزىنى قۇترىتىپ بەلخكە تەھلىكە سالغىنىنى باھانە قىلىپ، ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ ئۆزى تولىمۇ نائىنسابلىقتۇر. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ مەرھۇم سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئالىيلىرىغا كۈيئوغۇل بولغان ئەمەسمۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەبۇ سەئىد مىرزا ئالىيلىرى ئۇنىڭغا مەلىكىسى پايەند سۇلتان خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىپ، ئاتا ـ بالا بولۇشۇپ، قىلغان سەركەشلىكىنى كەچۈرۈۋەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇ چاغقىچە ھىرات تەختگاھى نەدە تۇرۇپتۇ. پەمىمچە، رەھمەتلىك قېيىنئاتام سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ كۈيئوغۇللۇق مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىپ، ئەينى يىلى يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ ھىراتنى ئىگىلىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئارى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ مۇلاھىزىسىنى تەستىقلاپ، — ئانھەزرىتىم تولىمۇ ئاقىلانە يەكۈن چىقاردىلا. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىنى ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

— شۇڭا ھىسار تۈگۈل قۇندۇزنىمۇ ئالالمىغان گەپ، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلەپ.

— ھىساردىكى جەڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزۈشىچە، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، — سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى تۆت ـ بەش يەردىن لەخمە

قازدۇرۇپ، لەخمە ئارقىلىق قورغانغا كىرمەكچى بولغانىكەن. كۆتمىگەن يەردىن ئۇلارنىڭ لەخمىسى شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ قېزىۋاتقان لەخمىسى بىلەن تۇتىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قورغاندىكىلەر لەخمىگە ئىس قويۇپ بېرىپتۇ. سىرتتىكىلەر لەخمىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتكەنىكەن. ئىس كەينىگە يېنىپ قورغان ئىچىدىكىلەر ئۆزى قويغان ئىسقا بوغۇلۇپتۇ ھەمدە دەرھال كوزا، سوغىلاردا سۇ توشۇپ كېلىپ لەخمىگە قۇيۇپ قورغان تېشىدىكىلەرنى چېكىندۇرۇپتۇ. ئەتىسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ زەمبىرەكچىلىرى زەمبىرەك ئېتىپ قورغان سېپىلىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. بۇ ناماز خۇپتەن بولۇپ قالغان چاغ بولغاچقا، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى قورغانغا باستۇرۇپ كىرىشكە ئالدىرىماپتۇ. ئەمما، خۇسرەۋ شاھ لەشكەرلىرىنى بۇيرۇپ بىر كېچىدىلا سېپىلنىڭ ئۆرۈلگەن يېرىنى قايتا قوپۇرۇۋاپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى خېلى ئۇزاق مۇھاسىرە قىلىپمۇ ھىسارنى ئالالمىغاندىن كېيىن سۇلھى قىلىشىپ، مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئىككىنچى مەلىكىسى بىكە بېگىمنى پايەند سۇلتان خانىشتىن بولغان ئەمىرزادىسى ھەيدەر مىرزىغا ئېلىپ بېرىپ، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھازىر ماۋەرائۇننەھىردە خۇسرەۋ شاھنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن چېغى.

ــ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ سۇلھىنى قوبۇل قىلىپ لەشكەر چېكىندۈرۈشىگە ھىسارنى ئىككى - ئۈچ ئاي مۇھاسىرە قىلىپمۇ ئالالمىغانلىقىدىن كۆرە، ئاغىلىرى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان جانابلىرىنىڭ مەسئۇد مىرزا، بايسۇنغۇر مىرزىلارغا كۆمەكلىشىپ، ئۆرەتۆپىدىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ چوڭ خانزادىسى بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ يولىنى توسقانلىقى مۇھىم سەۋەب بولدى، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، ــ مەن ئۇل ئادىشىمنىڭ يىراقنى كۆرەلى-

كى، تەدبىرلىكلىكى ۋە ئاقىللىقىغا ئەزەلدىن قايىلمەن. ناۋادا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ئۇل ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەردىن پايدىلىنىپ ماۋەرائۇننەھرنى ئىستىپلا قىلىۋالسا، تاڭلا كۇنى كۆزىنى پەرغانىگە، ئاندىن تاش-كەنتكە تىكمەي قالمايتتى. ئۇل ئادىشىم ئۇنىڭ بول قارا نىيىتى-نى ئالدىنئالا بىلىپ يەتكەن.

سەيىيد مۇھەممەد مىرزا كۆز ـ كۆز قىلغاندەك بولۇپ قال-مىسۇن دەپ ئاكىسىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلان-غانىدى. سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ بۇ ئىشنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى سورۇندا ئولتۇرغان نىغمەت مىرزا قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ يۈرىكى-دىكى ھەسەت ئوتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. دېمىسىمۇ سۇل-تان مەھمۇدخان ئۆرەتۆپىنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا سۇ-يۇرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپلا سەيىيد مۇھەممەد مىرزىغا ئاكىسىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىك مەرتى-ۋىسىنى بەردى ھەمدە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىنىڭ قانداق ھۆرمىتىنى قىلغان بولسا ئۇنىڭمۇ شۇنداق ھۆرمىتىنى قىلىپ، مەيلى ئوردىدىكى ھۆكۈمەت كېڭەشلىرى، مەيلى باغ ـ سارايلاردى-كى باراۋەت ـ بەزمىلەردە ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلار مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا بىئاراه بولۇشقا باشلىغانىدى. ھەرقانداق سورۇندا ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا بىر ئامال قىلىپ پاراڭنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتەتتى ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى.

ــ تۇنۇگۇن سەركەردە مۇھەممەد شەيبانىخان جانابلىرىدىن يەنە مەلۇمات كەلدى، ــ دېدى ئوردا ئىشىكئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلبە خانىنىڭ دىققىتىنى چالغىتىش ئۈچۈن، ــ مەلۇماتتا دېيى-شىچە، نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى تۈركىستانغا پاراكەندىچىلىك سې-لىۋاتقان قازاق سۇلتانلىرىنىڭ ئىشىنى ئاساسەن بىر تەرەپ قى-

لىپ بولۇپتۇ. ئۇلار سەركەردە شەيبانىخان جانابلىرىنىڭ بىر قاندـ چە قېتىملىق زەربىسىدىن كېيىن سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالـ ماس بولۇپ، لەشكەر، ئاھالىسىنى ئېلىپ خېلى يىراقلارغا كېـ تىپتۇ. ئالىيلىرى يارلىق بەرسە سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتسام دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا يالت ئېتىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا قارىدى. سۇلتان مەھمۇدخان نېمە ئۈچۈندۇر بۇ مەلۇماتقا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي قاشتېشى جامدىكى قىمىزنى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈردى.

ــ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىمىغىنىمىز ياخشىـ مىكىن، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ــ بىرىنچىدىن، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلغان مەسئۇد مىرزا، بايسۇنغۇر مىرزا ۋە سۇلتان ئەلى مىرزا قاتارلىق ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەر قايتىدىن يارىشىپ خېلىلا كۈچىيىپ قالـ دى. ئىككىنچىدىن، ئاغامنىڭ كۆمەكلىشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سەلتەنەتىمىزگە بولغان دۈشمەنلىكى پەسەيدى. مۇھىمى تۈركىسـ تان قازاق سۇلتانلىرىنىڭ تەھلىكىسىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلغىـ نى يوق. ناۋادا سەركەردە شەيبانىخان لەشكەرلەرنى ئېلىپ سەمەرـ قەنتكە يۈرۈش قىلسا، ئۇل قازاق سۇلتانلىرىنى تۈركىستانغا قايـ تىدىن پاراكەندىچىلىك سالمايدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتساق غەلىبە قىلىشقا بولىدۇكى، مەغلۇپ بولۇشقا بولمايدۇ. ناۋادا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسەك، سەمەرقەنتنى دەپ تۈركىستاننى قولدىن بېرىپ قويىمىز. بەلكىم تاشكەنتمۇ تەھلىكىدە قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس.

سۇلتان مەھمۇدخان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ تەكلىپىـ گىمۇ ئىنكاس قايتۇرمىدى. تۇرقىدىن تەڭلىكتە قالغاندەك قىلاتـ تى.

ھەئە، كەنباي جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ ئەمىرلەرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن مۇھەممەد شەيبانىخاننى سەمەر- قەنتكە لەشكەر تارتىشقا ئەۋەتىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، كېرەي ۋە جانىبېكخاننىڭ ئوغۇللىرى بولغان قازاق سۇلتانلىرى شەيبا- نىخاننىڭ قەستەن قىلىۋاتقان ئېغىۋاگەرچىلىكىگە چىدىماي، سۇلتان مەھمۇدخاندىن ۋەدىسىدە تۇرمىدى دەپ قاتتىق رەنجىپ تۇركىستانغا ھۇجۇم قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ شەيبانىخاننى تېخىچىلا تۇركىستاندىن مىدىرلاتمىغانىدى.

— بۇ يىلچە ئەھۋالغا قاراپ باقايلى، — دېدى سۇلتان مەھ- مۇدخان مۇجمەللا قىلىپ، — دېمىسىمۇ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ لەشكەر چېكىندۇرۇشى بىلەن سەمەرقەنتتىكى ئول ئاغا - ئىنى خانزادىلەردە ئىشەنچ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار يەنە قانچىلىك ئىتتىپاقلىشالايدۇ، كۆرۈپ باقمامدۇق.

— شۇنداق، — دېدى سەيىد مۇھەممەد مىرزا تۆمۈرنى قىب- زىقىدا سوقۇپ، — مەسئۇد مىرزا ئاغا بولسىمۇ، سەمەرقەنت تەخ- تى ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ قولىدا. مەسئۇد مىرزا ئىنىسى- نىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ، خۇسرەۋ شاھ ھەرگىز قايىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بايسۇنغۇر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزغان ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق ئەمىرلەر بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. تېخى بۇخارادىكى دەرۋىش مۇھەممەد تار- خان ھەزرەتلىرىمۇ بار. دېمەك، خانزادىلەر ئىتتىپاقلاشقان تەق- دىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بەگلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈسىز نىزا - ئاداۋەت بار. قىبلىگاھىمىزنىڭ ئەھۋالغا قاراپ باقايلى دېگىنى تولىمۇ ئاقىلانە تەدبىردۇر.

سۇلتان مەھمۇدخانغا گەپ يېگۈزۈشكە كۆزى يەتمىگەن مىرزا نىغمەت پاشا قاتارلىق ئەمىرلەر ئىلاجىسىز بىر - بىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇشۇپ، جامدىكى قىمىزنى خۇددى زە- ھەر ئىچكەندەك ئىچىشكە مەجبۇر بولدى.

※ ※ ※

ئەندىجان.

خېلىدىن بېرى جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىن تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي ئولتۇرغان بابۇرغا بىتاقەتلىك بىلەن قاراپ قويدى. ھەئە، بابۇر ھازىر ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان بالا ئەمەس ئىدى. گەرچە ھەرقانداق ئىشنى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىپ كېڭەش بىلەن قىلسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئۆزى چىقىراتتى. ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، كۆكرەك بىلەن مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى خېلىلا يېرىكلەشكەن، كىشىگە ئەيمەندۈرۈپ قارايدىغان بابۇردىن ھازىر ئەمىر ـ بەگلىرى خېلىلا ھېيىقاتتى. قاسىمبەگ قاۋچىن «سىلى بىر نېمە دېسىلە» دېگەننى قىلىپ يېنىدىكى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىغا كۆزى ئارقىلىق ئىشارەت قىلدى. خېلىدىن بېرى كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇرغان بابۇر مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ مەقسەتلىك يۆتىلىشىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، تەختكە يۆلەنگەن بەستلىك گەۋدىسىنى رۇسلاپ، جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئىككى پېشقەدەم ئەمىرگە قارىدى.

ــ سەمەرقەنتتىن كەلگەن خەۋەر ئىشەنچلىكمىدۇ؟

ــ بول خەۋەردىن ھەرگىز گۇمانلانمىغايلا ئالىيلىرى، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ، ــ مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئايغاقچىلىرىمىز ئۇدا ئۈچ قېتىم مەلۇمات ئەۋەتىپ بولدى. ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرى ئەندىجانغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودا كارۋانلىرىدىن ئاڭلىغان خەۋەرلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. سەمەرقەنتتە تارخان بەگلەر توپىلىڭى يۈز بەرگەنلىكى راست ئىكەن.

ــ ئول تارخانلار توپىلىڭىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلىدىلىمۇ؟

ــ ئاساسەن بىلدىم. تەختتە ئولتۇرغان ئوتتۇرانچى خانزادە بايسۇنغۇر مىرزا سەمەرقەنتكە بىللە كەلگەن ھىسار بەگلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى كونا بەگ ــ سىپاھلارنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۇرگەن چېغى. ئۇلار ئوردىدا ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا نارازى بولغان بۇ ئەمىرلەر بۇخارادىكى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان جانابلىرىغا ئەرز قىلىشىپتۇ. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالىيلىرى قازا قىلغاندىن كېيىن، خۇسرەۋ شاھنى سەمەرقەنتتىن قوغلاپ چىقارغان ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق ئەمىرلەر بايسۇنغۇر مىرزىنى ھىساردىن ئەكېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزغاندا، دەرۋىش مۇھەممەد تارخان جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە سالمىغانىكەن. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئىنىملا بولمىسۇن مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا تاغا، ئۇنىڭ ئول ئۈچ خانزادىسىگە بابا يوللۇق ئەمەسمۇ. مۇشۇ ئىشتىن ئول تارخانبەگ جانابلىرىنىڭ خېلىلا قورساق كۆپۈكى بار ئىكەن. بايسۇنغۇر مىرزىمۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرۋىش مۇھەممەد تارخانغا ئانچە ئېتىبار قىلماپتۇ.

ــ كەمىنىلىرىنىڭ بىلىشىچە، ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ خېلى بۇرۇندىنلا پۇرچىقى پىشىشمايتتى، ــ دەپ سۆز قىستۇردى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، ــ ئوتتۇرانچى خانزادە بايسۇنغۇر مىرزا سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئەمىرۇل ئۈمەرالىق مەرتىۋىسىنى ئەھمەد ھاجىبەگكە تەيىن ئېتىپتۇ. بول ئىش دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ بەك قايناتتۇەتكەن گەپ. چوڭ خانزادە مەسئۇد مىرزا بولسا ئاغىلىق سالاھىيىتى بىلەن سەمەرقەنت تەختى ئاۋۋال ماڭا تېگىل بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۆتكەندە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ تەھلىكىسىدىن قېچىپ سەمەرقەنتكە كەلگىنىدە ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانمۇ قانداق، يەنە ھىسارغا قايتىپ كېتىپتۇ. خۇسرەۋ شاھ بولسا ئۇنى سەمەرقەنت تەختگاھىنى قايتۇرۇۋې-

لىشقا ئۇندىمەكتە.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا سەمەرقەنت تەختى راستىنلا دەۋادا قاپتۇ ـ دە، ــ دېدى بابۇر.

ــ شۇنداق ئانھەزرىتىم. تۈنۈگۈن كەچ سەمەرقەنتتىن كەلگەن ئايغاقچىنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، دەرۋىش مۇھەممەد تارخان جانابلىرى ئىشەنچلىك چەبدەس نۆكەرلىرى بىلەن بۇخارادىن يوشۇرۇنچە كېلىپ باغى نەۋدە بەخىرامان بەزمە قىلىپ ئولتۇرغان بايسۇنغۇر مىرزىنى تۇتقۇن قىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قارشىدىكى ئۇچىنچى خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ...

ــ پاھ، سەمەرقەنت تەختىدە ئول ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەر بىر نۆۋەتتىن ئولتۇرۇپ بولۇپتۇ ئەمىسە، ــ دېدى بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ ھە، كېيىن قانداق بولۇپتۇ؟

ــ ئول تارخانبەگ جانابلىرى ئۇچىنچى خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، يېقىنلىرى بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەت قىلىشىپ بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ھايات دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى قىرقىماقچى بولۇشۇپتۇ. بىراق، بايسۇنغۇر مىرزا ئۆزىگە ئۆلۈم خەۋپىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تاھارەت ئېلىش باھانىسى بىلەن بوستان سارىيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ مۇھەممەد قۇلى قاۋچىن، ھەسەن شەربەتچى... قاتارلىق ساداقەتمەن ئەمىرلىرى سىرتىدىن، بايسۇنغۇر مىرزا ئىچىدىن ماسلىشىپ ھاجەتخانىنىڭ تېمىنى تېشىپ چىقىپ، ئەركىنىڭ سۇ كىرىدىغان سۇگۈچىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ خوجا ئابدۇلمۇكەرىم ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ قەسرىگە بېرىۋاپتۇ. ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغانلار بىر ھازادىن كېيىن باشقىچە بىر ئەھۋالنى ھېس قىلىپ، قارىسا بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. ئەمما ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئەتىسى بايسۇنغۇر مىرزا خوجا ئابدۇلمۇكەرىم ئىشان ھەزرەتلىرى، ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە باشقا بىرمۇنچە بەگ ـ سىپاھلىرى بىلەن بىرلىكتە

قوزغىلىپ، تەختتە ئولتۇرغىنىغا ئىككى كۈنمۇ بولمىغان ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخانلارنى ئەركىكە قامىۋاپتۇ. ئۇلار ئەركنى بىر كۈنمۇ قوغدىيالمىغان چېغى، خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. بايسۇنغۇر مىرزا ئۇلارغا سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى يۈكلەپ، چوڭ تاغىسى دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى ئۆلۈمگە، ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنى كور قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، سارايىنىڭ تۈۋرۈكىگە يېپىشىۋالغانىكەن، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

— ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ھەزرەتلىرى سالدۇرغان كاتتا ئىمارەت، كۆك سارايىنىڭ ئاجايىپ بىر خۇسۇسىيىتى بار، — دېدى بابۇر ئېچىنغان ھالدا، — تۆمۈرىيزادىلەردىن ھەر كىم باش كۆتۈرۈپ چىقىپ تەختتە ئولتۇرسا، ئاشۇ كۆك سارايدا ئولتۇرىدۇ. ھەر كىم تەخت تەمەسى بىلەن كاللىسىدىن ئايرىلسا، يەنە شۇ كۆك سارايدا ئايرىلىدۇ. ھەتتا «پالانى خانزادىنى كۆك سارايغا چىقاردى» دېگەن سۆز ئۇنى ئۆلتۈردى دېگەن سۆزگە كىنايە بولۇپ قالغان.

— بەرھەق، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىنى كۆك سارايغا چىقارتىپ، كۆزىگە مىل تارتىپتۇ[1]. لېكىن، جەرراھنىڭ قەستەن قىلغانلىقىدىنمۇ ياكى بىپەرۋالىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆزىگە زەخىم يەتمەپتۇ. ئۇ بۇ ھالىنى ھېچكىمگە چاندۇرماي، ئاۋۋال خوجا يەھيا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ قەسرىگە بېرىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇل ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخاراغا قېچىپ كېتىپتۇ.

— بۇل تەخت دەۋاسىغا جەننەتماكان بۇزرۇكۋار پىرىمىز خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئارىلىشىپ

① كۆزىگە مىل تارتماق — كۆزىنى كور قىلماق.

قاپتۇ ـ دە، ــ دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ئەپسۇسلانغان ھالدا، ــ ئوتتۇرانچى خانزادە بايسۇنغۇر مىرزىغا ھەمدەمدە بولغان خوجا ئابدۇلمۇكەرىم ھەزرەتلىرى ئۈچىنچى خانزادىگە خەيرخاھلىق قىلغان ئول خوجا يەھيا ھەزرەتلىرىگە ئاغا بولىدۇ ئەمەسمۇ. چوڭ خوجىزادە ئىككىنچى خانزادىنى، كىچىك خوجىزادە كىچىك خانزادىنى يۆلىگەن بولسا، خوجا ئەۋلادلىرى ئارىسىدىمۇ دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپتۇ دېسە.

ــ شۇنداق، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، ــ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوجا يەھيا ھەزرەتلىرى ئاغىسى خوجا ئابدۇلمۇكارىم ھەزرەتلىرىدىن ئازار يەپ بۇخاراغا كېتىپتۇ. بايسۇنغۇر مىرزا ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنى تەلتۆكۈس بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇخاراغا لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ. سۇلتان ئەلى مىرزا بۇخارادىكى تارخان بەگلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىپ جەڭ قىلىپتۇ. بۇ جەڭدە سۇلتان ئەلى مىرزا نۇسرەت قازىنىپتۇ ۋە جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئەھمەد ھاجىبەگنى دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ھازىر ئۇ ئاغىسى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپتۇ. چوڭ خانزادە مەسئۇد مىرزىمۇ تەخت تەمەسىدە خۇسرەۋ شاھ بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ، شەھرى سەبزگە يېقىنلىشىپتۇ. تاشكەنت تەرەپتىن كەلگەن يەنە بىر ئىشەنچلىك مەلۇماتقا قارىغاندا، تۈركىستاندىكى مۇھەممەد شەيبانخان سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا ئارقىمۇئارقا مەلۇمات يوللاپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا يارلىق سوراۋېرىپتۇ. ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىشى سەۋەبىدىن، قۇدرەتلىك ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى شول كۈنلەردە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. ناۋادا مۇھەممەد شەيبانىخان لەشكەر تارتىپ كېلىدىغان بولسا، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان بۇ خانزادىلەرنىڭ سەمەرقەنتنى ساقلاپ قالمىقى تەس. شۇڭلاشقا ئالىيلىرىنىڭ دەرھال بىر قارارغا كەلمىكى تولىمۇ زۆرۈر.

ـــ سەمەرقەنت ئاز كەم بىر يۈز قىرىق يىل مابەينىدە جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ ئاتا جەمەت خاندانىنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا سەمەرقەنت تەختگاھىدا سىلى ئولتۇرسىلا ھېچكىم غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمايدۇ، ـــ دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بابۇرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ـــ يەنە سۈكۈت قىلساق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىمۇ نېمە ئوي، نېمە كويلاردا بولۇۋاتىدۇ؟

بابۇر بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ قايسى بىر ھۆكۈمداردا سەلتەنەت ھەۋىسى، يۇرت ئېلىپ تەسەررۇپىنى كېڭەيتىش ئارزۇسى بولمىسۇن. مەنىمۇ ھەم بۇ ھەۋەس، ئارزۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەسمەن. بىراق، باياتىنبېرى جانابى ئەمىرلەرنىڭ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش دەۋەتلىرىگە ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەسلىكىمدىكى سەۋەب، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئاشۇ ئۈچ نەۋرە قېرىنداشلىرىمنى نەزەرگە ئالغانىدىم. چۈنكى، ھەربىرلىرىگە مەلۇم، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىنى مەنمۇ تارتىپ باققان ھەمدە ئول جەننەتماكان ئاتامنىڭ مۇسىبىتى بىلەن تەڭ تەسەررۇپىمىزغا تەرەپ - تەرەپتىن كەلكۈن كەبى باستۇرۇپ كەلگەن تەھلىكىلەرنىڭ مۇدھىش ۋەھىمىسىنى ھېس قىلىپ باققان. شول سەۋەبتىن ئۆزۈمنى ئاشۇ خانزادىلەرنىڭ ئورنىدا قويۇپ كۆپ مۇلاھىزە قىلدىم. ئۇلار ھازىردار تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە لەشكەر تارتسام نامەردلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندىم. ئەمما چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئاتىسىدىن قالغان سەلتەنەتنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مۇستەھكەملىمەكتە يوق، ئاغا - ئىنىلەر بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلماي ئۇرۇش قوزغاپتۇ. يەنە سۈكۈت قىلسام ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى ئۇلارنىڭ قولىدا خاراب بولۇپ

كەتكۈدەك. بەلكىم ئۇلار تەخت ـ سەلتەنەتنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ياتلارغا تارتتۇرۇپ قويغۇدەك. ئۇنىڭدىن كۆرە سە ـ مەرقەنت تەختگاھىنى بۇرۇنراق ئىلكىمگە ئالغىنىم تۈزۈك ئى ـ كەن.

بابۇرنىڭ بىر قارارغا كەلگىنىدىن خۇشال بولغان ئىككى ئەمىر مەمنۇنلۇق بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى:

ــ پاسىبانىمىزنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن، تېززەك يارلىق چۈشۈرگەيلا.

ــ سەمەرقەنتنى دەپ ئەندىجاننى تاشلاپ قويساق بولماس، ــ دېدى بابۇر تەمكىنلىك بىلەن، ــ ئىككىلىرىدىن بىرلىرى ئەندى ـ جاندا قالسىلا.

ــ ئالىيلىرى تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلاپتىلا، ــ دېدى قا ـ سىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، ــ كەمىنى ـ لىرىنىڭ ئەس ـ يادى سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ تەرىپىنى ئۇنتۇپتىمەن. مېنىڭچە، مەۋلانە خو ـ جا قازى ھەزرەتلىرى ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، ئاۋام ـ رەئىيەت ئارىسىدىمۇ كاتتا ئابرۇيغا ئىگە. شۇڭا قازى ھەزرەت ـ لىرى ئەندىجاندا قېلىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا مۇئەككەل بولسا قانداق بولۇر؟

ــ مېنىڭ خىيالىممۇ شۇ، ــ دېدى بابۇر، ــ سىپاھلاردىن ئەلى دوست تاغايى خوجا قازى ھەزرەتلىرىگە ھەمدەمدە بولسۇن. ئىنىم جاھانگىر مىرزا بىلەن ئۇزۇن ھەسەننىمۇ ئاخسىدىن مى ـ دىرلاتمايلى. قالغان سىپاھلار بىز بىلەن بىللە لەشكىرىي يۈرۈش ـ كە چىقسۇن.

ــ مېنىڭچە، جاھانگىر مىرزىنى يانلىرىدا ساقلىغانلىرى ئەۋزەلمىكىن، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، ــ ھەسەن ياقۇپبەگ قىلغاندەك ئىش يەنە تەكرارلىنىپ قالمىسۇن دەيمىنا.

بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنغا يالت قىلىپ قارىدى، ئەمما ئىپا ـ دە بىلدۈرمىدى.

ھەئە، بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى مىرزا ھەسەن ياقۇپبەگ بابۇرنىڭ ئوشقا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جاھانگىر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى بولغاندا، مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، قاسىمبەگ قاۋچىن، ئەلى دوست تاغايى، ئۇزۇن ھەسەن قاتارلىق ئەمىرلەر سېزىپ قېلىپ، دەرھال خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ھەسەن ياقۇپبەگنىڭ بۇ شۇم نىيىتىگە خاتىمە بەرگەندى. بابۇر ئوشتىن قايتىپ كېلىپ ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى يەنىلا ئاخسىغا ئەۋەتتى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن شۈبھىلىك تاماقلاردىن ئېھتىيات قىلىپ، خاس بىكاۋۇل بېگىدىن باشقىلارنىڭ قولىدىن تاماق يېمەيدىغان بولغانىدى.

— بۇنداق قىلسام مىرزا ئۇزۇن ھەسەننىڭ ساداقىتىگە ئىشەنمىگەندەك ئىش بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى بابۇر ئويچانلىق بىلەن، — سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشتەك چوڭ ئىشقا تەمشىلىۋاتقان چاغدا، ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە پەيدا قىلمىغان ياخشى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، — سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش باھانىسىدە ئاخسىدىن لەشكەر يۆتكەيلى. ئاخسى قورغىنىنى ساقلاۋاتقان بەش مىڭ لەشكەر بار. ئاشۇ لەشكەرلەرنى بىللە ئېلىپ كەتسىلە خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ. گەرچە خانزادە جاھانگىر مىرزا بىلەن ئۇزۇن ھەسەندە ئۇنداق بەتنىيەت بولمىغان بىلەن، خانزادىنىڭ ۋالىدەسى خانىش پاتىمە سۇلتان خېنىمنىڭ نىيىتى ئانچە دۇرۇس ئەمەس. ئەينى چاغدا ھەسەن ياقۇپبەگنى ئاستىرتتىن كۈشكۈرتكەنمۇ خانىش پاتىمە سۇلتان خېنىمكەنتۇق. بۇزرۇكۋار خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمىنىڭ توسۇپ قويۇشى بىلەن بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە سۈرۈشتۈرمىگەندۇق.

— مەيلى شۇنداق قىلايلى، — دېدى بابۇر، — مۇشۇنداق قىلساق كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمىگۈدەك، ئەمما بەش مىڭ لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كەلسەكمۇ بولماس. ھەر ئېھتىمالغا قارشى

ئاخسى قورغىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقىمۇ لەشكەر قالسۇن. دەر-ھال يارلىق يەتكۈزۈلسۇن، ئاخسىدىن ئۈچ مىڭ لەشكەر سەمەر-قەنتكە قاراپ يولغا چىقسۇن. ئاخسى لەشكەرلىرىگە ئەھمەد تەنبەل سەركەردە بولسۇن، ئۇلار بىلەن يولدا ئۇچرىشايلى.

ـــ قاچان يولغا چىقساق بولۇر؟

ـــ تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقايلى.

ـــ پەرمانبەردارمىز.

ئىككى ئەمىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ بابۇرغا سالام بەردى.

※ ※ ※

ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بېرى سەمەرقەنت شەھىرى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن زور قوشۇننىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. شەھەر سېپىلىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، غەملىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈكىنىڭ موللۇقىغا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۈچ تەرەپتىن ھەملە قىلىپ تۇرغان ئاكىسى مەسئۇد مىرزا بىلەن ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزا ۋە نەۋرە ئىنىسى بابۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەچكىمۇ، بايسۇنغۇر مىرزا شەھەرنىڭ دەرۋازىلى-رىنى مەھكەم تاقاپ، بارلىق لەشكەرلىرىنى سېپىلغا چىقىرىپ، ھەم ئېھتىياتچانلىق، ھەم سەزگۈرچانلىق بىلەن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ سەمەرقەنت تەختىنى تەمە قىلىپ كەلگەن بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يوق ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ شەھەرگە يۈرەكلىك ھۇجۇم قوزغىيالمايتتى.

شۇنچە ھەشەم بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بېرى ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بابۇرنىڭ ئىچى پۇشۇق ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ كەچكۈزنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق شا-مىلى دالىدا چېدىر تىكىپ يېتىۋاتقان لەشكەرلەرنى ئوبدانلا قىيـ-

ناۋاتاتتى. يا پۇخادىن چىققۇدەك جەك قىلالماي ياكى چېكىنىپ
كېتەلمەي سوغۇقتا قىينىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئىچ پۇشۇقىنى بې-
سىش ئۈچۈن ھە دېسە شاراب ئىچەتتى، قىمار ئوينايتتى، پات ـ
پات جېدەل ـ ماجىرا قىلىشاتتى. ئۇلارغا سەركەردىلىرىنىڭ تو-
سۇشلىرى، لەشكىرىي تۈزۈمنى پەش قىلىپ ھەيۋە كۆرسىتىشلى-
رى كار قىلمايۋاتاتتى. چېدىردا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەن بابۇرمۇ
ھەر كۈنى كۆھەك دەرياسىنىڭ بويىدا يالغۇز خىيال سۈرەتتى.
«قانداق قىلسام بولۇر؟ لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ ئەندىجاذ-
غا قايتىپ كېتەي دېسەم، مەسئۇد مىرزا بىلەن سۇلتان ئەلى
مىرزىلار ھېچ مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا
چېكىنسەم، ئۇلارنىڭ ئارقامدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشى تۇر-
غانلا گەپ. تۇرۇۋېرەي دېسەم، كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇق چۈشۈپ
كېتىپ بارىدۇ. لەشكەرلەرنى سوغۇقتا قىينىغاننى ئاز دەپ، ئو-
زۇق ـ تۈلۈكتىنمۇ قىيناپ قويىمەن. بايسۇنغۇر مىرزىمۇ ھەقىچان
مۇشۇ تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلۈكىمىزدىن چېكىنىشىمىزنى
كۈتۈپ، جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىپ بارىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم
شەھەرگە تېگىش قىلىپ باقايمۇ ـ يا؟ بەلكىم شەھەرنى ھۇجۇم
بىلەن ئالالىشىم تامامەن مۇمكىن. بىراق، بايسۇنغۇر مىرزىدىن
سەمەرقەنتنى تارتىۋالسام، ئاۋۇ ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەر دەرھال
بىرلىشىدۇ ـ دە، ماڭا تاقابىل تۇرىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار
قېرىنداش ئەمەسمۇ. ئاغا ـ ئىنىلەر بىرلىشىپ ماڭا قارشى چىق-
سا، ئول چاغدا سەمەرقەنتنى قانچىلىك ۋاقىت تۇتۇپ تۇرالارمەن.
ھازىرقى شارائىتتا جەڭ قىلىپ يەڭسەممۇ، يېڭىلسەممۇ ئوخ-
شاشلا خەۋپتە قالغۇدەكمەن. ئەسلىدە بۇ يىلچە سەمەرقەنتكە لەش-
كەر تارتىشقا ئالدىرىماي تۇرسام بوپتىكەن. ئاۋۋال ئول ئاغا ـ
ئىنىلەر ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ بىر تەرەپ بولغان بولسا، ئاذ-
دىن قايسىسى يەڭسە شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەنتنى تالاشقان بول-
سام، بۇنداق تەڭقىسلىقتا قالماسكەنمەن. بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ
شەھەرنى بۇنداق مۇستەھكەملىۋېلىشىنى باشتا ئويلىشىم كېرەك

ئىدى. بىرلا ھۇجۇم بىلەن سەمەرقەنتنى ئالسام، قالدى ئىشلار ئاسانلا ئىزىغا چۈشىدۇ دەپ بەكمۇ ئاددىي ئويلاپتىمەن. ماۋۇ ئىشنىڭ تەتۈر كەلگىنىنى قارىمامدىغان. يا ئالدىمغا، يا كەينىمگە ماڭغىلى بولمىسا. دەرھال بىر ئامال تېپىشىم كېرەك. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام، لەشكەرلەرنىڭ جەڭدىن رايى يېنىپ، جاسارىتى سۇسلىشىدۇ. ئول چاغدا سەمەرقەنتنى ئېلىش ئەمەس، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالمىقىمىزمۇ تەس بولىدۇ... ئانام قۇتلۇقنىگار خېنىم مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلىپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشىمغا رازىلىق بەرمىگەن بولغىيمىدى. نېمىشقا ئۇنىڭدىن تەپسىلىيرەك سوراپ باقمىغان بولغىيدىم؟ ئاتا ـ ئانا رازىلىق بەرمىگەن ئىشتىن بىر چاتاق چىقاتتى زادى... »

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي.

بابۇر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئالدىراپ كىلىۋاتقان قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى.

— نېمە ئىش ئەمىر؟

— كىچىك خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا بارگاھىدىن خوجا يەھيا ئىشان ھەزرەتلىرى ئەلچى بولۇپ كەپتۇ.

بابۇرنىڭ چىرايىدا ئاللىنقانداق بىر گۇمان زاھىر بولدى:

— مۇددىئاسى نېمىكەن؟

— كەمىنىلىرىگە دېمىدى. بابۇر شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىگە دەيمەن دەيدۇ. مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەندەك قىلىدۇ.

بابۇر ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا ئېتىنى ئوتلىتىۋاتقان ئاختىچىسىنى شەرەتلىدى.

— يۈرسىلە بارگاھقا بارايلى، — دېدى ئۇ ئاختىچىسى يېتىلەپ كەلگەن ئاتقا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپ.

بابۇر شاھ چېدىردا خوجا يەھيا ئىشاننى زور ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىنى زىيارەت قىلىش نىيىتىمىز بولسىمۇ، خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرىنىڭ

باشقىچە خىيالدا بولۇپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، سىغىنىش ئوتلىرىمىزنى بېسىشقا مەجبۇر بولغانىدۇق، ــ دېدى تەۋازۇلۇق سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئىغىز ئاچقان خوجا يەھيا ئىشان ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ ئاللاھقا شۈكۈركىم، بۈگۈن ئۇل بېگانە قۇدرەت ئىگىسى ۋاقىت ـ سائەتنى بەرگەنىكەن. پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولغىنىمىدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلىمەن.

ــ مەنمۇ ھەم شۇ، ــ دېدى بابۇر خوجا يەھياغا ئىززەت كۆرسىتىپ، ــ گەرچە مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى، تەرىقەت سۇلكىنىڭ يول باشچىسى، تەڭرىنىڭ دوستى رەھمەتتى بۇزرۇكۋار پىردىمىز خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان بولساقمۇ، ئۇل پىرىمىزنىڭ پەرزەنتى بولمىش جانابى خوجىزادە ھەزرەتلىرى بىلەن دىدارلاشقىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. نەۋرە قېرىنداشلىرىم بولمىش ئۇل خانزادىلەر بىر ـ بىرى بىلەن بۇ دەرىجىدە ئاداۋەتلەشمەي، قېرىنداشلىقنى ئەلا بىلىپ، ئاغىلىق ھۆرمىتىگە، ئىنىلىق ئىززىتىگە رىئايە قىلىپ ياشىغان، ئۇلۇستا ئاسايىشلىق ئورنىتىلغان بولسىدى، ئىككىمىز بۇنداق لايىق بولمىغان دەرگاھ، لايىق بولمىغان ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ ئولتۇرمىغان، بەلكىم ئاللىقاچان كېلىپ ئۇل جەننەتماكان ئىشان پىرىمىزنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلغان، جانابى خوجىزادىلەرنى ئاشۇ تەرىقەت دەرگاھىدا زىيارەت قىلىپ، تەرىقەت ئىلمىدىن تەلىم ئالغان بولاتتىم. تولىمۇ ئەپسۇس، ھازىر ياغى تەھلىكىسىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بول نىيىتىمىزدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق. خوش، خوجىزادەمنىڭ دەرگاھىمىزغا قەدەم كەلتۈرۈشىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟

ــ ئىتتىپاق تۈزمەك، كۆمەكلەشمەك، ــ دېدى خوجا يەھيا ئىشان گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ، ــ بۇ خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسى. بۇنىڭغا پادىشاھ ئالىيلىرى نېمە دەيدىكىن؟

خوجا يەھيانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بابۇر قاتتىق ھاياجانلاندى. يا ئەندىجانغا قوشۇن چېكىندۈرەلمەي، يا سەمەرقەنتكە خاتىرجەم ھۇجۇم قىلالماي تەڭقىسلىقتا قالغان بابۇرنىڭ كاللىسىغىمۇ مۇشۇنداق بىر خىيال كەلگەندى. ئەمما، خانزادە سۇلتان مەسئۇد مىرزا بىلەن خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ قايسىسى بىلەن كۆمەكلىشىشكە كۆڭۈل توختىتالماي، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي تۇرۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئىچكى ھاياجىنىنى يوشۇرۇپ سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن بىرلىشەلمىگەن ئادەم مەندەك نەۋرە قېرىندىشى بىلەن راستتىنلا كۆمەكلىشەلەرمۇ ھەزرىتىم؟ سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا باشقا مۇددىئاسىمۇ بارمىكىن؟

— ماۋەرائۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتى پادشاھ ئالىيلىرىغىمۇ بەش قولدەك ئايان، — دېدى خوجا يەھيا ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ، — مەنچە ئالىيلىرىغا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش ھاجەتسىز. خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئول ئىككى ئاغىسىدىن راستتىنلا كۆڭلى قالدى. ئۇلار ئاغىلىق ھۆرمىتىنى ساقلىمىغاندىكىن، ئاخىر خانزادە ئاتا سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما، بايسۇنغۇر مىرزا ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلمىغان بىلەن، كۆزىنى كور قىلدۇماقچى بولدى. چوڭ ئاغىسى مەسئۇد مىرزا بولسا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ لىللا ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقتا يوق، خۇسرەۋ شاھ دېگەن پاسىق ۋەزىرىنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئىنىلىرىغا ئاغىلىق مېھرىنى يەتكۈزمىدى. ۋادەرىخا، بول دەردلەرنىڭ قايسىسىنى ئېيتاي، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئىشەنسىلەكى، خانزادە سۇلتان ئەلى مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، كۆمەكلىشىش توغرۇلۇق سۆز ئېچىشىدا ھېچقانداق غەيرىي مۇددىئاسى يوق. خانزادە سىلىگە تولىمۇ قايىل. بۇنى سەمىمىي تەكلىپ

دەپ بىلگەيلا. بۇ تەكلىپنىڭ سەمىمىيلىكىگە كەمىنىلىرى ئىمانىم بىلەن كېپىللىك قىلىمەن.

ــ شەرتىچۇ؟ ــ سورىدى بابۇر تەمكىنلىك بىلەن.

ــ شەرتىنى مەنمۇ سورىمىدىم. ئەڭ ياخشىسى ئىككىلىرى كۆرۈشۈپ يۈز تۇرانە شەرتلىشىپ ئەھدى قىلىشقانلىرى تۈزۈك.

ــ ئەمىسە سۇلتان ئەلى مىرزىغا سۆزۈمنى يەتكۈزسىلە، ــ دېدى بابۇر بىر نەچچە دەقىقە خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ــ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم. ئەمما ئىككىمىز كۆرۈشىدىغان ئورۇننى قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن جانابلىرى مەسلىھەت قىلىشىپ بېكىتىشكەيلا.

قاسىمبەگ قاۋچىن خوجا يەھيانى ئۆز چېدىرىغا باشلىدى ۋە بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنى سۇيى سوغۇلۇپ كەتكەن كۆھەك دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈشتۈرىدىغان، كۆرۈشۈشكە ھەر ئىككى تەرەپ بەشتىن نۆكەرنى ھەمراھ قىلىپ بارىدىغان، ھەر ئىككىلىسى ئات ئۈستىدىلا كۆرۈشۈپ سۆزلىشىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

※ ※ ※

چاشگاھ ۋاقتى. ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، كۆك قەھرىدە پارقىراپ تۇرغان قۇياشنىڭ تەپتى يوق ئىدى. كۆھەك تاغلىرىدىن ئەسكەن كۈز شامىلى ئادەمنى ھەرىدەك چاقاتتى. ياز پەسلىدىكى ئىككى قىرغىقىغا پاتماي چايقىلىپ ئاقىدىغان كۆھەك دەرياسىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە كىچىك تارام ھاسىل قىلىپ ئاققان ئېقىنلار ئاتلارنىڭ تىزىغىمۇ كەلمەيتتى. بەش نەپەردىن نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈشتى. گەرچە بابۇر سۇلتان ئەلى مىرزىدىن ئىككى - ئۈچ ياش كىچىك بولسىمۇ، ئەمما بىرلىشىش تەكلىپىنى سۇلتان ئەلى مىرزا ئاۋۋال قويغانلىقى ئۇ-

چۇن، شۇنداقلا بابۇرنىڭ پادىشاھلىق مەرتىۋىسى بولغانلىقى ئۇ-چۇن قەددىنى تىك تۇتۇپ سالام بېرىشكە ئالدىرىمىدى. ئاقپىش-ماق، خام سېمىز، بالا چىراي كەلگەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئەمدىلا ئۆسۈشكە باشلىغان ساقال ـ بۇرۇتلىرى تولۇق قارىدىمى-غانلىقى ئۈچۈنمۇ، يېشىدىن خېلىلا كىچىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار با-بۇرنىڭ خەتنە تويىدا بىر قېتىم كۆرۈشكەنچە قايتا كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر ـ بىرىنى تونۇۋېلىشتى. سۇلتان ئەلى مىرزا ئات ئۈستىدە ھۆكۈمدارلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان با-بۇرغا بىر نەچچە دەقىقە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئوڭ قولىنى سول كۆكرىكىگە قويۇپ، بېشىنى سەل ئېگىپ سالام بەردى:

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ــــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خانزادەم.

سۇلتان ئەلى مىرزا ئاۋۋال سالام بەرگەن بولسىمۇ، پادىشاھ-لىق سەلتەنەت نامىنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا بىرئاز ئاچچىقى كەل-گەن بابۇر «خانزادەم» دېگەن سۆزنى قەستەن تىلغا ئېلىپ، ئۆزى-نىڭ مەرتىۋىدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىگە سال-دى. سۇلتان ئەلى مىرزا بابۇرنىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ قىلغان بۇ تە-ئەددىسىنى دەرھال چۈشەندى.

ــــ پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىلى شۇنچە يىللار بولۇپتۇ. كۆپ بوي تارتىپلا، ھامىمام قۇتلۇقنىگار خانىش ئالىيلى-رىنىڭ ئەزىز تېنى سالامەتمىدۇر؟

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بۇ سۆزلىرى دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى.

ــــ خۇداغا شۈكۈر، سالامەتچىلىك، ــــ دېدى بابۇر تەۋازۇ بى-لەن كۈلۈپ، ــــ ۋالىدەلىرى زۆھرە بېگىممۇ سالامەت تۇردىمۇ؟

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئانىسى زۆھرە بېگىم مەرھۇم سۇل-تان مەھمۇد مىرزىنىڭ توقال خانىشى ئىدى. شۇڭا بابۇر ئۇنى «ھامىمام»، «خانىش» دەپ ئاتىماي، «ۋالىدەلىرى» دەپ ئاتىدى.

ــــ خۇداغا شۈكۈر، سالامەتچىلىك، ئۆزلىرىگە سالام ئېيت-

تى، ــ دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا، ــ ھە راست، ئىنىم سۇلتان ۋەيس مىرزىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ خانىش ئانام سۇلتانىمگار خېنىمچۇ؟

«ھەر ھالدا ھامام بىلەن ئۆگەي ئىنىڭنى ئۇنتۇپ قالماپ-سەن. قارىغاندا خېلى ئادەمگەرچىلىكىڭ بار ئوخشايدۇ...»

ــ ئۇلارمۇ تىنچ ـ ئامان، ــ دېدى بابۇر خىيالىنى يىغىپ.

ھەئە، سۇلتان ئەلى مىرزا تىلغا ئالغان سۇلتانىنگار خېنىم بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ بىر قورساق سىڭلىسى ئىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سۇلتان ۋەيس مىرزىنى (ئەركىلەتمە ئىسمى مىرزاخان) ئېلىپ سەمەرقەنتتىن ئەندىجانغا يېنىپ كەلگەنىدى.

ــ خوجا يەھيا ھەزرەتلىرى ئارقىلىق بىلدۈرگەن مۇددىئا-لىرىنى ئۆز ئاغزىلىرىدىن ئاڭلاپ باقسام دەيمەن، ــ دېدى بابۇر گەپنى ئەسلىي مەقسەتكە يۆتكەپ.

ــ مۇددىئا شۇلكى، ــ دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا، ــ جانابى پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆمەكلىشىپ، نا ئىنساب ئاغام بايسۇن-غۇر مىرزىغا قارشى بىرلىكتە سەپ تۈزۈش.

بابۇر سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سو-رىدى:

ــ شەرتىچۇ؟

سۆھبەت ھالقىلىق يەرگە كەلگەنىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ، يەنە توختاپ قالدى. بابۇر بولسا ئات ئۈستىدە سالاپەتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سە-مەرقەنتنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان سۇلتان ئەلى مىرزا ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھەئە، ئۇمۇ بابۇرنىڭ ياردىمىسىز سەمەرقەنتنى ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ سەمەرقەنتتىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ ۋاز كەچمىسە بابۇر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ شۇنچە يىراقتىن سەمەرقەنتنى دەپلا

كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىتتىپاقلاشمىسا ئاكىلىرىنى يېڭىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بابۇرنى تاشلاپ ئىككى ئاكىسىدىن بىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشسىچۇ؟ بىراق ئۇلار ئۇنىڭغا قانچىلىك زېمىن بېرەر؟ سەمەرقەنتنى ھەرگىز بەرمەيدۇ. بەلكىم ماۋەرائۇننەھردىكى چوڭ ۋىلايەتلەرنىمۇ بەرمەسلىكى مۇمكىن. ھەئە، بۇخارانىمۇ تارتىۋېلىشى مۇمكىن تېخى. بابۇرنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا، سەمەرقەنتنى ئېلىش تۇگۇل، ئىلكىدىكى بۇخارانىمۇ ساقلاپ قالالماسلىقى مۇمكىن...

زىددىيەتلىك خىياللار قاينىمىدىن بىر باشقا چىقالمىغان سۇلتان ئەلى مىرزا ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى:

— ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

بابۇرنىڭ ئۇنىڭدىن كۇتۇۋاتقان جاۋابىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇڭا تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمىدى:

— سەمەرقەنت بارلىق تۇمەنلىرى بىلەن مېنىڭ تەسەررۇپۇمدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېش[1]، خۇزار، كەرمىنە، قاراكۆل ۋىلايەتلىرىمۇ مېنىڭ ئىلكىمدە بولىدۇ. سىلى بۇخارادىن باشقا قارشىنى ئىلكىلىرىدە تۇتىدىلا. ھىسار، قۇندۇز، تېرمىز ۋىلايەتلىرىنى ئاغىلىرى مەسئۇد مىرزىدىن تارتىۋېلىشلىرىغا لەشكىرىي جەھەتتىن كۆمەكلىشىمەن.

سۇلتان ئەلى مىرزا بابۇرنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە يالت ئېتىپ قارىۋېتىپ، سەل قىزارغان ھالدا ئېغىز ئاچتى:

— قارشى ئەزەلدىنلا سۇيۇرغاللىقىم ئىدى. ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئاتام ماڭا بېرىۋەتكەن. خۇزار بىلەن كەرمىنە ۋىلايەتلىرى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدا. شۇڭا بۇ ئىككى ۋىلايەتنى بىردىن ئۈلۈشسەك، كەرمىنە بۇخاراغا يېقىن ھەم پاسىل. شۇڭا بۇ ۋىلايەت مېنىڭ تەسەررۇپۇمدا بولسۇن. ھىسار، قۇندۇز، تېرمىزنى ئالساقمۇ تەڭ بۆلۈشەيلى. ئىشلىرىمىز ۋۇجۇد-

① يەنە بىر ئىسمى شەھرى سەبىز.

قا چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنەتىمنى ئېتىراپ قىلىشلىرى كېرەك.

سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ خېلىلا يول قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بابۇر يەنە تىركىشىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. مۇشۇنداق بۆلۈشكەندىمۇ ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەك زېمىن بابۇرغا تەۋە بولاتتى.

ـــ بوپتۇ، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، ـــ دېدى ئۇ گەپنى چورتلا كېسىپ، ـــ قاسىمبەگ قاۋچىن جانابلىرى بىلەن خوجا يەھيا ھەزرەتلىرى پۈتۈم يېزىشسۇن، ئاندىن مۆھۈرىمىزنى باسايلى.

ـــ يەنە بىر گەپ، ـــ دېدى چىرايى سەل ئېچىلغان سۇلتان ئەلى مىرزا، ـــ بەلكىم پادىشاھ ئالىيلىرىمۇ ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. سەمەرقەندنىڭ ئۆزۈق ـ تۈلۈكى مول. ئۇلار بۇ يىل قىشنى سىرتنىڭ ياردىمىسىزلا چىقىرالايدۇ. ئەمما بىز لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۆزۈق ـ تۈلۈكىنى توشۇپ كەلمىسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇقتا لەشكەرلەرنىڭ ئايدالادا چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ قىشلىمىقىمۇ مۇشكۈل. شۇڭلاشقا ھازىرچە لەشكەر چېكىندۈرۈپ، ئالدىمىزدىكى يازدا قايتىدىن لەشكەر تارتىپ كەلسەك قانداق دەيدىلا؟

ئۆزۈق ـ تۈلۈك مەسىلىسىگە بېشى قېتىپ تۇرغان بابۇر بۇ تەكلىپكە دەرھال قوشۇلدى:

ـــ مەيلى شۇنداق قىلايلى. ھازىرچە بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن جەڭ قىلىشنى مەسئۇد مىرزىغا ئۆتچە تاشلاپ بېرەيلى.

دەريانىڭ قىرغىقىدا قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن خوجا يەھيا ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ، داستىخان ھازىرلاپ تۇرغاندى. بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزا چېدىرغا كېلىپ داستىخاندا ياندىش ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ تۇز يېيىشىپ قەسەم قىلىشقان بىلەن ئوخشاش ئىدى. تاماقتىن كېيىن قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن خوجا يەھيا يېزىپ تەييارلىغان ئىككى نۇسخا پۈتۈمگە مۆھۈرلىرىنى بېسىشتى.

ـــ ئەمىسە يازچە بوْغداي ئورمىسىدىن بوْروْن كېلىپ موْشوْ يەردە كۆروْشەيلى، ـــ دېدى بابوْر سوْلتان ئەلى مىرزا بىلەن خوشلىشىپ.

ـــ ئاللاھ خالىسا، ـــ دېدى سوْلتان ئەلى مىرزا، ـــ ھاممام قوْتلوْقنىگار خانىشقا، خانىش ئانام سوْلتانىنىگار خانىمغا، ئىنىم سوْلتان ۋەيس مىرزىغا ۋە باشقا ئوْروْق - توْغقانلارغا سالام دېگەيلا.

ـــ سىلىمۇ ئانىلىرى زۆھرە بېگىمگە سالام دېگەيلا.

ئوْلار ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدوْروْشوْپ خوشلاشتى.

كىچىك ئىنىسى سوْلتان ئەلى مىرزا بىلەن بابوْرنىڭ توْيوْقسىزلا لەشكەر چېكىندوْرگىنىدىن خەۋەر تاپقان سوْلتان مەسئوْد مىرزىمۇ بىر - ئىككى كوْن تېڭىرقاپ توْرغاندىن كېيىن، خىلدىن بېرى ئاشىق بولوْپ يوْرگەن شەيخ ئابدوْللا بارلاسنىڭ قىزىنى ئېلىپ ھىسارغا چېكىندى.

# 111

تاشكەنت.

ياز پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. ئوردا ئىشىكئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلبە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما جاھاندىكى ھەممە مېۋىلەر تېپىلىدىغان ئارقا ھويلىسىدىكى بېغىدا مىرزا نىغمەت پاشا، سوْلتان جوْنەيدى بارلاس، ئەييوْپ بەگچەك قاتارلىق يېقىن ئۆتىدىغان ھەمتاۋاقلىرى بىلەن خاس سۆھبەت قوْرغانىدى. قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقان بولسا كېرەك، داستىخان ئەتراپىدا موْلازىمەت قىلىدىغان بىرمۇ خىزمەتكار يوق ئىدى.

ـــ چاي سوۋوْپ قاپتوْ ئەمەسمۇ، ـــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە

چەينەكنىڭ يوغان قورسىقىنى تۇتۇپ بېقىپ.

ــ سوغۇق چاي ياقىدىغاندەك قىلىدۇ، ــ دېدى نىغمەت مىرزا پىيالىسىدىكى زەپەر چاينى ئوتلىغاچ، ــ ئىشىكئاغىسى جانابلىرىنى خىزمەتكە سېلىپ قويدۇقمۇ نېمە؟ ئۇيات بولدى ـ دە.

ــ يوقسۇ، ئۇنداق دېمىسىلە، ھەربىرلىرىگە ئۆز قولۇم بىلەن مۇلازىمەت قىلغىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. بۇمۇ غەنىيمەت پۇرسەت دېسىلە. مۇلازىم ـ چاكارلارنىڭ ئاغزى بوش كېلىدۇ. مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىز قاتتىق سىر تۇتۇلغىنى ياخشى.

ــ توغرا، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خۇپىيە ـ پايلاقچىلىرى ھەر جايدا بولۇشى مۇمكىن.

ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخانغا شۇنچە جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلىپتىمىز، لېكىن كۆتكىنىمىزدەك تۈزۈك نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتىمىز، ــ دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس قولىدىكى قىرغاۋۇل پاچىقىنى غاجىلىغاچ، ــ مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاندىن ھەر ھالدا قۇتۇلدۇق دەپ خۇش بولساق، ئورنىغا ئىنىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزا چىقىۋالدى دېسىلە.

ــ خان ئالىيلىرىمۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانغا ئاداش ـ ئاغىنەم دەپ زىيادە ئېتىبار قىلىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىنىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىمۇ ئۇنىڭدىن زىيادە ئەتىۋارلاۋاتىدۇ. بىز بولساق شۇنچە خىزمەت قىلىپمۇ يەنىلا بوسۇغىنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىمىز، ــ دېدى ئەييۇپ بەگچەك داتخورلۇق بىلەن سۆزلەپ، ــ يەنە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولساق، ئەتە ـ ئۆگۈن ئوردىدىن قوغلىنىمىزمۇ تېخى.

ــ شۇڭا ھەربىرلىرىنى خۇپىيانە كېچەشكە چىللىشىم، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە، ــ سۇ كەلگۈچە توغان تۇت، دەپتىكەن كونىلار. ھەر ھالدا بىخۇد يۈرمەي بىرەر تەدبىر كۆرگەچ تۇرايلى جانابلار.

— خوش، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس.

ئەھمەدبەگ تەلبە ئۆزۈن شاپ بۇرۇتىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن ئويناپ تۇرۇپ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ھەممىلىرىگە مەلۇملۇق. كەمىنىلىرى چوڭ خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنىڭ بەگ ئەتكەسى. ئۇزا كۈنى ئول خانزادىنى چېكىپ باقسام: «ماڭا ئاشۇنداق كۈنلەرمۇ نېسىپ بولارمۇ ئۇستاز؟» دەپ خان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇش خىيالىنى يوشۇرۇپ كەتمىدى.

— سىلى نېمىدەپ جاۋاب بەردىلە؟ — ئالدىراپ سورىدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس.

— نېمە دەيتتىم، ھەممىدىن ئارزۇ قىلماقلىق مۇھىم خانزادەم، ئاشۇنداق ئارزۇلىرى بولسا، مۇرادلىرى چوقۇم ھاسىل بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - تولا ھەرىكەت قىلماقلىرى زۆرۈر، دەپ جاۋاب بەردىم. بۇنى ئاڭلاپ خانزادە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. «بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدىغانىنىڭ ئامالى بولسا ھەرقانداق ئىشتا ئاغزىلىرىغا قارايمەن، يول كۆرسەتكەيلا» دەيدۇ.

— بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس، — دېدى ئەيىۇپ بەگچەك ئويلانغان ھالدا، — سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى تاشكەنتتىن مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى. قايسى كۈنى تۇرپاندىكى ئىنىسى ئالاچەخان ئالىيلىرىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، تۇرپاننى زىيادە ماختاپ كەتتى. تۇرپاننى بۇنچە سېغىنغان بولسىلا بېرىپ كەلمەمدىلا دېسەم، ئاللاھ خالىسا بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بارارمەن دەيدۇ. ناۋادا تۇرپان تەرەپكە كەتكەن بولسىدى، ئورنىغا شاققىدە چوڭ خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇۋالغان بولاتتۇق.

— بۇنىڭ باشقىچىمۇ ئامالى بار، — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە چىرايىغا سىرلىق تۈس بېرىپ.

ئۈچ ئەمىر ئۇنىڭ چىرايىغا گۇمانسىراپ قارىدى.

ــ ئېيتسىلا جانابلىرى، بۇنىڭ قانداق ئامالى بار؟
ئەھمەدبەگ تەلبە بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:
ــ ناۋادا خان ئالىيلىرى تۇرپانغا ئەمەس، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتسىمۇ ئوخشاشلا چوڭ خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزغىلى بولىدۇ.
ئۈچ ئەمىرنىڭ چىرايىنى بىردىنلا ۋەھىمە باستى. ئەتراپنى تەشۋىش بىلەن بويۇنداپ قارىدى.
ــ نېمانداق قورقۇنچاقلىق قىلىشىدىلا جانابلار، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ــ خاتىرجەم بولۇشسىلا، باغدا بىزدىن بۆلەك ھېچكىم يوق، چاكارلارنىڭ ھەممىسى باغنىڭ سىرتىدا، ــ ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، ــ بۇنچىلىك گەپكە شۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كېتىشسىلە، رەسمىي ئىشنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ.
ــ ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ــ دېدى مىرزا نىغمەت پاشا تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ تامنىڭمۇ قۇلىقى بار دەپتىكەن. ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. ناۋادا سەل ـ پەللا چاندۇرۇپ قويساق، خانغا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن جەددى ـ جەمەتىمىز قىرىپ تاشلىنىدۇ. گەرچە ھەممىمىز ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرى بولساقمۇ، قولىمىزدا لەشكىرىي ھوقۇق يوق. لەشكىرىي دىۋان سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قولىدا. تۇركىستاندىكى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ خىيالىنى بىلىپ بولمايدۇ. راستىنى دېسەم، ئول كىشى كۆزۈمگە تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنىدۇ. كۆرۈنۈشتە بىزگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ھازىرغىچە بىلدۈرگىنى يوق. ئۆرەتۆپىدە مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بار. ئۆزى يىراقتا تۇرغىنى بىلەن، ئوردىدىن كۆلەڭگىسى تېخىچە يوقالغىنى يوق. ئۇنىڭ نېرىسىدا بولسا بابۇر پادىشاھ بار. يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن،

دادىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان بىر نەچچە يىلدىن بېرى باشقىچە كۆچىيىپ كەتتى. ئۇلار بىرلىشىدىغان بولسا بىز ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز.

ــ بۇزرۇك خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمـمۇ بار تېخى. مەزلۇم كىشى بولغىنىغا، يەنە كېلىپ قېرىغىنىغا باقماي سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپلا يۈرىدۇ. ئۇل ئىككى مەزلۇمنىڭ كۈچى بىر تۈمەن لەشكەردىن قېلىشمايدۇ.

ــ خەقنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزىمىزنى كەمسۇندۇرمايلى. مەنمۇ ھازىرلا ئىش باشلايلى، دېمەكچى ئەمەسمەن، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە سەل تېرىكىپ، ــ بۇ تەرەپلەرنى مەنمۇ ئويلىغان. سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشسىلا، كەمىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى مۇنداق: سۇلتان مەھمۇدخاننى كۆزدىن يوقىتىشتىن ئاۋۋال، بابۇر پادىشاھنى تەخت ـ سەلتەنەتتىن ئايرىش كېرەك...

ــ بابۇر پادىشاھنى سەلتەنەتتىن قانداق ئايرىيمىز؟ ــ ئالدىراپ سورىدى ئەييۇپ بەگچەك.

ــ ئاۋۋال گېپىمنى يىرماي ئاڭلاپ باقسىلا، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە، ــ بابۇر پادىشاھنى سەلتەنەتتىن ئايرىش چارىسىنى ئويلاپ قويدۇم. ھەربىرلىرىگە مەلۇم، بابۇر پادىشاھنىڭ ئانا بۆلەك ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بار ئەمەسمۇ. ئۇ ھازىر ئاخسىدا. ئىنىم ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئەۋەتكەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، جاھانگىر مىرزا بىلەن ئاخسىدا تۇرۇۋاتقان ئۇزۇن ھەسەننىڭمۇ جاھانگىر مىرزىنى بابۇر پادىشاھنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغۇزۇش خىيالى بار ئىكەن. بۇ ئىشنى ئىنىم ئەھمەد تەنبەل ئۇل ئۇزۇن ھەسەن بىلەن بىر قېتىم خۇپىيانە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. بابۇر پادىشاھنىڭ ئۆتكەن يىلى كۈزدىكى مۇۋەپپەقىيەتسىز سەمەرقەنت يۈرۈشىدە ئىنىم ئەھمەد تەنبەل كۆپ جاسارەتلەرنى كۆرسىتىپ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپتۇ. گەرچە ئۇ ئەندىجان ئوردىسىدا ئىچكى بەگلەردىن بولسىمۇ، ئاشۇ قېتىمقى يۈرۈشتىن كېيىن بابۇر پادىشاھ ئۇنىڭغا مەرتىۋىلىك بەگلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان

بولۇپتۇ.
ــ ئىنىلىرى ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئۇزۇن ھەسەن بول ئىشلارنى ئالالقاچان خۇپىيانە پۈتتۈشۈپ بولغانىكەن ـ دە، ــ دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس.
ــ شۇنداق. پەقەت بىزلا جىم يۈرۈپتىمىز.
ــ ئۇلارغا پۇرسەت كەپتىغۇ ئەمىسە، ــ دېدى مىرزا نىغمەت پاشا، ــ ھازىر بابۇر پادشاھ سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن سەمەر-قەنتنى ئېلىش كويىدا. پەمىمچە، ھازىر ئەندىجاندا تۈزۈك لەش-كەرمۇ يوق.
ــ راست ئېيتتىلا جانابلىرى، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە، ــ بابۇر پادشاھ بۇ يىل ئەتىيازدا سەمەرقەنتكە قايتا لەشكەر تارتىپ بارغاندىن كېيىن سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن بىرلىشىپ سەمەر-قەنتنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە شەھەرنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالماپتۇ. ئىنىم ئەھمەد تەنبەلمۇ ئۇنىڭ يې-نىدا بولغاچقا، ئۇزۇن ھەسەن پۇرسەت كۈتۈۋېتىپتۇ.
ــ ناۋادا بابۇر پادشاھ سەمەرقەنتنى ئالسا، جاھانگىر مىر-زىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشى سۇغا چىلىشارمىكىن، ــ دېدى سۇلتان جۇنەيدى بارلاس.
ــ قانداق دەيدىلا؟
ــ سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغان بابۇر پا-دىشاھنىڭ چىشىغا تېگىشكە كىممۇ پېتىنالىسۇن؟
ئەھمەدبەگ تەلبە خاتىرجەملىك بىلەن خىرىلداپ كۈلدى:
ــ بابۇر پادشاھنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالايدىغان ئادەم بار.
ــ ئەمىر جانابلىرى كىمنى نەزەردە تۇتتىكىن؟
ــ ئۇل بابۇر پادشاھنىڭ تاغىسى بولمىش سۇلتان مەھ-مۇدخان ئالىيلىرى بولماي يەنە كىم بولاتتى.
ئولتۇرغانلار خىرىلداپ كۈلۈشتى:
ــ راست، بۇنى ئويلىماپتۇق.

ـــ خان ئالىيلىرى تەڭرىدىن بۆلەك ھەر كىمنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالايتتى ئەمەسمۇ؟

ـــ ئەلۋەتتە بىز ئۇپرىماس ئىككى ئىلىك تىلىمىزنى ئىشقا سېلىپ مەدەت بېرىمىز ـ دە.

ـــ تۇنۇگۇن مۇھەممەد شەيبانىخاندىن يەنە مەكتۇپ كەلـدى، ـــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە ھەمراھلىرىنى ئاغزىغا قاردـتىپ، ـــ ئۇنىڭ دېيىشىچە، سەمەرقەنتتە قامالدا قالغان بايسۇنـغۇر مىرزا ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ.

بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خان ئالىيلىرىغا مۇھەمـمەد شەيبانىخاننى سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا يارلىق چۈشۈـرۈشكە دەۋەت قىلايلى. ئۇل شەيبانىخان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتسا، بىرىنچىدىن، بابۇر پادشاھقا ئارامچىلىق بولمايدۇ؛ ئىكـكىنچىدىن، خان ئالىيلىرى بىلەن بابۇر پادشاھنىڭ ئارىسى يەنە بۇزۇلىدۇ. ئۇل چاغدا ئىنىم ئەھمەد تەنبەل بىلەن ئۇزۇن ھەسەـنىڭ جاھانگىر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشىغا پۇرسەت چىقىـدۇ. ئاندىن بىزمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىمىز. بەلكىم خان ئاـلىيلىرىدىن بۇرۇنراق مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن ئىنىـسى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلارمىز.

ـــ ئىشلار ئاشۇنداق نەتىجىلەنسىغۇ خان ئالىيلىرى بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارىماي ئىلاج قىلالمايتتى.

ـــ ئۇل ئاغا ـ ئىنى ئەمىرزادىلەرنى كۆزدىن يوقاتساق ئوردا ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتىدۇ.

ـــ بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ مۇھەممەد شەيبانىخاندىن ياردەم سورىغىنىغا قارىغاندا، سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالى خېلىلا خەتەرلىك ئوخشىمامدۇ؟ ـــ سورىدى ئەييۇپ بەگچەك.

ـــ ھېلىمۇ سەمەرقەنت قامالدا تۇرغىلى بىر نەچچە ئاي بوـلۇپ قالدى، ـــ دېدى نىغمەت مىرزا، ـــ كۆزدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي قامالدا تۇرۇپمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكى خېلىلا خورىغاندى. بۇ قېتىمـقى قامالدا ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئاساسەن تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن.

سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ بوغدايلىرىنى بابۇر پادىشاھ بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى ئوروپ يەپ تۈگىتىپ بولدى. سەمەرقەنتلىكلەر بىر تال دانغىمۇ ئېرىشەلمەدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا ياردەم سورىماي قانداق قىلىدۇ.

ــ بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن ياردەم سوراشقا يۈزى چىدىماپتۇ ـ دە.

ــ كەنباي جېڭدىكى غەلىبىسىنى ئېسىدىن چىقارمىغان گەپ.

ــ شۇ قېتىمقى جەڭدە لەشكەرلىرىمىز خېلى كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى.

ــ خان ئالىيلىرى مۇشۇنى باھانە قىلىپ مۇھەممەد شەيبانىخاننى ياردەم بېرىشكە ئەۋەتمەيمۇ قالارمۇ؟

ــ سەمەرقەنت تەختگاھىنى بابۇر پادىشاھنىڭ يالغۇز يۇتۇۋېلىشىغا يول قويماسلىقنى ئالاھىدە ئەسكەرتسەك چوقۇم كېيىمىزگە كىرىدۇ.

ــ توغرا، خان ئالىيلىرىنى سەمەرقەنتكە قىزىقتۇرايلى.

ــ سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئەزەلدىن تەمە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟

ــ بۇ دورەم سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خان ئالىيلىرىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايلى.

ــ كەنباي جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتنى ئېسىگە سېلىپ، سەمەرقەنتكە قىزىقتۇرايلى.

ــ ئۇنداق بولسا مەن ئىنىم ئەھمەد تەنبەلگە دەرھال مەكتۇپ ماڭغۇزاي. ئۇ پۇرسەت تېپىپ بابۇرنىڭ لەشكىري كۈچىنى پارچىلىسۇن. مۇھەممەد شەيبانىخان سەمەرقەنتنى قولىغا ئالسا، سەييىد مۇھەممەد مىرزا خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغىچە جاھانگىر مىرزا ئەندىجان تەختىدە ئولتۇرسا، بىزمۇ چوڭ خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا بىمالال تەرەددۇت قىلالايمىز.

— شۇنداق قىلايلى. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم ئىشلىرىمىزغا ئۆزى ئاسانلىق بېرەر.

ئۇلار مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇشقاندىن كېيىن، دۇئا قىلىشىپ تارقىلىشتى.

※ ※ ※

بابۇرنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى خان يۇرتى ئوتلىقىغا، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى كۆلى مەغەك ئوتلىقىغا قارارگاھ قۇرۇپ، سەمەرقەنت شەھىرىنى ئىسكەنجىگە ئالغىنىغا ئالتە ـ يەتتە ئاي بولۇپ قالغانىدى. بۇ جەرياندا شەھەرگە بىر قانچە قېتىم قاتتىق تېگىش قىلىندى. ئەمما، بايسۇنغۇر مىرزا سىپىل مۇداپىئەسىنى چىڭىتىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

— يەنە كۆز ئاخىرلىشىپ سوغۇق چۈشكىلى تۇردى، — دېدى بابۇرنىڭ بارگاھىغا مەسلىھەتكە كەلگەن سۇلتان ئەلى مىرزا غەمكىن تۇرقىنى يوشۇرماي، — پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بىرەر ئۇنۇملۇك تەدبىرى بارمىكىن، بىلەي دەپ كېلىشىم.

— ئىشەنچلىرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا ئالىيلىرى، — بابۇر ئەمدى سۇلتان ئەلى مىرزىنى ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش «خانزادە» دەپ ئاتىمايدىغان بولغانىدى، — بايسۇنغۇر مىرزا مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكى بىلەن مىرزا كۆۋرۈكىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، قورغان سىرتىغا لەشكەر تارتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھەر ھالدا ياخشى، ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ يەيدىغىنى ئاساسەن قالماپتۇ. دېمەك، قورغاندىكىلەر ئىنتايىن ئاجىزلاشتى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن شەھەرنى بۈگۈن ئالساقمۇ ئالالايمىز، ئەتە ئالساقمۇ

ئالالايمىز. شۇڭا ھۇجۇم قىلىپ لەشكەرلىرىمىزنى چىقىمغا ئۇچرىتىپ يۈرمەي، لەشكەرلىرىمىز سوغۇقتىن دالدىلانغۇدەك قىشلاق سېلىشنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرەيلى. ھۆددە قىلىمەنكى، بايسۇنغۇر مىرزا كۆپ بولسا بىر ئاي، ئاز بولسا ئىككى ھەپتە ئىچىدە سەمەرقەنت شەھىرىنى جەڭسىز تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بابۇرنىڭ ئىشەنچكە تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن ئۈمىد پەيدا بولدى:

— ئىيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم، — دېدى ئۇ، — مەن تېخى بۇ يىلمۇ ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولارمىزمۇ دەپ ئەندىشە قىلغاندىم. ئۇنداق بولسا قىشلاق سېلىشنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرگەچ تۇرايلى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى بابۇر، — ئەمما، ئالدىلىرىغىلا قارىماي، ئارقا تەرەپلىرىدىنمۇ ئېھتىيات قىلغايلا.

سۇلتان ئەلى مىرزا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— قانداق دېدىلا ئالىيلىرى؟

— بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ تۈركىستاندىكى مۇھەممەد شەيبانىخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بار ھەقچان. تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ قانداق خىيالى باركىن بىلمىدىم. ئۇ شەيبانىخاننى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىغا كۆمەكلىشىشكە يولغا ساپتۇ. ئۇلار بەلكىم بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ خەۋەر سۇلتان ئەلى مىرزىنى يەنە تەشۋىشكە سېلىپ قويدى:

— بۇ... بۇ... قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى. ئول شەيبانىخان دېگەن بەتبەخت قانچىلىك لەشكەر بىلەن كەلگەندۇ؟

— ياۋنىڭ قانچىلىك لەشكەر بىلەن كېلىشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى بىزنىڭ ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققۇدەك جاسارىتىمىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا ئالىيلىرى، — دېدى بابۇر سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، —

شەيبانىخان ئۇزاق يولدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىدۇ. ئەمما بىز
بولساق ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بېرى تۈزۈك جەڭ قىلماي ئارام ئې-
لىۋاتىمىز. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزمۇ جەڭ سېغىنىپ قالدى.
بىز بايسۇنغۇر مىرزىغا كۆمەككە كەلگەن ياۋنىڭ ئالدىنى توسۇپ،
ئارام ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ھۇجۇم قىلىدىغان بولساق،
گەپ يوق نۇسرەت قازىنىمىز.

— قۇلىقىم سىلىدە، — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا بابۇرنىڭ
قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ئۇنداق بولسا مەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن ياۋغا
روبىرو چىقاي. سىلى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بۆكتۈرمى-
دە تۇرۇپ ھەمدەم بولسىلا. شەيبانىخانىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كې-
لىشكە چاپارمەن ماڭدۇردۇم. مەلۇمات ئالغان ھامان سىلىگە خە-
ۋىرىنى بېرىمەن.

— تولا ئوبدان، — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا.

— خاھى كۈندۈزى، خاھى كېچىسى بولسۇن، لەشكەرلەرنى
ئىككى ـ ئۈچ قېتىمدىن ناغرا چالدۇرۇپ، چۇقان ـ سۈرەن سال-
دۇرۇپ شەھەر ئىچىدىكىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرۇشنى توخ-
تىتىپ قويمىسىلا. ئۇلارنىڭ يۈرىكى قانچىلىك مۇجۇلسا ئىرادى-
سى شۇنچە تېز سۇنىدۇ.

※ ※ ※

بابۇرنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا شەي-
بانىخان ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى.

«تاغام سۇلتان مەھمۇدخان نېمانچە قاراملىق قىلغاندۇ، —
دەپ ئويلىدى بابۇر، شەيبانىخانىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىدىتلاپ
كۆرگەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ غەرىزى بايسۇنغۇر مىرزىغا كۆ-
مەكلىشىش ئەمەس، سەمەرقەنتنى ئېلىش ئوخشايدۇ. لېكىن
شۇنداقتىمۇ شەيبانىخاندەك ساداقىتى تولۇق سىنالمىغان يات

سەركەردىگە شۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى تاپشۇرغىنى نېمىسى؟ ئە ـ
جەبا، شەيبانىخاننىڭ ئاتا دۇشمىنى ئىكەنلىكىنى، رەھمەتلىك با ـ
بام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدا شەيبانىخاننىڭ بابىسى، ئاتىسى
ھەم تاغىسىنىڭ سەلتەنەت ھەم خۇن قىساسى بارلىقىنى بىلمەم ـ
دىكىنە؟ لەشكەر دېگەن تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ ئۇلى. ئۇنىڭ تىز ـ
گىنىنى قاراپ تۇرۇپ نىيەت ـ مۇددىئاسى نامەلۇم، ساداقىتى
سىنالمىغان يات بىراۋغا تۇتقۇزۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ سەمەر ـ
قەنتنى دەپ سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ؟ خىزمە ـ
تىدە مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان، سەييىد مۇھەممەد
مىرزىدەك ھەم ساداقەتمەن، ھەم جاسارەتلىك پېشقان سەركەرد ـ
لىرى تۇرۇپ، شەيبانىخاننى لەشكەر بېشى قىلغىنى نېمىسىدۇر؟
ياكى شەيبانىخان تاغام ئۇچۇن ئۇلاردىنمۇ ئىشەنچلىكمىدۇ... »

بابۇر خىيالىنى ئارتۇقچە داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىدى.

— شەيبانىخاننىڭ بۈگۈنچە جەڭگە چىقمىش مۇددىئاسى يوق ـ
تەك قىلىدۇ، — دېدى بابۇر بىلەن كۆزىتىش مۇنارىسىدا تۇرغان
قاسىمبەگ قاۋچىن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن بارگاھ قۇرۇپ
جايلىشىۋالسا كېرەك.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى بابۇر ياۋ لەشكەرلى ـ
رىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىر لەشكەر ـ
لىرىنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا ئۆزىنى خا ـ
تىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالماق ـ
چى. كۆردىلىمۇ، ئۇلارمۇ چاندۇرمىغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلد ـ
يەتتە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ. تېخى لەشكەرلىرى
ۋاقىتلىق خەندەك كولاپ، قورغان تام سېلىشقا تەرەددۇتلىنىۋې ـ
تىپتۇ. ھوشيارلىقى بىزدىن كەم ئەمەس.

— ئول شەيبانىخان تولىمۇ ھىيلىگەر ئادەم، — دېدى قا ـ
سىمبەگ قاۋچىن، — بىخۇد تۇرساق ھەرگىز بولمايدۇ ئالىيلى ـ
رى. لەشكەرلىرىمىز ئاللىقاچان ھازىرلىنىپ بولدى.

— دەرھال ھۇجۇم قىلايلى، — دېدى بابۇر كەسكىنلىك بىل ـ

لەن، ـــ ئۇلارغا ئارام ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرسەك بولمايدۇ. سىلى ئەلى دەرۋىشبەگ، ئەلى مەزىد قاۋچىن، مىرىم لاغەرى، سەئىد قارى بەگلەر بىلەن تۇرشاۋۇل بولسىلا. ئەھمەد تەنبەل، مۇھەممەد باقىربەگ، شىرىم تاغايىلار چاپاۋۇل بولسۇن. ۋەيس لاغەرى، سەئىد قارابەگ، مۇھەممەد دوست قاتارلىق سەركەردىلەر ئوڭ ـ سول تەرەپنى مۇھاپىزەت قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتسۇن. قالغان سەركەردىلەر چاغداۋۇللۇق قىلسۇن. بۆكتۇرمىدە تۇرغان سۇلتان ئەلى مىرزا قوشۇنغا كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە زەمبىرەك ئوقى بىلەن بەلگە بېرەيلى.

ـــ پەرمانبەردارمەن!

ـــ توختىسىلا، ـــ دېدى بابۇر مېڭىشقا تەمشەلگەن قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاراپ، ـــ سەركەردىلەرگە قاتتىق جېكىلىسىلە، مۇھەممەد شەيبانىخان يېڭىلىپ قاچسا قوغلىمىسۇن. لەشكەرلىرىگىمۇ زىيادە تالاپەت يەتكۈزمىسۇن.

قاسىمبەگ قاۋچىن بابۇرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي تېڭىرقىدى:

ـــ بۇ دېگەنلىرى...

ـــ كۆڭلۈمنى چۈشەنسىلە. تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ يۈزىنى قىلمىسامۇ بولماس. سەگنى ئۇرساڭ ئىگىسىگە باق، دەيدىغان تەمسىل بار ئەمەسمۇ؟ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى زىيادە كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىسا، خان تاغام مەندىن رەنجىپ قالىدۇ. ئۇ مەندەك جىيەنىنىڭ ئىززىتىگە رىئايە قىلمىغان بىلەن، مەن ئۇنىڭ تاغىلىق ھۆرمىتىگە رىئايە قىلمىسام بولماس.

ـــ جەڭدە ياۋغا سىيلە ـ رەھىم قىلساق تازا قامالاشماسمىكىن.

ـــ مەن جەڭدە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار دېمىدىم. ناۋادا يېڭىلىپ چېكىنسە قاچقىلى قويۇڭلار دېدىم.

ـــ مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم ئالىيلىرى.

ـــ يەنە بىر گەپ، ـــ دېدى بابۇر، ـــ ياۋنىڭ ئوزۇق ـ تۈ-

لۇكىنى ئىمكان بار كۆپرەك ئولجا ئېلىڭلار. خەۋەرلىرىدە بار، بىزمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسلىپ قېلىۋاتىمىز.

ئوتتۇز مىڭ لەشكىرىگە قاتتىق ئىشەنگەن مۇھەممەد شەيبانىخان بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنى ئالدىراپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ دەپ پەرەز قىلغان ۋە ئۇلارغا سۇلتان مەھمۇدخاننى سۇر كۆرستىپ، سۇلھى بىلەن چېكىندۇرۇپ، بايسۇنغۇر مىرزىغا ياردەم بەرگەن قىياپەتتە شەھەرگە كىرىپ، سەمەرقەنتنى ئاسانلا قولغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. كۈتمىگەندە بابۇرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىشى ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ھۇجۇمغا تەشكىللىگەن بولسىمۇ، ئالدى تەرەپتىن بابۇرنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى، ئىككى يان تەرىپىدىن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بۆكتۈرمىدە تۇرغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى.

«بۇ ئىككى سويمىنى سەل چاغلاپ قالدىممۇ نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمدى چېكىنسەم بولمايدۇ. ئىمكان بار شەھەرگە كىرىۋېلىش كېرەك. ئۇلار ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بېرى مۇھاسىرە قىلىپمۇ بايسۇنغۇر مىرزىدىن شەھەرنى ئالالمىغانىكەن. شۇنچە كۆپ لەشكەرلىرىم بىلەن مۇداپىئە قىلسام تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىۋېلىپ، ئاندىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويىمەن. سۇلتان ئەلى مىرزىدا ماڭا قارشى چىققۇدەك جاسارەت يوق، لېكىن بابۇرنى بوش چاغلىمىسام بولغۇدەك...»

ئۇ سەركەردىلىرىگە جەڭ قىلغاچ شەھەر تەرەپكە ئىلگىرىلەش پەرمانىنى بەردى:

— ئۇدۇلىمىزدىكى ياۋ بىلەن زىيادە تىركەشمەي، شەيخزادە دەرۋازىسى تەرەپكە ئىلگىرىلەڭلار!

شەيبانىخان پەرمان چۈشۈرگەچ ئۆزى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى.

ـــ بايسۇنغۇر مىرزىغا دەرھال خەۋەر يەتكۈز. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى تېزدىن ئېچىپ بەرسۇن، ـــ دېدى مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ شەيخزادە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقان شەيبانىخان تاۋاچى بەگكە قاراپ.

تاۋاچى بەگ شەيخزادە دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك ئات سالدى.

شەيبانىخان ئارقىدا كېلىۋاتقان لەشكەرلىرىنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈپ جاسارىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇ-نۇملۇك قارشىلىق كۆرسىتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن چىرايى قارىداپ كەتتى.

«لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭمىسام بوپتىكەن. ئۇلار مېنى جان قايغۇسىدا شەھەرگە كىرىۋېلىشقا ئالدىراپ قالدى دەپ ئويلاپ قال-دى بولغاي. مېنى كۆرمىسە بايسۇنغۇر مىرزا شەھەرنىڭ دەرۋاز-سىنى ھەرگىز ئېچىپ بەرمەيدۇ. تاۋاچى بەگ خەۋەر ئېلىپ كەل-گۈچە ئارقا سەپكە قايتاي. بۇ بابۇر دېگەن بەدرەك تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يۈزىنى قىلايمۇ دېمەيدىغۇ. ھىماتچى قوشۇن ئو-زۇق - تۈلۈكلەرنى قورۇقدىيالىغانمىدۇ؟ يا ھەزرەت! لەشكەرلىرىم ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي بۇ تەرەپكە قېچىۋاتىدىغۇ. ئۇلارنىڭ راستىنلا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك جاسارىتى قالمىغانمىدۇ... »

شەيبانىخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئارقا سەپكە قاراپ ئات سالدى.

ـــ ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، ياۋنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بې-رىڭلار.

شەيبانىخاننى كۆرۈپ سەركەردە - لەشكەرلىرى يەنە قايتى-دىن جانلاندى. جەڭ ۋەزىيىتىدە يەنە قايتىدىن تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى. مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكىدە ھەر ئىككى تەرەپتىكى

لەشكەرلەرنىڭ جەسىتى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەجەل قىلىچلىرى
قۇياش نۇرىدا سوغۇق يالتىرايتتى. تۇپراققا سىڭىپ بولالمىغان
قانلار ياقۇتتەك جۇلالايتتى.
تاۋاچى بەگ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى.
ــ قانداق بولدى؟ ــ تىت ـ تىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيبا-
نىخان تاۋاچى بەگكە قاراپ چەكچەيدى، ــ ئەجەب ھايال قالدىڭغۇ؟
ــ دەرۋازىدىكىلەر بايسۇنغۇر مىرزىدىن ئىجازەت ئالايلى دەپ
ساقلاتتى. لېكىن ئۇل مىرزا...
ــ ھە، مىرزا نېمە بوپتۇ؟
ــ بايسۇنغۇر مىرزا: «سەمەرقەنت شەھىرى شەيبانىخان جا-
نابلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى سىغدۇرالىغۇدەك ئۇنچە چوڭ ئەمەس.
شەھەر سىرتىدا بارگاھ تىكىپ ياۋغا تاقابىل تۇرسۇن. ياۋ چېكىن-
گەندىن كېيىن ئىستىقبالىغا چىقىپ شەھەرگە تەكلىپ قىلىد-
مەن» دەپتۇ.
ــ ماۋۇ خوتۇنتالاقنىڭ قىلغان گېپىنى!
غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان شەيبانىخانىنىڭ كۆزىگە
قان تولدى. شۇ تاپتا بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بىر-
لەشمە قوشۇنى قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتى. سەمەرقەنت
شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى بولسا مەھكەم تاقاق. سېپىل ئۈستىدىكى
ئوقيا، مەنجاناق، زەمبىرەكلىرىنى بەتلەپ تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەر-
نىڭ ئەلپازى خېلىلا يامان ئىدى. ناۋادا شەيبانىخان پىسەنت قىلما-
ماي سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاپ بارسا ئوق يامغۇرىدا قېلىشى تۇر-
غانلا گەپ ئىدى.
«بايسۇنغۇر مىرزا دېگەن خۇمپەر نىيىتىمنى بىلىپ قالغان
ئوخشىمامدۇ. ئەسلىدە سەمەرقەنتكە بۇنچە ئالدىراپ يېقىنلاشماي
ئەھۋالنى تىڭ ـ تىڭلاپ كۆرسەم بوپتىكەن. بابۇر بىلەن سۇلتان
ئەلى مىرزىنىڭ تەييارلىق كۆرۈپ ئالدىن ھۇجۇم قىلىشىنى نە-
زەرگە ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇل ئىككى سىرىق تۈكنى تەگدى-
شىم ئەمەس دەپ سەل چاغلاپتىمەن. ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،

ئۆزگىنى شىر چاغلا، دېگەن ھېكمەتنى نېمىشقا ئېسىمگە ئالمى-
دىم ـ ھە؟! ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر. شۇنچە ھەشەم بىلەن
لەشكەر تارتىپ كېلىپ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي چې-
كىنسەم، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىدىكى ئابرۇيۇم تۆكۈلۈپ
كەتمەسمۇ، ماڭا بولغان ئىشەنچى سۇسلاپ قالماسمۇ؟ ئاران تەستە
ئىلكىمگە ئالغان شۇنچە كۆپ لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟
مۇشۇ لەشكىرىي يۈرۈشكە ئىجازەت ئالىمەن دەپ ئەھمەد تەلبە بى-
لەن مىرزا نىغمەت پاشاغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سۇڭگۈتكەن
ئەمەسمىدىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ
سۇلتان مەھمۇدخاندەك بولۇمسىز ، دۆت، قاپاق كاللىغا قىلمىغان
خۇشامەتلىرىم قالمىغان ئەمەسمىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان
بىلەن ئىنىسى سەييىد مۇھەممەد مىرزىغىغۇ بولۇپلا بېرىدۇ. ئۇل
ئىككىسى ئەزەلدىن ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ، ھەرقاچان سۇلتان
مەھمۇدخاننى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. ۋادەرىخا، ماۋۇ تەتۈر
قىسمەتنى كۆرمەمدىغان. ئالىقىنىمغا كىرەيلا دەپ قالغان سەمەر-
قەنت شەھىرىنى، بۈيۈك ماۋەرائۇننەھر تەسەررۇپىنى مۇشۇنداقلا
تاشلاپ كېتەرمەنمۇ ئەمدى؟ ئۆز ۋاقتىدا بىپايان دەشتى قىپچاق
دالاسىنى تىترەتكەن ئۆزبېكخاننىڭ، ھە دېسە ئەتراپىدىكى خانلار-
غا پەرمان چۈشۈرۈپ ئولپان، سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ياشى-
غان شەۋكەتلىك سۇلتان ئوبۇلخەيرخان ئەۋلادلىرىنىڭ سەمەر-
قەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ئارزۇسى يەنە قانچە يىل كېچىكىپ كې-
تەر؟ بولدىلا، كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ، دەپتى-
كەن. ئاۋۋال لەشكەرلىرىمنى دەرھال چېكىندۇرەي. ھېلىمۇ ئەتى-
گەندىن بېرى خېلى كۆپ لەشكەرلىرىم تالاپەتكە ئۇچرىدى. قالغان
لەشكەرلەرنى بىر ئامال قىلىپ ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇراي. ھەر خىل
باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تاشكەنتكە بارماي تۈركىستاندا
تۇرۇۋالسام سۇلتان مەھمۇدخان نېمە قىلالايتتى. تاشكەنتتە ماڭا
تاقابىل تۇرغۇدەك تۈزۈك لەشكەر قالمىدى. مۇشۇ لەشكەرلەر ئىل-
كىمدىلا بولىدىكەن، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ رايىمغا باقماي ئامالى

يوق. يالغۇز سەمەرقەنت شەھىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر ھەتتا پەرغانە ۋادىسى بىلەن تاشكەنتمۇ ئالىقىنىمىدىن قېچىپ قۇ تۇلالمايدۇ... »

قاتتىق مەيۇسلەنگەن شەيبانىخان ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىگە تاشلاپ بېرىپ تۈركىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ شەيبانىخاننىڭ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغىنىنى كۆرگەن بايسۇنغۇر مىرزا ئىشىنىڭ مۇددىئاسىدەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ «شەيبانىخاننى شەھەرگە كىرگۈزمىسەممۇ ئىلاجسىز بابۇر پادىشاھ بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن جاز تىكىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ناۋادا شەيبانىخان غەلىبە قىلسا قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى پېشكەش قىلىپ رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىپ چىرايلىقچە يولغا سالىمەن. ئەگە مەغلۇپ بولۇپ قالسا ئۆز ئۆۋالى ئۆز گەردىنىگە. بۇ ئارىلىقتا بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ كۆپ چىقىمدار بولىدۇ ـ دە مەن بىلەن قارشىلىشىشقا ماغدۇرى يەتمەي، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا پايدىنى يەنىلا مەن ئالىمەن» دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، شەيبانىخاننى شەھەرگە كىرگۈزمىگەنىدى. كۈتمىگەندە شەيبانىخاننىڭ ئارتۇز تىركەشمەيلا چېكىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ بۇ خام خىيالىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتتى.

ھەئە، سەمەرقەنت شەھىرىدە ئاللىقاچان ئۇزۇق ـ تۈلۈ تۈگىگەنىدى. لەشكەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە غورىگىل غىزا يەيدىغا ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شەھەر ئاھالىسى بولسا ئاچ ـ زېرىن لىقتا ھالىدىن كەتكەنىدى. يەتتە ئايغا يېقىن قىلىنغان قامال سەمەرقەنت شەھىرىدە مىسلىسىز ئاچارچىلىق پەيدا قىلغانىدى.

لەشكەرلىرىنىڭ يەنە تىركىشىپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەل مەيدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسە سەمەرقەنتنىلا ئەمەس، جى

نىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بايسۇنغۇر مىرزا بىر كۈنى كېچىسى ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرى، خاس نۆكەرلىرى ۋە خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن ئوغرىدىلىقچە چىقتى ـ دە، ئاكىسى مەسئۇد مىرزىنى پاناھ تارتىپ قۇندۇزغا قاراپ قاچتى.

«گەرچە ئاغام مەسئۇد مىرزا بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئارازچىلىق بولسىمۇ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا قۇندۇزغا لەشكەر تارتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا پاناھلىق بەرگەندىم. تېخى ئۆتكەن يىلى ئۇزۇندىن بېرى ئاشىق بىقارار بولغان شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشىغا يول قويۇپ، شەھەردىن چىقارتىپ بەردىم. مۇشۇ قىلغانلىرىمنىڭ يۈزىنى قىلىپمۇ بولسا ماڭا پاناھلىق بېرىشى مۇمكىن، ــ دەپ ئويلايتتى ئات ئۈستىدە غەمكىن كېتىپ بارغان بايسۇنغۇر مىرزا، ــ بولدىلا، ئەمدى ھەرگىزمۇ تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلمايمەن. سەمەرقەنت تەختگاھىنى تالاشسا سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن ئاغام تالاشسۇن. تېخى يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا شۇنچىۋالا كۆپ خاپىلىقلارنى تارتىپتىمەن. تەختتە ئولتۇرۇپ قانچىلىك راھەت كۆردۈم. كۆڭلىرىم ئۆرۈش تەھلىكىسىدە غەم ـ غۇسسە بىلەن ئۆتتۈپتۇ. ئاغام ئىنساب قىلسا كىچىكرەك تۇمەندىن بىرەرىنى بېرەر. ئاشۇ يەردە ئارامخۇدا ياشىمايمەنمۇ...»

※ ※ ※

بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ قاچقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان بابۇر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەمەرقەنت شەھىرىگە توسالغۇسىز كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل ئوردىدىكى بوستان سارىيىغا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى.

سۇلتان ئەلى مىرزا بابۇرنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈشنى خالىمىدىمۇ ياكى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن بابۇرنىڭ بەتنىيەتلىك قىلىپ جېنىغا قەست قىلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ۋە

ياكى ئۆتكەن يىلى كۈزدە قىلىشقان ئەھدى بويىچە ئۆزگە تېگىل
بولغان ۋىلايەتلەرنى دەرھال ئىلكىگە ئېلىپ لەشكەر تۇرغۇزۇشقا
ئالدىرىدىمۇ ئەيتاۋۇر، بابۇرنىڭ شەھەرگە بىللە كىرىش تەكلىپد-
گە چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشقانىدى.

بابۇر تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئاددىيلا ئۆتكۈزدى.
ئاندىن خەزىنىنى ئاچقۇزۇپ بايسۇنغۇر مىرزا ئېلىپ كېتىشكە
ئۈلگۈرمىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى بوستان
سارىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەتكۈزۈپ، ئەمىر ـ سەركەردىلىرد-
نىڭ مەرتىۋە ـ تۆھپىسىگە قاراپ تەقسىملەپ بەردى. بۇ بايلىق-
تىن ھەتتا ئاددىي لەشكەرلەرمۇ نېسىۋىسىز قالمىدى. ئاندىن
سەركەردىلەرنى شەھەرنىڭ ھەرقايسى دەرۋازا ـ سېپىللىرىغا جاي-
لىشىپ ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇدى:

— لەشكەرلەر لەشكەرگاھلاردىن خالىغانچە ئايرىلمىسۇن، —
دېدى ئۇ قاتتىق جېكىلەپ، — ھەربىرلىرىمۇ ئوبدان بىلىشىدىلا،
ئۆتكەن يىلى كۈزدىكى تۆت ئايلىق قامال ۋە بۇ يىلقى يەتتە ئايلىق
قامالدا سەمەرقەنت ئاھالىسىنىڭ يىلىكى قۇرۇپ كەتتى. دەپ ئول-
تۇرمىساممۇ شەھەردىكى ئاچارچىلىق، ۋەيرانچىلىقلارنى ئۆز كۆ-
زۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. رەئىيەتنىڭ ئىلكىدە لەشكەرلىرىمىزگە
بەرگۈدەك بىر نەرسە يوق. شۇڭا ئاۋامغا خالىغانچە سېلىق سالى-
دىغان، زورلۇق قىلىدىغان، بۇلايدىغان ئىشلار قەتئىي سادىر بول-
مىغاي. ناۋادا كىمدىكىم شۇنداق ئىشتىن بىرنى سادىر قىلىدى-
كەن، كاللىسىغا ھېزى بولسۇن. لەشكەر قىلسا سەرۋاز، سەرۋاز
قىلسا سەركەردە قوشۇپ ياساققا تارتىلىدۇ. كوچا ـ رەستىلەرگە
جاكارچى چىقىرىپ، ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغاي.

سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەردە ھېسابسىز بايلىق، مال ـ
دۇنيا بار دەپ تەمە قىلىپ يۈرگەن سەركەردىلەر قوللىرىدىكى
ئىنئاملارغا ئانچە رازى بولمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەممىسىنىڭ
دېگۈدەك كۆڭلى يېرىم ئىدى. بابۇرنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ ئىلاج-
سىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

بوستان سارىيىدا يالغۇز قالغان بابۇرنىڭ بىردىنلا ئالەمگە
داڭقى كەتكەن كۆك سارايىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ نىيە-
مىشقىدۇر كۆك سارايدا تەختتە ئولتۇرۇشقا كۆڭلى تارتمىغانىدى.
شۇڭلاشقا قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ
تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى كۆك سارايدا ئۆتكۈزۈش تەكلىپىدە-
نى چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدى يالغۇز قالغاندا كۆڭ-
لىدە بىردىنلا كۆك سارايىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى ـ
دە، بىر قانچە نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سەمەرقەنت ئوردىسىدى-
كى بۇ مەشھۇر سارايغا كەلدى.

بۇزرۇكۋار بوۋىلىرىدىن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، خاقانى سە-
ئىد شاھرۇخ مىرزا، دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغبەگ، «بۇسەيىت سۇل-
تان» دېگەن سەلتەنەت نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇ سەئىد
مىرزىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرىدا تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزى-
غىچە بىر قانچە شەۋكەتلىك ھۆكۈمدارلارغا شاھنىشىن بولغان
كۆك سارايىنىڭ بىزىلىشى ھەقىقەتەن ھەشەمەتلىك ئىدى. ھەربىر
ھۆكۈمدار تەختتە ئولتۇرغاندا قايتىدىن بېزەتكەن بۇ شاھانە
سارايغا تەپسىلىي نەزەر تاشلىغان بابۇر ئەندىجاندىكى سارىيىنىڭ
تولىمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمدار بولۇش كويىغا چۈشكەن خانزا-
دىلەر نېمىشقا كۆك سارايدا تەختتە ئولتۇرۇشقا شۇنچە خۇشتار-
كىن دېسەم، ئەسلىدە بۇ ھەشەمەتلىك شاھنىشىننىڭ ئادەمنى
جەلپ قىلىدىغان مۇشۇنداق كاتتا، ئاجايىپ ـ غارايىپ، تىلسى-
ماتتەك تەرەپلىرى بار ئىكەن ـ دە...»

بابۇر قايسىبىر بىناكار، نەققاش، ئويمىچى، ياغاچچى، سىر-
چى ھەمدە تۈرلۈك كەسپلەرنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇستىكار،
سەنئەتكارلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇر-
غان، ئۆزگىچە لايىھەلەنگەن تام ـ تورۇس، دېرىزە ـ تەكچىلەرگە،
ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان قاپارتما شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرىغا،
سارايىنىڭ تېگىگە ياتقۇزۇلغان مەر ـ مەر تاشلارغا، شارقىراتما

شەكىللىك فونتانلارغا، تامغا ئېسىلغان مەرۋەزە، يولۋاس تېرىسى، ھەر خىل نەپىس سوقۇلغان جەك قورالىرىغا، ياقۇت، گۆھەرلەر- دىن كۆز قويۇپ ياسالغان ئالتۇن، كۈمۈش لوڭقا، شامدان، چىراغپايلارغا، چىنە، تەخسە، پىيالىلەرگە، قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغان تۈرلۈك سەنئەت بۇيۇملىرىغا، دېرىزىلەردىكى زەر چۇچە- لىق يىپەك پەردىلەرگە، تېنى، يوپۇرمىقى ئالتۇندىن، مېۋىلىرى ھەر خىل رەڭدىكى قاشتېشى، ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن شەكىل چىقىرىپ ياسالغان، سارايىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا قويۇل- غان ئۈزۈمتال، ئالما، ئۆرۈك، گىلاس، ئالۇچا، جىنەستە، شاپ- تۇل... مودېللىرىغا ھەۋەس بىلەن تەپسىلىي قاراپ چىقتى. تۆر تەرەپتىكى توققۇز پايىلىك مەرمەر شاھسۇپىنىڭ ئۈستىدىكى يۆ- لەنچۈك، تۇتقۇچ، قۇببىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ھەيۋەتلىك تەختكە خېلى ئۇزاق قاراپ كەتتى. بىرىپ ئولتۇرۇپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ تۇرغان بۇ خى- يالدىن ئۆزىگە زور غەيرەت بېرىپ ۋاز كەچتى.

«ياق، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال بابۇر. بۇ تەختتە ھەرگىز ئولتۇرما. مۇشۇ تەختتە ئولتۇرغان نۇرغۇن شورپېشانە خانزادىلەرنىڭ تېزلا كاللىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. ھازىرمۇ، بۇ- نىڭدىن كېيىنمۇ بۇ تەختتە ھەرگىز ئولتۇرما. بەك ھەۋەس قىلىپ كەتسەڭ بوستان سارىيىنى مۇشۇ كۆك سارايغا تەقلىد قىلىپ قاي- تىدىن رېمونت قىلدۇرساڭ، بېزەتسەڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ. ھېلىمۇ نى ـ نى كاتتا ھۆكۈمدارلار ئارمان قىلغان سەمەرقەنت تەختگاھى- نى ئىلىكىڭگە ئالدىڭ. مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك...»

بابۇر مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا نەزەرىنى تەختتىن باشقا تەرەپكە ئاغدۇردى. تۆت قەۋەتلىك بۇ سارايىنىڭ ھەربىر قەۋىتىنىڭ بېزىلىشى، جابدۇلۇشى ئۆزگىچە ئىدى. تۆتىنچى قەۋەتنى تاماشا قىلىۋېتىپ، مۇشۇ سارايدا كاللىسىدىن ئايرىلغان خانزادىلەرنىڭ روھ ـ ئەرۋاھلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بابۇرنىڭ بىردىنلا تېنى شۈركەندى، ۋۇجۇدىنى

غەشلىك چىرمىشۋالدى.

«تەختنىڭ كۈنداشلىقى خوتۇننىڭ كۈنداشلىقىدىن يامان دەپ ئاڭلىغۇدىم. مۇشۇ تەختنى دەپ جېنىدىن ئايرىلغان خانزادىلەرنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، چىقىپ كېتەي...»

بابۇر بەش يېشىدا سەمەرقەنتكە بىر قېتىم كەلگەنىدى. ئا-رىدىن ئون تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقىمۇ ياكى بالىلىق ئەسلىمىلىرى كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ئۆچۈپ كەتكەچكىمۇ ئىلگى-رىكى مەنزىرىلەرنى ئەسلىيەلمىدى. كۆك سارايدىن يېنىپ چىقىپ ئاھەنىن دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى جۈمە مەسچىتىنى، فىرۇزە دەرۋازىسىغا ئۇدۇللاپ ياسالغان باغى دىلگۇشادىكى ئىككى قەۋەت-لىك مەرمەر سارايىنى، شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قەلئەنى، تاشقورغاندىكى بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ قەب-رىسى جايلاشقان خان جەمەتى قەبرىستانلىقى ــ گۆرى ئەمىر مەقبەرىسىنى، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرى-سەسىنى ۋە مەدرىسەگە يانداش سېلىنغان خانىقانى، خانىقانىڭ يې-نىدىكى تۈرك مۇنچىسى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مىرزا ھاماممىنى، مەدرىسەنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەسچىتى مۇقەتتەئنى، باغى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېھىل سۇتۇن① ناملىق ئىككى قەۋەت-لىك ئالىي ئىمارەتنى، بۇ ئىمارەتنىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى كۆككە بوي سوزغان، سىرتى رەڭدار كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن تۆت مۇ-نارنى تەپسىلىي كۆردى. گۆرى ئەمىر مەقبەرىسىدە ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. مەسچىتى لەقلەقەگە كىرگەندە، مەس-چىت گۈمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە تېپىپ، ئۇنىڭدىن چىق-قان «لەق ـ لەق» قىلغان ئاۋازنى تولىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە تىڭشىدى. بۇ سىرلىق ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ قالدىمۇ ياكى بالىلىق تۇيغۇلىرى غالىب كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر، گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە بىر قانچە قېتىم تېپىپ ئوينىدى. بۇ ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى باغى دىلگۇشا، جەنۇبى-

① چېھىل سۇتۇن ــ قىرىق تۈۋرۈك.

دىكى باغى چىنار، شىمال تەرىپىدىكى باغى شامال، غەرب تەرىپىدىكى باغى بىھىش ناملىق مەشھۇر باغلارنى، دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ چاھار بىغىنى ئاتلىق كۆرۈپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا كۆھەك ئېدىرلىقىنىڭ ئېتىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىغا باردى ۋە نەچچە ئون يىلدىن بېرى تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەينالىرىنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ، تام ـ تورۇسلىرىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تولمۇ يېرىم بولدى. ئەمما، بۈيۈك ئالىم ھەم ھۆكۈمدار مىرزا ئۇلۇغبەگكە بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە نا ئىنساب، تۇزكور ئوغلى ئابدۇللەتىپ مىرزىنىڭ قولىدا ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بۇ دانىشمەن ھۆكۈمدارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

«بۇگۈنچە قايتىپ تۇراي، ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا سەمەرقەنتنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنى يىغىپ ئەنجۇمەن ئۇيۇشتۇرۇپ، رەسەتخانىنى قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇرۇۋالارمەن...»

يەتتە ئاي قامالدا قالغان سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ تەسۋىرلىنگۈسىز خارابلىشىپ كەتكىنىنى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋەيرانە، بىچارە تۇرقىنى كۆرگەن بابۇر سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغىنىدىن قىلچىلىك خۇشاللىق ھېس قىلالمىدى. شەيبانىخاندىن غەنىيمەت ئالغان ئاشلىقلارنى شەھەر خەلقىگە ئۈلەشتۈرگۈزۈپ بەردى. ھەئە، ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خېلىلا نارازى بولۇشتى. «پادىشاھ ئالىيلىرى ئاۋامغا ياخشىچاق بولۇشقا ئالدىرىغان بىلەن ۋاقتى كەلگەندە لەشكەرلەرنىڭ گېلىنى باقماق تەس بولۇرمىكىن. ئاز ـ تولا لەشكىرىي ئوزۇق ـ تۈلۈك زاپاس تۇرسا ياخشى بولاتتى» دەپ غۇدۇراشتى. ھەتتا ئويلىغانلىرىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمۇ بولدى. ئەمما بابۇر پەرۋا قىلمىدى.

— ئاۋام ـ رەئىيەت سويغان پىيازدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئاچارچىلىقتا قويۇپ تەختتە ئولتۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئېلىكىمىزدە بارىنى رەئىيەت بىلەن تەڭ كۆرۈپ تۇرايلى، — دېدى

ئۇ.

بىر ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئاشلىق دىۋاننىڭ ئەمىرى ئۇزۇق ـ تۈلۈكنىڭ تۈگەي دەپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— ئامبارلاردىكى بار ئاشلىق يەنە بىرەر ئاي يېتەمدۇ؟ — سورىدى بابۇر تەمكىنلىك بىلەن.

— ھەرقايسى لەشكەرگاھلارنى قىسىپ ـ تېجەپ تەمىنلىدسەك بىرەر ئاي يېتىشى مۇمكىن.

بابۇر ئارتۇقچە گەپ سورىمىدى، بېشىنى سىلىپ بىر پەس خىيال سۈردى.

— ئەتراپتىكى تۇمەنلەرگە ئۇزۇق ـ تۈلۈك يىغىپ كېلىشكە لەشكەر ئەۋەتەيلى، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن.

بابۇر بۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇشۇنداقراق بىر خىيال كەلگەندى. ئەمما، لەشكەر ئەۋەتىپ دېھقانلاردىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك يىغىشقا تازا رايى بارمايۋاتاتتى.

«ئۇزۇق ـ تۈلۈك بولمىسا راستىنلا چاتاق چىقىدۇ. بوپتۇ، ھازىرچە ئۇلاردىن ئۆتنە ھېسابىدا ئالغاچ تۇراي. كېيىنچە تاپشۇرىدىغان پادىشاھلىق باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراقلىرىنى كەچۇرۇم قىلىپ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرەرمەن.»

— ھەرقايسى لەشكەرگاھلارنىڭ سەركەردىلىرى يۈزدىن نۆكەر ئېلىۋېلىپ، ئەتراپتىكى تۇمەنلەردىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك يىغىپ كەلسۇن. ئۇزۇق ـ تۈلۈك بېرىش ـ بەرمەسلىكنى ئاۋامنىڭ ئىختىيارىغا قويسۇن. زىنھار زۇلۇم سېلىپ، مەجبۇرلىمىغاي.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئەتراپتىكى تۇمەنلەردىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك يىغىشقا كەتكەن سەركەردىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى. ئاز ـ تولا بىر نەرسە يىغىپ كەلگەنلەرنىڭمۇ قولىدىكى ئاشلىقنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى، ئەتراپتىكى بۇ ئايماق ـ تۇمەنلەرمۇ ئۈچ خانزادىنىڭ توختىماي

ئېلىپ بارغان تەخت تالىشىش جەڭلىرىدە يەتكۈچە تالان ـ تاراجىغا ئۇچرىغانىدى. سەمەرقەنت شەھىرىدە ئاچارچىلىق ۋەھىمىسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئاشپۇزۇل، ناۋايخانىلار پۈتۈنلەي تاقالغانىدى. شەھەر خەلقى ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىزدەپ شەھەردىن ئونلاپ ـ يۈزلەپ چىقىپ كېتىپ باراتتى. بابۇرغا شەھەر بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ھىراتقا كەتكەن ئەلچىلەر قايتىپ كەلدى!

خاس ھۇجرىسىدا بىشى قېتىپ ئولتۇرغان بابۇر پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىنغا ئۈمىد بىلەن قارىدى. ھەئە، شەھەر پۇقرالىرىغا ئاشلىق تەمىنلەپ بېرىش توگول لەشكەرلىرىگىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزەلمىگەن بابۇر ئىلاجسىز ھىراتتىكى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۆتنە ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنىدى.

ــ قانداق بولۇپتۇ؟ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۆتنە بېرىشكە ماقۇل بولۇپتىمۇ؟

قاسىمبەگ قاۋچىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭمۇ يەتكۈچە باش ئاغرىقى بار ئىكەن، ئەلچىلىرىمىزنى قۇرۇق قول قايتۇرۇپتۇ.

بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى قايتىدىن ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى:

ــ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ قانداق باش ئاغرىقى بار ئىكەن. ئەلچىلەر بىلەلەپتىمۇ؟

ــ ئەلچىلەرنىڭ دېيىشىچە، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالىيلىرى ئالدىنقى يىلى قۇندۇز، ھىسارغا لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال، بەلخنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەلخنى چوڭ خانزادىسى بەدىئۇززامان مىرزىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ۋىلايىتى بولغان ئاستىراباتنى ئۈچىنچى خانزادىسى مۇزەپپەر مىرزىغا بەرگەنىكەن.

ئەمما بۇنىڭغا چوڭ خانزادە بەدىئۇززامان مىرزا نارازى بولۇپتۇ ۋە
ئوغلۇم مۇھەممەد مۆمىن مىرزىنىڭ خەتنە تويىدا خان ئاتام ئاس-
تىراباتنى نەۋرىسىگە بېغىشلىغانىدى، ئەمدىلىكتە ۋەدىسىدىن يې-
نىۋېلىپ ئۇنى ئىنىم مۇزەپپەر مىرزىغا بەرسە قانداق بولىدۇ، دەپ
ئاستىراباتنى ئىنىسىغا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر بۇ نارازىلىق
ئاتا ــ بالا ئوتتۇرىسىدا لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلىشقا بېرىپ يې-
تىپتۇ. ئارىلىقتا نەۋايى ھەزرەتلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۈلھى
قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاتا ــ بالىنى كېلىشتۈرەلمەپتۇ. ئا-
خىر بەدىئۇززامان مىرزا ئاتىسىدىن يېڭىلىپ بەلختىن قېچىپتۇ.
سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى بەلخنى ئون ئىككىنچى
خانزادىسى ئىبراھىم ھۈسەيىن مىرزىغا بېرىپتۇ. دەل شۇ كۈنى
ئۈچىنچى خانزادە مۇزەپپەر مىرزا ئاستىراباتتىكى جىيەنى مۇ-
ھەممەد مۆمىن مىرزا بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىۋاپتۇ ھەمدە ئە-
سىرگە چۈشكەن ئۇل جىيەنىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپتۇ. بەدى-
ئۇززامان مىرزا بۇ پاجىئەگە چىدىماي، قۇندۇزدىكى مەسئۇد
مىرزا بىلەن خۇسرەۋ شاھنىڭ دەرگاھىغا پاناھ تارتىپ بېرىپتۇ.
خۇسرەۋ شاھ ئۇنىڭغا زىيادە ئېتىبار قىلىپ كەتكەنمۇ قانداق،
خۇسرەۋ شاھ بىلەن مەسئۇد مىرزا ئوتتۇرىسىدىمۇ جەڭ بولۇپتۇ-
دەك. شۇنىڭ بىلەن بەدىئۇززامان مىرزا قۇندۇزدا تۇرۇشقا رايى
بارماي، تاغ يولى بىلەن قەندىھاردىكى زۇننۇن ئارغۇننىڭ قېشىغا
بېرىپتۇ. ئالىيلىرىغا قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك، ئۇل زۇننۇن ئارغۇن
سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىنىڭ مەرتىۋىلىك ئەمىرلىرى-
دىن، ئىلكىدە سەركەردە ــ لەشكەرلىرى خېلى بار. ھازىر بەدى-
ئۇززامان مىرزا زۇننۇن ئارغۇن بىلەن بىرلىشىپ خان ئاتىسىغا
قارشى لەشكەر تارتىپتۇ. بۇنى ئاز دەپ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا
ئالىيلىرىنىڭ تۆتىنچى خانزادىسى ئەبۇلھۈسەيىن مىرزىمۇ ئىسيان
كۆتۈرۈپتۇ. ھازىر خۇراسان تەسەررۇپىدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا
ئالىيلىرى ئوغۇللىرىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە
ئىكەن. ئەمدى پەرغانىدىن ئوزۇق ــ تۈلۈك يۆتكىمەي ئامالىمىز

يوقتەك قىلىدۇ.
— شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىمىز يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى
بابۇر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — بىراق ئارىلىق خېلى بار. پەرغانە-
دىن سەمەرقەنتكە ئۇزۇق - تۈلۈك يۆتكەپ كەلگۈچە لەشكەرلەرنى
نېمە بىلەن باقارمىز؟
قاسىمبەگ قاۋچىن قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بېشى-
نى تۆۋەن سالدى. شۇ تاپتا ئۇ پەرغانە بىلەن سەمەرقەنت ئارىلى-
قىدا ئاشلىق توشۇشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى ھېسابلاۋاتقاندەك
قىلاتتى.
«بايسۇنغۇر مىرزا يەتتە ئايلىق قامالدا قانداق بەرداشلىق
بەرگەن بولغىيدى. ھېلىتىن ئىككى ئاي بولار - بولماي بېشىم-
نىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىۋاتىدۇ. بايسۇنغۇر مىرزىمۇ ئۇزۇق -
تۈلۈكنىڭ ئامالىنى قىلالماي ئىلاجسىز تاجۇ تەختتىن ۋاز كې-
چىشكە مەجبۇر بوپتىكەن دېسە. لېكىن مەن ۋاز كەچسەم بولماي-
دۇ. چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىشىم كېرەك. ئىنىم جاھانگىر مىر-
زىمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىۋېلىپ بارىدىغۇ تاڭ. شۇ چاغ-
قىچە بىرەر خەت - خەۋىرىمۇ يوق. ھېچبولمىغاندا ئۇزۇن ھەسەن
ئېسەڭگۈرشى ئۇنى باشلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەۋەتكەن پەرمانىم
تېخىچە قولىغا تەگمىگەنمىدۇ - يا؟ ئەندىجاندىكى زاپاس خان ئاش-
لىقنى ئىمكان بار چىقىمىن قىلماي تۇرايلى دەپ ئويلاپتىكەنمەن.
ئەمدى مەۋلانە خوجا قازى ھەزرەتلىرىگە چاپارمەن ماڭغۇزسام بو-
لىدىغان ئوخشايدۇ...»
— چىقىپ ئارام ئالسىلا ئەمىر، ئەتىگىچە بىر ئامالىنى
قىلارمىز، — دېدى ئۇ قاسىمبەگ قاۋچىنغا ئىجازەت بېرىپ.
— ئامان بولغايلا ئالىيلىرى.
قاسىمبەگ قاۋچىن ئاستا چىقىپ كەتتى.
ھۇجرىدا يالغۇز قالغان بابۇر ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللىسىغا
كىرىۋالغان غەمدىن قۇتۇلالمىدى. كۆز ئالدىغا ھېلى لەشكەرلە-
رى، ھېلى شەھەر ئاھالىسى كېلىۋالاتتى. ھەممىسى يىگۇدەك بىر

نەرسە تەلەپ قىلىپ قولىنى سۇنۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ شىرە ئۈستىدىكى توخۇ پاچىقى بىلەن بېھى بېسىلغان پولۇغا ئىشتىھاسىز قاراپ قويدى. ئۇنى بايا قاسىمبەگ قاۋچىن كىرىشنىڭ ئالدىدا بىكاۋۇل بەگ ئەكىرىپ بەرگەنىدى.

«مەن بۇ يەردە پولۇ يەپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەمما رەئىيەت بىلەن لەشكەرلەر تويغۇدەك ئوماچمۇ ئىچەلمەيۋاتىدۇ... »

بابۇر مەقسەتسىز ھالدا بۇلغار تاشلىق دەپتەرنى قولىغا ئالدى. ھەئە، بۇ ئۇنىڭ دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەرغانە تەختىدە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ ئىزچىل تۇردە يېزىپ كېلىۋاتقان، ھازىرچە «ۋاقائى» دەپ ۋاقىتلىق ماۋزۇ قويۇپ قويغان كۈندىلىك خاتىرىسى ئىدى. ئۇ خاتىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ كاللىسىنى چىرمىۋالغان غەمنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇدى — دە، ئاخىرقى بەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«... بايسۇنغۇر مىرزا چىققاندىن كېيىن بىزگە خەۋەر كەلدى. بىز خوجا دىداردىن ئاتلىنىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدۇق. يول بويى مۆتىۋەرلەر، بەگلەر ۋە يىگىتلەر ئۇزۇلمەي ئالدىمىزغا كېلىپ تۇردى. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەنتكە كىرىپ، ئەركتىكى بوستان سارايغا چۈشتۇم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەنت شەھىرى ۋە ۋىلايىتى ماڭا قاراشلىق بولدى»①.

خاتىرىگە يېزىلغان مۇشۇ قۇرلارنىڭ ئاخىرى ئاق ئىدى. بابۇر بۇ قۇرلارنى قايسى كۈنى مۇشۇنچىلىك يېزىپ توختاپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمىدى. ۋۇجۇدىدا بىردىنلا خاتىرىنىڭ داۋامىنى يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى. خىزمەتكارنى چاقىرىشقىمۇ رايى بارماي ئورنىدىن تۇرۇپ تەكچىدىكى سىياھدان بىلەن قەلەمنى ئېلىپ كەلدى. سىياھدان قۇرۇپ قالغانىدى. پىيالىدىكى چايدىن ئازراق تېمىتىپ قوچۇپ سىياھنى ئەزدى. ئاندىن قومۇش قەلەمنى سى-

① «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 — يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 85 — بەت.

ياھادانغا مىلەپ تۇرۇپ بىرئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خا-
تىرىنىڭ داۋامىنى يېزىشقا كىرىشتى.

« يەر يۈزىدە سەمەرقەنتتەك گۈزەل شەھەر ئاز، ئورنى بە-
شىنچى ئىقلىمدا. تۇلى[1] 99، رەمزى[2] نۇجۇمى[3] 56 دەرىجە[4] ۋە
دەقىقە[5]، ئەرزى[6] 30 دەرىجە ۋە دەقىقە. شەھىرى سەمەرقەنت،
ۋىلايىتى ماۋەرائۇننەھر دېيىلىدۇ. بۇ يەرنى ھېچقانداق دۈشمەن
قولىغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقى ئۈچۈن «بەلدەئى
مەھفۇز» (بىخەتەر شەھەر) دەپ ئاتالغان. سەمەرقەنت ئاھالىسى ئە-
مىرۇلمۇئمىنىن ھەزرەتلىرى زامانىدا مۇسۇلمان بولغان. ساھابى-
لەردىن قۇسەم ئىبنى ئابباس بۇ يەرگە كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭ
قەبرىسى ئاھەنىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، «مازارى شاھ»
دەپ ئاتىلىدۇ. سەمەرقەنتنى ئىسكەندەر[7] بىنا قىلغان. موغۇل ۋە
تۈرك ئۇلۇسى «سېمىز كەنت» دەيدۇ. تېمۇربەگ بۇ يەرنى پايتەخت
قىلغان. تېمۇربەگدىن بۇرۇن بۇ يەرنى تېمۇربەگدەك ئۇلۇغ پادى-
شاھ پايتەخت قىلىپ باققان ئەمەس. قورغىنىنى سېپىل ئۈستى-
دىن قەدەملەپ كۆرۈشنى بۇيرۇغاندىم، ئونمىڭ ئالتە يۈز قەدەم
چىقتى. خەلقى تامامەن سۈننىي بولۇپ، پاك مەزھەپلىك، شەرى-
ئەتچىل، دىندار خەلقتۇر. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز زامانىدىن بې-
رى ماۋەرائۇننەھردە ئىسلام ئىماملىرى شۇنچىلىك كۆپ يېتىش-
كەنكى، ھېچ ۋىلايەتتىن مۇنچىلىك يېتىشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.
كەلام ئىماملىرىدىن بولغان شەيخ ئەبۇ مەنسۇر سەمەرقەنتنىڭ

---

[1] تۇل ــ ئۇزۇنلۇق، مېردىئان.
[2] رەمز ــ بەلگە، ئالامەت.
[3] نۇجۇم ــ يۇلتۇزلار.
[4] دەرىجە ــ گىرادۇس.
[5] دەقىقە ــ مىنۇت ـ سېكۇنت.
[6] ئەرز ــ كەڭلىك، پاراللېل.
[7] ئىسكەندەر ــ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن.

ماترىد دېگەن مەھەللىسىدىن بولىدۇ. كەلام ئىماملىرى ئىككى پىرقە بولۇپ، بىرىنى «ماترىدىيە»، يەنە بىرىنى «ئەشئەرىيە» دەپ ئاتايدۇ. «ماترىدىيە» شەيخ ئەبۇ مەنسۇرغا مەنسۇپتۇر. «سەھىھى بۇخارى» نىڭ مۇئەللىپى خوجا ئىسمائىلمۇ ماۋەرائۇننەھردىن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىتابى بولغان «ھىدايە»نىڭ مۇئەللىپى پەرغانىنىڭ مەرغىنان دېگەن ۋىلايىتىدىن بولۇپ، بۇ يەرمۇ ماۋەرائۇننەھر دائىرىسىگە كىرىدۇ. سەمەرقەنت ئاۋات جايلارنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى پەرغانە ۋە كاشغەر بىلەن، غەرب تەرىپى بۇخارا ۋە خارەزىم بىلەن، شىمال تەرىپى شاش ۋە پەناكېت دەپ يېزىلىدىغان تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيە بىلەن، جەنۇب تەرىپى بەلخ ۋە تېرمىز بىلەن تۇتىشىدۇ. كۆھەك سۈيى شىمال تەرىپىدىن ئاقىدۇ. دەريا بىلەن سەمەرقەنتنىڭ ئارىلىقى ئىككى كۇرۇھ كېلىدۇ. بۇ دەريا بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقىدا كۆھەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېدىر بار. دەريا شۇ ئېدىرنىڭ تۈۋىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆھەك سۈيى دەپ ئاتالغان. بۇ سۇدىن دەرياچە دېسىمۇ بولىدىغان بىر ئېقىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، دەرغەم سۈيى دېيىلىدۇ. بۇ سۇ سەمەرقەنتنىڭ بىر شەرئى① جەنۇبىدىن ئاقىدۇ. سەمەرقەنتنىڭ باغلىرى، مەھەللىلىرى ۋە بىر قانچە تۇمەنلىرى مۇشۇ سۇ بىلەن كۆكىرىدۇ. بۇخارا ۋە قارا كۆلگىچە بولغان ئوتتۇز ــ قىرىق يىغاچ②قا يېقىن يەر كۆھەك سۈيى بىلەن كۆكىرىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ دەريا زىرائەت بىلەن ئىمارەتتىن ئاشمايدۇ. بەلكى ياز ئايلىرىدا ئۈچ ــ تۆت ئاي بۇخاراغا سۇ يەتمەيمۇ قالىدۇ.

ئۈزۈمى، قوغۇنى، ئالمىسى، ئانىرى، بەلكى ھەممە مېۋىسى ياخشى. بىراق، ئىككى خىل مېۋە سەمەرقەنت نامى بىلەن مەشھۇر: سىبى سەمەرقەنت (سەمەرقەنت ئالمىسى)، ساھىبى سەمەر-

① شەرئى ــ مۇساپە ئۆلچىمى، بىر شەرئى ئۈچ كىلومېتىرغا تەڭ.
② يىغاچ ــ مۇساپە ئۆلچىمى. بىر يىغاچ سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ.

قەنت (سەمەرقەنت قىزىل سايۋىسى) دېيىلىدۇ...»①

بابۇر خاتىرىنى بارماق، بېغىشلىرى ئاغرىپ، غوللىرى تال ـ غۇچە يازدى.

## 112

شەيخزادە دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان لەشكەرگاھنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قازناقنى قويۇق نەشە پۇرىقى قاپلىغانىدى. بىر نەچچە پارچە قۇرۇق نان ۋە بىر لېگەن سۆڭەكتىن باشقا يېگۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغان داستىخاندا ئەھمەد تەنبەل، خانقۇلى مىرزا، بۇيانقۇلى مىرزا، ئىبراھىم بەگچەك قاتارلىق بىر قانچە سەركەردە ئارچا ياغىچىدا چېشلىرىنى كوچىلىشىپ ئولتۇراتتى. غىزادىن كېيىن چەككەن نەشىنىڭ كەيپىدىن بولسا كېرەك، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى.

— سەمەرقەنت شارابىدىن تېپىلغان بولسا بىر نەچچە ئاپ ـ قۇردىن ئىچكەن بولساق قانداق پەيزى بولاتتى ـ ھە، — دېدى ئىبراھىم بەگچەك كارتتىدە بىرنى كېكىرىۋېتىپ.

— تويۇپ بىر قورساق گۆش يېگەنلىرىگە شۈكۈر قىلىسىلا سەركەردە، — دېدى خانقۇلى مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ، — كىم بىلىدۇ، ئەتە يېگۇدەك بىر نەرسىمۇ تاپالماي ئاچ قالامدۇق تېخى. ھېلىمۇ ئەھمەد تەنبەل بەگ جانابلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن پاقلان گۆشىگە بىر قېتىم كېكىرىۋالدۇق.

ئىبراھىم بەگچەك ئەھمەد تەنبەلگە قاراپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجايدى.

① «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 85 ـ، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر.

— جانابى سەركەردىگە كۆپ رەھمەت. خۇدايا توۋا، سەمەرقەنتكە نېمە ئارمانلار بىلەن كەلمىگەنىدۇك ـ ھە. قورساق باقالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنى زىنھار ئويلىمىغانىكەنمەن.

— شۇنى دېسىلە. ئۇماچمۇ تۇتىيا بولۇپ كېتىپ بارىدىغۇ تاڭ، — دېدى بۇياتقۇلى مىرزا ئاغرىنغان ھالدا، — تاملىرى كۈمۈشتىن، ئۆگزىلىرى تىللادىن، بوسۇغىلىرى ئالتۇندىن دەپ تەرىپلىنىدىغان سەمەرقەنتتە بارماق چىشلەپ قالدۇق دېسە.

— ئەسلىدە بۇ نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرسىسى قۇرۇق شەھەركەن ئەمەسمۇ.

— يېڭىلىشتىلا جانابى سەركەردىلەر، — دېدى كالتە يۆتىلىپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتقان ئەھمەد تەنبەل بىلەرمەنلىك بىلەن، — سەمەرقەنتتە ئۇزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ چىش كولارغا بىر نەرسە قالمىغىنى راست. ئەمما، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ياقۇت ـ گۆھەرلەر ئويلىغىنىمىزدىنمۇ زىيادە.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى سەركەردە، بابۇر پادىشاھ ئائىلىلىرى شەھەرگە كىرىپلا خەزىنىنى ئاچقۇزۇپ، بار مال ـ دۇنيالارنى بوستان سارايغا ئاچىقتۇرۇپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىنىنى ئۆز كۆزدىمىز بىلەن كۆرگەن تۇرساق.

ئەھمەد تەنبەل مەسخىرىلىك ھىجايدى:

— ئىشىنىپ قاپلا ـ دە. بۇ دېگەن ئول بابۇر پادىشاھ ئائىلىلىرى بىلەن ئەمىرلەشكەر قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ ھىيلىسى. ئاشۇ كۈنى بىزگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلار خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيالارنىڭ ئوندىن بىرى خالاس.

سەركەردىلەرنىڭ چىرايىنى گۇمان بۇلۇتلىرى قاپلىدى:

— ئەجەبا... پادىشاھ ئائىلىلىرى ئاشۇنداقمۇ قىلغانمىدۇ؟

— ئەمىسچۇ، — دېدى ئەھمەد تەنبەل پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى غورت ـ غورت قىلىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، — ئويلاپ بېقىشسىلا، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاندىن تارتىپ نى ـ نى شەۋكەتلىك خان ـ پادىشاھلارغا ئاستانە بولغان شەھەر بۇ. ئۇلار

ئۆمۈر بويى جۇغلىغان بىھېساب مال ـ دۇنيالارنى گۆرىگە بىللە ئېلىپ كەتكەن دېسەم ھېچقايسىلىرى ئىشەنمەيلىغۇ دەيمەن. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە سەمەرقەنت تەختى ياتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ باقتىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ياق، ئاتىدىن ئوغۇلغا، ئوغۇلدىن نەۋرىگە، نەۋرىدىن چەۋرىگە مىراس بولۇپ تۇردى. ئۇلار خەزىنىنى كۆپەيتىسە كۆپەيتتىكى، ھەرگىز بۇزۇپ ـ چاچمىدى. ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ يەپ تۈگىتىلگىنى راست. ئەمما ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى يىگىلى بولامتى. سەمەرقەنت خەزىنىسىنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن مىڭ تۆگىگە ئارتىسىمۇ يەنە ئېشىپ قالىدۇ. بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچقىنى ھەممىلىرىگە ئايان. گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، بۇ مال ـ دۇنيالارنى كۆرۈپ بابۇر پادىشاھنىڭ كۆزى قىزاردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ جەڭ قىلغان بىزدەك سەركەردىلىرىگە قولىغا مۇت كەلگەن خەزىنىنى تولۇق ئۇلەشتۈرۈپ بەرگۈسى كەلمىدى.

ئەزەلدىن لەشكىرىي يۈرۈش دېسە مال ـ دۇنيانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يەڭ شىمايلىدىغان بۇ سەركەردىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇ تاپتا نارازىلىق، غەزەپ تۇيغۇلىرى ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئەھمەد تەنبەل خىلىدىن بىرى ئۇلارنى مەقسەتلىك يېنىغا تارتقان، يىقىنچىلىق قىلىپ تۇرغانىدى. بۈگۈنمۇ نۆكەرلىرى نەدىندۇر بولاپ كەلگەن پاقلاننى ئۇلارغا مەردلىك بىلەن پىشۇرۇپ بەرگەنىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ...

— ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى تىكىپ كۆرسەتكەن تۆھپىمىزنىڭ مۇكاپاتى شۇ بولدىمۇ ئەمدى؟!

— بىز بولمىساق سەمەرقەنتنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن يولىيالامتى؟

— نېمانچە نائىنسابلىق بۇ!

— لەشكەرلىرىمىزمۇ جاپا تارتقىنىغا تۇشلۇق ئۇلجىغا ئېرىشەلمىدى.

— بابۇر پادىشاھنىڭ ئادالىتى شۇ بولسا...
— توۋا ئەجەب قىپتۇ ـ ھە...
— خەزىنە قۇرۇق بولسىغۇ بىر نۆرى.
— لەشكەرلىرىمىز سىقىمى تولغۇدەك تىللاغا ئېرىشكەن بولسا، ھازىر تارتىۋاتقان ئاچلىق ئازابىغا ئاز ـ تولا تەسەللى بولاتتى ئەمەسمۇ؟!

سەركەردىلەرنىڭ كۆتكىنىدىن ئارتۇقراق غەزەپلەنگىنىنى كۆرگەن ئەھمەد تەنبەل ئوت ئۈستىگە ماي چېچىشقا باشلىدى:

— خان ـ پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئۆزۈقىدۇر. ساداقەتمەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئۆزۈقىغا قارا سانىغان پادىشاھ ھەرگىزمۇ ئادالەت ساھىبى ئەـ مەس. بابۇر پادىشاھنىڭ نەزەرىدە بىز ئاشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشچىـ لىكمۇ بولالمىدۇق. جەڭنى قان كېچىپ بىز قىلدۇقـۇ، نەپنى پاـ دىشاھ بىلەن ئۇل ئاچكۆز قاسىمبەگ قاۋچىن ئالدى. ئۇيلاپ بېـ قىشىسىلا، قاسىمبەگ قاۋچىن بۇ قېتىمقى جەڭدە بىرەر ياۋ لەشـ كىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ باقتىمۇ؟ ياق! قىلىچنى قىنىدىنمۇ سۇغۇرۇپ باقمىدى. ئەمما باش تۆھپە يەنىلا شۇنىڭ بولدى.

— بۇ بولماپتۇ، — دېدى بابا چەككەن نەشىنىڭ كەيپى تېـ خىچە كاللىسىدىن كەتمىگەن ئىبراھىم بەگچەك دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمە قىلاي دەيدىلا سەركەردە؟ — سورىدى ئەھمەد تەنـ بەل.

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بارىمەن.

— بېرىپ نېمە قىلىدىلا؟

— ئادالەتسىزلىكى ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن. كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپەمگە تۇشلۇق ئىنئام بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

ئەھمەد تەنبەلنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئولتۇرسىلا! ئۆلگۈلىرى كەپتۇ سىلىنىڭ.

ئىبراھىم بەگچەك پۇشۇلدىغان پېتى قايتىدىن ئولتۇردى.
ــ سىلىچە پادىشاھ ئالىيلىرى ئەرزلىرىگە قۇلاق سالارمۇ؟ ۋاي رەنجىمىسىلە، خاتا قىپتىمەن، دەپ ئالدىلىرىغا خەزىنىنى تۆكۈپ تاشلارمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. سىلىگە پىتنە قىلدىڭ، خانغا تۆھمەت قىلدىڭ دەپ گۇناھ ئارتىپ، كۆزىنى چىمىلداتمايلا ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. ئەسلىرىدە باردۇر، بايسۇنغۇر مىرزا قاچقاندىن كېيىن خەۋەر بېرىپ، قارشىلىقسىزلا دەرۋازا ئېچىپ بەرگەن سەمەرقەنت ئەمىرلىرىگە يۈز ـ خاتىر قىلدىمۇ؟ بىر قانچىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىغا ھەيۋە كۆرسەتتىغۇ؟ ھازىر ئوزۇق ـ تۈلۈك تېپىپ بېرەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا مۇشۇنداقلا ئالدىغا بارىدىغان بولسىلا، كاللىلىرىنى ئېلىپ باشقىلىرىمىزغا سۈر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ھېلىغۇ بىر سىلىكەنلا، ئون سەركەردە بولسىمۇ كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويمايدۇ.
ــ ئەمىسە لەشكەرلەرنىڭ ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرساقمۇ بىلمەسكە سالىدىكەنمىز ـ دە، ئادالەت دېگەن نەرسە بارمۇ زادى؟
سورۇننى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.
ــ ئادالەت بابۇر پادىشاھتا يوق، ئەمما باشقىلاردا بار، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل ھىيلىگەرلىك بىلەن.
سەركەردىلەر ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قارىدى.
ــ بۇ نېمىدېگەنلىرى سەركەردە؟
ئەھمەد تەنبەل ھەمراھلىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:
ــ راست گەپنى ئاڭلىغۇلىرى بارمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە بولمامدىغان.
ــ ئەمىسە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشسىلا. بابۇر پادىشاھتا ئادالەت بولمىغىنى بىلەن، ئىنىسى جاھانگىر مىرزىدا ئادالەت بار.
ئولتۇرغانلار چۆچۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ئەھمەد تەنبەل خاتىرجەملىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
ــ سەمەرقەنتمۇ، خەزىنىمۇ بابۇر پادىشاھنىڭ بولدى. ئەمما بىز نېمىگە ئېرىشتۇق؟ سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدۇق دېگەن قۇرۇق ئاتاقتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق. بابۇر پادىشاھ سەمەرقەنتتەك ئۇن شەھەرگە ھەم شۇنچىلىك خەزىنىگە ئېرىشسىمۇ، بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز يەنە مۇشۇنچىلىك بولىدۇ. مەنسەپ ـ مەرتىۋىمىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، پايدىنى پەقەت قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ يىقىنلىرى ئالىدۇ. قېنى قايسىمىزنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلدى. ھېچبولمىغاندا سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن، مەرتىۋە، ئۇنۋان ئىنئام قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ھازىرغىچە ئىچكى بەگلەر قاتارىدا تۇرۇۋېرىمىز؟ نېمىشقا باھادىرلىق، پەھلىۋانلىق ئۇنۋانلىرى بىزگە يېقىن كەلمەيدۇ؟ ئەمما جاھانگىر مىرزىنىڭ قېشىغا بارساق ئۇنداق بولمايدۇ. جاھانگىر مىرزا پەرغانە سەلتەنەتىگە پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرسا، بىزمۇ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، ئوردىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتىمىز. باھادىرلىق، پەھلىۋانلىق ئۇنۋانلىرىنى ئالىمىز.
ــ بۇ دېگەن خانغا ئاسىيلىق قىلىش بولىدۇ، ــ دېدى ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باسقان ئىبراھىم بەگچەك.
ــ راست ئېيتتىلا تەقسىر، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ــ ئەمما شۇنى ئۇنتۇمىسىلاكى، بىرىگە ئاسىيلىق قىلماي تۇرۇپ، يەنە بىرىگە ئىقتىدا قىلغىلى بولمايدۇ.
ــ سىلى بۇنداق دېگەنلىرى بىلەن جاھانگىر مىرزا تەختتە ئولتۇرۇشقا پېتىنالامسىكىن، ــ دېدى بۇيانقۇلى مىرزا.
ئەھمەد تەنبەل تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:
ــ سىلى مېنى ئەقلىدىن ئازغاندەك جۆيلۈۋاتىدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامدىلا؟ ماقۇل، گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ھەربىرلىرىدىن نېمىسىنى يوشۇراي، شول تاپتا جاھانگىر مىرزا ئاخسىدا يولدىمىزغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاغام ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ تاشكەنتتىكى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدا ئوردا ئىشىك-

ـئاغىسى ھەم چوڭ خانزادە سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ بەگ ئەتكەسى ئىكەنلىكىنى ھەربىرلىرى ئوبدان بىلىشىلا. ئاغام ئاللىـ. قاچان ئاخسىدىكى ئۆزۈن ھەسەن جانابلىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، بابۇر پادىشاھنىڭ ئورنىغا ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشىنى كېلىشىپ قويغان. بۇ دورەم مۇ. ھەممەد شەيبانىخان يېڭىلىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى جىيەنى بولمىش بابۇر پادىشاھتىن قاتتىق رەنجىپتۇ. بىز جاھانگىر مىرزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزساق، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بابۇر پادىشاھنى ئەمەس، جاھانگىر مىرزىـ. ـنى قوللايدۇ. سەمەرقەنتتە ئاچارچىلىق جاپاسىنى تارتىپ يۈرگەنـ. ـدىن كۆرە، ئىلكىمىزدىكى لەشكەرلەرنى ئېلىپ دەرھال ئاخسىغا بېرىپ جاھانگىر مىرزىغا بەيئەت قىلىدىغان بولساق، بول دەر. گاھتا خورلۇق تارتقىنىمىزدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟!

ئىبراھىم بەگچەك گۇمانسىرىغان ھالدا ئەھمەد تەنبەلگە قا. رىدى:

— ئېيتقانلىرى راستمۇ سەركەردە؟

— مۇشۇنداق ئىشقىمۇ يېنىكلىك قىلغىلى بولامدۇ، — دېدى ئەھمەد تەنبەل سۆزلىرىگە ئەستايىدىل تۈس بېرىشكە تىرىشىپ، — ھەربىرلىرى يېقىن بۇرادەرلىرىم بولغاچقا، گەپ قىلماي غىپپىدە كېتىپ قېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭلاشقا بول مۇددىئادىن خەۋەرلەندۇرەي دېدىم. كۆڭۈللىرىگە خوپ كەلسە بىللە كېتىمىز. جاھانگىر مىرزىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئېـ. ـرىشىپ، راھەت ـ پاراغەتنى تەڭ كۆرىمىز. ناۋادا ياق دېيىشسىلە، ئۇمۇ ئىختىيارلىرى، ۋاقتى كەلگەندە جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشۈپ قالىمىز. ئول چاغدا بۇرادەرچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلمىدى دېيىشىپ قېلىشمىسىلا. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ شانۇ شەۋكىتى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىشىدىلا. ئۇ كىمنى قول. ـلىسا غەلىبە ـ نۇسرەت شۇ تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ئاللىقاچان پىشىپ بولغان ئىشكەنغۇ، — دې.

ـدى ئىبراھىم بەگچەك، ــ بولدى، مەن سىلىگە ئەگەشتىم.
ــ بولدى، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن. مەنمۇ ئەگەشـتىم، ــ دېدى باياتىن بېرى ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان خانقۇلى مىرزا، ــ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا سەركەشلىك قىلىشقا كىممۇ پېتىنالىسۇن. جاھانگىر مىرزىمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ پۇشتىغۇ بەربىر. بابۇر پادىشاھنىڭ بەتنىيەتلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە بار ئۇنىڭ دەرگاھىدا.
ــ ئۆزلىرىچۇ سەركەردە؟ ــ سورىدى ئەھمەد تەنبەل بۇياقۇلى مىرزىغا قاراپ.
ــ تاۋكادىمۇ ئامەت كەلمىسە ئورۇن يەڭگۈشلەيمىز ئەمەسمۇ، ــ دېدى بۇيانقۇلى مىرزا نەشىنى تولا چېكىپ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە، ــ پاسىبان يەڭگۈشلەپ باقساق يەڭگۈشلەپ باقامدۇق. سەمەرقەنتتە ئېرىشەلمىگەن مال ـ دۇنيا، مەرتىۋىگە پەرغانىدە ئېرىشىپ قالامدۇق تېخى.
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باشقىلار خىرىلداپ كۈلۈشتى.
ــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىشمىسىلا، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل كۈلكىسىنى توختىتىپ، ــ سەمەرقەنت خەزىنىسى ئامانەت بولۇپ تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۇل خەزىنىنى بابۇر پادىشاھ نەگىمۇ ئېلىپ كېتەلەيتتى. كېيىن بولسىمۇ نېسىۋىمىزنى ھامان ئالىمىز. ئاغىسى بەرمىگەننى ئىنىسى ھەسسىلەپ بېرەمدۇ تېخى.
ــ ئەمىسە يولغا قاچان چىقىمىز؟ ــ سورىدى ئىبراھىم بەگچەك، ــ مەسلىھەت پىشقاندىكىن ساقلاپ تۇرمايلى دەيمىنا.
ــ ھەببەللى، كۆڭلۈمدىكىنى دېدىلە، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل ھاياجانلانغان ھالدا، ــ ئالدى بىلەن خانقۇلى مىرزا بىلەن بۇيانقۇلى مىرزا ئىككىلىرى ماڭسىلا، ئاندىن ئىبراھىم بەگچەك ماڭسۇن، كەمىنىلىرى يەنە بىر قانچە بۇرادەرلەرنى دەۋەت قىلىپ باققاچ ئارقىدىراق ماڭاي. ناۋادا بابۇر پادىشاھ بىلىپ قېلىپ قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتسە ھەرقايسىلىرىنى ھىمات قىلىمەن. ئىلكىلىرىدە بار لەشكەرلەرنى بىللە ئېلىپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قې-

لىشمىسىلا.

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز ـ دە، سەركەردە كىرگەن كىپ-چىككە لەشكەرمۇ كىرىدۇ.

ئۈچ سەركەردىنىڭ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەھمەد تەن-بەل ئاۋۋال ئۇلارنى ماڭغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ـــ ئەمىسە شۇنداق قىلايلى. ئاخىسى يولىدا جەم بولايلى.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇشقاندىن كېيىن تارقاشتى.

※ ※ ※

ھەپتىدىن بىرى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بابۇرنىڭ مەك-تۇپ تۇتۇپ تۇرغان بارماقلىرى سىزىلەرلىك تىترىدى. ھەئە، ئۇ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن ئاچچىقىنى بېسىۋېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىد-مۇ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئەندىجاندىن ئارقىمۇئارقا يېتىپ كەلگەن ئىككى پارچە مەكتۇپ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ، يۈرىكىنى چىدىغۇسىز ئازابلاۋاتاتتى. بۇ مەكتۇپنىڭ بىرىنى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، يەنە بىرىنى مو-مىلىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم ۋە ئانىسى قۇت-لۇقنىگار خېنىم يازغانىدى. ھەر ئىككى پارچە خەتنىڭ مەزمۇنى كاللىسىدا توختىماي جاراڭلايتتى.

*«... ئى شەپقەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇشبۇ مەك-تۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىققايلا، ـــ دەپ يازغانىدى خوجا ئابدۇللا قازى، ـــ سەمەرقەنتتە يېتىنە ـ پاسات تارقىتىپ، سەلتەنەتكە ئاسىي-لىق قىلىپ قاچقان ئەھمەد تەنبەل، ئىبراھىم بەگچەك، خانقۇلى مىرزا، بۇيانقۇلى مىرزا قاتارلىق تۈزكور، مۇنا-پىقلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئەدىپىنى بىرىش ھەمدە تۇتۇپ دەرگاھلىرىغا ئەۋەتىش خۇسۇسىدىكى يارلىقلىرىنى تاپشۇ-*

رۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەنـدىجاننـى ئەلى دوست تـاغايغا تاپشۇرۇپ، دەرھال بىر بۆلەك لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئاخسىغا يۈرۈش قىلدىم. كىم بىلسۇن، بول پىتنىنـى قوزغىغـان ۋە ئول تۇزكورلارنى سەمەرقەنتتىن قېچىپ كېلىشكە قۇتراتقان ھەمدە ئىنىلىرى خانزادە جاھانگىـر مىرزىنـى تاجۇ تەخت ۋەسۋەسىسىگە سېلىپ، يامانلىققا باشلىغـان كىشى دەل ئـا۔ شۇ ئاخسى ھاكىمـى ئۇزۇن ھەسەن دېگەن نائەھـلى ئىكـەن ئەمەسمۇ؟! كەمىنىلىرى بېرىپ بولغۇچە ئۇلار ئاخسىدا جەم بولۇپ، يامان نىيەتلىرىنى ئاشكارىلاپ، قارشىلىق مەيدانىغا ئۆتۈپ بولۇپتۇ. ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ بۇ مۇناپىقلارنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدىم. ئاخسىغا ئېلىپ بارغان لەشكـەر۔ لىرىم ئاز بولغاچقا، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش مۇمكىن بول۔ مىدى. ئىلاجىسىز دەرھال قايتىپ ئەنـدىجاننـى مۇھاپىـزەت قىلىشقا تۇتۇندۇم. ئۇلار بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى سەمـەر۔ قەنتنى ئالغاندىكىن ئەندىجاننى ئىنىسىغا بېرىش كېـرەك، دەپ يولسىز تەلەپ قويۇشۇۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ مەلۇمـات دەر۔ گاھلىرىغا بېرىپ بولغۇچە، ئۇلار ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما خاتىرجەم بولسىـلا، بىشىـم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئۇلارنى ئەندىجان بوسۇغىسىغا دەس۔ سەتمەيمەن. ئۇنىڭغىچە شاھىمىزنىڭ تېزرەك يېتىپ كې۔ لىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن...»

«ئەقىلسىز ئىنىلىرى جاھانگىـر مىرزا، ئۇزۇن ھـە۔ سەن، ئەھـمەد تەنبـەل قاتارلىـق تۇزكورلار بىـلەن بىرلـە۔ شىۋالدى. ئول بەتنىيەت سىلىنىڭ سەلتەنەتلىرىـنى بىكـار قىلىپ ئەندىجان تەختگاھىدا ئولتۇرماقچىكەن. نۇرغۇنلىغان لەشكەر بىلەن كېلىپ ئەندىـجاننى قـامال قىلىشۋالدى. بىـز ھازىـر مۇھاسىـرىدە قالدۇق. نـەسىھەت قىـلماقچى بولغـان بولساقمۇ، بىـز بىلـەن كۆرۈشۈشنـى رەت قىلدى. نـىيىتـى بەكمۇ يامان تۇرىدۇ. شاھ بېگىم بىلەن ئىككىمىـزنىڭ مـو۔

*مىلىق ھۆرمىتىمىزگىمۇ رىئايە قىلمىدى. دەرھال كىلىپ بۇ ئىسيانىنى بېسىقتۇرمىسىلا قۇتۇلمىقىمىز تەس. سەمەر-قەنت ئەندىجانىنىڭ كۆچى بىلەن ئېلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە سەمەرقەنتنى دەپ ئەندىجانىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ئۇشبۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھا-مان ئولتۇرغان بولسىلا تۇرسىلا، تۇرغان بولسىلا دەرھال ماڭسىلا، ئەندىجانلا قوللىرىدا بولسا، سەمەرقەنتنى يەنە ئالغىلى بولۇر. ئاتا مىراس تەختگاھلىرىنى ھەممىدىن كات-تا دەپ بىلگەيلا...»*

بۇ ئىككى مومىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يازغان مەكتۇپى ئىدى.

بابۇرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئىش بۇ ئىككى پارچە مەكتۇپلا ئەمەس ئىدى. ئەھمەد تەنبەل، ئىبراھىم بەگچەكلەرنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغاندا، ئىككى كۈن ئاۋۋال تاشكەنتتىكى تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئۇنىڭ سە-مەرقەنتنى ئالغانلىقىنى تەبرىكلەپ بىر پارچە مەكتۇپ كەلگەن-دى. سۇلتان مەھمۇدخان مەكتۇپىدا ئۇنىڭ سەمەرقەنتنى ئالغانلى-قىنى تەبرىكلىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەندىجاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆزىگە بېرىشنى سورىغانىدى. ئىككى كۈندىن بېرى تاغىسىنىڭ بۇ يولسىز تەلىپى سەۋەبلىك ئىچى ئاچچىق بو-لۇپ تۇرغان بابۇرغا ئەقىلسىز ئىنىسىنىڭ تەخت دەۋاسى قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشى تېخىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

«ئىككى يىلدىن بېرى سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدىم. نۇرغۇنلىغان ساداقەتمەن، باھادىر سەركەردە ـ لەش-كەرلىرىمدىن ئايرىلدىم. بول جەرياندا تاغام سۇلتان مەھمۇدخان ماڭا ياردەم بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغانىدى، ھەتتا ماڭا ياردەم بېرىش تۇگۇل بايسۇنغۇر مىرزىغا بولۇشۇپ، شەيبانى-خاننى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئەۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى سەمەرقەنت

قولۇمغا كىرىپ بولغۇچە نومۇس قىلماي ئەندىجاننى سوراۋاتقىنىد-
نى قارىمامدىغان؟! مەن دېگەن ئۇنىڭ جىيەنىغۇ؟ ئەندىجان مېنىڭ
قولۇمدا تۇرسا ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە نېمە زىيىنى بار؟ ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئەندىجان ئاتا مىراس تەختگاھىم تۇرسا، ئۇنى مەندىن
سوراشقا نېمە ھەققى؟ مۇشۇنداقمۇ يولسىزلىق بولامدۇ جاھاندا.
شۇ چاغقىچە ئۇنى تاغام ئەمەس ئاتام ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ
كېلىۋاتىمەنغۇ، شۇ كۈنلەردە ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل
بىرلىشىپ، ئاسىيلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەندىجان تەخ-
تىدە ئىنىم جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ.
لەشكەرلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئول تۈزكورلار ئەگەشتۈرۈپ
كەتتى. تاغام بۇلارنى بىلمەسمۇ؟ چوقۇم بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ
مېنى تار يەردە قىستاۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى
بولماي نېمە؟! مەن بۇنداق زورلۇقنى ھەرگىز كۆتۈرمەيمەن.
ئۇخلاپ چۈش كۆرمىسۇن. ئەندىجاننى ئول ئىنسابسىز تاغامغىمۇ،
ئەقىلسىز ئىنىمغىمۇ بەرمەيمەن. قېنى ئۇلار نېمە قىلالايدىكىن؟!»

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي!

بابۇر خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچى بەگكە قارىدى:

— سۆزلە!

— تۈزكور سەركەردىلەرنى قوغلاپ كەتكەن قوشۇندىن خەۋەر
كەلدى. ئۇلار ئىككى سۇ ئارىسىدا قاچقۇنلارغا يېتىشىپ ئۇلار بىد-
لەن جەڭ قىلىپتۇ. سەركەردە تولۇن خوجا قازا قىلىپتۇ.

تولۇن خوجا بابۇرنىڭ ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن سەركەردىسى
ئىدى. بابۇر ئەھمەد تەنبەل، ئىبراھىم بەگچەكلەرنىڭ قاچقىنىدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا تولۇن خوجىنى
ئەۋەتكەنىدى. ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن شۇم خەۋەر بابۇرنىڭ
يۈرىكىنى مىڭلاپ بىگىز سانجىغاندەك ئازابلىدى. بېشى پىررىدە
قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ـ دە، تەختكە يۆلىنىپ قالدى.
بابۇرنىڭ روھى ـ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىن
يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئالىيلىرى... نېمە بولدىلا؟

بابۇر كۆزىنى تەستە ئاچتى، ئەمما تىلى گەپكە كەلمىدى.

بابۇر بىر ھەپتىدىن بېرى ھېلى قىزىپ، ھېلى مۇزلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. بۈگۈن سەل ماغدۇرغا كەلگەندەك بولۇپ بوستان سارايغا چىققانىدى.

— ئالىيلىرىنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئەكىرىڭلار، تېۋىپقا خەۋەر بېرىڭلار!

بابۇرنىڭ تۇيۇقسىز زوۋاندىن قېلىشى ئوردىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. كېسەللىك ئازابى بىلەن غەزەپ بىرلىشىپ بابۇرنى يىقىتقانىدى.

ئۇ شۇ ياتقانچە تۆت كۈنگىچە گەپ ـ سۆزدىنمۇ، تاماق ـ غىزادىنمۇ قالدى. ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىيتتى. پات ـ پات جۆيلۈيتتى. مەھرەملەر ئاغزىغا پاختا بىلەن سۇ تېمىتاتتى. قىزىتمىسىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن پېشانىسىگە، قولتۇقىغا، تېقىمىغا ھۆل ماتا قوياتتى. تېۋىپلار تېخىچە ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېنىقلىيالمايۋاتاتتى. بۇ ئىش ئوردىدىن ھالقىپ سەمەرقەنت شەھىرىگە ئاللىقاچان پۇر كەتكەنىدى.

— بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئېغىر كېسەلمىش.

— سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ.

— تېۋىپلار ھاياتىدىن ئۈمىد يوق دېيىشىپتىمىش.

— قاسىمبەگ قاۋچىن ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانمىش.

— ياقەي، بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئاللىقاچان جان تەسلىم قىلىپ بولغانمىش. قاسىمبەگ قاۋچىن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى خۇپىيانە تۇتقانمىش.

— ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى بەگلىرى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ بولغانمىش.

— ئاغىسىنىڭ ئورنىدا سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ئۇ-

چوڭ لاۋا ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقانمىش.

— سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ سەمەرقەنت تەختىنى كۆزلەپ ھىساردىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانمىش.

— بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن مەسئۇد مىرزىمۇ قاراپ تۇرماس ھەقىچان.

— سەمەرقەنت يەنە ياغى بالاسىدا قالىدىكەن ـ دە...

— ئى تەڭرىم. ھەرنە بالا ـ قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

— خان ـ پادشاھلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەيسەن!

— ھېلىمۇ ياغى ئايپتىدە ئون جېنىمىزنىڭ بىرى قالمىدى.

— نېمە تارتقۇلۇق بۇ بىزگە.

— ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى رەئىيەت تارتىدىغان گەپ.

— كۆن ئۆتكۆزگۇدەك روزىغارىمىز قالمىدى.

— تېرىق تۇگۇل كېپەكمۇ تۇتىيا بولۇپ كەتتى.

— يەنە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، سەمەرقەنتنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەتمەكتىن باشقا چارىمىز يوق.

— بولدى مەن كېتىمەن، تۇرۇۋەرسەم بالا ـ ۋاقىلىرىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ھايات ئىكەن.

— راستىمۇ؟

— راست بولماي. ئوردىدىن ئاڭلىغان ئىشەنچلىك خەۋەر بۇ. لېكىن كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى راست ئىكەن.

— قانداق كېسەلكەن؟

— بۇنىسىنى بىلمىدىم، لېكىن تىل ـ زەباندىن، ئاش ـ تائامدىن قاپتۇ.

— پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىگە ئاللاھ ئىگەم ئۆزى شىپالىق بېرەر.

— شۇنداق، كېسەل دېگەن پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ياش بولغىنىغا قارىماي خېلىلا ئادالەتلىك پادشاھ ئىدى.

— سەمەرقەنتنى ئىستېلا قىلغان قايسى بىر پادىشاھ لەشكەرلىرىگە ئاۋامنى بۇلاتمىغاندى دېسىلە، لېكىن بابۇر پادىشاھ لەشكەرلىرىنى بۇ ئاپەتتىن توسۇپ قالغانىدى.

— تېخى ئۇزۇق - تۈلۈك ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنىدى.

— بۇنداق ئادالەتلىك پادىشاھتىن بۇ ئىقلىمدا يەنە بىرى تېپىلماس.

— خان - پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىگە ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ئۆزى ئىنساب بېرەر.

— ...

شەھەر خەلقى بىر - بىرلەپ قېچىشقا باشلىدى. بۇنى ئاز دەپ ئەھمەد تەنبەل قاچقان ۋاقىتتا كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىپ قويغان سەركەردىلەردىن بىر نەچچىسى بابۇردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، مەنسەپ - مەرتىۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش تەمەسىدە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جاھانگىر مىرزىنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەتتى. قاسىمبەگ قاۋچىن ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى، قاچقانلارنى قوغلاپ قايتۇرۇپ كېلىشكىمۇ سەركەردە بۇيرۇمىدى.

— قانداق قىلىمىز ئەمىر لەشكەر جانابلىرى؟ — دېدى شىرىم تاغايى تىت - تىت بولۇپ، — رەئىيەت بىلەن لەشكەرلەر خۇددى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك قېچىشىۋاتىدۇ. كارىمىز بولماي مۇشۇنداق قاراپ تۇرۇۋېرىمىزمۇ؟

— نېمە ئامال دەيدىلا، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ، — ئۇلارنى باغلاپ قويۇشنىڭ، سولاپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق. مەيلى، قاچسا قېچىۋەرسۇن. پەمىمچە ئۇلار پادىشاھ ئالىيلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئەمەس، ئاچلىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىۋاتىدۇ. كۆرۈۋاتىدىلا، سەمەرقەنتتە يېگۈدەك بىر نەرسە قالمىدى. شەپقەتلىك ئاللاھ ئىگەم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىگە تېزرەك شىپالىق بەرسە، ئەندىجانغا ساق - سالامەت بېرىۋالساق، ئۇلار يەنە قېشىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ. قىب-

لىگاھىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشنى ئىختىيار قىلغانلارغا شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق. ساداقەت، ۋاپادارلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىنىلىدۇ. ئەمما مەن ھەرگىز كەتمەيمەن.

كېتىش ـ كەتمەسلىك ھەققىدە ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان ئەمىرلەر قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى.

※ ※ ※

تاشكەنت.

سەمەرقەنتتە بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىدىن قاتتىق يېڭىلىپ، لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولغان شەيبانىخاننىڭ يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تاشكەنتكە كەلمەي تۇركىستاندا تۇرۇۋېلىشى ئەمىرلەشكەر سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قاتتىق گۇمانىنى قوزغاپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا تەۋسىيە قىلىشى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخانغا لەشكىرىي دىۋاندىن ھەمدەمگە ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنى دەرھال ئوردىغا قايتۇرۇش خۇسۇسىدا پەرمان ئەۋەتكەن بولدى. بىراق، شەيبانىخان سەمەرقەنتكە قايتىدىن لەشكەر تارتىپ بارىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەكتۇپ يوللاپ تۇرۇۋالدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەسلىدىنلا سەمەرقەنتنى ئىلكىگە ئېلىش ئارزۇسى بار ئىدى. مەرھۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى قاراكۆز بېگىم نىكاھىدا بولغاچقا، ئۆزىنى كۈيئوغۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ شەيبانىخاننىڭ كۆرسەتكەن بۇ باھانە ـ سەۋەبلىرىنى يوللۇق ھېسابلاپ ئانچە كارى بولمايۋاتاتتى.

— خان لەشكەرلىرى چوقۇم لەشكىرىي دىۋاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك ئالىيلىرى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا پەرۋاسىز ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا چۈشەندۈرۈپ، —

سەركەردە شەيبانىخان قاچان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتسا، شۇ چاغدا يەنە ھەمدەمگە لەشكەر ئاجرىتىپ بەرسەك بولىدۇ. شۇنچىۋالا خان لەشكەرلىرىنىڭ ئوردىدىن يىراق جايدىكى بىر سەركەردىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋېرىشى ياخشى ئىش ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە سۇلتان مەھمۇدخان ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئالدىراپ گەپكە قوشۇق سېلىپ، — بىراق، شۇنچىۋالا لەشكەرنى ئۇياندىن - بۇيانغا يۆتكەپ يۈرگىچە بىر جايدا مۇقىم تۇرغۇزغىنىمىز تۇزۇكمىكىن. سەركەردە شەيبانىخان جانابلىرىمۇ خان ئالىيلىرىغا بىر نەچچە قېتىم مەلۇمات يوللاپ، پات يېقىندا پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش مۇددىئاسىنى بىلدۈردى. شۇڭا خان لەشكەرلىرىنى تاشكەنتكە قايتۇرۇپ كەلمىسەكمۇ بولارمىكىن.

— سەمەرقەنت ئاللىقاچان بابۇر پادىشاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولدى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئاچچىقىنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، — ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ جىيەنى، ئەمدىلىكتە قويۇپ شەيبانىخان سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتسا، تاغا بىلەن جىيەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالمامدۇ؟ — ئۇ سۇلتان مەھمۇدخانغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ قوشۇپ قويدى، — قانداق دېدىم ئالىيلىرى؟ تاغا بىلەن جىيەن شەھەر تالىشىپتۇ دېگەن بەتنامغا قېلىشنى جانابلىرىمۇ خالىمايدىلىغۇ دەيمەن؟

— ھە، ئەلۋەتتە، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ياقتۇرمىغان قىياپەتتە كالتە يۆتىلىپ، — جىيەنمۇ پەرزەنتىمىز بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— سەركەردە شەيبانىخان نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئوردىغا سالامغا كەلمەيدۇ؟ ئىلگىرىغۇ تۈركىستاننى قازاق سۇلتانلىرىنىڭ تەھلىكىسىدىن مۇداپىئە قىلدى دېدۇق. ھازىر ئۇل قازاق سۇلتانلىرىمۇ خېلىلا تىنچىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ دورەم سەمەرقەنتتىن لەشكەر چېكىندۇرگەندىن كېيىن تاشكەنتكە كېلىشى كېرەك ئىد-

ـدى.

سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ گېپىنىڭ سۇلتان مەھمۇدخاذ-غا تەسىر قىلغىنىنى كۆرۈپ ئەھمەدبەگ تەلبە، مىرزا نىغمەت پا-شا، سۇلتان جۇنەيدى بارلاس، ئەييۇپ بەگچەك قاتارلىق ئەمىرلەر تۇرالمايلا قالدى.

— بەلكىم، سەمەرقەنتتىكى مەغلۇبىيىتىدىن خىجىل بولۇپ قالغان چېغى، — دېدى مىرزا نىغمەت پاشا سۇلتان مەھمۇدخانغا سۆزلەشكە پۇرسەت بەرمەي، — ئەسلىدە شەيبانىخاننىڭ سەمەر-قەنتنى خان ئالىيلىرىغا تۇھپە قىلغۇسى بار ئىدى. ئەپسۇس تە-لىيى كاج كېلىپ قالدى.

مىرزا نىغمەتنىڭ كۆرسەتكەن بۇ سەۋەبى دەرھال ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىدىكى بىر قاچا غىزاسىنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويغان كىچىك بالىدەك ئۇمچەيدى. كۆزلى-رىدە ئاداۋەت، ھەسەت تۇيغۇلىرى بالقىدى.

— ئاڭلىشىمىزچە، ھازىر بابۇر مىرزا ئېغىر كېسەلمىش، — ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىيالىنى چالغىتىش ئۈچۈن سۆھ-بەتنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى، — سەمەر-قەنتتىن كەلگەن ئايغاقچىلارنىڭ دېيىشىچە، بابۇر مىرزا ھازىر ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتارمىش.

— تىل - زەباندىن، غىزادىن قالغانمىش.

— ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ئەندىجان تەختىدە ئولتۇرۇشقا ھازىرلانغانمىش.

بۇ خەۋەرلەر سۇلتان مەھمۇدخانغا ئانچە يېڭىلىق ئەمەس ئى-دى. ئۇمۇ مۇشۇنداق مىش - مىش خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىدى. شۇڭا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى.

— ناۋادا بابۇر مىرزىغا ئالىمادىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، سەمەرقەنت يەنە باشقىلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە بىردىنلا ئەقلىنى تاپقاندەك بولۇپ، — شۇڭا،

سەمەرقەنتكە لەشكەر ماڭغۇزۇشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلغاچ تۇرغىـ
نىمىز ئەۋزەل.

ئەندىجاننى سوراپ يازغان مەكتۇپىغا بابۇرنىڭ جاۋاب بەرمە
گىنىدىن رەنجىپ غۇم ساقلاپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا بـ
تەكلىپ ئۇبدان باھانە بولۇپ بەردى:

ــ راست، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇنىمۇ ئويلىشىپ قويۇ
شىمىز كېرەك، ــ دېدى ئۇ، ــ جان بار يەردە قازا بار دەپتىكەن
ناۋادا بابۇر مىرزىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا سەمەرقەنت پاسىباز
سىز قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق جاۋابنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمىرلەر قاي
تىدىن جانلاندى:

ــ بەرھەق، سەمەرقەنت پاسىبانسىز قالسا بولمايدۇ.

ــ بۇمۇ بابۇر مىرزىنىڭ غېمىنى يېگەنلىك.

ــ شەيبانىخانغا سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا پەرمان بەر
گەيلا ئالىيلىرى.

ــ بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تېخى ئۆلۈم خەۋىرى كەلگە
نى يوق جانابلار، ــ دېدى سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئاچچىقىنى
بېسىۋالالماي، ــ شۇڭا سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا ئۇنچە ئال
دىراپ كېتىشمىسىلە. ھازىر ئاخسىدىكى ئۇزۇن ھەسەن، ئەھمە
تەنبەل قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەر رىياكارلىق بايرىقىنى كۆ
تۈرۈپ چىقىپ جاھانگىر مىرزىنى قۇترىتىپ، ئۇنى ئەندىجا
تەختىدە ئولتۇرغۇزۇشقا ئالدىراشماقتا. ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىر
قارىغاندا، ئۇلار ئاخسىدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئەندىجاننى
مۇھاسىرىگە ئاپتۇ، ــ سەييىد مۇھەممەد مىرزا سۇلتان مەھمۇد
خانغا قاراپ، ــ ئۇلارنىڭ بول كۆپرانە قىلمىشى پەرغانە سەلتەنە
تىنى كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازاغا دۇچار قىلىدۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ
ئۇلارغا ئىككى ئېغىز لىللا نەسىھەت قىلغىنى تۈزۈكمىكىن دەي
مەن. بۇنداق ۋاقىتتا بىزمۇ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتساق نامەرد

لىك بولۇپ قالىدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەندىجاندا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئانىسى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، ئەھمەدبەگ تەلبە قاتارلىق ئەمىرلەر: «سۈكۈت قىلىپ تۇرايلى. ئىش چىڭغا چىقسا ئىسياننى تىنچىتىش باھانىسىدە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، پەرغانىنى ئىلكىمىزگە ئالايلى. ئۇل چاغدا ئاغا ـ ئىنى جىيەنلىرىدىن قايسىنى ئەندىجان تەختىدە ئولتۇرغۇزسىلا، ئۇلار سىلىگە گەپ ـ سۆزسىز بەيئەت قىلىدۇ. سىلى چوڭ خان بولۇپ پەرغانە سەلتەنەتىنى تەسەررۇپلىرىغا ئالىدىلا» دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننى خىجىل قىلىپ قويدى. سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش خىيالىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەندىجاننىڭ تەخت دەۋاسى ئۇل ئاغا ـ ئىنى جىيەنلىرىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — بول ئىشلارغا ھازىرچە مېنىڭ ئارىلاشماي تۇرغىنىم تۈزۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ۋالىدەم شۇ يەردە. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. بۈگۈنچە بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرمايلى. سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش ئىشىنىمۇ تىلغا ئېلىپ يۈرمەيلى. ئەڭ ياخشىسى، كېلىڭلار شارابىمىزنى ئىچەيلى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۆكۈمىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئەمىرلەر ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا خانغا يەنە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاكىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگاننى ئەسلەپ قالغانىدى.

«ئاغام بولغان بولسا بۇ خۇشامەتچىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، خان ئالىيلىرىنى گەپكە كىرگۈزەلەيتتى. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن. ئەجەب ئۆرەتۆپىدىن مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى. پات ـ پات

كېلىپ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ تۇرسا ياخشى بولاتتى. بولمىسا خان ئالىيلىرىدىن رەنجىپ قالغاندەكقۇ قىلمايدۇ. قانداق قىلسام بولار. ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ مەسلىھەتنى ئالايمۇ ـ يە؟ ئەجەب بىر تەڭقىسلىقتا قالدىغۇ كىشى... »

※ ※ ※

ئاپئاق لىپچەك ئاستىدا خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ چاچلىرى تولۇق ئاقىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ، چىرايى يېڭىلا كېسەلدىن قوپقاندەك رەڭسىز ئىدى. يېنىدا ئولتۇرغان قىزى قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ چىرايلىق بادام قاپاقلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى، پات ـ پات ئېسەدەپ قوياتتى.

— ياۋنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم پەگادا قول باغلاپ تۇرغان مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن ئەلى دوست تاغايىغا قاراپ.

— ياۋ لەشكەرلىرى ھەيۋە كۆرسىتىپ پات ـ پات ھۇجۇم قوزغاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەندەكتىن ئۆتۈشكە پېتىنالمايۋاتىدۇ، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى، — يىگىتلىرىمىز جاسارەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورغاننىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، خاتىرجەم بولغايلا.

— ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ئون سەككىز مىڭ قوينىڭ ھەممىسىنى قورغاندىكى ھەرقايسى لەشكەرگاھلارغا ھەممە پىدائىي بولۇپ چىققان يىگىتلەرنىڭ ئائىلىسىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردىم. ئامباردىكى ئاشلىقلار پۈتكۈل قورغاندىكىلەرنىڭ ئالتە ئاي يېيىشىگە بىمالال يېتىدۇ. زىنھار ئەنسىرىمىسىلە.

— تولا ئوبدان، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم رازىمەنلىك بىلەن، — بابۇر پادىشاھتىن خەۋەر بارمۇ؟

— تېخىچە يوق. بەلكىم بۈگۈن ـ ئەتىگىچە خەۋىرى بولۇپ قالار.

ئوغلىدىن تېخىچە خەۋەر يوقلۇقىنى ئاڭلىغان قۇتلۇقنىگار خېنىم قايتىدىن خىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— كۆز ياشلىرىنى ئاياپ قويسىلا قىزىم. يەنە لازىم بولىدۇ، — دېدى ئىسان دۆلەت خېنىم رەنجىگەن ھالدا، — تۇرسىلا، چىقىپ خانىش ئانىلىرى شاھ بېگىمدىن ئەھۋال سوراپ چىقسىلا، ئەتىگەندىن بېرى مېنىڭ چولام تەگمىدى. سالامىمنى يەتكۈزسىلە. دورىسىنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئىچسۇن. ئىمكان بار زورلاپ ئىككى قوشۇق غىزا يېگۈزسىلە. ئاللاھ خالىسا ئەتە ئەتىگەندە ئەھۋال سورايمەن، — ئۇ نەزەرىنى يەنە مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بىلەن ئەلى دوست تاغايىغا ئاغدۇردى، — ئىككىلىرى بولغاندىكىن قورغاننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەن چېپىلىشۋالماي. مەلۇمات بېرىدىغان مىرزا دەپ قېشىمغا كېلىپ يۈرۈشمىسىلە. پات ـ پات چاپارمەن ئەۋەتىپ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرۇشالا.

— خوش.

ئىككى ئەمىر خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمغا سالام بەجا قىلىپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

— مەن مىرزا دەرۋازىسى تەرەپكە بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلەي، سىلى خاقان دەرۋازىسى تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالسىلا، — دېدى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ئوردا دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئەلى دوست تاغايىغا قاراپ.

— خوش!

ئەلى دوست تاغايى ئېتىنىڭ بېشىنى خاقان دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەللىك نەپەر نۆكىرى ئەگەشتى.

شۇ تاپتا ئەلى دوست تاغايىنىڭ ۋۇجۇدىنى زىددىيەتلىك خىدـ
ياللار چىرمىۋالغانىدى.
«خانىش قۇتلۇقنىگار خېنىم نېمانچە ئۇنداق يىغلايدىغاندۇ؟
بابۇر پادىشاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى راستمىدۇ ـ يا؟ ئەمىسە بۇزرۇك
خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم نېمىشقا شۇنچە تەمكىن؟ تۇرقىدىن
ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەجەبا، نەۋرىسىنىڭ مۇسىبەت
خەۋىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدىمىكىن؟ نەۋرە ئۆتى پەرزەنت ئوـ
تىدىن يامان ئىدىغۇ؟ مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى بۈگۈن باشقىچە
شۈكلەپ كېتىپتۇ. بەلكىم شۇم خەۋەرنى بىلدۈرگۈسى كەلمەي،
ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەۋاتامدىكىن؟ بۇ ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى
بىلمەككۇ تەس زادى. ياشانغىنىغا باقماي شۇنچە تېتىك، تىمەن.
ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى تۇزۇك ئارام ئالمىدى بولمىسا. ھېلى
سىپىل، ھېلى دەرۋازا، ھېلى ئەرك ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرگىنى
يۈرگەن. بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى نېمىشقا ئوـ
نىڭغا تەسىر قىلمىغاندۇ؟ شەھەرنى بۇنچە مەھكەم بېكىتىپ كىمـ
نى ساقلاۋاتقاندۇ. بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىپ
باقسام قانداق بولۇر؟ تۇرقىدىن مەندىن سىر يوشۇرغاندەكلا قىلىدـ
دۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت قىلغىلى
بولۇر. بولمىسا مەنمۇ ئۆز بېشىمنىڭ غېمىنى قىلىپ قويايمۇ ـ
يا؟ ھەر كىم ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يېمىسە قۇيرۇقىنى بۆرە تالايـ
دۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەلنىڭ
گەپلىرى راستمىدۇ؟ قاراپ تۇرۇپ مەنسەپ ـ مەرتىۋەمدىن ئايـ
رىلغاننى ئاز دەپ، كاللامدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟...»
ئەلى دوست تاغايى دىلغۇللۇق ئىلكىدە ئاخشامقى سۆھبەتـ
نى ئېسىگە ئالدى.
ھەئە، ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل شۇنچە قاتتىق
مۇھاسىرە قىلىپمۇ ئەندىجان شەھىرىنى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەنـ
دىن كېيىن، ئەلى دوست تاغايىغا بىر قانچە قېتىم ئايغاقچى ئەۋەـ
تىپ، بىر قېتىم خۇپىيانە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. سەمەرـ

قەنتتىكى بابۇر پادىشاھتىن تېخىچە خەۋەر بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇر ھەققىدە ھەرخىل مىش ــ مىش پاراڭلار كۆپىيىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خېلىلا تەۋرىنىپ قالغان ئەلى دوست تاغايى ئاخشام قورغاندىن يوشۇرۇنچە چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنىدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ تەكلىپىمىزگە ئېتىبار قىلىپ كەلگەنلىكلىرىگە كۆپ تەسەننا، ــ دېدى ئۇزۇن ھەسەن قىسقىغىنە سالام ــ سەھەتتىن كېيىن، ــ ھەممىمىز پەرغانە سەلتەنەتىنىڭ تۆھپىكار ئەمىرلىرىمىز، شۇڭا ئاردىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، پايتەخت ئەندىجاننى ياغى بالاسىدىن ساقلاپ قېلىش بۇرچىمىز باردۇر. بۇمۇ يەنىلا پەرغانە سەلتەنەتى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئۇزۇن ھەسەننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، مۇجمەل سۆزلىرى ئەلى دوست تاغايىنى گاڭگىرىتىپ قويدى:

ــ كەمىنىلىرى ئالدىرايمەن، ــ دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى بېسىپ تۇرۇپ، ــ شۇڭا جانابى ئەمىرلەر مۇددىئاسىنى تېزرەك بىلدۈرگەن بولسا.

ــ ئەلى دوست تاغايى جانابلىرى گەپنىمۇ، ئىشنىمۇ كېسىپ قىلىدۇ، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ، ــ مۇددىئايىمىز شولكى، جانابلىرىنى بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش.

ئەلى دوست تاغايى گۇمانسىرىغان ھالدا ئىككى ئەمىرگە قارىدى. چۈنكى بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ئەندىجاندا بۇ مىش ــ مىش گەپنىڭ تارقالغىنىغا ئۈچ ــ تۆت كۈن بولۇپ قالغانىدى.

ــ بىزگە تېخى بۇ ھەقتە رەسمىي مۇسىبەت خەۋىرى كەلمىدى. ئەندىجان تېخىچە پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن ئۈمىدۋار.

ــ گەپ مانا مۇشۇ يەردە، ــ دېدى ئۇزۇن ھەسەن ئۆزىگە تەمكىن سىن بېرىشكە تىرىشىپ، ــ ئەسلىدە بۇ شۇم خەۋەر ئەڭ ئاۋۋال ئەندىجانغا يەتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. نېمىشقا بۇ شۇم

خەۋەرنى تېخىچە ئەندىجانغا يەتكۈزۈشمەيدۇ؟ ــ ئۇزۇن ھەسەن سۆزىنىڭ ۋەزنىنى دەگسەۋاتقاندەك بىر نەچچە دەقىقە توختىۋال-غاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى، ــ بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار. قاسىمبەگ قاۋچىن دېگەن بەتنىيەت سەمەرقەنتتە ئولجا ئې-لىنغان ھېسابسىز خەزىنىنى ئوڭچە ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن پادى-شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى قەستەن سىر تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇل تۇز-كور ئاللىقاچان بۇخارادىكى سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن خۇپپيانە كېلىشىپ بولدى، سۇلتان ئەلى مىرزا سەمەرقەنتكە كېلىپ تەختتە ئولتۇرىدىغان، قاسىمبەگ قاۋچىن ئۇنىڭ ئوردىسىدا ئوخشاشلا ئەمىرۇل ئۇمەرا بولىدىغان بولۇپ ئەھدى قىلىشىپ بولدى. كۆردىلىمۇ بۇ تۇزكورلۇقنى، ئىككىنچى خانزادە جاھانگىر مىرزا تەختتە ئولتۇرسا مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قالالماي-دىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، مانا مۇشۇ كۇپرانە يولنى تاللىدى. ھەتتا بۇ مۇددىئاسىنى قارشىلىقسىز روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىنى ئەل ـ جامائەتتىن يوشۇردى. پادىشاھ ئا-لىيلىرىنىڭ مۇبارەك مېيىتى تېخىچە يۇيۇپ تارالغىنى، يەرلىكىـ-دە قويۇلغىنى يوق. نەدىمۇ مېيىتنى ۋاقتىدا يەرلىكىدە قويماي ئاشۇنداق ئۇزۇن ساقلىغان بار. بۇ دېگەن مۇسۇلماندارچىلىققا يات، شەرئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ.

ــ بىز پەقەت پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتى بىلەن دۇشمەن-لىرى قۇتراپ كەتمىسۇن دەپ، خانزادە جاھانگىر مىرزا ئالىيلى-رىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەل ـ يۇرتنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا ئال-دىرىدۇق خالاس، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ، ــ تەخت ـ سەلتەنەت بىر كۈنمۇ پاسىبانسىز قالسا بولمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ بۇ ساداقىتىمىز ئاسىيلىق بولۇپ، ئۇل بەتنىيەت قاسىم-بەگ قاۋچىننىڭ تۇزكورلۇقى ساداقەتمەنلىكىنىڭ تىمسالى بولۇپ تەرىپلەنگىنى قىزىق.

ــ ھەق ـ ناھەقنىڭ بۇنچە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كې-تىشىنى زىنھار ئويلىمىغانىكەنمىز. تەخت ساھىبى بولمىش جا-

ھانگىر مىرزا ئالىيلىرىنى پاياندار سېلىپ ئوردىغا تەكلىپ قى-
لىش ئۈياقتا تۇرسۇن، قورغاننىڭ سىرتىدا تۈنەشكە مەجبۇر قى-
لىشىۋاتىدىلا. بۇ دېگەن كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ.

— شۇنچە نۇرغۇن باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز بى-
لەن ئەندىجاننى ئالالماسمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە ئالالايتتۇق. ئەمما بىر-
نەنچىدىن، قورغاندىكى بۇزرۇك خان مومىلىرى بىلەن خان ئانى-
سىنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلدۇق؛ ئىككىنەنچىدىن، سىلىگە
ئوخشاش ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىز-
مەت قىلغان تۆھپىكار ئەمىرلەرنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىدۇق؛
ئۈچىنەنچىدىن، شەھەردىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنى چۆچۈتۈپ بىسەرەم-
جان قىلمايلى دېدۇك؛ تۆرتىنچىدىن، جاھانگىر مىرزا ئالىيلىرى
مېھىر ـ شەپقەت قىلدى. ئەڭ مۇھىمى سىلىنىڭ ئەھۋالدىن خە-
ۋەرسىز ئىكەنلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاۋۋال چۈشەنچە بېرىش-
نى لايىق تاپتۇق.

ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەلنىڭ توختىماي قىلغان
سۆزلىرى ئەلى دوست تاغايىغا ئاستا ـ ئاستا تەسىرىنى كۆرسەت-
تى. ئۇنىڭ يەنىلا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئۇزۇن
ھەسەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشقا كىرىشتى.

— ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا، ئون شېھىتتىن بىر
تىرىك ئەلا دەپتىكەن. ئاللىقاچان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قى-
لىپ رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى تېتىغان بابۇر پادىشاھ ئا-
لىيلىرىنى ھمايە قىلامدىلا ياكى ئەندىجان شەھىرىنىڭ بوسۇغى-
سىغا كېلىپ قالغان جاھانگىر مىرزا ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلام-
دىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى. سىلىنى زىنھار زورلىمايمىز.
كونا بۇرادەرچىلىكىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويى-
دۇق.

— جاھانگىر مىرزا ئالىيلىرىمۇ رەھمەتلىك پاسىبانىمىز
ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئۆز پۇشتى. مەرھۇم بابۇر پادى-
شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئانا بۆلەك ئىنىسى. ئاغىسى ۋاپات بولسا ئور-

نىغا ئىنىسى تەخت ۋارىسى بولۇش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن
ئۇدۇم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى تېخى ئۆيلەنمە-
گەنلىكى ئۇچۇن پەرزەنتىمۇ يوق. شۇڭا جاھانگىر مىرزا ئالىيلى-
رىنىڭ پەرغانە سەلتەنەتىنىڭ خانلىق تاجىنى كىيىشى بەرھەق.

ــ جانابلىرىنىڭ بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن
گۇمانلانغانلىقلىرىنى چۇشىنىشكە بولىدۇ. كۆڭۈللىرىدىكى گۇ-
مانىنى توگەل ساقىت قىلىش ئۇچۇن ئىسپات كۆرسىتىشكە ئامال-
سىزمىز. ئەمما، دەرگاھىمىزدا پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كۆز يۇمغى-
نىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەھرىمى بار. بولمىسا ئۇ سىلىگە
گۇۋاھلىق بەرسۇن.

مىرزا ئەلى دوست تاغايى لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. يۇ-
رىكىنى قاماللىۋالغان زىددىيەتلىك تۇيغۇلار توختىماي ئېلىشات-
تى. ئەھمەد تەنبەل سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي ئون
سەككىز ـ يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىتنى باشلاپ
كىردى.

ــ مانا بۇ يىگىت بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەھرەملىرى-
دىندۇر. قالدى گەپنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغايلا.

ئەلى دوست تاغايى قورۇنۇپ تۇرغان يىگىتكە مۇنداقلا نەزەر
تاشلىدى. بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغاچقىمۇ،
گەپ سوراشقا رايى بارمىدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى يىگىت ئۇزۇن
ھەسەننىڭ كۆز ئىشارىسىدىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ، ــ بابۇر
پادىشاھ ئالىيلىرى قاتتىق ئاغرىپ تىل ـ زەبان، غىزا ـ تائامدىن
قېلىپ تۆت كۈن بىھوش ياتتى. ئىلاجسىز ئاغزىغا پاختا بىلەن
سۇ تېمىتتۇق. كېيىن ئەمرۇل ئۆمەرا قاسىمبەگ قاۋچىن جانابى-
لىرى بىزنى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدىن خالاس قىلدى...

ــ ئاڭلىدىلىمۇ جانابلىرى، ــ مەھرەم يىگىتنىڭ ئارتۇق
سۆزلەپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئۇزۇن ھەسەن
دەرھال ئېغىز ئاچتى، ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئالدىدا دېگەنلىرىم

راست دەپ قەسەم قىلالامسەن؟

يىگىت دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي دۇدۇقلىدى. ئەھمەد تەنبەلنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئاستا ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم بېرىمەن بېگىم!

ــ بولدى، چىقىپ كەت، ــ دېدى ئەھمەد تەنبەل.

چېدىرنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ئەلى دوست تاغايىنىڭ خىيالىلا تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىككى ئەمىر قەستەن جىم بولۇۋېلىشتى.

«بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى راستتىنلا ۋاپات بولغان بولسا، ئورنىغا ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى بەرھەق. ئەمما مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى نېمىشقا بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنى ھايات دەپ جاھىللىق قىلىدىغاندۇ؟ قانداق قىلسام بولۇر؟ ناۋادا جاھانگىر مىرزا تەختتە ئولتۇرسا، ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەي قىلغان گۇناھىمىزنى سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ. سەلتەنەت ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدىڭ، دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن. خاتۇن ـ بالىلىرىم بار ئەمەسمۇ، ئۇلارمۇ مېنىڭ ۋابالىمغا كەتمەسمۇ...»

چېدىرغا جاھانگىر مىرزىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەلى دوست تاغايىنىڭ خىياللىرى بۆلۈندى.

ــ خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي!

ئۆزۈن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل دەرھال پۈكۈلۈپ سالام بەردى. جاھانگىر مىرزىنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىغان ئەلى دوست تاغايىنى ۋەھىمە بېسىپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. دەرھال ئېسىنى يىغىپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئالىيلىرى.

جىددىيلىشىپ، گېلى قۇرۇپ كەتكەچكىمۇ ئەلى دوست تاغايىنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ چىقتى.

چىرايى ئاق سېرىق كەلگەن، ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىر ـ

گەن بولسىمۇ خىلىلا سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان جاھانگىر مىرزا ئەلى دوست تاغايىغا سوغۇقلا نەزەر تاشلاپ، تۆردىكى مەخمەل يوپۇقلۇق كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇردى. بېلىگە ئېسىۋالغان قىلىچى كۇرسىنىڭ يېنىغا تېگىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ ئالدىغىراق سۇرۇپ قويدى. يەر تېگىدىن كۆزىتىپ تۇرغان ئەلى دوست تاغايىغا جاھانگىر مىرزىنىڭ بۇ مەقسەتسىز ھەرىكىتى شۇنداق قورقۇنچلۇق بىلىنىپ كەتتىكى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن لاغ ـ لاغ تىترىدى.

— مەلۇم بولغاي. ئەندىجان شەھىرىنىڭ دورغىسى ئەلى دوست تاغايى پادىشاھ ئالىيلىرىغا سالامغا كەپتۇ.

جاھانگىر مىرزا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، چىرايىغا سۇس تەبەسسۇم يۈگۈرەتتى:

— بىلدۈرگەن ساداقەتلىرىگە مىننەتدارمەن.

جاھانگىر مىرزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەلى دوست تاغايى يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا ۋاقتىدا چىقالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەيىبلىكمەن. ئەپۇ قىلغايلا.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى جاھانگىر مىرزا كەڭ قورساقلىق بىلەن، — سىلىنىڭمۇ قىسىلىدىغان يەرلىرى بار. ئەندىجاننىڭ تىزگىنى يالغۇز سىلىنىڭ قوللىرىدا ئەمەس ـ تە.

— بەرھەق، قىبلىگاھىمىز شەپقەتلىكتۇر، — دېدى ئۇزۇن ھەسەن ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ، — بابا ئەلى دوست تاغايى جانابلىرى ئېيتتى، مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى تولا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ئىمكان قىلالماپتۇ.

جاھانگىر مىرزا بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتتى:

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيدىلا ئەمىر جانابلىرى.

ئەلى دوست تاغايى بېشىنى تېخىمۇ ئەگدى:

— بول ئەرزىمەس كاللامنى بەدەل قىلىپمۇ بولسا پادىشاھ ئالىيلىرىغا ساداقەت بىلدۈرىمەن.

ــ باركاللا، ــ دېدى جاھانگىر مىرزا كۈلۈمسىرەپ، ــ سىلىدەك ساداقەتمەن ئەمىرلەر بولغاچقا پەرغانە سەلتەنەتىنىڭ ئىشلىرىدىن ئەندىشەم يوق. خوش، ئايغىمغا قاچان پاياندار سالاي دەيدىلا؟ ئۆزلىرىگە مەلۇم، سەۋر ـ تاقەتىمگمۇ چېكى بولىدۇ، ئەمدى كۈتۈپ تۇرالمايمەن.

ئەلى دوست تاغايىنىڭ پۈت ـ قولىغا خېلىلا ماغدۇر كىرىپ قالغاندى. سىلىق ـ سىپايە سۆزلەۋاتقان جاھانگىر مىرزا ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتكەندى.

ــ ئەسلىدە پادىشاھ ئالىيلىرىغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە پاياندار سالسام بولاتتى. بىراق، قورغاننىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك، لەشكىرىي ھوقۇق مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. ناۋادا شاھىمىزغا مۇۋاپىق كەلسە، ئەتە كەچتە خاقان دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرسەم، سەركەردە ـ لەشكەرلەر شۇ يەردىن كىرىپ شەھەرنى ئىلكىگە ئالسا. چۈنكى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى...

ــ ھەببەللى، جايىدا گەپ قىلدىلا. پاسىبانىمىز ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ كاتتا پاياندار بولامدۇ جاھاندا، ــ دېدى ئۇزۇن ھەسەن ھاياجىنىنى باسالماي، ــ خاقان دەرۋازىسىدىن كىرىۋالساق، ئۇل خوجا قازىنىڭ ئىشى ئاسان، ــ ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى. بىر گۇرۇھ لەشكەرلىرىمىز مىرزا دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، ئۇل خوجا قازىنىڭ دىققىتىنى ئاشۇ تەرەپكە بۇرىسۇن. ئۇل چاغدا سىلىگمۇ خاقان دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىش ئاسانغا توختايدۇ.

ــ شۇنداق بولسۇن ئەمىسە. ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى، ــ دېدى جاھانگىر مىرزا.

ئات ئۈستىدە كېتىپ بارغان ئەلى دوست تاغايى كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ خىياللارنى باشقىلار بىلىپ قالغاندەك ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. نۆكەرلىرى كەينىدىن بەخىرامان ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە ئۆيلىرىگە بېكىنىۋېلىشقان، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەر دۇ-

كانلىرىنى تاقاشقان، كوچا ـ رەستىلەردە ئادەملەر تولىمۇ شالاڭ ئىدى.

«ئى شەپقەتلىك ئاللاھ، ئازغان بولسام گۇناھىمنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن...»

ئەلى دوست تاغايى ئۇيۇقتا ھۇرۇنلۇق بىلەن سىلجىۋاتقان قۇياشقا قاراپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ قۇياشنىڭ تېزرەك ئولتۇرۇپ كەچ بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

ئاخىر قاراڭغۇ چۈشتى.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە، خاقان دەرۋازىسىدىن ئاڭلانغان چۇ ـ قان ـ سۈرەن ساداسىدىن پۈتكۈل ئەندىجان شەھىرىنى سۈر باس ـ تى. مىرزا دەرۋازىسى تەرەپنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان مەۋلانە خو ـ جا ئابدۇللا قازى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئەھۋالنى بى ـ لىپ كېلىشكە چاپارمەن ماڭغۇزدى.

※ ※ ※

خوجەنت ھاكىمى ئابدۇراخمان خەلىپە سەمەرقەنتتىن تۇ ـ يۇقسىز يېتىپ كەلگەن بابۇرنى قىلىشقا تېگىشلىك ھۆرمەت ـ ئېھتىراملارنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىستىقبالىغا چى ـ قىپ كۈتۈۋالدى.

ــ خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. پەرغانە سەلتەنەتىنىڭ بەخت يۇلتۇزى ئۆچمەپتۇ، ــ دېدى سالام ـ سەھەتتىن كېيىن با ـ بۇرنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن چەكسىز شادلانغان ئابدۇراخ ـ مان خەلىپە، ــ پادىشاھ ئالىيلىرىنى قازا قىلدى دەپ پىتنە قى ـ لىشقان ئول تۇزكورلارنىڭ تىلىغا كۆيدۇرگە چىقار ئىلاھىم!

ھەئە، تېۋىپلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلگەن بابۇر ئەندىجانىنىڭ ئاسىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سەمەرقەنتنى تاشلاپ يولغا چىق ـ قىنىغا بۈگۈن توپتوغرا يەتتە كۈن بولغانىدى. گەرچە تىلى گەپكە

كېلىپ، ئانچە ـ مۇنچە غىزالانغۇدەك بولغان بولسىمۇ، ئاتتا ئـول-تۇرالمايتتى. شۇڭا يول بويى توّت ئات قېتىلغان مەپىدە كەلگەن-دى. شۇ تاپتا ئابدۇراخمان خەلىپىنىڭ كۆرسەتكەن ساداقىتىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىلغان گېپى كۆڭلىنى بىر قىس-ما قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا خەلىپىگە جاۋابەن سۇسلا كۈلۈمسى-رەش بىلەن كۇپايىلەندى.

«نېمە گەپ بۇ؟ ئول ئاسىي مۇناپىقلار مېنى قازا قىلدى دەپ پىتنە تارقىتىشقان ئوخشىمامدۇ؟ بۇ گەپ ئەل ـ يۇرتقا تاراپ كەتكەن بولسا ئەھۋال پەرىزىمدىكىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ، يا ھەزەر، بول مەلئۇنلار نېمىدېگەن زەھەرخەندە ـ ھە؟...»

كېسەل ۋە يول ئازابىدا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بابۇر قا-سىمبەگ قاۋچىنغا «بۇ نېمە گەپ؟» دېگەننى قىلىپ قارىدى. ئاب-دۇراخمان خەلىپىنىڭ شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ دېمەيدىغان گەپ-نى ئالدىراپ دەپ سالغىنىدىن جىلە بولۇپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىن كۆزىنى بابۇرنىڭ كۆزىدىن ئەپقاچتى. ئۇ ئەمدىلا ئېسىگە كېلىشكە باشلىغان بابۇرنىڭ بۇ پىتنىلەردىن خەۋەر تاپسا، ئاچ-چىقتىن يەنە كېسىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەلنىڭ تارقاتقان بۇ پىتنىسىنى بابۇردىن سىر تۇتقان، باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەرگىمۇ ئاغزىنى جىملەپ، قاتتىق ئېھتىيات قىلىشنى جېكىلىگەنىدى. مانا، بىگىز قاپتا ياتماپتۇ دېگەندەك، كۈتمىگەن يەردىن ئابدۇراخمان خەلىپە شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ قويدى.

— بول ئۆسەكلەرنى يولدا كېلىۋېتىپ بىزمۇ ئاز ـ تولا ئاڭلىدۇق ئالىيلىرى، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئۆزىنى خا-تىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، — بۇمۇ ئاشۇ تۇزكورلارنىڭ سۇيىـ-قەستىنىڭ بىر قىسمى. بەلكىم ئەندىجانغا تېخى بېرىپ يەتمىگەن-دۇ.

«خوجەنت ئاڭلىسۇنۇ، ئەندىجان ئاڭلىماي قالسۇنمۇ؟ بۇزرۇك مومىلىرىم بىلەن ئانام ھەمدە ئىگىچىم خانزادە خېنىملارنىڭ قۇ-

لىقىغا يەتكەن بولسا، نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ئۇلار؟ نامەرد، خۇمەسلار مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان شۇملۇقنىڭ ھەممىسىنى قىپتۇ ــ دە، بۇ پىتنىگە دەرھال خاتىمە بېرىش كېرەك. توغرا، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۇدۇل ئەندىجانغا بېرىش... »

ئەسلىدە ئۇ خوجەنتتە بىر كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن ئەندىجانغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بۇ خىيالىدىن دەرھال ۋاز كەچتى:

ــ خوجەنتكە كىرمەيلى. لەشكەرلەر ئەندىجانغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىسۇن! ــ دېدى بابۇر قەتئىيلىك بىلەن.

ئۆزىدىن بىرەر سەۋەنلىك سادىر بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئابدۇراخمان خەلىپە تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:

ــ بۇ قانداق بولغىنى پادىشاھ ئالىيلىرى، ھېچبولمىغاندا قورغانغا كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئوتلاپ...

ــ كۆرسەتكەن ساداقەتلىرىگە تەسەننا، ــ دېدى بابۇر كەسكىنلىك بىلەن، ــ چايلىرىنى چوقۇم ئىچىمەن، لېكىن بۈگۈن ئەمەس. سىلى دەرھال قورغانغا كىرىپ نان بولامدۇ، تەييار غىزا بولامدۇ،ئىشقىلىپ يېگۈدەك نەرسە بولسا ھەممىسىنى ئېلىپ كەينىمىزدىن يەتسىلە. لەشكەرلەر يول بويى تالىقان يەپ كۆپ ھەرەج تارتتى. ھە، يەنە قورغان ئامبىرىدىكى زاپاس ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقسىلا.

يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئابدۇراخمان خەلىپىنى قاسىمبەگ قاۋچىن توسۇۋالدى:

ــ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى چاقماق تېزلىكىدە بەجا كەلتۈرگەيلا خەلىپە جانابلىرى.

ــ پەرمانبەردارمەن!

ئابدۇراخمان خەلىپە خانىنىڭ ئىستىقبالىغا بىللە ئېلىپ چىققان بەگ ـ نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خوجەنت قورغىنىغا قاراپ ئات سالدى.

— ئات كەلتۈرۈڭلار! — دېدى بابۇر مەپگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ.

بابۇرنىڭ ئات مىنمەكچى بولغانلىقىنى پەملىگەن قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. خوجەنتتە بىر كۈن توختاشتىكى مەقسەتمۇ بابۇرنى ياخشىراق ئارام ئالدۇرۇش ئىدى. يول بويى بابۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان قېرى تېۋىپ ئۇنى ئوبدانراق ئارام ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. گەرچە قاسىمبەگ قاۋچىنمۇ ئەندىجانغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىراپ تۇرسىمۇ، بابۇرنىڭ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ قوشۇلغانىدى. چۈنكى، ئىككى كۈندىن بېرى ئېلەك ـ سىلەك ماغدۇرىدەك بولغان بابۇر ئات مىنىدىغان بولسا قايتىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يەنىلا مەپىدە ماڭغىنى تۈزۈكمىكىن؟ — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىنغا زەردە بىلەن قارىدى:

— ئاڭلىلىمۇ ئەمىر جانابلىرى. دۈشمەنلىرىم مېنى ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ ئۇسەك تارقىتىپتۇ. مەپىدە ماڭسام يېزا ـ قىشلاق، لەشكەر، ئۆتەڭلەردىكى رەئىيەت خاتا چۈشىنىپ، مېيىتىمنى مەپىدە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسۇن يەنە، — گەپلىرىنىڭ قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاتتىق تەگكەنلىكىنى ھېس قىلغان بابۇر تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشاتتى، — خاتىرجەم بولسىلا، ئاتتا ئولتۇرالىغۇچىلىكىم بار. بابۇر ئاختىچىسىنىڭ ياردىمىدە كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسەپ ئاتقا مىندى. قاسىمبەگ قاۋچىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى بابۇرغا ياندالشتى ۋە نۆكەر بېشى نويان كۆكەلداشنى بابۇر بىلەن ياندىشىپ ھوشيار مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئەندىجانغا بېرىشقا ئالدىراۋاتقاچقىمۇ ياكى كېسىلى بىردىنلا شىپا تېپىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، بابۇر ئات ئۈستىدە خېلىلا مەزمۇت ئولتۇراتتى.

ئۇلار تېخى بىر چاقىرىممۇ يول يۈرمىگەنىدى، تۇيۇقسىز

ئالدى تەرەپتىن ئۇچقاندەك چىپىپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كۆ
رۈندى. ئۇنى تونجى بولۇپ كۆرگەن قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ يۈرد
كى ئاغقاندەك بولدى.

«ئاتنى نىمانچە تېز چاپتۇرىدىغاندۇ، خۇددى ئارقىسىدىن بە
رى قوغلاۋاتقاندەك. ئەندىجاندىن چىققان خەۋەرچى بولۇپ قالمى
غىيدى...»

قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ خىيالى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، ئات
لىق كىشى ئۇلارغا روبىرو كەلدى ـ دە، شۇنداقلا قاراپ بابۇرنى
تونۇدى بولغاي، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى زەرب بىلەن تارتىپ توخ
تاتتى، ئاندىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە
بابۇرغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭغىچە نۆكەرلەر دەرھال ئۇنىڭ ئالدد
نى توستى.

ئۈستىبېشىنى قويۇق چاڭ ـ توزانلار باسقان ئوتتۇز ياشلار
ئۆپچۆرىسىدىكى يىگىت قاسىمبەگ قاۋچىنغا تونۇش كۆرۈندى.

«بۇ خوجا قازى ئابدۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ شاگىرتى شاھ غې
رىب مىرزىغۇ...»

ــ نېمانچە كېچىكىدىلا پادىشاھ ئالىيلىرى؟! ــ ئالدىنى
توسۇۋالغان نۆكەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن شاھ غېرىب مىرز
قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ توسۇشىغا قارىماي ۋارقىرىدى، ــ ئەند
جان قولدىن كەتتى! تۈزكورلار شۇم مەقسىتىگە يەتتى!...

بابۇرنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت ئىچ ـ باغرىنى
كۆيدۈرۈپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. يۈرىكى ئونلىغان چاياز
نەشتىرىنى سانجىغاندەك چىدىغۇسىز ئېچىشتى. شاھ غېرىب
مىرزىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرمىدى. مىڭلىغان ئا
دەملەر قۇلاق تۇۋىدە «ئەندىجان قولدىن كەتتى!» دەپ توۋلاۋاتقان
دەك، ئالەم ـ جاھان چۆرگىلەپ، يەر ـ زېمىن ئۆڭتۈرۈلۈپ كەت
كەندەك بىلىنىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

«ياق، مۇمكىن ئەمەس! ئەندىجاننى سەندىن ھېچكىم تار
تىۋالالمايدۇ. بەردەم بول بابۇر. ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما. سەركەر

دە ـ لەشكەرلىرىڭ ساڭا ئۈمىد بىلەن قاراۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئۈمىد-
سىزلەندۈرمە...»

بابۇر ئاللىقانداق بىر كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە دىققىتىنى يىـ
غىشقا تىرىشىپ، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قوش
بېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. بىر نەچچە دەقىقىدىن كېيىن كۆز
ئالدى ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ نەچچە كۈندىن
بېرى خۇددى توسۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ قالغان تەپەككۇرى قايتىد-
دىن ئېچىلدى. ئۆزىنى پەيدەك يەڭگىل، ئاستىدىكى مىنىۋالغان
ئېتىدەك بەقۇۋۋەت سەزدى. ھەئە، ئۇ بىردىنلا تەمكىنلىشىپ قال-
غاندى. ۋۇجۇدىدا نە ۋەھىمە، نە تەشۋىشتىن ئەسەر يوق ئىدى.

«خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمەپتى-
مەن. ئى قۇدرەتلىك تەڭرىم، بەرگەن مەددىتىڭگە مىڭ قەتلە
شۈكۈر. ئەندىجان قولدىن كەتكەن بولسا ئەمدى ئالدىرىماسلىق
كېرەك. ئالدىراقسانلىق قىلسام ئۆزۈمنى ئول مۇناپىقلارنىڭ
چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىمەن. توغرا، خوجەنتكە قايتىش كېرەك.
سەمەرقەنتتە ئاچلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان لەشكەرلەر يول
ئازابىدا ھالىدىن كەتتى. ئۇلارنى تويغۇزۇش، ئارام ئالدۇرۇش،
ماغدۇرىغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار بۇ ھالدا ئەندىجانغا بارغىنى
بىلەن جەڭگە ھەرگىز يارىمايدۇ. ئەمدى ئالدىرىماي قايتىدىن تەد-
بىر تۈزمەك كېرەك ...»

مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ ئىستىبداتلىق شاگىرتى ھې-
سابلىنىدىغان شاھ غېرىب مىرزىنى بابۇر تونۇۋالغانىدى. ئەندى-
جاندىكى ۋاقتىدا ئارام تاپسىلا ئۇنىڭ بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە،
مۇنازىرىلەردە بولاتتى.

— مىرزىغا يول بېرىڭلار، — دېدى بابۇر نۆكەرلىرىگە قاراپ
ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ شاھ غېرىب مىرزىغا قۇچاق ئاچتى.

ھېلىلا باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىنگەن بابۇرنىڭ
ساق ئادەملەردەك ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشى ئۇنىڭدىن ئەندىشە
قىلىپ تۇرغان قاسىمبەگ قاۋچىننى ھەيران قالدۇردى.

بابۇر شاھ غېرىب مىرزا بىلەن پادىشاھلىق سالاھىيىتىنى قايرىپ قويۇپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ خوجەنت قورغىنىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، ــ دېدى ئۇ قايتىدىن ئۆپكىدەشكە باشلىغان شاھ غېرىب مىرزىنىڭ دولىسىغا مېھرى بىلەن يەڭگىل پەپىلەپ. ئاندىن قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى، ــ لەشكەرلەر ئارقىسىغا يانسۇن. ئابدۇراخمان خەلىپىگە چاپارمەن ماڭغۇزسىلا، سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە مول داستىخان ھازىرلىغاي.

بابۇرنىڭ خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قاسىمبەگ قاۋچىن شاھ پەرمانىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئارقىسىدىن ئېتىغا قامچا سالدى.

«ياراتقان يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ مۆجىزىلىرى چەكسىز. تەقدىرىمىز قىل ئۈستىدە قالغاندا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسەللى بىردىنلا شىپالىق تېپىپ قالدى مانا. چوقۇمكى بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى. بايا ئۇنى باللىق قىلىپ ئاچچىقىغا پايلىماي ئەندىجانغا قاراپ ئات سالسا قانداق قىلارمەن دەپ ۋايىم يېگەنىدىم. توۋا، ئەجەب تەمكىن بولۇپ قالدى دېسە. بەلكىم بۇنىمۇ ئاللاھ ئىگەم مۆجىزە كۆرسىتىپ كۆڭلىگە سالغاندۇ. جايىدا قارار چىقاردى. بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ. ئەمدى لەشكەرلەرنى ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن، ماغدۇرىمىزغا كېلىشىپ ئاندىن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىش كېرەك. لەشكەرلەر تويۇپ غىزالانمىغىلى، گۆش يەپ باقمىغىلى خېلى ۋاقىت بولدى. خوجەنت ئەمىرىنىڭ مال ـ چارۋىلىرى خېلى كۆپتۇر بەلكىم. يەتمىسە باشقا بەگلەرنىڭكىنى يەپ تۇرارمىز...»

بابۇر خوجەنت قورغىنىغا كىرگەندىن كېيىن شاھ غېرىب مىرزىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاشقا ئالدىرىدى.

ــ شۇنداق ئالىيلىرى، ــ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى شاھ غېرىب مىرزا، ــ شەھەر ھاكىمى ئەلى دوست تاغايى ئول ئاسىيلارنىڭ: «پادىشاھ ئالىيلىرى قازا قىلدى، ئۆز كۆزىمىز بىلەن

كۆردۇق» دېگەن پىتنىلىرىگە، يالغان قەسەملىرىگە ئىشىنىپ، كېچىدە خاقان دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ ئەل بولۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇستازىمىز مەۋلانە خوجا قازى ھەزرەتلىرى سەركەردە خوجا مۇ-ھەممەد دەرزى بىلەن مىرزا دەرۋازىسىدا ئىدى. ئەلى دوست تاغا-يىنىڭ ئاسىيلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئىلكىدىكى بارلىق سەركەردە - لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەرك[1]نى قوغدىدى. سەركەردە خوجا مۇھەممەد دەرزى ئەركنى قوغداش جېڭىدە كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ قازا قىلدى. بىز ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولساق-مۇ، يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ياۋغا تاقابىل تۇرالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىدە-گە ئول ئاسىيلار: «بابۇر پادىشاھ ئائىلىلىرى قازا قىلدى. ئورنىغا ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ئائىلىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزىمىز. بۇ-نىڭدىن باشقا مۇددىئايىمىز يوق» دەپ جار سېلىپ تۇرغان بول-غاچقا، بىر قىسىم سەرۋاز - لەشكەرلىرىمىزنىڭ جەڭ قىلىشتىن رايى ياندى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئەركنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدۇق. ئول قانخورلار ئۇستازىمىز مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ھەزرەتلىرىنى خان پەرمانىغا سەركەشلىك قىلدى دېگەن گۇناھ بىلەن ئەرك دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. خۇدادىنمۇ ھايا قىلمىدى، پىر قارغىشىدىنمۇ قورقمىدى.

بابۇر ئەمىر - سەركەردىلىرى ۋە خوجەنت بەگلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، كۆز ئالدىغا ئۇستا-زى مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازىنىڭ ئەرك دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئې-چىنىشلىق قىياپىتى كېلىۋېلىپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— بۇزرۇك مومىلىرىم، ۋالىدەم، ئىگىچىم خانزادە خېنىمـ-نىڭ ئەھۋالىچۇ؟ — سورىدى ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆ-زىنى ئاران بېسىۋېلىپ.

— كەمىنىلىرىنى ئائىلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە بۇزرۇك خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم ئائىلىرى ئەۋەتتى. ئۇلار ھازىر تىنچ - ئامان. جاھانگىر مىرزا ھەرقانچە قارا كۆڭۈل بولۇپ كەت-

[1] ئەرك — ئوردا، قورغان.

سىمۇ ئۇلارغا ئىبلىس قولىنى سۇنۇشتىن ئۇيۇلار.

بابۇر شۈكلەپ كەتتى.

داستىخاندىكى گۆش ـ كاۋاپلار سوۋۇپ كەتكەن، تاۋاقلاردىكى بېھى، خوراز گۆشى بېسىلغان پولۇلار قېتىپ قالغانىدى.

شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، غىزاغا قاراشقا ھېچكىمنىڭ زوقى يوق ئىدى.

بابۇرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى مومىسى، ئانىسى، ئاچىسى كېلىۋالغانىدى. گويا ئۇلار: «نېمىشقا تېزرەك كەلمەيسەن؟» دەپ رەنجىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

«ئەندىجاننى دەپ سەمەرقەنتنى تاشلاپ چىقتىم. ئەمدىلىكتە ئەندىجانمۇ قولدىن كەتتى. بۇ خۇددى غاپىل بۇ يەردىن يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىنمۇ مەھرۇم بولۇپتۇ دېگەندەك ئىش بولدى. بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى. مەرھۇم ئاتام قازا قىلىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىمدىن بۇيان بۇنداق ھەم نۆكەر، ھەم ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ باقمىغانىدىم. ئېسىمنى بىلگىنىمدىن بۇيان بۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتنىمۇ، دەرد ـ ئازابنىمۇ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بۇنچىۋالا باش قېتىنچىلىقىمۇ قالماپتىكەنمەن. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ ئەندىجانغا لەشكەر تارتسام غەلىبە قىلىشقا بولىدۇكى، مەغلۇپ بولۇشقا بولمايدۇ. ناۋادا مەغلۇبىيەتكە يولۇقسام ئول مۇناپىقلارنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بولۇپ، خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئەمما ھازىر قولۇمدا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم ئاز. خوجەنتتىن چېرىك يىغايمىكىن. لېكىن يىغى چېرىك بىلەن سان توشقۇزغىلى بولغان بىلەن جەڭگە يارىمايدۇ، ياكى بولمىسا تاشكەنتتىكى تاغام سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭدىن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلايمىكىن؟ ئۇنىڭ ماڭا قورساق كۆيۈكىنىڭ بارلىقى راست. ئەمما، ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنداق پەيتتە قورسىقىدا غۇم ساقلاپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالماس. مېنى دېمىگەندىمۇ ئەندىجاندا نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان ئانىلىرى بىلەن ئىگىچىسىدىن ئەندىشە قىلار. ئاخىر بېرىپ ئاشۇ

نائىنساب تاغامغا بويۇن قىسىدىغان بولدۇم دېسە. مەيلى چىداي، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ؟! بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، خەپ جاھانگىر مىرزا دېگەن ئەقىلسىز بەدرەك. ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ. ۋاقتى كەلگەندە قانداق جاۋاب بېرىسەنكىن قېنى؟...»

كۆڭلىنى سەل توختىتىۋالغان بابۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ئەمىرلىرىگە قارىدى:

— قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر دەپتىكەن جانابلار. قايغۇرۇپ ئولتۇرماي داستىخانغا بېقىشسىلا. قورساق توق بولسا ئۆزىمىزنىڭمۇ، ئۆزگىلەرنىڭمۇ غېمىنى قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇ ئەمىرلىرىنى غىزاغا زورلىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭمۇ غىزاغا تاۋى يوق ئىدى. بىر پارچە سوغۇق گۆشنى زورلاپ قولىغا ئالدىيۇ، بىر چىشلەپ قويۇپ يەنە داستىخانغا ئاستا قويۇپ قويدى.

«توۋا ماۋۇ ئىشنى، — دەپ ئويلىدى قولىغا بىر پارچە ئۇستىخان ئېلىۋالغان قاسىمبەگ قاۋچىن ھەيران بولغان ھالدا، — بىز بابۇر پادشاھ ئالىيلىرىغا تەسەللى بەرمەكتە يوق، ئۇ بىزگە تەسەللى بېرىۋاتىدىغۇ. بۈگۈن كۈتمىگەن ئىشلار ئەجەب تولا يۈز بەردى. خوجەنتتە بىر خاسىيەت بارمۇ نېمە؟ پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ تېنى سالامەت بولسۇن ئىلاھىم. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ھاردۇرۇپ قويماي بالدۇرراق ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلاي.. »



كەندەرلىك داۋىنىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بابۇرنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىنىغا بۈگۈن ئىككى كۈن بولغاند-

دى. ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان بابۇر داۋاننىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ ئاھانگىران ۋادىسى تەرەپكە پات ـ پات قارايتتى. ۋۇجۇدىنى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان ئەبجەش تۇيغۇلار چىرمىۋالغانىدى.

«ئەسلىدە ئۇلار تونۇگۇنلا كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ تاغام ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانمىدۇ ـ يا؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق تۇتۇرۇقسىزلىق قىلماس. قاسىمبەگ قاۋچىن خېلىلا ئىشەنچلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى...»

ھەئە، بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىننى تاشكەنتكە ئەۋەتىپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم سورىغان. ئۇنى لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى.

«خۇش خەۋەر ئالىيلىرى. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئىلتىماسلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئەندىجانغا لەشكەر تارتىشقا ماقۇل بولدى. ئۇلار ئاھانگىران دالاسى بىلەن بارىمىز، كەندەرلىك داۋىنىدا ئۇچرىشايلى دەيدۇ» دېگەنىدى خوجەنتكە قايتىپ كەلگەن قاسىمبەگ قاۋچىن.

شۇ تاپتا بابۇر تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى ساقلاۋاتاتتى. پات ـ پات يىراق ـ يىراقلارغا بويۇنداپ قارايتتى. شۇ ئەسنادا چاپارمەن يۈگۈرۈپ كېلىپ سالام بەردى:

ـــ مەلۇم بولغاي. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.

«ھە، ئاخىر كەپتۇ ـ دە...»

بىرئاز خاتىرجەم بولغان بابۇر چاپارمەنگە قارىدى:

ـــ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۇڭمۇ؟

ـــ شۇنداق ئالىيلىرى. يىراقتىن قارىسىنى كۆرۈپ خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەينىمگە ياندىم. پەمىمچە، بىر ئاش پىشىمغا قالماي يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

بابۇر دەرھال داۋاندىن پەسكە چۈشتى. ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئەندىجاننى ئاسىيلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ بېرىشكە كەلگەن خان

تاغىسىنى ياخشىراق كۆتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاشپەز ئۇستىلار ئوتنى كۆمۈپ قويغان ئوچاقلارغا قايتىدىن ئوت ياقتى. كاۋاپدانلارغا چوغ تاشلاشقا تۇتۇندى. سۇلتان مەھمۇدخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان شاھ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن بىر ئوق يېتىم يىراقلىقىچە پاياندار سېلىندى. پاياندازنىڭ باش تەرىپىدە تۇغچى، ناغرا ـ سۇنايچىلار سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. ئەلۋەتتە بۇ ھەشەمەلەر بىر تەرەپتىن سۇلتان مەھمۇدخانغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بابۇرنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى نامايىش قىلاتتى. ھەئە، بابۇر خان تاغىسىغا ئۆزىنى بىچارە، بىقۇۋۋەل كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

يىراقتىن سۇلتان مەھمۇدخان قوشۇنىنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى كۆرۈنگەن ھامان مۇراسىم بېگى ناغرا ـ سۇناي چېلىشقا بۇيرۇدى. شادىيانە ئاھاڭغا رىتىملىق چېلىنغان ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباق سادالىرى كەندەرلىك داۋىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن ئىلدام بېرىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بەجا كەلتۈردى.

ئالاھىدە تەييارلانغان بۇ كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدىن سۇلتان مەھمۇدخان ھەيران قالدى. ۋۇجۇدىدا كاتتا ھۆكۈمدارلارغا خاس شەۋكەت پەيدا بولدى. ئۇ بابۇرنىڭ بۇنچىلىك ھەشەمەت بىلەن تەييارلىق قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. تەكەببۇرلۇق، شۆھرەت تۇيغۇلىرى خېلىلا بېسىلغان سۇلتان مەھمۇدخان ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرغان بابۇرنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سۇسلاپ قالغان قېرىنداشلىق مېھرى قايتىدىن ئۇلغايغانىدى. ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە پاياندازغا تەك ئاياغ بېسىپ شاھ چېدىرىغا كىرىشتى. بابۇر تاغىسىنى تۆردىكى ئالاھىدە راسلانغان تۆشەككە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن قايتىدىن سالام بەردى:

— ئى قەدىرلىك ئوغلۇم، ئاتا ـ بالىلار دىدار ـ مۇلاقاتتا

بولغاندا قائىدە ـ يوسۇنغا زىيادە ئېتىبار قىلىپ كېتىش بىھا-جەت، ــ دېدى ھاياجانلانغان سۇلتان مەھمۇدخان بابۇرنى مېھرى-بانلىق بىلەن «ئوغلۇم» دەپ ئاتاپ، ــ كەلسىلە، يېنىمدا ئول-تۇرسىلا.

ــ خان ئالىيلىرى ئاتا يوللۇق تاغام ھەم ئەزىز مېھمى-نىم، ــ دېدى بابۇر تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ــ خىزمەت-كارلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا.

ــ سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بەگ ـ سىپاھلىرى خىزمەتكارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغاي. بىز ئاران دىدارلاشقاندا ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىۋالايلى، ماقۇل دېسىلە.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆزىنىڭمۇ بىر تەخت، تاج ئىگىسى ئى-كەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان بابۇر يەنە تۇزۇت قىلىپ تۇرۇۋېلىشنى لايىق كۆرمىدى:

ــ ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ دەپتىكەن. پەرمانلىرىغا سەركەش-لىك قىلىشقا نېمە ھەددىم، ــ دېدى بابۇر ۋە بېرىپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ــ بۇزرۇك ئانىلىرىم بىلەن ئىگىچەم قۇتلۇقنىگار خېنىم تىنچلىقمۇ؟

ــ بەلكىم تىنچلىقتۇ، ــ دېدى بابۇر مەيۈسلۈك بىلەن، ــ شول تاپتا كەمىنە جىيەنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر. نا-ئىنساب ئىنىم جاھانگىر مىرزا ئۇلارنى نەزەربەند قىلغان بولسى-مۇ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغاندۇ دەپ ئويلايمەن.

سۇلتان مەھمۇدخان ئويلانمايلا ئورۇنسىز سوئال سوراپ سالغىنىنى ھېس قىلىپ خىجىل بولدى:

ــ ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇلار ئەندىجاندا ئەمەسمىدى. ئىنىلى-رى جاھانگىر مىرزا بالىلىق قىلىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا باش-قىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتكەن چىغى.

ھەممە ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار سۇلتان مەھمۇدخان شۇ تاپتا بابۇرغا نە تەسەللى، نە ۋەدە بەرمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئۆزى

بىر نەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپمۇ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالماي ئارماندا يۇرگەن سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان بابۇرغا كۈچ ـ قۇدرىتىنى، چوڭ خانلىق شەۋكىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى ئانىسى بىلەن ئىگىچىسى ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يازغاچقا قولاق يوپۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغانىدى. بابۇرغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىش خىيالى يوق ئىدى. ئەمما، شۇ دەقىقىدە بابۇر ئۇنىڭ تەسەللىسىگە، ئىشەنچلىك ۋەدىسىگە موھتاج ئىدى.

بابۇر تاغىسىنىڭ ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئەمىرلەشكەر سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. تاغىسىنىڭ خانىشلىرى، خانزادە ـ مەلىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن چاندۇرماي سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سورىدى.

— ئەمىرلەشكەر سەييىد مۇھەممەد مىرزىمۇ تىنچ ـ ئامان تۇردى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، — ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە بىز بىلەن بىللە كەلگۈسى بار ئىدى. بىراق تاشكەنتنى ئاشۇنداقلا تاشلاپ قويغۇمىز كەلمەي، چوڭ خانزادە بىلەن ئىككىسىنى تەخت ـ سەلتەنەتكە قارانچۇق قىلىپ قويدۇق.

— ئوبدان قىلىپلا. سىلى بىلەن بىللە كەلگەن بولسا كۆرۈشۈۋالار ئىكەنمەن.

بابۇر كۆڭلىدىكى ئەپسۇسلۇقنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى ۋە بىكاۋۇل بەگكە غىزا تارتىشنى بۇيرۇدى. غىزا ئارىلىقىدا ئەندىجانغا مۇناسىۋەتلىك گەپ سۆزلەر بولۇنمىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. يەنە گەپ كوچىلاشقا، پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئەسلىي مەقسەتكە يۆتكەشكە بابۇرنىڭ غورۇرى يول قويمىدى. بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچسا تاغىسىغا زىيادە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا سەۋرچانلىق بىلەن تاغىسىنىڭ ئاتقان لاپلىرىغا قۇلاق سېلىپ جىم ئول-

تۇردى.

ــ يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرۇۋەرمەيلى، ــ دېدى سۇلتان مەھ ـ مۇدخان ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، ــ ئېيتسىلا، يۇ ـ رۇشنى نەدىن باشلايمىز؟

ــ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلايمەن، ــ دېدى بابۇر كەم ـ تەرلىك بىلەن.

ــ گەرچە بىز تاغا بولساقمۇ، ئۆزلىرىگە ياردەمگە كەلدۇق، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان قولىدىكى قىرغاۋۇل پاچىقىنى غاجىلاپ تۇرۇپ، ــ يەنىلا سىلىنىڭ يول باشلىغانلىرى تۈزۈك.

تاغىسىنىڭ بۇ گېپى بابۇرغا جەڭنى ئۆزۈڭ قىلىسەن، مەن ئارقاڭدىن تاماشا كۆرگەچ قاراپ تۇرىمەن، دېگەندەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنىڭ ئاۋۋال ئەندىجانغا ئەمەس، ئاخسىغا تېگىش قىلغۇسى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا پەرغانە تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، تەسەررۇپىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىغان ئاخسىنى ئىنىسى جاھانگىر مىرزىغا بېرىپ، ئۇزۇن ھەسەننى ئاخسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاخسىدا قوللىغۇچىلىرى كۆپ، ئاساسى پۇختا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سەيھۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقان ئاخسى قورغىنىنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، تەبىئىي شارائىتى ياخشى بولۇپ، مۇداپىئەگە ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز ئى ـ دى. ناۋادا ئاۋۋال ئەندىجانغا تېگىش قىلسا، ئىنىسى جاھانگىر مىرزا ئۇزۇن ھەسەن، ئەھمەد تەنبەل قاتارلىق سەركەردىلىرى بى ـ لەن ئاخسىغا قېچىپ بېرىپ مۇداپىئە قىلىۋالسا، ئۇلارنى باش ئەگدۈرمەك تەسكە توختايتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغان بابۇر ئاۋۋال ئاخسىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىش، مۇداپىئە يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاندىن ئەندىجانغا تېگىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. گەرچە ئەندىجان شەھىرىنىڭمۇ سېپىللىرى مۇستەھكەم، خەندەك ـ لىرى چوڭقۇر، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى مول، ئۇزۇن مەزگىل قامال ـ

غا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك شارائىتى بولسىمۇ، ئەمما ئەندىجاندا ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپ ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار ئىچىددىن ماسلىشىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

— كەندەرلىك داۋىنىنىڭ ئۇ تەرىپى ئاخسىغا يېقىن. شۇڭا داۋاندىن ئېشىپ ئاۋۋال ئاخسىغا تېگىش قىلالايلىمىكىن؟

— مەيلى شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمەي، — بۈگۈنچە لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئەتە يولغا چىقساق قانداق بولۇر؟

ھەئە، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇچۇن، بابۇرنىڭ ئاۋۋال قايسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بەرىبىر ئىدى. شۇڭا جەڭگىمۇ ئالدىرىمايۋاتاتتى. ئەمما، بابۇرنىڭ لەشكەرلىرىنى ھازىرلا ئاتلاندۇرغۇسى بار ئىدى. تاغىسى بىلەن بىرلىشىپ لەشكەر تارتماقچى بولغانلىقىدىن ئىنىسىنىڭ خەۋەر تېپىۋېلىپ، ئاخسى قورغىنىنى مۇداپىئە قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى تاغىسىنىڭ گېپىنى يىرالمىغان بابۇر ئامالسىز ھالدا.

باياتىن بىرى تاغا بىلەن جىيەننىڭ سۆھبىتىگە ئارىلاشماي ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇرغان ئەھمەدبەگ تەلبە بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاجەتكە چىقىشنى باھانە قىلىپ، سورۇندىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، ئىشەنچلىك خاس نۆكەرلىرىنى بىر چەتكە شەرەتلەپ قۇلىقىغا تېز ـ تېز پىچىرلىدى:

— ... يەتكۈزىدىغان گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇ. دەرھال يولغا چىق. لەشكەرگاھتىن ئايرىلغىنىڭنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن. ئىنىم ئەھمەد تەنبەلگە سۆزۈمنى تولۇق يەتكۈز. ئىشلاردىن ئازراقلا سەۋەنلىك كۆرۈلىدىغان بولسا كاللاڭغا ھېزى بول.

شۇ دەقىقىدە تاغىسىنىڭ بۇ ئەمرىنىڭ لەشكىرىي مەخپىيەتلىكنى ياۋغا ئاشكارىلاشقا چاپارمەن ماڭدۇرغىنى بابۇرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

※ ※ ※

تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاخسى شەھىرىنىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە سېپى ھېسابلىنىدىغان باب قورغىنىغا يېتىپ كەلگەن بابۇر، قورغاننى ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

«تۈنۈگۈن ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇلار تېخى ئەندىجاندا ئەمەسمىدى؟ باب قورغىنىدىكىلەرمۇ مەن تەرەپ بولۇپ، يېتىپ كېلىشىم ھامان قورغاننى تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ چاپارمەن ئەۋەتكەن ئىدىغۇ؟ ئەجەبكى، جاھانگىر مىرزا مەندىن چاققان چىقىپتۇ ـ يا؟ ئۇلار ئاۋۋال ئاخسىغا تېگىش قىلماقچى بولغانلىقىمنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟...»

بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا غەزەپ، ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان ئاچچىق تۇيغۇلار قايتىدىن چاڭگال سالدى.

ـــ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ـــ دېدى يەزەك[1] قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ۋەيس لاغەرى، ـــ چارلاپ ئەھۋال ئۇقۇشىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، خانزادە جاھانگىر مىرزا ئۇزۇن ھەسەن، ئەھمەد تەنبەل قاتارلىق ئەمىرلەر بىلەن تۈنۈگۈن ئەندىجاندىن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، بۈگۈن سەھەردە باب قورغىنىغا تېگىش قىلىپتۇ. قورغاندىكىلەر قورغاننى بېكىتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كۈچ سىنىشالماي تەسلىم بولۇپتۇ. ئۇلار ھازىر ئاخسى قورغىنىنىمۇ قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئاۋۋال ئاخسىغا تېگىش قىلىدىغىنىمىزنى قانداق بىلىپ قالدىكىنە، ھېچ بىلمىدىم.

بابۇر بىلدىم دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن غەزەپىنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرغاچقىمۇ

① يەزەك ـــ ئالدىن يۈرۈپ چارلىغۇچى قوشۇن.

ئەيتاۋۇر، گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى. ئاستا بۇرۇلۇپ ئات ئۇس-
تىدە بەخىرامان ئولتۇرغان تاغىسى سۇلتان مەھمۇد خانغا قارىدى.

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخانمۇ
ھەيران بولغان ھالدا، — بۇ بەدرەكلەر ئەجەب چاققان چىقىپتۇ
دېسە. ئەدەپسىزلىكىنى كۆرمەمدىغان، خان تاغىسىنىڭ ئالدىغا
چىقىپ سالام بەرمەكتە يوق، قورغاننى بېكىتىۋالغىنىنى.

— چوقۇم بىرى ئۇلارغا خەۋەر بەرگەن گەپ، — دېدى قات-
تىق غەزەپلەنگەن قاسىمبەگ قاۋچىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، —
بولمىسا ئۇلار تۇيۇقسىزلا ئەندىجاندىن كېچىلەپ يول يۈرۈپ مۇدا-
پىئەدە تۇرۇۋالماسىدى.

ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ئاخىرى يۈز بېرىپ، شۇنچە باش قاتۇ-
رۇپ تۈزگەن پىلاننىڭ تولۇق بەربات بولغانلىقىنى بىلگەن بابۇر-
نىڭ شۇ تاپتا كاللىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى.

— مۇلاھىزىلىرى بەرھەق قاسىمبەگ جانابلىرى، — دېدى
سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا تۇرغان ئەھمەدبەگ تەلبە خۇشاللى-
قىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — چوقۇم بىرى ئۇلارغا خەۋەر بېرد-
ۋېتىپتۇ. بۇنداق لەشكىرىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغان ئادەم-
نى تېپىپ چىقىپ ياساققا تارتىش كېرەك. ئەمىر ـ سەركەردىلە-
رى ئارىسىدىن جاھانگىر مىرزىغا مايىللىرى بارمۇ يوق، ئوبدانراق
ئېنىقلاپ كۆرگەيلا.

ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا كۆڭۈلگە شەك كەل-
تۈرىدىغان مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ، گۇماننى قارىسىغىلا ئۆ-
زى تەرەپكە بۇراپ، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلماقچى بولغانلىقىدىن
ئاچچىقى كەلگەن قاسىمبەگ قاۋچىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

— بۇ ساتقىنلىقنى ئەلۋەتتە ئېنىقلايمىز تەلبە بەگ جانابلى-
رى، — دېدى ئۇ ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكى-
لىپ تۇرۇپ، — ئەمما بىلىپ قالغايلاكى، ئەمىر ـ سەركەردىلە-
رىمىز بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىغا پەرزەنتتەك ساداقەتمەن. ئاسىي ـ
مۇناپىقلار سەمەرقەنتتىكى ۋاقىتىدىلا قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ

جاھانگىر مىرزىنىڭ يالقىنى يالىغلى كېتىپ بولغان.

قاسىمبەگ قاۋچىننىڭ بۇ گەپنى ئىنىسى ئەھمەد تەنبەلگە ئىشارە قىلىپ دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى. ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توقۇمنى قارىنىغا ئالدى:

— تاشكەنتتىن كەلگەن سەركەردىلەر ساداقەتسىزلىك قىلىپ خەۋەر يەتكۈزگەن دېمەكچىمۇ سىلى؟

— يوقسۇ تەقسىر، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن زەردە بىللەن، — قۇرۇق ياغاچتىن ھۆل پۇتاق چىقىرىپ، ئارىغا نىزا سالىدىغان ئۇنداق پەرەزنى قىلمىسىلا. كەمىنىلىرىنىڭ زىنھار ئۇنداق مۇددىئاسى يوق. ئەمما تۇنۇگۈن بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا ئاشۇ تەدبىرنى دېگەندە سورۇندا ئىككىلا تەرەپنىڭ ئەمىر - سەركەردىلىرى بار ئىدى. ئەمما كىمنىڭ ئىچىدە توڭگۈز قاتىراۋاتقانلىقىنى چىرايىغا قاراپ بىلگىلى بولمايدىكەن.

ئەسلىدىنلا خۇدۇكسىرەپ تۇرغان ئەھمەدبەگ تەلبە يەنە زاكونلاشسا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ زۇۋانىنى يىغىشقا مەجبۇر بولدى.

— بولدى، تالاشماڭلار جانابى ئەمىرلەر، — دېدى بابۇر تېرىكىپ، — ھازىر بۇ ئاسىيلىقنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — ئۇ گەپ قىلماي تۇرغان تاغىسىغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭ ئالدىمىزغا كەلگىنىمۇ ياخشى بولۇپتۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ ھامىنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشماي قالمايتتۇق.

شۇ تاپتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئېنىق بىر نىشانى يوق ئىدى. ئۇ تاشكەنتتىن لەشكەر تارتىپ چىققاندا: «ئۇدۇل ئەندىجانغا بارسالا جاھانگىر مىرزا ئالدىمغا قول باغلاپ چىقىدۇ. ئاغا - ئىنى ئىككى جىيەننى راسا بىر ئەيىبلەپ، ئاندىن ياراشتۇرۇپ، بابۇرغا ئەندىجاننى، جاھانگىر مىرزىغا ئاخسىنى بۆلۈپ بېرىپ

قايتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى مەندىن مىننەتدار بو- لۇپ، ھۆكۈمۈمگە بويۇن تولغىيالمايدىغان بولىدۇ. ئانىلىرىمۇ جىيەنلىرى بىلەن كارى بولمىدى دەپ مەندىن رەنجىيەلمەيدۇ. مۇشۇ باھانىدە بابۇر پادىشاھنى زىممىلىك بىلدۈرۈش[1]كە مەج- بۇر قىلىمەن» دىگەنلەرنى خىيال قىلغانىدى. كۈتمىگەندە جاھان- گىر مىرزىنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، رەسمىي جەڭگە ھازىرلىنىپ تۇرۇشى ئاشۇ شىرىن خىياللىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. ئەسلىدىنلا لەشكىرىي تەد- بىرگە چولتا، جەڭ ماھارەتلىرىگە خام سۇلتان مەھمۇدخان تۇنۇ- گۇنكى لەشكىرىي تەدبىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قىلىشىدىن غەزەپلەن- نىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ھازىر قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ مۇنازىرىسى پەقەتلا تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى.

— جاھانگىر مىرزا ئۇرۇشۇشنى تايىن تاپقان بولسا بىزمۇ جەڭگە ھازىرلىق كۆرەيلى، — دىدى ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمىرىنىڭ قىلغان سۇيىقەستىدىن خەۋەرسىز سۇلتان مەھمۇدخان تىلىنى چايناپ، — لەشكەرلەر باب قورغىنىغا ھۇجۇم باشلىسۇن ئەمىسە.

— مىنىڭچە، باب قورغىنى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، — دىدى بابۇر كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇلارنىڭ بىر قىتىملىق ھۇ- جۇمىمىزغا بەرداشلىق بىرەلىشى ناتايىن. كۈچىمىزنى ئارتۇقچە خوراتمايلى. ئەسلىدە باب قورغىنىنى ۋاقىتلىق لەشكەرگاھ قىلارمەن دەپ ئويلىۋىدىم. ئەمدى ئۇدۇل بىرىپ ئاخسى قورغىنى- نى مۇھاسىرىگە ئالايلى. ئاخسىنى ئالساق باب قورغىنىدىكىلەر ئۆزلۈكىدىن ئەل بولىدۇ. ناۋادا خان تاغامغا ماقۇل كەلسە، بىر گۇرۇھ سەركەردە - لەشكەرلەرنى ئەندىجانغا تىگىش قىلىشقا ماڭ- دۇرايلى. پەمىمچە، ئۇلارنىڭ ئەندىجاندا تۈزۈك لەشكەرلىرى قال- مىدى. جاھانگىر مىرزىنىڭ ئىككى تەرەپكە تەڭ يىتىشكۈدەك

① زىممىلىك بىلدۈرۈش — مۇستەقىل پادىشاھلىقنى ساقلاپ قىلىپ، ئولپان تاپشۇرۇش.

ماغدۇرى بارمۇ ـ يوق، بىر كۆرۈپ باقايلى.

كۆتۈلمىگەن بۇ تەدبىرنى ئاڭلاپ ئەھمەدبەگ تەلبە ئالدىرا
قالدى:

ــــ مېنىڭچە لەشكىرىي كۈچىمىزنى پارچىلىماي تۇرايلىمە
كىن، ــــ دېدى ئۇ سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراپ.

ــــ نېمىشقا؟

تاغىسىنىڭ گالۋاڭلىقىدىن جىلە بولۇپ تۇرغان بابۇرغ
ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ ئاقساقاللىق قىلىشى ياقمىغانىدى.

ــــ چۈنكى، ــــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە كۆزلىرىنى بابۇردىـ
قاچۇرۇپ تۇرۇپ، ــــ بىر گۇرۇھ لەشكەرلەرنى ئەندىجانغا يولغ
سالساق، كۈچىمىز ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ناۋادا ئىنىلىرى جاھانگ
مىرزا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا، ئالدىمىزدىن ئاخسى قورغىنىدىكـ
لەر، ئارقا تەرىپىمىزدىن باب قورغىنىدىكىلەر تەڭلا ھۇجۇ
باشلايدۇ ـ دە، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇمغا بەرداشلىق بې
رەلمەي قالىمىز.

ئەزەلدىن تۇزۇك جەڭ كۆرۈپ باقمىغان سۇلتان مەھمۇدخا
غا مۇشۇنچىلىك تەشۋىش كۇپايە قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بابۇر گەپ قـ
لىشقا تەمشىلىپ بولغۇچە ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

ــــ بۇ گەپىڭمۇ ئاساسى بار. بەش بارماقنى تەڭلا ئېغىزغ
سالغىلى بولماس، دەپتىكەن. ئاۋۋال كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈ
ئاخسىغا تېگىش قىلايلى، ــــ ئۇ بابۇرنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىقن
كۆرۈپ قوشۇپ قويدى، ــــ ئالدىراقسانلىق قىلمايلى. ئالدىرىغا
يولدا قالار. بىر ـ بىرلەپ كېلەيلى.

بابۇر تاغىسىنىڭ سۆزىنى يىرىشقا يەنە ئامالسىز قالدى. ئۇ
زىنىڭ ئازغىنە لەشكىرىنى ئىككىگە بۆلۈشكە تەۋەككۈل قىلالمى
دى.

ــــ لەشكەرلەر ئۇدۇل بىرىپ ئاخسى قورغىنىغا تېگىـ
قىلسۇن، ــــ دېدى ئۇ قاسىمبەگ قاۋچىنغا قاراپ.

شۇ تاپتا بابۇرنىڭ قانچىلىك جىلە بولۇۋاتقانلىقىنى قاسىم

بەگ قاۋچىنلا چۇشەنگەندەك قىلاتتى.

ئۇلار ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباق چېلىپ جەڭگە ئۇندىگەن بولسىمۇ، قورغان ئىچىدىكىلەر نىمە ئۇچۇندۇر جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالدى. تاشكەنتتىن چىققان ۋاقتىدىلا جەڭ قىلىشقا ئانچە رايى يوق سۇلتان مەھمۇدخان ئاخسىنىڭ بوسۇغىسى تۇۋىگە كەلگەندە يەنە قاشاڭلىق قىلىشقا ئامال تاپالماي لەشكەرلىرىنى بابۇرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىر قانچە قېتىم قوزغىغان شىددەتلىك ھۇجۇمنى ئاخسى قورغىنىدىكىلەر قورغاننىڭ چوڭقۇر مۇداپىئە خەندىكى ۋە مۇستەھكەم سېپىلىغا تايىنىپ، يا ئوقى، مەنجانىق، زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن ئوڭۇشلۇق چېكىندۇردى. لەشكەرلەرنىڭ بىھۇدە تالاپەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بابۇرنىڭ يەنە قاراملىق قىلغۇسى كەلمىدى. چۈنكى لەشكەرلەر ئىچىدە ئۆلۈش ـ يارىلىنىش كۆپەيسە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ رەنجىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. بىر كۈن ئەنە ئاشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، بىرلەشمە قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئاخسى قورغىنىدىكىلەرنىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئەھمەدبەگ تەلبە كېچىدە قورغانغا يەنە مەخپىي ئايغاقچى ماڭدۇردى.

«ئۇلارغا سۆزۈمنى يەتكۈز. سۈلھى تەلەپ قىلسۇن. جاھىللىق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويمىسۇن. ئالىيلىرى ھازىر ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار جەڭنى ئىختىيار قىلسا، چوقۇمكى تاشكەنت لەشكەرلىرىگە يېتىدىغان تالاپەت ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئىش خان ئالىيلىرىنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويۇشى، مۇشۇ سەۋەب بىلەن بىراقلا بابۇر مىرزا تەرەپكە ئېغىپ كېتىشى مۇمكىن. بابۇر مىرزا لەشكىرىي تەدبىرگە خېلىلا پۇختا ئىكەن. ئەتە باشقا ئۇسۇل بىلەن قورغانغا تېگىش قىلىشى مۇمكىن. زەمبىرەكچىلىرىمۇ بەك ياماندەك قىلىدۇ. يەنە كېلىپ بىرلەشمە قوشۇننىڭ كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇڭا ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە سۈلھى. سۈلھى روياپقا

چىقسا خان ئالىيلىرى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تاشكەنتكە قايتىدۇ. بابۇر مىرزا يەنە يالغۇز قالىدۇ. سۇلھىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ جېكىلىدى ئۇ ئايغاقچىسىغا.

ئاخسى قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا بابۇرنىڭ ئىشەنچى بار ئىدى. گەرچە ئەندىجانغا لەشكەر ماڭدۇرۇشقا تاغىسىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىدىن رەنجىپ قالغان بولسىمۇ، ئاسىيلارنىڭ ئىشىنى ئاخسىدا بىر تەرەپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. شۇڭا بۇگۈن ئەتىگەندىلا تاغىسىغا سالام بېرىۋېتىپ، ئاندىن قورغانغا ھۇجۇم تەشكىللەش ئۈچۈن قاسىمبەگ قاۋچىن بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ چېدىرىغا كىردى.

— كەلسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە، — سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن يېنىغا تەكلىپ قىلدى. چاپارمەن ماڭدۇراي دەپ تۇرغانىدىم. كەلگەنلىرى بەك بەلەن بولدى. قېنى مەزەگە باقسىلا. ئاۋۋال ناشتا قىلايلى، ئاندىن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار.

«مۇھىم ئىش بار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بابۇرنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، ئەمما كوچىلاپ سوراشنى ئەپ كۆرمەي، داستىخانغا ئىشتىھاسىزلا قول ئۇزاتتى.

سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بېرىش ئۈچۈنمۇ ياكى نامەلۇم مۇھىم ئىشنىڭ مەسلىھەتىگە چاقىرتىلغانمۇ ئەيتاۋۇر، داستىخاندا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھەممە ئەمىر - سەركەردىلىرى بار ئىدى. ئۇلار خۇددى باراۋەتتە ئولتۇرغاندەك تايىنى يوق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بولغۇسى جەڭنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، ھەدەپ سۇلتان مەھمۇدخانغا خۇشامەت قىلىشلىرى بابۇرغا پەقەتلا ياقمىدى.

— مۇنداق ئىش، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئاخىر ئەسلىي مەقسەتكە كۆچۈپ، — بايام ئىنىلىرى جاھانگىر مىرزا دەرگاھىدىن ئەلچى كەلدى، مۇددىئاسى سۇلھى تەلەپ قىلىش ئىكەن.

قولغا كىرەي دەپ قالغان ئولجىنى بىرى تارتىۋالغاندەك تۇي-

غۇغا كەلگەن بابۇرنىڭ ۋۇجۇدى ئاچچىق سىلكىندى، لەۋلىرى سىزىلەرلىك تىترىدى:

— كۆتۈرسۇن ئۇنداق سۆلھىسىنى! — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — ئۇنداق نىيىتى بار ئادەم باشتىلا مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىسا بولماسمىدى، كىمنى ئەخمەق قىلماقچىكەن؟! ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە سۆلھىگە ئورۇن قالمىدى. يا گۇناھىنى بويـنىغا ئېلىپ ئالدىمىزغا كەلسۇن، ياكى بولمىسا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ جەڭگە ھازىرلانسۇن، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!

بابۇرنىڭ ئاۋازى خېلىلا قاتتىق چىقىپ كەتتى.

چېدىرنىڭ ئىچىدە بىر پەس تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئەھمەدبەگ تەلبە سۇلتان مەھمۇدخانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ قەستەن گېلىنى قىردى، ئەمما قاتتىق غەزەپلەنگەن بابۇردىن ئېھتىيات قىلىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— دېگەنلىرىڭىز تامامەن توغرا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئېغىز ئېچىپ، — ئەمما، قارشى تەرەپنىڭ سۆلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق جەڭ قائىدىسىگە خىلاپ، رەقىبلىرىمىزنى جەڭسىز بويسۇندۇرغىلى بولسا، ئەلۋەتتە ئىشنى سۆلھى يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. بۇ ئاتا - بابىلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەل قىلىپ كەلگەن يوسۇن. سۆلھى بىلەن بىھۇدە قان تۆكۈلۈشىنىڭ، تالاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىر مىرزا ھەرقانچە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ سىلىنىڭ ئىنىلىرى، شۇنداقلا جىيەنىم. شۇڭلاشقا ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرگەيلا.

— بەرھەق، خان ئالىيلىرى دانادۇر، — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە دەرھال ئېغىز ئېچىپ، — بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنىسى جاھانگىر مىرزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى سىلى ئاغا بولغاندىكىن يەنىلا سەۋر قىلسىلا، قاراپ تۇرۇپ جانابى خان تاغىلىرىنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمايدىلا ھەقچان. خان

ئالىيلىرىنىڭمۇ كۆز ئالدىدىلا ئىككى جىيەن ئوغلىنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىگىنىنى كۆرگۈسى يوق. يەنىلا سىلى مەرھە ـ مەتلىك بولغايلا پادشاھ ئالىيلىرى.

ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ سۆزلىرى بابۇرغا خېلىلا تەسىر قىلـ ـ دى. بالىلىق دەۋرىدىكى ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بىلەن يېتىلـ ـ شىپ، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ ئۆتكەن ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ، ۋۇجۇدىنى خىجىللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋال ـ دى. دېمىسىمۇ كىچىك چېغىدا جاھانگىر مىرزا بابۇرغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئاغا دېسە ئارقىسىدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى. شۇ تاپتا بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاداۋەتتىن كۆرە قېرىنداشلىق مېھرى غالىب كېلىۋاتاتتى.

«ئەجەب تىلىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەمكىنا بۇ تەلبە بەگ، — دەپ ئويلىدى قاسىمبەگ قاۋچىن ھەيران بولغان ھالدا، — ئۇنىڭ زادى نېمە مەقسىتى باردۇر؟ بىر قارىسا سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق. بۇنداق ياخشى نەسىھەتلەرنىڭ ئالدىدا بابۇر پادشاھ ئا ـ لىيلىرى يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن...»

بابۇرنىڭ شۈكلەپ قالغىنىنى كۆرۈپ سۇلتان مەھمۇدخان يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئاۋۋال جاھانگىر مىرزىنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىپ باقايلى. سۈلھىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماس ـ لىق بەربىر ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەسمۇ.

— قۇلىقىم سىلىدە تاغا، — دېدى بابۇر مەيۈسلۈك بىلەن، — مەنمۇ قان تۆكۈشكە خۇشتار ئەمەس. ئەل ـ يۇرتقا ئاسايىشلىق يۈزلەنسىكەن، ئاۋام ـ رەئىيەت ئورۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم ياشىسىكەن، ئاتا ـ بابىلىرىمىزدىن قالغان سەلتەنەت روناق تاپسىكەن دەيدىغان ئۈمىدىم بار.

— ھىممەتلىرىگە بارىكاللا، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان رازىمەنلىك بىلەن، — ئۇنداق بولسا مەن ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرد ـ سىدا كېلىشتۈرگۈچى بولاي. ئۇلارمۇ شۇنى خالايدىغاندەك قىلىد ـ

دۇ. مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشىكئاغىسى ئەھمەدبەگ تەلبە جانابلىرى بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كەلسۇن.

بابۇرنىڭ قاسىمبەگ قاۋچىنىنىمۇ قوشۇپ قويغۇسى بار ئىدى. ئەمما، تاغىسىنىڭ ماڭا ئىشەنمىدى دەپ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

ــ بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى ئۈچۈن خاس خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىمەن! ــ دېدى ئىشىك كۈتكەن يېرىدىن چىققاندىن خۇشال بولغان ئەھمەدبەگ تەلبە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ ئەمىسە دەرھال يولغا چىقسۇنلا، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، ــ ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلگەيلا.

ــ پەرمانبەردارمەن!

ئەھمەدبەگ تەلبە كۈن چۈشتىن قىيىلغاندا ئاخسى قورغىنىدىن قايتىپ كەلدى.

ــ خانزادە جاھانگىر مىرزىنىڭ ئاغىسى بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىدىن پەرغانە سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىش نىيىتى زىنھار يوق ئىكەن، ــ دېدى ئۇ ئاۋۋال سۇلتان مەھمۇدخانغا، ئاندىن بابۇرغا لاپ ئېتىپ قارىۋېلىپ، ــ پەقەت كىملەرنىڭدۇر بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرى قازا قىلدى، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇك دېگەن سۆزلىرىگە، بەرگەن قەسەملىرىگە ئىشىنىپ قېلىپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى پاسىبانسىز قالمىسۇن دەپ ئەندىجانغا بارغانىكەن. بىراق، مەۋلانە خوجا ئابدۇللا قازى ھەزرەتلىرى خانزادىگە خۇددى سالىھلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ شەھەرگە كىرگۈزمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت ئۇلغىيىپ ئۇرۇش بولۇپتۇ. خوجا قازى ھەزرەتلىرىنى قول ئاستىدىكى بىر قىسىم قارام سەرۋازلارنىڭ دارغا ئاسقانلىقىدىن كېچىكىپ خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ. بابۇر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپتۇ. ئەمما، ئالدىغا سالامغا بارسا ئەدەپلىنىدىشىدىن ئەنسىرەپ جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ــ شۇنچىلىك ئىشكەن ئەمەسمۇ مانا، ــ دېدى سۇلتان

مەھمۇدخان ھاياجانلانغان ھالدا، ــ مەنمۇ جاھانگىر مىرزىنىڭ تاجۇ تەخت ئۈچۈن ئىسيان قىلىشىغا ئىشەنمىگەنىدىم. ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولغانىكەن ـ دە. ئۇنى دىمىسىمۇ قەدىرلىك جىيەنىمنىڭ سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر تاشكەنتكىمۇ يېتىپ كەلگەن. شول چاغدا مەنمۇ كۆپ قايغۇرغاندىم.

ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى يالغان خەۋەرنىڭ پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسىغا پۈر كەتكەنلىكىنى بابۇرمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىنىسىغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرى بىردىنلا پەسىيىپ، ئورنىغا ئەپۇچانلىق ئالماشتى.

«دىمىسىمۇ جاھانگىر مىرزا تېخى كىچىك، ئىشلارغا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالىغۇچىلىكى يوق. كىم قاياققا باشلىسا شۇ ياققا مېڭىۋېرىدۇ. باشتىلا قاسىمبەگ قاۋچىنىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنى سەمەرقەنتتىكى لەشكىرىي يۈرۈشكە بىللە ئېلىپ كەتكەن بولسام بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس بولغىيتتى...»

ــ ئەمما، ــ دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە، ــ جاھانگىر مىرزىنىڭ كىچىككىنە بىر تەلپىي بار ئىكەن.

بابۇر خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا يالت ئېتىپ قارىدى.

ــ قېنى خوش، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئەھمەدبەگ تەلبەنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىپ.

ــ جاھانگىر مىرزا دەيدۇكى: ئاغام سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇپ ماۋەرائۇننەھرنى تەسەررۇپىغا ئالغاندىكىن، پەرغانىنى ماڭا بېرىشى كېرەك ئىدى. بىر قانچە سۇخەنچىلەرنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ ئاتايىن ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئاغام خاتىرجەم سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇۋەرسۇن. مەن ئۇنىڭ ھۆكمىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىمەن. پەرغانە سەلتەنەتى يەنىلا ئاغامنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ. قانچىلىك باج، خىراج، ئولپان بەلگىلەپ بەرسە ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئەۋەتىپ بېرد-

مەن. ئىنىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇلا ـ زىمەتتە بولىمەن. بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپىممۇ يوق...

ـــ راست، سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئىلكىلىرىگە ئالغان ئە ـ مەسمىدىلە، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ـــ سەركەردىمىز شەيبانىخانغىمۇ ئەھۋالنى چۈ ـ شەندۈرۈشكە پۇرسەت بەرمەي قوغلىۋەتكەنىكەنلا. ئاردىكى بۇ ئۇ ـ قۇشماسلىقتىن مەنمۇ كۆپ ئەپسۇسلانغانىدىم. سەمەرقەنت تەخت ـ گاھىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ئىنىلىرىدىن پەرغانە سەلتەنەتىنى قىزغانغانلىقلىرى پەقەتلا بولماپتۇ. شۇڭا جاھانگىر مىرزىمۇ ئا ـ مالسىزلىقتىن سەركەشلىكنى تاللىغان گەپ.

بابۇر تاغىسىنىڭ تەنىگىمۇ، مەسخىرىگىمۇ، تەنبىھكىمۇ، نەسىھەتكىمۇ ئوخشىمايدىغان سۆزىدىن گاڭگىراپ قالدى. سەمەر ـ قەنتنى تاشلاپ چىققىنىنى دېيىشتىن نومۇس قىلدى. شۇ تاپتا سەمەرقەنتنىڭ كىمنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيت ـ تى. ئەس ـ يادى ئەندىجاننى قۇتقۇزۇشتا قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستى ـ گە ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغاچقا، ھەم كېسىلى خېلى ئېغىر بولغاچقا، سەمەرقەنتنى ئاشۇنداقلا تاشلاپ كەلگەنىد ـ دى. بۇ ئەھۋالنى ئېيتسا تاغىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بەگ ـ لەرنىڭ مەسخىرە قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇنداق مەسخىرىنى ئۇنىڭ غۇرۇرى كۆتۈرمەيتتى.

ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرگەن سۇلتان مەھمۇدخان «بابۇر سەمەرقەنتتىنمۇ، ئەندىجاندىنمۇ كېچەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سەمەرقەنت تەختگاھىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن ئىبارەت ھەسەت تۇيغۇلىرى قاي ـ نىدىن قۇتراشقا باشلىغانىدى.

ـــ كەڭ قورساق بولسىلا، مەرھەمەتلىكمۇ ئىبسىل پەرز ـ لەت، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان يۇرەك ـ باغرى مۇشۇك تاتى ـ لىغاندەك ئېچىشىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى كەڭ قورساق كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ـــ سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەرگە ئىگە بولغاندىكىن،

ئەندىجاننى جاھانگىر مىرزىغا بەرسىلە. بۇ ئەسلىدە ئالايىتەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ھەل قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەسكەندۇق. مەنمۇ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىمايلا تاس قاپتىمەن بۇ ئاداۋەتنى ئۇلغايتىۋەتكىلى. بوپتۇ، مۇشۇ باھانىدە دىدارلىشىۋالدۇق. يەنە مۇشۇ باھانىدە ئەندىجانغا بېرىپ بۇزرۇكۋار ئانىلىرىمنى، ئىگىدچىلىرىمنى يوقلىۋېلىپ ئاندىن تاشكەنتكە قايتاي. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئۇدۇل تاشكەنتكە ماڭغاچ تۇرسۇن. سىلىمۇ مەن بىلەن بىللە ئەندىجانغا بارسىلا. جاھانگىر مىرزا بىلەن ئىككىلىرىنى بۇزرۇك ئانىلىرىمنىڭ ئالدىدا ياراشتۇرۇپ قوياي.

ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بابۇرنىڭ تاغىسى بىلەن بىللە ئەندىجانغا بېرىشقا رايى بارمىدى. ئەمدى ۋەزىيەتتە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىشلار ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي پايدىسىز بولۇپ قالغان، سۇلتان مەھمۇدخان بىتەرەپ بولۇپ تاشكەنتكە لەشكەر چېكىندۈرۈشنى قارار قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمىگە قارشى چىقاي دېسە رەنجىپ قېلىشى، بابۇرنى ئىنسابسىزلىقتا ئەيىبلىشى، جاھانگىر مىرزىنى قوللىشى ئېنىق ئىدى. ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلاي دېسە، ئىلكىدە جەڭ قىلغۇدەك لەشكەرلىرى يوق ئىدى. يېڭىلىپلا قالسا پەرغانە ۋادىسىغا قايتا ئاياغ باسالمايتتى. ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ تاغىسىغا يالۋۇرۇشقا غورۇرى يول قويمىدى.

«خەسىس، نادان كىشىلەردىن ھىممەت كۈتۈش سۆگەتتىن ئامۇت تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش، ئەسلىدىمۇ تاغامنىڭ ئالدىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ بېرىشىم خاتا بولغان. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ بىچارە ھالىتىمنى ئۇلارغا ئاشكارىلىماي. بەلكىم، سەمەرقەنت تېخىچە ئىگىسىز تۇرغاندۇ ياكى يەنە قايتىدىن ئىلكىمگە ئالارمەن. ئاۋۋال بۇلار بىلەن خوشلىشاي...»

ـــ سىلى ماڭغاچ تۇرسىلا. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن ئەندىجانغا بارسام جاھانگىر مىرزا يەنە گۇمانلىنىپ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالمىسۇن. ئۇلارنى خوجەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن باراي. بۇزرۇك مومىلىرىم بىلەن ئانامغا سالام ئېيتسىلا.

بەلكىم سەمەرقەنتكە قايتىشىممۇ مۇمكىن.

ــ ئىختىيارلىرى، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان بابۇرنى ئانچە زورلاپ كەتمەي، ــ سەمەرقەنت تەختگاھى قاراقسىز قالسىمۇ بولماس. ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلۇرلا.

ئەتىسى سۇلتان مەھمۇدخان ئەندىجانغا، بابۇر خوجەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. پايدىنى ئىككى ئارىدا چاندۇرماي ئويۇن ئوينىغان ئەھمەدبەگ تەلبە ئالغانىدى. ھەئە، ئۇ ئاخسىغا سۇلھىگە بارغىنىدا جاھانگىر مىرزىدىن پارا ئالغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى سۇلتان مەھمۇدخاندىن يوشۇرۇپ تاشكەنتكە ئېلىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئەندىجان بىلەن سەمەرقەنتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خوجەنت مېۋە ــ چېۋە ماكانى ئىدى. بولۇپمۇ ئەل ــ يۇرت ئارىسىدا سەمەرقەنتنىڭ ئالمىسىنىڭ، خوجەنتنىڭ ئانىرىنىڭ داڭقى بار ئىدى. خوجەنت شەھەر قورغىنى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، سەيھۇن دەرياسى شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئەگىپ ئاخسى شەھىرى تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى. دەريا بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى بىر ئوق يېتىم كېلەتتى. شۇڭا دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرى شەھەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سارايدا ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن بابۇر مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىققانىدى. ئۇ سىپىلنىڭ ئۈستىدە بىر پەس ئۇياقتىن ــ بۇياققا ماڭدى. سىپىلدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان لەشكەرلەر ياش پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. بابۇر بۇرج[1]قا چىقىپ مۇنۇغىل (يەنە بىر ئىسمى مۇتۇغىل) تاغلىرىغا ئۇزاق نەزەر تاشلىدى. پاھ! دەرۋىش چۆلىدىن ئەسكەن غۇر ــ غۇر شامال ئۇنىڭغا باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلىدى. ئۇ تاغدىن نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ ئاۋۋال ئەندىجان تەرەپ-

[1] بۇرج ــ سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى كۆزىتىش مۇنارى.

كە، ئاندىن سەمەرقەنت تەرەپكە قاراپ ھەسرەتلىك ئۇھسىندى. سەمەرقەنتنى ئاللىقاچان نەۋرە ئاكىسى سۇلتان ئەلى مىرزا ئىگىلەپ بولغانىدى. ئەمدى ئۇ ئەندىجاندا ئىنىسى جاھانگىر مىرزا تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىغانغا ئوخشاش سەمەرقەنتتىمۇ نەۋرە ئاكىسى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايتتى. ھەر ئىككىلا شەھەردىن بىراقلا قۇرۇق قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەسرىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سۇلھى قىلىشى بىلەن ئەندىجاندىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ خوجەنتكە قايتىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن ئەلى دەرۋىش بەگ، ئەلى مەزىد قاۋچىن، مۇھەممەد باقىر بەگ، شەيخ ئابدۇللا ئىشىكئاغىسى، مىرىم لاغەرى قاتارلىق چوڭ ۋە ئىچكى بەگلىرى ئەندىجاندىكى ئۆيۋاقى، خوتۇن ـ باللىرىدىن ئەنسىرەپ بابۇردىن ئايرىلىپ، جاھانگىر مىرزىنى پاناھ تارتىپ ئەندىجانغا قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تېخىمۇ ئازلاپ كەتتى. ھازىر خوجەنتتە چوڭ بەگلىرىدىن قاسىمبەگ قاۋچىن، ۋەيس لاغەرى، ئىبراھىم سارۇ مەڭلىك، شىرىم تاغايى، سەييىد قارا بەگ؛ ئىچكىيلەردىن مىرشاھ قاۋچىن، سەييىد قاسىم جالايىر، قاسىم نەجەپ، مۇھەممەد دوست، مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىر، خۇدابەردى تۇغچى بەگ، يارەك تاغايى، سۇلتان قۇلى، پىر ۋەيس، شەيخ ۋەيس، يار ئەلى بىلال، قاسىم مىراخور، ھەيدەر دەكابدار بولۇپ ئۈچ يۈزگە يېقىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قالغانىدى. خوجەنت ھاكىمى ئابدۇراخمان خەلىپىنىڭ نۆكەرلىرىنى قاتقاندىمۇ سانى مىڭغا يەتمەيتتى.

بابۇر نەزەرىنى قايتىدىن سەيھۇن دەرياسىغا ئاغدۇردى. ياز كىرگەندىن بېرى سۈيى تېخىچە ئۇلغايمىغاچقىمۇ سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى ياۋاشلىق بىلەن جىمجىت ئاقاتتى.

«ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تەقدىر ـ قىسمەت خۇددى دەرياغىلا ئوخشايدىكەن. دەريا سۈيى بىردە ئۇلغىيىپ كەلكۈن ياسىسا، بىردە سوغۇلۇپ ئازلاپ قالغاندەك، بىردە شاۋقۇنلاپ، قىرغاقلىرىنى چېقىپ ۋەھىمە پەيدا قىلسا، بىردە تىنچىپ ياۋاشلاپ

قالغاندەك. ھەئە، مېنىڭمۇ تۇمەن كىشىلىك لەشكىرىممۇ بولغان. ئەندىجان، سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەرلەرنىڭ تەختىدىمۇ ئولتۇرغانمەن. مانا ئەمدى ئاشۇ ئىككى كاتتا شەھەر ئارىلىقىدىكى قەسەبچاق① خوجەنت پاناھگاھىم بولۇپ قالدى. بېشىمغا ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىپ، سەلتەنەت بۇرجىمىنىڭ يۇلتۇزلىرى خىرەلەشكەندە، قەدەمدە بىر تەزىم، خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىغان لەببەيچى ئەمىرلىرىم، سەركەردىلىرىم يېنىمدىن خۇددى ئۆلۈكتىن پىت تارقىغاندەك تەرەپ ــ تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى...»

بابۇر ئۆزىنى ئۆلۈككە ئوخشاتقىنىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

«نېمىشقا ئۆزۈمنى ئۆلۈككە ئوخشاتتىم ــ ھە، راستتىنلا سەلتەنەتىم زاۋال تاپقانمىدۇ؟ ئەمدى قايتىدىن باش كۆتۈرەلمەسمەنمۇ؟ ياق، ھەرگىز ياق! قەتئىي چۈشكۈنلەشمەسلىكىم كېرەك. ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ بولسا، ئون بەشى قاراڭغۇ. ئاي قاراڭغۇسىدىن كېيىن يەنە ئايدىڭ بولىدۇ. بېشىمغا تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىشەنچىمنى، جاسارىتىمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم كېرەك. مەرھۇم ئاتام مەندىن نى ئارمانلارنى كۈتكەن بولغىيدى. مومىلىرىم ئىسان دۆلەت خېنىم، شاھ بېگىم، ئانام قۇتلۇقنىگار خېنىم، يەنە تېخى ئىگىچەم خانزادە خېنىملارمۇ ھەممە ئارزۇ ــ ئۈمىدىنى ماڭا باغلاۋاتىدۇ. ئەگەر مەندىن ئاشۇنداق چوڭ ئۈمىد كۈتمىگەن بولسا، ئىنىم جاھانگىر مىرزىنى تاشلاپ ئەندىجاندىن خوجەنتكە كەلمەس ئىدى. قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق ساداقەتمەن ئەمىرلىرىممۇ شۇ، ئۇلارمۇ ماڭا ئۈمىد باغلىغاچقىلا تاشلاپ كەتمىدى. جاپا ــ مۇشەققەتنى تەڭ كۆرۈشكە بەل باغلىدى. شۇنداق ئىكەن ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەققىم يوق. بىر ھېسابتا ئىرادىسى ئاجىز، خۇشامەتچى، مەنسەپ ــ مەرتىۋە، مال ــ دۇنيادىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ ساداقەتسىز ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىنى ۋاقتىدا ئاشكارىلاپ يېنىمدىن كەتكىنىمۇ

① قەسەبچاق ــ شەھەرچاق، كىچىك شەھەر.

ياخشى بولدى. سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئاز بولسىمۇ ساز بولـ.
غىنى ئەۋزەل. ئاللاھ خالىسا كۆڭلۈمگە پۈككەن چوڭ ئىشلىرىمنى
مۇشۇلار بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىم مۇمكىن. ئەمدى قانداق
قىلسام، ئىشنى نەدىن باشلىسام بولىدىكىن؟ بوپتۇ، تۇكۇرگەن
تۇكۇرۇكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ. جاھانگىر مىرزا ئەندىجان
تەختىدە ئولتۇرسا ئولتۇرغاچ تۇرسۇن، ھازىرچە ئاشۇ تەگسىز
سۇلھىگە ئەمەل قىلغاچ تۇراي، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشـ.
نى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ قىلىمەن. بىر قۇدرەتلىك ئاللاھتىن
مەدەت تىلەيمەن...»

بابۇر ئاخىرقى خىيالىنى باشقا بىرى بىلىپ قالغاندەك خىدـ.
جىللىق بىلەن ئەتراپقا قارىدى.

«بۇ ۋەدەمگە يەنە ئەمەل قىلالماي قالامدىمەن نىمە؟ بۈزرۈك
مومىلىرىم بىلەن ئانامنى ئەجەب تەڭ شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالدى
دېسە. ئۇلارنىڭ رايىغا باقسام يەنە شۇ ھىممەتسىز تاغامدىن ياردەم
تىلىسەم بولىدۇ. ئۇلار نېمىشقا كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ نېـ.
مىشقا تاغام سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم سورىشىمنى تەلەپ قىـ.
لىپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟ خوش، ئۇنى ماڭا ياردەم بېرىشكە ماقۇل
بولدىمۇ دەي، لېكىن بۇ ياردەم بەدەلسىز بولارمۇ؟ سەمەرقەنتنى
ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتقىنىمدا خىجىل بولماي بايسۇنغۇر
مىرزىغا ياردەملىشىشكە سەركەردىسى شەيبانىخاننى نەچچە تۈمەن
لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. سەمەرقەنتنى ئالغىنىمدىن كېيىن نومۇس
قىلماي ئەندىجاننى سورىدى. بۇ نۆۋەت ياردەمگە كەلگەن بولۇپ،
ھېچ ئىش قىلىپ بەرمەي، دەردى ـ ئەھۋالىڭ نەدىن ـ نەگىچە دەپ
سوراپمۇ قويماي ئەندىجاننى ئىنىمغا بۇيرۇپ بەردى. ئەمدىلىكتە
ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سەمەرقەنتنى قايتىدىن ئىلكىمگە ئالـ.
سام، سەمەرقەنت تەختگاھىدا خاتىرجەم ئولتۇرغىلى قويارمۇ؟
مەندىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماسمۇ؟ مومىلىرىم بىلەن ئانامنىڭ
رايىغا باقماي تەلىپىنى رەت قىلىۋەتسەم بوپتىكەن. رەنجىپ قالسا
كېيىن چۈشەندۈرۈپ قوياتتىم ئەمەسمۇ...»

ھەئە، ئەندىجاندىن خوجەنتكە كەلگەن بۇزرۇك خانىش ئىسان
دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم ۋە قۇتلۇقنىگار خېنىملار بابۇر ـ
نىڭ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش خىيالىنى بىلىپ، سۇلتان
مەھمۇدخاندىن ياردەم سوراشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. با ـ
بۇر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يىرالماي ئىلاجسىز ماقۇل بولغانىدى.
سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ياردەم بېرىشنى رەت قىلىشىدىن ئەنسى ـ
رىگەن ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم تاشكەنتكە ئۆزلىرى
كەتكەنىدى.

«بۇزرۇك موملىرىمغۇ خان تاغامنى گەپكە كىرگۈزمەي قال ـ
مايدۇ. ماقۇل، ئۇ ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىمۇ دەي، لېكىن سەر ـ
كەردە ـ لەشكەرلىرى مەن ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلارمۇ، بىد ـ
جاندىل پەرمانبەردارلىق قىلارمۇ؟...»

يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاياغ شەپىسى بابۇرنىڭ خىيالىنى چال ـ
غىتتى. ئۇ قاسىمبەگ قاۋچىننى كۆرۈپ ئۆزىنى كۆلكىگە زورلى ـ
دى. تەختتە ئولتۇرغىنىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە يېنىدىن ئاي ـ
رىلماي خۇددى ئاتىسىدەك كۆيۈنۈپ كېلىۋاتقان ساداقەتمەن، تەد ـ
بىرلىك بۇ پېشقەدەم ئەمىرگە بابۇرنىڭ ھۆرمىتى چوڭ ئىدى.
ھەرقانداق ئوي ـ خىياللىرىنى ئۇنىڭغا دەيتتى، مەسلىھەتىنى
ئالاتتى. شۇڭا بىر قىسىم سۇخەنچىلەر: «قاسىمبەگ قاۋچىندىن
ئايرىلسا بابۇر ھېچ ئىش قىلالمايدۇ» دەپ پىتنىمۇ قىلىشقانىدى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىلا ئالىيلىرى؟

— سەمەرقەنتنى، — دېدى بابۇر ئېغىزى بىلەن سەمەرقەنت
تەرەپنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ، — ئول بەلدەئى مەھفۇزنى يەنە بىر
قېتىم ئىستېلا قىلىش نېسىپ بولارمىكىن تاڭ؟

— ئاللاھ خالىسا نېسىپ بولىدۇ ئالىيلىرى، — دېدى قا ـ
سىمبەگ قاۋچىن، — باھادىر ئەزىمەتلەر ئۈچۈن ئاشقىلى بولماي ـ
دىغان داۋان يوق. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، جاھان سۇلتان ـ
لىرىنىڭ ھەممىسى تەختلىرى ئالدىغا كېلىپ باش ئېگىدۇ. جا ـ

سارەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان كىشى تەلەپ قىلغان ئارزۇ-
سىغا يەتمەي قالمايدۇ. قۇدرەتلىك يېگانە ئىگىمىزنىڭ ھىممىتى
چەكسىزدۇر. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان بولغانلارنىڭ
يۈزىگە رەھمەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. غەم ـ قايغۇ كوچىلىرىدا
سەرگەردان بولغانلارنىڭ قولىغا ئۈمىد گۈلدەستىلىرىنى تۇتقۇزى-
دۇ. «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار» دېگەن ئايەت
بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. شۇڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلى-
نىشكە ھەققىمىز يوقتۇر.

قاسىمبەگ قاۋچىن داۋاملىق مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن با-
بۇرغا مەدەت بېرەتتى، رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەم ـ
ھەسرەتلىرىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتى.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم، — دېدى بابۇر كۆزىنى
سەيھۇن دەرياسىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئەمما بىز شۇ تاپتا ئۇ-
مىدنى قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ئەمەس، تاغام سۇلتان
مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا باغلاۋاتىمىز.

بابۇر بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە كىنايە قىلىۋاتاتتى. قا-
سىمبەگ قاۋچىنمۇ سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم سوراشنى خالى-
مايتتى. ئاخسىدىكى سۇلھىدىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن بىراقلا كۆڭلى
قالغانىدى. ئەمما شۇ دەقىقىدە بابۇرنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز
سەپكۈسى كەلمىدى:

— بىر ئىشنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر ئىش سەۋەب
بولىدۇ، ھەرقانداق ئىش ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ تاشقىرىسىدا بول-
ماس. بەلكىم بۇمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر، — بابۇردىن تىۋىش
چىقمىغاندىن كېيىن قاسىمبەگ قاۋچىن قوشۇپ قويدى، — تاش-
كەنتتىن چاپارمەن كەلدى ئالىيلىرى.

بابۇر ئىتتىك قاسىمبەگ قاۋچىنغا قارىدى:

— قانداق خەۋەر بار؟

— سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى چوڭ خانزادىسى سۇلتان

مۇھەممەد خانىكە بىلەن ئەھمەدبەگ تەلبەنى بەش مىڭ لەشكەر بىلەن كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بىلەن يار يايلىقىدا ئۇچراشقۇدەكمىز.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بابۇر ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭغا تاغىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنغا ئالايىتەن ئوغلىنى سەركەردە قىلىپ ئەۋەتىشىدە باشقا بىرەر مۇددىئاسى باردەك تۇيۇلدى.

ــ ئۇنداقتا، ئۇلاردىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك، ــ دېدى بابۇر، ــ تاغامدىن ئەمىرلەشكەر سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى ھەمدەمچى قوشۇنغا سەركەردە قىلىپ ئەۋەتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى. خانزادە سۇلتان مۇھەممەد خانىكە سەركەردىلىككە يارىمايدۇ.

ــ يەنە تېخى ئەھمەدبەگ تەلبەمۇ بار دېسىلە، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، ــ چوڭ خانزادىگە ئەتكە بولغان بۇ ئادەمنى چۈشەنمەك تولىمۇ تەسكەن. ماڭا تىلى بىلەن دىلى بىر ئەمەستەكلا تۇيۇلىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا سەييىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرى كەلگەن بولسا تولىمۇ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى.

بابۇر بىر پەس خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ ماۋەرائۇننەھرنىڭ سەمەرقەنتتىن باشقا شەھەر ـ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟ مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزا ئانا بۆلەك ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلىۋالغىنىغا تەن بەردىمىكىن تاڭ؟

ــ بۇ ھەقتە تېخى ئىشەنچلىك مەلۇمات كەلمىدى، ــ دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن، ــ ئەمما، بايسۇنغۇر مىرزا ئۆتكەن قېتىمقى ھۇجۇممىزغا بەرداشلىق بېرەلمەي سەمەرقەنتنى تاشلاپ قېچىپ ئاغىسى مەسئۇد مىرزىنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، ئول ئاغا ـ ئىنىلەر يەنە پېتىشالمىغان ئوخشايدۇ. ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان خۇسرەۋ شاھ ئەمدىلىكتە مەسئۇد مىرزىدىن كۆرە

بايسۇنغۇر مىرزىغا كۆپرەك ئېتىبار قىلغاچقا، مەسئۇد مىرزىنىڭ بەگلىرى ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپتۇدەك. ھېلىگەر خۇسرەۋ شاھ يالغان ۋەدىلەر بىلەن مەسئۇد مىرزىنى بىخۇد قىلىپ قويۇپ، بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن چېرىك تارتىپ كېلىپ ئاۋۋال چاغانىيا- نى، ئاندىن ھىسارنى ئاپتۇ ۋە بايسۇنغۇر مىرزىنى ھىسار تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مەسئۇد مىرزا بولسا ھىسار قورغىنىنىڭ سىر- تىدىكى دەۋلەت سارىيىدا قاپتۇ. سۇلتان ئەلى مىرزا بولسا سەمەر- قەنتكە ئىگە بولغىنى بىلەن ھىساردىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

— دېمەك، ئول ئۈچ خانزادە ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىختىلاپ ئېغىر ئىكەن - دە.

— ئىختىلاپ ئەمەس، دۈشمەنلىك دېسىلە ئالىيلىرى، تاش- كەنتتىن كېلىۋاتقان ھەمدەمچى قوشۇن ئوبدان ماسلىشىپ بېرىد- دىغان بولسا، سەمەرقەنتنى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ قولىدىن تار- تىۋېلىشىمىزدا گەپ يوق.

— لەشكەرلىرىمىز بەكمۇ ئاز، — دېدى بابۇر مەيۇسلەنگەن ھالدا، — يەنە شۇنچىلىك يارام لەشكەرلىرىم بولسىدى، ئول ھەم- دەمچى قوشۇننى چىرايلىق ئۆزرىلەر بىلەن قايتۇرۇۋېتەتتىم. سى- لى بىلمەيدىلا ئەمىر جانابلىرى، نەۋرە قېرىندىشىم بولمىش سۇل- تان مۇھەممەد خانىكەنىڭ ھالى خان تاغامنىڭكىدىنمۇ يامان.

نەۋرە تۇغقانلار ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاسىمبەگ قاۋچىن سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنىڭ گېپىنى قىلغۇسى كەلمىدى:

— قانداق قىلىمىز ئالىيلىرى، بىزمۇ لەشكەرلەرنى ئېلىپ يولغا چىقامدۇق؟

— شۇنداق قىلايلى. ئۇلار بىزدىن بۇرۇن بېرىپ ساقلاپ قالمىسۇن.

— ئۇنداق بولسا بىز ئۇدۇل يول بىلەن مېڭىپ بۇركە يايلى- قى ئارقىلىق سەنگزار قورغىنىغا بارايلى. سەنگزار قورغىنى

بىلەن يار يايلىقنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس.

※ ※ ※

بابۇر قاسىمبەگ قاۋچىن قاتارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سەنگزار قورغىنىغا يېتىپ كەلگەندە، تاشكەنتتىن ياردەمگە كېلىۋاتقان نەۋرە قېرىندىشى سۇلتان مۇھەممەد خانىكە بىلەن ئەھمەدبەگ تەلبەنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، تاشكەنتكە قايتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى:

— كىمنى ئەخمەق قىلىدۇ ئۇلار! كۆمەكلەشكۈسى يوق ئادەم كۆتىنى غىت قىسىپ ئولتۇرماي!

— سەۋر قىلسىلا ئالىيلىرى، سەنگزار قورغىنىنىڭ دورغىسى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى، — دېدى قاسىمبەگ قاۋچىن چۈشەندۈرۈپ، — ئەسلىدە سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئىككى ۋالىدەسىنىڭ يۈزگە كېلەلمەي چوڭ خانزادىسىنى بىزگە ياردەمگە يولغا سالغىنى بىلەن، ئاستىرتىن تۈركىستاندىكى سەركەردىسى مۇھەممەد شەيبانىخانغا ماۋرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشقا پەرمان بەرگەنىكەن. سۇلتان مۇھەممەد خانىكە بىلەن ئەھمەدبەگ تەلبە شەيبانىخاننىڭ شىرازنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئۇلاردىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى شەيبانىخانغا سەمەرقەنتنى ئېلىش پەرمانى چۈشۈرگەنۇ، ئەمما ئارىدا بۇزرۇكۋار موملىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمگە يۈز كېلەلمەي چوڭ خانزادىسىنى بىزگە كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى جېكىلىگەن گەپ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغىنىمىز ياخشى بولۇپتۇ، بولمىسا ئۇل نەۋرە ئىنىلىرى بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قېلىشلىرى ئېنىق ئىدى.

«خەپ، تاغام سۇلتان مەھمۇدخانغا، ئۇنىڭ ياردىمىسىزمۇ سەمەرقەنتنى ئالالايدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، ئۇخلىماي چۈش كۆرمىسۇنكى، مەن بۇنچىلىك كېلىشمەسلىكلەر بىلەن ھەرگىز توختاپ قالمايمەن...»

— خوجەنتكە قايتايلى! — دېدى ئازغىنە لەشكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا تەۋەككۇل قىلالمىغان بابۇر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە.

※ ※ ※

كۇزگە يېقىن خوجەنتكە مەسئۇد مىرزىنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن خۇسرەۋ شاھتىن قاتتىق رەنجىگەن مەسئۇد مىرزا بابۇرغا بىرلىشىش تەكلىپىنى قويۇپ: «بىرلىكتە سەمەرقەنت، ھىسارغا يۈرۈش قىلايلى، بۇ ئىككى شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، بىرىمىز سەمەرقەنتتە، بىرىمىز ھىساردا تۇرۇپ ماۋەرائۇننەھرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى. بابۇر ئەلچىگە تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىپ يولغا چىقىشقا ۋەدە بەردى.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، مەسئۇد مىرزىنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ قالغان ھىيلىگەر خۇسرەۋ شاھ لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇنى قولغا ئالدى ۋە كۆزىگە نەشتەر سانجىتىپ كور قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا خۇسرەۋ شاھ مەسئۇد مىرزىنىڭ بەگ ئەتكەسى بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشى پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى زىلزىلىگە سالدى. سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىش پىلانى ئارقا ـ ئارقىدىن سۇغا چىلاشقان بابۇر ئەمدى ئۆزىگە تايىنىش نىيىتىگە كېلىپ، ئالدىراقسانلىق قىلماي كۆپلەپ چېرىك يىغىپ مەشقلەندۈرۈپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىغانىدى.

ھەئە، بۇ يىل خۇراسان ھۆكۈمرانى سۇلتان ھۇسەيىن باي-
قاراغىمۇ تۇزۇك خاتىرجەملىك بولمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا قارشى
چىقىپ يېڭىلگەن چوڭ ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا قەندىھارغا قې-
چىپ بارغاندىن كېيىن، قەندىھار ئەمىرى زۇنۇن ئارغۇن سۇلتان
ھۇسەيىن بايقارادىن يۈز ئۆرۈپ بەدىئۇززامان مىرزىنى كۈيۈ ئوغۇل
قىلغانىدى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئۇلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن
لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، بۇست تەۋەسىگە كەلگەندە ئۇزۇق - تۈ-
لۈكى تۈگەپ كېتىپ، ھىراتقا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
دادىسىنىڭ شۇنچە ھەيۋە بىلەن قۇندۇز، ھىسار، قەندىھار ئۈستى-
گە بىر قانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ غەلىبە قىلالمىغانلىقىنى
كۆرگەن ئوغۇللىرى تەرەپ - تەرەپتىن ھىرات تەختىگە كۆز تى-
كىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىغانىدى. خېلىلا ياشى-
نىپ قالغان سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئوغۇللىرىنىڭ ئىسيانىنى
بېسىقتۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سەمەرقەنتكە كۆز تىكىشكە
پۇرسەت چىقىرالمىدى.

بۇ چاغدا شىراز، كەرمىنەنى بويسۇندۇرغان مۇھەممەد شەيبا-
نىخان قۇندۇز، ھىساردىكى بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن خۇسرەۋ شاھقا
ھۇجۇم قىلغاچ، ھەدەپ بۇخاراغا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ھەئە،
ئۇ قەدەممۇقەدەم غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى.



تاشكەنت.

سۇلتان مەھمۇدخان قولىدىكى مەكتۇپنى ھاياجان بىلەن
ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ خۇددى ئاجايىپ ئىسىل
بىر نەرسىگە ئېرىشكەندەك خەتنى قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەل-

مەيتتى. ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان بىر خۇشاللىق ئۇنىڭ ماي تەپچىرەپ تۇرغان سېمىز، گۆشلۈك مەڭزىدە جىلۋە قىلاتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ، سۇۋارى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان چىشلىرى تامامى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ھەئە، خەت شەيبانىخاندىن كەلگەنىدى.

*«... ئى، قۇدرەتلىك پاناھگاھىم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى زىلزىلىگە سالغۇچى شانۇ شەۋكەتلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، ئىلكىمگە ئالدىم. ئاللاھ خالىسا يات يېقىندا سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىمەن. ئالىيلىرىڭىزنىڭ سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇپ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇتلۇق كۈنلىرىگە ساناقلىقلا ۋاقىت قالدى. سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن يارلىق بەرسىلە خۇراسان، ئىران، ئەجەم، باغدادلارنىمۇ ئىستېلا قىلىپ، پۈتكۈل جاھان سۇلتانلىرىڭىزنىڭ بېشىنى سەلتەنەت تەختلىرى تۈۋىگە جەم قىلغايمەن.*

*ئاڭلىسام، ئوردىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەر ئالىيلىرىغا ھەم سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىمدىن گۇمانلىنىپ، ھەر خىل ئۆسەك ـ پىتنىلەرنى ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلىشىپ ئالىيلىرىنى كۆپ تەشۋىشكە سالغانمىش. ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، خانىمىزغا بولغان ساداقىتىمگە ئىمانىم بىلەن قەسەم بېرىمەن. كەمىنىلىرىنىڭ پەقەت بۈيۈك سەلتەنەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن نۆكەرلىك قىلىشتىن ئۆزگە مۇددىئايىم يوقتۇر. جانابىلىرىدەك ئادالەتلىك، دانىشمەن ھۆكۈمدارغا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن. ئاللاھ خالىسا خان ئالىيلىرى سەمەرقەنت تەختىدە شانۇ شەۋكەت بىلەن ئولتۇرۇپ، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئول گۇمانخور، پىتنىچىلەرنىڭ كەمىنە نۆكەرلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلانغان شاپىلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئىززەتسىز*

*يۈزلىرىگە ئۇرۇلغۇسىدۇر.*

*ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتىدىن چەكسىز ئۈمىدىم بار. ھازىر لەشكەردىن ئانچە قىسىنچىلىقىم بولمىسىمۇ ئاشلىق، ئوزۇق - تۈلۈك، خەرج - خىراجەتتىن قىسىنچىلىقىم بار. مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۈچ خانزادىسى سەمەرقەنت تەختىنى تالىشىپ ئۇيەرنى شۇنچىلىك خاراب قىپتۇكى، ئاشلىق ئامبارلىرىدىن چاشقان يامانلاپ چىقىدۇ. خەزىنىلىرى بەئەينى قەلەندەرخانىنىڭ ئۆزى. ئالتۇن - كۈمۈش تۈگۈل بىرەر تال سۇنۇق كېپەكى① مۇ تېپىلمايدۇ. شول سەۋەبتىن لەشكەرلەرگە مائاش، تەمىنات تارقىتالماي كۆپ قىيىنىلىۋاتىمەن. مۇمكىن بولسا ئوردا خەزىنىسىدىن خەرج - خىراجەت، ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتىپ بەرگەيلا. يەنە ئاز - تولا ھەمدەمچى لەشكەر ئەۋەتىپ بەرسىلە تېخىمۇ ياخشى، ئازغىنە كۈندە سەمەرقەنت پايانداز سېلىپ جانابى قىبلىگاھىمىزنى كۈتۈۋالىدۇ...»*

شۇ تاپتا شەيبانىخانىڭ دەبدەبىلىك بۇ سۆزلىرى سۇلتان مەھمۇدخانىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلايتتى. ئۇ قولىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئەمىرلىرىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، خەتنى ھۆددىچى بەگكە ئۇزاتتى.

— جانابى ئەمىرلەرگە يەتكۈزۈپ بەرسۇنلار، ۋاقىپلانغاي.

شەيبانىخانىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىققان سەيىد مۇھەممەد مىرزا باشقا ئەمىرلەردەك ھاياجانلىنىپ كەتمىدى. خەتنى ئوقۇش بىلەن كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر ئىشنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— پاھ - پاھ! — دېدى ئەھمەدبەگ تەلبە خۇشامەتگويلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — سەركەردە مۇھەممەد شەيبانىخان جانابلىرى ھەقىقەتەن باھادىرلىق مەرتىۋىسىگە لايىق ئىش قىلىپتۇ.

① كېپەكى — ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى، مىس يارماق.

باشقا ئەمىرلەرمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ھېلى سۇلتان مەھمۇدخاننى، ھېلى شەيبانىخاننى ماختاشقا كىرىشتى:

ــ راست، سەركەردە شەيبانىخاننىڭ جاسارىتى رۇستەمنى داستاندىن قېلىشمىغۇدەك دېيىشلە.

ــ جانابى خانىمىزنىڭ شەۋكىتى ئۇل سەركەشتىلەرنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالغان گەپ.

ــ شۇنداق، قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ مۇبارەك نامى پۇتۈلگەن توغ ـ ئەلەملىرىمىزنى كۆرگەندە يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغان ئادەممۇ تىترىمەي قالمايدۇ.

ــ بىز ئەزەلدىن شەيبانىخان جانابلىرىنىڭ ساداقىتىدىن قىلچىلىك گۇمانلانغان ئەمەسمىز.

ــ سەركەردە شەيبانىخان ھەقىقەتەن ۋاپا ئەھلى ئىكەن.

ــ سەمەرقەنت تەختگاھى مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرى!

ــ خان لەشكەرلىرى خەرج ـ خىراجەت، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالسا بولمايدۇ.

ــ جاسارىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

ــ مۇشۇنداق پەيتتە ئۇلارغا ئىنئام بېرىپ غەيرىتىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر.

ــ ھەمدەمگە لەشكەر ماڭدۇرۇش كېرەك.

ــ سەمەرقەنتنى ئالغاندىن كېيىن، خان لەشكەرلىرىنى بەرىبىر شۇ يەردە تۇرغۇزىمىز ئەمەسمۇ.

ــ لەشكىرىي كۈچنى سەمەرقەنتكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك.

ــ سەمەرقەنتتىن كېيىن خۇراساننى ئالىمىز.

ــ ئاندىن ئىراننى...

ــ ئەجەم، باغداد، دەمەشقلەرگىمۇ بارىمىز تېخى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەمىرلەرنىڭ بۇ خۇشامەت، لاپلىرىنى ياقتۇرمىغان ھالدا گېلىنى قىردى:

ــ زىيادە ھاياجانلىرىنى بېسىۋېلىشقايلا جانابلار، ــ دېدى ئۇ، بۇ ماختاشلاردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان سۇلتان مەھمۇد ـ

خانغا يالت ئېتىپ قاراپ قويۇپ، ــ سەركەردە شەيبانىخاننىڭ بۇخارانى ئېلىپ، سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى تولىمۇ ياخشى ئىش، تەسەررۇپىمىز كېڭەيسە، سەلتەنەتىمىزنىڭ شەۋكىتى ئاشىدۇ. جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ نام ــ شۆھرىتىمۇ جاھانغا تارايدۇ. ئەمما بۇ ئاۋام ــ رەئىيەتنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى بەدىلىگە قولغا كەلمەسلىكى كېرەك. ئاۋام ــ رەئىيەت بۇلاپ ــ تالانسا، ئەل ــ يۇرتنى كىم گۈللەندۈرىدۇ؟! ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، سەركەردە شەيبانىخان قەدىمى يەتكەنلىكى يۇرت ــ ئايماقلارنى لەشكەرلەرگە بۇلاتقۇزۇپتۇ. قەتلىئام جاكارلاپ بىگۇناھ ئاۋامنى قىردۇرۇپتۇ، ياساق ــ جازا قارشىلىق كۆرسەتكەن بەگ ــ سەركەردىلەرگە قارىتىلىشى كېرەك ئىدى. رەئىيەت دېگەن بېگىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ خەزىنىدە سۇنۇق كېپەكى چاغلىق بىر نەرسە قالماپتۇ دېگەن گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ؟! ئەجەبا، بۇخارادەك كاتتا شەھەرنىڭ خەزىنىسى شۇنچىۋالا قۇرۇقدىلىپ كەتكەنمىدۇ؟ خان لەشكەرلىرىگە بېرىلىدىغان خەرج ــ خىراجەت لەشكىرىي دىۋان ئارقىلىق خەزىنىدىن ئېلىنىپ ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتىدۇ. پەقەتلا ئۆكسۈپ قالغىنى يوق. كەمىنەمۇ سەركەردە شەيبانىخاننىڭ لەشكىرىي ماھارىتىگە قايىل. ئەمما، بۇخارانىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى يالغۇز ئۇنىڭ جاسارىتىگىلا باغلاپ قويساق بولماس. ھەممىلىرىگە مەلۇملۇق، خۇسرەۋ شاھ ئۆتكەن يىلى چوڭ خانزادە مەسئۇد مىرزىنىڭ كۆزىگە نەشتەر سانجىتىپ كور قىلغاندىن كېيىن، بۇ يىل ئىككىنچى خانزادە بايسۇنغۇر مىرزىنى بەگلىرى بىلەن تۇتۇپ بوغۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ماۋەرائۇننەھر ۋادىسى چوپانسىز پادىغىلا ئوخشاپ قالدى. پاسىبانلىرىدىن ئايرىلغان بەگلەر تەرەپ ــ تەرەپكە چېچىلىپ يېڭىدىن پاسىبان ئىزدەشمەكتە. مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتا شەيبانىخاننىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئۇنى زىيادە كۆككە كۆتۈرۈپ، ھەرقانداق تەلەپلىرىگە ماقۇل دېيىشتىن ساقلانماق زۆرۈر. ئەسلىدە ئۇنىڭ قې-

شىغا لەشكىرىي يۈرۈشنى نازارەت قىلىدىغان خان مۇپەتتىشى ئە-ۋەتىش لازىم ئىدى. لېكىن بۇ تەكلىپىمىز ھازىرغىچە ئەمەلىي-لەشمىدى. شەيبانىخان ھازىر لەشكىرىي دىۋانغا مەلۇمات يوللى-ماس، لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانلىرىغا ئېتىبار قىلماس بولۇۋال-دى. ھە دېسىلا، بىۋاستە خان ئالىيلىرىغىلا مەلۇمات يوللايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما سەلتەنەت قائىدى-سى، ھەرقايسى دىۋانلارنىڭ خىزمەت تەرتىپىگە خىلاپتۇر. يوللىغان مەكتۇپلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئىستېلا قىلغان يۇرتلاردىكى ئاددىي رەئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن بىر جۈملە سۆزمۇ تاپقىلى بولماي-دۇ. گويا ئۇ ئاشۇ يۇرتلارنى بۇلاپ ـ تالاشقىلا بارغاندەك. ئاۋام ـ رەئىيەت دېگەن سەلتەنەتنىڭ ئاساسى، ئۇلارسىز قولغا ئالغان تا-جۇ تەختنىڭ ئۇلى بوش بولىدۇ.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىر نەچچە دەقىقە توختىۋالدى. سارايىنىڭ ئىچى جىمىپ كەتكەندى. ئەمىرلەر باشلىرىنى تونلى-رىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ چىرايىدا نارازىلىق، ياقتۇرماسلىق ئەلەڭگىيتتى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا ئەمىرلەرنىڭ ئاۋاز قوشماي قەستەن جىم تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى:

ــ ئالدىنقى يىلى جاھانگىر مىرزىنى قوللاپ پەرغانە تەختى-گە چىقارغان ئەھمەد تەنبەل، ئۇزۇن ھەسەنلەرنىڭ گېپىگە كى-رىپ، ئۇلارنىڭ ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ كەلگەن بابۇر پادىشاھقا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ياردەمگە لەشكەر چىقاردۇق. شۇنچە تىرىش-قان بولسامۇ ھەربىرلىرىگە كار قىلمىدى. نەتىجىدە بابۇر پادى-شاھ بىلەن خان ئالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئاداۋەت پەيدا بول-دى. ئەسلىدە ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. خان ئالىيلىرىمۇ ئاخىرىدا مۇشۇنى نەزەر-گە ئېلىپ ئۇلارنى سۇلھىگە دەۋەت قىلغانىدى. ئاخىرقى ھېسابتا بابۇر پادىشاھ يەنىلا ئەندىجاننى ئىنىسىدىن قايتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ماغدۇرى يەتمىگەن ئۇزۇن ھەسەن بىلەن

ئەھمەد تەنبەل ئارىغا سۇلھى سېلىپ، سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئاخسى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەر جاھانگىر مىرزىغا، ئەندىجان تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەر بابۇر پادىشاھقا تەۋە بولۇپ پۈتۈم قىلىشىپ، ئاغا ـ ئىنىلەر يەنە يارىشىۋالدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇزرۇك تاغىسى بولمىش جانابى خان ئائىلىسى يامان ئاتاققا قالدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزلىرى سۇلتان مەھمۇدخانغا تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، چاندۇرمىغاندەك ئولتۇرغان بىلەن خېلىلا قىزاردى. ۋۇجۇدىدا ئاللىقانداق بىر پۇشايمانلىق تۇيغۇلار باش كۆتۈرگەنىدى. ھەئە، بابۇر سەنگىزار قورغىنىدىن خوجەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەندىجانغا ھۇجۇم قوزغىغانىدى. بابۇرنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگىنىنى كۆرگەن ئەندىجاندىكى بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر جاھانگىر مىرزىدىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بابۇر تەرەپكە ئۆتتى. شەھەر ئاھالىسىمۇ بابۇرنى قوللىدى. بابۇرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل تاشكەنتكە يوشۇرۇن ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئەھمەدبەگ تەلبە ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا سەييىد مۇھەممەد مىرزا بۇنىڭغا قارشى چىققانىدى، ئەمما ئەھمەدبەگ تەلبە، مىرزا نىغمەت پاشا قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ سالا قىلىشى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان لەشكەر چېقىرىش پەرمانى بەردى. ئەمما، تاشكەنتتىن كەلگەن ھەمدەمچى قوشۇن ئەندىجاننىڭ قېشىغا كېلەر ـ كەلمەيلا بابۇرنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچراپ چېكىندى. بابۇر ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بىلەن سۇلھى تۈزۈپ ئەندىجاننى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخانغا خەتمۇ ئەۋەتمىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئانىلىرى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمنىڭ قاتتىق ئەيىبلەپ يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خېلىلا خىجىل بولدى، ئەمما ئۆزىنى ئاقلاشقا سەۋەب تاپالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئانىلىرىمۇ ئەندىجاندا تۇرۇۋاتاتتى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىيالىرىنى سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزلىرى يەنە ئۈزۈپ قويدى.

ــ شۇڭا، بىر قىسىم ئىشلاردا ئالدىراپ، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ ھۆكۈم چىقارماي، ئالدى ـ كەينىمىزنى ئويلىشىپ ئاندىن خان ئالىيلىرىغا مەسلىھەت، تەدبىر كۆرسەتسەك ياخشى بولاتتى. شۇ كۈنلەردە ئىنىسى بىلەن يارىشىۋالغان بابۇر پادىشاھ ھە دەپ چېرىك توپلاپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك تەقلەپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. ھازىر بىز شەيبانىخاننىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ خەزىنىدىن ھەسسىلەپ خىراجەت، ھەمدەمگە لەشكەر ماڭدۇرساق، ئىلكىمىزدە تاشكەنتنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەكمۇ لەشكەر قالمايدۇ. ناۋادا بابۇر پادىشاھ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇخالىپەتچىلىك تۇغىنى كۆتۈرۈپ تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىپ قالسا تولىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىمىز. بەلكىم ھەربىرلىرى شۇ تاپتا بابۇر پادىشاھ خان ئالىيلىرىنىڭ جىيەنى تۇرسا، بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىشقا پېتىنالماس دەپ ئويلاپ قېلىشلىرى مۇمكىن. لېكىن، بالا ئاتىسىدىن تەخت تارتىۋېلىشتىن ھايا قىلمىغان يەردە، بۇنداق ئېھتىماللىقنى زىنھار نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئارىغا ئۈنگەن ئاداۋەت، نىزا تىكەنلىرى كىشىنى ھەرقانداق كويلارغا سالىدۇ. چۈنكى، بابۇر پادىشاھمۇ زامانىسىنىڭ باھادىرلىرىدىن بىرى، سەلتەنەت ھەۋىسى كۈچلۈك ھۆكۈمداردۇر. شۇڭا تاشكەنتتە ئاز ـ تولا لەشكەر تۇرۇشى بەكمۇ زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىمۇ تەكىتلەپ كەلگەنمەن، ھازىرمۇ تەكىتلەيمەن: شەيبانىخان سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن ساداقىتى سىنالمىغان سەركەردىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاتا ـ بابىلىرى بىلەن جانابى خانىمىزنىڭ ئاتا ـ بابىلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈسىز ئاداۋەتلەر، ئۇنتۇش مۇمكىن بولمايدىغان خۇن ـ قىساسلار بار. مۇشۇنداق بىر سەركەردىگە سەلتەنەتىمىزنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ قويدۇق. ناۋادا ئۇ تۈزكور-

لۇق قىلىپ، ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بولسا، تاشكەنتتىكى لەشكەرلەر بىلەن ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقمىقىمىز بەسىي مۇشكۇل. ھەر ھالدا ئىلكىمىزدە بار لەشكەرلەرنىمۇ بولسا تۇتۇپ تۇرغىنىمىز ئەۋزەل.

سۇلتان مەھمۇدخانغا سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزلىرى خېلىلا تەسىر قىلغانىدى. ئەسلىدىمۇ ئۇ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى يوق، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان، شۆھرەتپەرەس، بوشاڭ ئادەم ئىدى. شۇ تاپتا بابۇر بىلەن شەيبانىخان ھازىرلا ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، كۆڭلىگە تەشۋىش چۈشكەنىدى.

سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يېقىنلىقىنى ئېسىگە ئېلىشقان ئەھمەدبەگ تەلبە، مىرزا نىغمەت پاشا... قاتارلىق ئەمىرلەر سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشىپ، تىلىنى يىغىشتى. ھەئە، سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى لاپ ئۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان بۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ كۆڭلىگىمۇ ۋەھىمە سېلىپ قويغانىدى.

— قوبۇل تامام! — دېدى بايىقى خۇشاللىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان سۇلتان مەھمۇدخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

مەسئۇل مۇھەررىر: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور: ئابلىز ئورخۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (5)

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 880 × 1230 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 13.75
باھاسى: 45.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-11011-7/I·2194 (维 316)

图书在版编目(CIP)数据

诸王传.5：维吾尔文/亚生江·沙地克著.—北京：民族出版社，2010.7
ISBN 978-7-105-11011-7

Ⅰ.①诸… Ⅱ.①亚… Ⅲ.①历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 130122 号

责任编辑：开赛尔·库尔班
责任校对：阿布力孜·买买提力
封面设计：艾克拜尔·萨力赫
出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：民族印刷厂
版　　次：2010年8月第1版 2010年8月北京第1次印刷
开　　本：880×1230毫米　大32开
印　　张：13.75
定　　价：45.00元
ISBN 978-7-105-11011-7/I·2194（维 316）



ISBN 978-7-105-11011-7

9 787105 110117 >

定价：45.00元